# دۇنيانىڭ بەش مىڭ يىلى



شنجاڭ ياشلار نەشرياتى

# دۇنيانڭ بەش مڭ يلى

(1)

ئاپتورى: چېن بنيشياڭ

تەرجمە قلغۇچى: ئوسمان مولله‌ك
تەرجمە تەھررى: نساخان ھەسەن

شنجاڭ ياشلار نەشرياتى

مەسئۇل كوررېكتور: ئىبراھىم مۇمىن

دۇنيانىڭ بەش مىڭ يىلى
*
شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتاپخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092×787، 32 كەسلەم باسما تاۋاق: 11.625
1983 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
1983 - يىل 5 ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى: MR11124.1
سانى: 1—10.300
باھاسى: 47 پۇڭ

مۇندەرىجە

بۇ ھېكايىلەرنى بىلىۋېلىڭلار


— كىرىش سۆز ........................................ 1

ئاتلانتىك ئوكيان ئاستىدىكى مەدەنىيەت ........................ 1
قەدىمقى مىسىر خانلىقىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ........................ 5
ئېھراملارنىڭ تارىخى ........................................ 10
ئاجايىپ رەسىملەر ........................................ 18
ئەڭ دەسلەپكى قوزغىلاڭ ........................................ 23
كۆرۈش تاختىغا ئويۇلغان سۈلھ شەرتنامە ........................ 27
جىلغىدىكى سىر ........................................ 34
ئافرىقىنى تۇنجى قېتىم كېمە بىلەن ئايلىنىپ چىقىش ........ 40
شەمسىيەدىن مىلادىغىچە ........................................ 48

مىخ يېزىق ........................................ 52
تاش تۈۋرۈككە ئويۇلغان قانۇن ........................................ 56
قەدىرىيە ۋە ھەپتىنىڭ باشلىنىشى ........................................ 64
باتۇر ۋە ئېھرىكىيا ........................................ 68
كۆچلۈك ھەربىي دۆلەت — ئاسسۇرىيە ........................................ 75
مۇئەللەق باغچا ........................................ 81
كورۇسنىڭ بابىلنى ئىشغال قىلىشى ........................................ 87
دارىئۇس I ........................................ 92

يىپەك يولى .................................... 97
پارىيالار (يىقىن يولىغىلى بولمايدىغان ئادەملەر) .............. 105
بۇددا دىنىنىڭ پىرى — ساكيامۇنى .................. 111
ئاسوكا ........................................ 118
200 مىڭ مىسرالىق داستان ......................... 124

يەر ئاستىدىكى سىرلىق ئوردا ...................... 131
ياغاچ ئات ھىيلىسى .............................. 137
گومېرنىڭ داستانى ............................... 145
سپارتادىكى تەربىيە ............................. 151
ئىسلاھاتچى — سولون ............................ 156
ئافىنادىكى دېموكراتىيە ......................... 162
"سارالڭ"مۇ ياكى پەيلاسوپمۇ ...................... 170
ئېزوپ مەسەللىرى ............................... 176
تىياتىر بايرىمى ................................ 180
ئولىمپىيدىكى ماھارەت كۆرسىتىش يىغىنى .............. 186
مارافون ....................................... 194
ستىتىلىيگە يۈرۈش قىلىش ......................... 198
ئىلمىي "ئەۋلىيا" تېلېس .......................... 206
مۇنازىرىچى ..................................... 211
ماكېدونىيىنىڭ ياش لەشكەر بېشى ................... 220
ئالېكساندىرنىڭ ئۆلۈمى ........................... 228
ئارستوتېل ...................................... 234
يەتتە چوڭ موجىزە ............................... 239

"بورە بالىسى" ۋە رىم شەھىرى ...................... 247

فاشىست تايغى ........................ 255
ئاق غازنىڭ توھمىتى ........................ 262
ئۇرۇش پىلىغا ئوت بىلەن ھۇجۇم قىلىش ........................ 269
قاغا شەكىللىك ئۇرۇش كېمىسى ........................ 276
كاناي ئۇرۇشى ........................ 282
ئېچىنىشلىق گلادىاتورلار ........................ 288
سىپارتاك قوزغىلىڭى ........................ 296
كايزا ........................ 305
دولەت باشلىقى ئوكتاۋىيان ........................ 312
سۈرگۈن قىلىنغان شائىر ........................ 319
قانخور نېرو ........................ 325
ئەيساننىڭ رىۋايەتلىرى ........................ 331
قەدىمي شەھەر پومپېينىڭ سىرى ........................ 338
پادشالىق تۈزۈمىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ........................ 334
رىمنىڭ قولدىن كېتىشى ........................ 350

# بۇ ھېكايىلەرنى بىلىۋېلىڭلار

## كىرىش سۆز

ئۆسمۈر دوستلار!

دۇنياغا مەشھۇر مىسىر ئېھراملىرىنىڭ تارىخىنى بىلەمسىلەر؟

بابىلدىكى كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان مۇئەللەق باغنىڭ نېمىشقا سېلىنغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟

ئۈزۈن زامانلاردىن بېرى تارقىلىپ كېلىۋاتقان گومېر داستانىدا نېمىلەرنىڭ تەسۋىرلەنگەنلىكىنى ئۇقامسىلەر؟

كارامەت ھەيۋەتلىك سپارتاك قوزغىلىڭىنىڭ قانداق پارتلىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟

ئۇنىڭدىن باشقا، ياۋروپا، ئاسىيالارنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئەھلى سەلىپنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى، ئىتالىيىدە قوزغىلىپ چوڭقۇر تەسىر قوزغىغان ئەدەبىيات - سەنئەت گۈللىنىش ھەركىتى، پۈتۈن يەرشارىغا تۇتاشقان ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى...... قاتارلىقلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلەمسىلەر؟

ئىنسانلار تارىخى باشلىنىپ نىل دەرياسى ۋادىسىدا تۇنجى قەدىمى خانلىق قۇرۇلغاندىن تارتىپ، ھازىرقى زاماندىكى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلغىنىغىچە بولغان بەش مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، كۆرمىگىلىغان ھاڭ - تاڭ قالارلىق ۋەقەلەر يۈز بەردى، نۇرغۇنلىغان دەۋر پەھلىۋانلىرى دۇنياغا كەلدى، نۇرغۇنلىغان يېڭى، قىزىقارلىق ھېكايىلەر تارقالدى، نۇرغۇنلىغان

«دۇنيانىڭ بەش مىڭ يىلى» دېگەن بۇ بىر يۈرۈش ھېكايە كىتابىنىڭ سىلەرگە دۇنيا تارىخىنى ئۆگىنىش ھەۋەسلىرىنى قوزغاش، دۇنيا تارىخى توغرىسىدىكى بىلىملەرنى ئاشۇرۇش جەھەتلىرىدە ئاز - تولا ياردىمى تېگىشىنى چىن قەلبىمىزدىن ئۈمىت قىلىمىز.

بۇ بىر يۈرۈش ھېكايە كىتاب، 6 كىتابچا بولۇنۇپ بىر ۋاراقى چىقىرىلىدۇ. بىرىنچى كىتابچىدا دۇنيادا قۇللۇق جەمىيەتكە ئەڭ بۇرۇن قەدەم قويغان بىر قانچە قەدىمقى مەدەنىي دۆلەتلەرنىڭ (مىلادىدىن ئىلگىرى 30 - ئەسىردىن، مىلادى 5 - ئەسىرگىچە بولغان) تارىخى تونۇشتۇرۇلىدۇ؛ ئىككىنچى، ئۈچىنچى كىتابچىلاردا دۇنيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى، يەنى فېئوداللىق جەمىيەت تارىخى (مىلادى 5 - ئەسىردىن 17 - ئەسىرگىچە) تونۇشتۇرۇلىدۇ؛ تۆتىنچى، بەشىنچى كىتابچىلاردا دۇنيانىڭ يېقىنقى زامان تارىخى يەنى كاپىتالىزم جەمىيىتى تارىخى (مىلادى 17 - ئەسىردىن 1 - دۇنيا ئۇرۇشىغىچە) تونۇشتۇرۇلىدۇ؛ ئالتىنچى كىتابچىدا دۇنيانىڭ ھازىرقى زامان تارىخى (1917 - يىلىدىكى روسىيە ئوكتەبىر ئىنقىلابىدىن 2 - دۇنيا ئۇرۇشىغىچە) تونۇشتۇرۇلىدۇ.

بۇ كىتابچىدا جەمئىي 56 ھېكايە سۆزلىنىدۇ، بۇ ھېكايىلەردە ئاساسەن قەدىمقى مىسىر، بابىل، ھىندىستان، يۇنان ۋە رىم قاتارلىق دۇنياغا مەشھۇر بولغان قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەرنىڭ تارىخى تونۇشتۇرۇلىدۇ. قۇللۇق جەمىيەت — ئىنسانلار تارىخىدا ئىپتىدائىي جەمىيەتتىن كېيىن پەيدا بولغان تۈنجى سىنىپىي جەمىيەت. شۇنداقلا ئۇ ئاز سانلىق قۇلدارلار كەڭ قۇللارنى دەھشەتلىك تۈردە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان ۋە ئەزگەن تەڭسىزلىك ئاساسىدىكى جەمىيەت، لېكىن قۇللۇق جەمىيەت ئىپتىدائىي جەمىيەتكە

مەشھۇر تارىخى ئاسارە - ئەتىقىلەر، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە سەنئەت تەۋەرۈكلىرى تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. سىلەر بۇلارنى بىلىشكە تەشنا ھەمدە بىلىۋېلىشىڭلار كېرەك.

ئۇسمۇر دوستلارا

تارىخ — ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ۋە ئۇلار ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ خاتىرىسى. تارىخ ئۆگەنسەك نەزەر دائىرىمىز كېڭىيىدۇ، بىلىمىمىز ئاشىدۇ، ئەجدادلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىمىز، شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بىلىۋالىمىز. مول تارىخىي بىلىمگە ئىگە بولغان ئادەم قەدىمقى زامان ۋە ھازىرقى زامانغا ئەتراپلىق قارىيالايدۇ، ئۇنداقلارنىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭ، ئىدىيىسى ئازات بولغان بولىدۇ. مەشھۇر سىياسىئونلار، ھەربىي مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار ۋە ئەدىبلەرنىڭ تولىسى تارىخىي بىلىمى مول كىشىلەردۇر. شۇڭا سىلەر كەلگۈسىدە مەيلى قانداق ئىش بىلەن شۇغۇللانماڭلار، تارىختىن ئاز - تولا خەۋەردار بولۇشۇڭلار كېرەك. تارىخنى پۈتۈن ئىنسانلار ئورتاق ياراتقان، شۇڭا جۇڭگو تارىخىنى ئۆگىنىپلا قالماي، دۇنيا تارىخىنىمۇ ئۆگىنىش لازىم. خەلقارا باردى - كەلدى ئىشلارنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، دۇنيا تارىخىنى ئۆگىنىشمۇ بارغانسېرى مۇھىم بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. دۇنيانىڭ ئۆتمۈشىنى بىلگەندىلا ئاندىن دۇنيانىڭ ھازىرىنى بىلگىلى ھەمدە دۇنيانىڭ كەلگۈسىگە نەزەر تاشلىغىلى بولىدۇ.

تارىخ پۈتمەس - تۈگىمەس بىلىم غەزنىسى. سىلەردە بۇ غەزنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدىغان ئىرادە ۋە جاسارەت بولسىلا، ئىنسانلار نەچچە مىڭ يىللار داۋامىدا توپلىغان مول بىلىم ۋە تەجرىبىلەر سىلەرگە كەڭ قۇچاق ئاچىدۇ، بۇنىڭدىن سىلەر ئىلھام ۋە مەدەت ئالىسىلەر.

يەت - چوچەك قاتارلىقلار بار. بىز بۇ بىر يۈرۈش ھېكايە كىتاپنى يېزىشتا، تارىخنى پاكىتقا ھۆرمەت قىلدۇق. ئەدىبىي جەھەتتە مۇمكىن قەدەر ئاممىباپ، چۈشىنىشلىك قىلىشقا، مەزمۇن جەھەتتە جانلىق، قىزىقارلىق قىلىشقا تىرىشتۇق، تېخىمۇ بەك ئوبرازلىق بولسۇن ۋە چىنلىق تۇيغۇسىنى كۈچەيتسۇن ئۈچۈن تارىخىي سۈرەتلەرمۇ بېرىلدى. دۇنيانىڭ 5000 يىلدىن كۆپرەك تارىخىنى ئىخچاملاپ ئوسمۇر دوستلار قىزىقىپ ئوقۇيدىغان ھېكايە قىلىپ تۈزۈپ چىقىش جەھەتتە بىزدە تېخى تەجرىبە يوق. كىتاپتا ئۇرغۇن كەمچىلىك ۋە خاتالىقلارنىڭ بولۇشى تۇرغان گەپ، كەڭ كىتاپخانلارنىڭ تەنقىت ۋە تەكلىپ بېرىشىنى سەممىي ئۈمىت قىلىمىز.

قارىغاندا يەنىلا ئىلغار. بۇ جەمئىيەتتە، قۇللار ئۆز ئەمگىكى بىلەن شانلىق قەدىمقى مەدەنىيەتنى يارىتىپ، ئىنسانلار تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان. خۇددى ئېنگېلس ئېيتقاندەك، قەدىمقى قۇللۇق تۈزۈمى بولمىغان بولسا، يېقىنقى زامان سوتسىيالىزمىمۇ بولمىغان بولاتتى. بۇ كىتابتىكى ھېكايىلەردە دەل ئاشۇنداق جەمئىيەتنىڭ تارىخى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. بۇ ھېكايىلەر ئىچىدە قەدىمقى مىسىر خانى ئافىنا دېموكراتىيىسى، سپارتادىكى تەربىيە، ھاممۇراپى قانۇنى، رىم پادىشالىق تۈزۈمى قاتارلىق قۇللۇق جەمئىيەتنىڭ ھەر خىل تۈزۈملىرىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا دائىر ھېكايىلەر بار، رىم گىلادىياتورلىرى، ھىندىستاننىڭ "يېقىن يولىغىلى بولمايدىغان ئادەم"لىرى، مىسىردىكى ئەڭ دەسلەپكى قۇللار قوزغىلىڭى قاتارلىق قۇللارنىڭ تۇرمۇشى ۋە كۈرەشلىرى ھەققىدىكى ھېكايىلەر بار؛ يۇنان - پېرسىيە ئۇرۇشى، پېلوپونېس ئۇرۇشى، پۇنىكا ئۇرۇشى قاتارلىق قەدىمقى زاماندىكى دۇنياغا مەشھۇر ھەربىي كۈرەشلەرنىڭ ئۆتۈشىگە دائىر ھېكايىلەر بار؛ كۇرس، ئالېكساندىر، كايزا، ئاسوكا، ساھياۋۇنى، ئارىستوتېل قاتارلىق مەشھۇر ئەرباپلارنىڭ ئاساسلىق پائالىيەتلىرىگە دائىر ھېكايىلەر بار؛ ئاتلانتىك ئوكياننىڭ ئاستىدىكى مەدەنىيەت، قەدىمقى پومپېي شەھىرى، يەر ئاستىدىكى سىرلىق ئۇردا، دۇنيادىكى يەتتە چوڭ مۆجىزە قاتارلىق تارىخىي ئاسارە-ئەتىقىلەر ۋە مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ تارىخى ھەققىدىكى ھېكايىلەر بار؛ مىخ يېزىق، يۇنان تىياتىرى، ئېزوپ مەسەللىرى، ئولىمپىيادىكى ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى، شەمسىيە يىلى، قەمەرىيە يىلى قاتارلىق قەدىمقى مەدەنىيەت، سەنئەت، تەنتەربىيە، ئىلىم - پەن ئىجادىيەتلىرىگە دائىر قىزىقارلىق ئىشلار ھەققىدىكى ھېكايىلەر، شۇنىڭدەك رىم شەھىرى، ياغاچ ئات ھىيلىسى ۋە ئەيسا توغرىسىدىكى رىۋا-

# ئاتلانتىك ئوكيان ئاستىدىكى مەدەنىيەت

ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى مەدەنىيىتى قايسى ۋاقىتتىن باشلانغان ۋە قەيەردە پەيدا بولغان؟

بۇنىڭدىن 2400 يىل ئىلگىرى، مەشھۇر يۇنان پەيلاسوپى پلاتون ئۆز نۇتۇقلىرىدا ۋە ئەسەرلىرىدە، ئۆزى ياشىغان دەۋردىن 9000 يىل ئىلگىرىكى ئاتلانتىيە قىتئەسى ئاھالىلىرىنىڭ ناھايىتى يۈكسەك مەدەنىيەت ياراتقانلىقىنى تىلغا ئالغان. ئۇ يەنە ئاتلانتىيە قىتئەسىدىكى ئاھالىلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئۆي - ئىمارەت شەكىللىرىنى جانلىق قىلىپ تەسۋىرلەپ، ئۇ يەردە نۇرغۇن ھەيۋەتلىك، كۆركەم ئىمارەتلەر بولغان، ئۇنىڭ ئەتراپىغا بۈك - باراخسان دەرەخلەر قويۇلغان، لېكىن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ ئاتلانتىيە قىتئەسى بىر كېچىدە تۇيۇقسىزلا پايانسىز ئاتلانتىك ئوكيانغا غەرق بولۇپ كەتكەن دېگەن.

ئەگەر پلاتوننىڭ دېگەنلىرى راست بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئىنسانلار بۇنىڭدىن 12 مىڭ يىل ئىلگىرىلا مەدەنىيەت ياراتقان بولىدۇ، لېكىن بۇ ئاتلانتىيە قىتئەسىنىڭ زادى قەيەردە ئىكەنلىكى نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى يېشىلمىگەن سىر بولۇپ قالغان.

20 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىغا كەلگەندە، بىرمۇنچە پەن تەتقىقات خادىملىرى ئاتلانتىك ئوكياندىكى ئازور تاقىم ئاراللىرىنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. ئۇلار 800 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى دېڭىز

ئۇلار قانداقسىگە مەدەنىيەت ياراتقاندۇ؟ ئۇلار ئىنسانلار ئۇ-چۇن يەنە قانداق موجىزىلەرنى ياراتقان بولغىدى؟ تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇ سوئاللارغا ئېنىق جاۋاپ بېرەلەي-دىغانلار تاھازىرغىچە چىقمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭغا 12000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بولغاچقا، بۇ قىزىقارلىق مەسىلىلەر-نى ئالىملارنىڭ داۋاملىق ئىزلىنىشىگە ۋە بۇ ھەقتە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىغا قالدۇرماي بولمايدۇ.

قەدىمقى ئادەمسىمان مايمۇنلار دەرەختىن چۈشۈپ يەردە ياشىغىنىغا ھەمدە تاش پارچىلىرىنى ئەمگەك قورالى قىلىپ ئىشلەتكىنىگە 4-3 مىليون يىل بولۇپ قالدى. مۇشۇ ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە، ئىنسانلارنىڭ بوۋىسى جاپا - مۇشەققەتلىك شا-رائىتتا، چول - جەزىرىلەردە بوران - چاپقۇنلارغا بەرداشلىق بېرىپ ئىشلەپ، توسقۇنلۇقلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئىنسانلار ئۆزلىرىنىمۇ ئۆز-گەرتتى. ئىنسانلار يېتىلگەن مېڭە، چاققان قولغا، مول تىل ۋە ئەتراپلىق تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئىنسانلار دەل مۇشۇلارغا تايىنىپ، ئۇزاق يىللار داۋامىدا شانلىق، گۈزەل مەدەنىيەت ياراتتى.

ئاتلانتىك ئوكيان ئاستىدىكى مەدەنىيەتنىڭ سىرىنى ئا-لىملارنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېچىشىغا توغرا كەلسىمۇ، لېكىن دۇنيادا كەڭ كۆلەمدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مول تارىخى قەدىمىي ئاسارە - ئەتىقىلەر، يەر ئاستىدا ساقلانغان كۆپلىگەن مەدەنىي يادىكارلىقلار ۋە كۆپلىگەن يازما خاتىرىلەر شۇنى ئو-چۇق ئۇقتۇرىدۇكى، نىل دەرياسى ۋادىسىدىكى قەدىمقى مىسىر، ئېفرات دەرياسى ۋە تىگىرس دەرياسى ۋادىلىرىدىكى (ھازىرقى ئىراق ئەتراپى) سۈمېر ۋە بابىل، ھىندى دەرياسى ۋە گانگ

ئاستىدىن يەر قاتلىمى نۇسخىسىنى ئېلىپ، بۇ جاينىڭ بۇنىڭدىن 12000 يىل ئىلگىرى ھەقىقەتەن قۇرۇقلۇق ئىكەنلىكىنى ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن ئېنىقلاپ چىقىدۇ. دەرۋەقە، ھازىرقى زامان پېنى ئارقىلىق چىقىرىلغان يەكۈنمۇ پىلاتوننىڭ تەسۋىرى بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە ئوخشاش بولۇپ چىقتى!

ئەمەلىيەتتە، يېقىنقى 30 يىلدىن بېرى، ئاتلانتىك ئوكيان ئاستىنى چارلىغۇچى پەن - تېخنىكا خادىملىرى ئاتلانتىك ئوكيان ئاستىدىن نۇرغۇن قېتىم ئاجايىپ كاتتا قەدىمىي ئىمارەتلەرنى تاپتى. ئۇ يەردە ئۇزۇن - ئۇزۇن كەتكەن يوللار، چىرايلىق نەقىشلەنگەن تاش تۈۋرۈكلەر ۋە باشقا نۇرغۇن مەدەنىي يادىكارلىقلار بار ئىكەن. 1979 - يىلى، ئاتلانتىك ئوكيانىدىكى بېرمۇدا دېلتىسى دېڭىز رايونىدىن يەنە كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان نەرسىلەر تېپىلدى. ئامېرىكا، فرانسىيە چارلاش ئەترىتى ئىنچىكە چارلاش ئارقىلىق، بۇ دېڭىز رايونىنىڭ ئاستىدا غايەت كاتتا مۇنارنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. بۇ مۇنار قەدىمقى مىسىر ئېھراملىرىغا قارىغاندا خېلىلا بۇرۇن ياسالغان ئىكەن. ئىلمىي ئۆلچەشلەرگە قارىغاندا، دېڭىز ئاستىدىكى بۇ مۇنارنىڭ ھەر بىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 300 مېتىر، ئېگىزلىكى 200 مېتىر كېلىدىكەن، مۇنارنىڭ ئۈچى بولسا دېڭىز يۈزىگە 100 مېتىر كېلىدىكەن. ئۇنىڭ ئىككى چوڭ توشۇكى بولۇپ، دېڭىز سۈيى بۇ توشۇكتىن ئىنتايىن تېز ئۆتكەچكە، دېڭىز يۈزىدە ھەيۋەتلىك دولقۇن ھاسىل بولۇپ تۇرىدىكەن.

ئۇنداق بولسا، ئاللىبۇرۇنلا ئاتلانتىك ئوكيانغا چۆكۈپ كەتكەن ئاتلانتىدىيە قىتئەسىدە ياشىغانلار قانداق ئادەملەردۇ؟

# قەدىمقى مىسىر خانلىقىنىڭ بەرپا قىلىنىشى

مەدھىيە ئوقۇيمەن نىل دەريا ساڭا،
چۈنكى سەن مىسىرنىڭ تېنىدىكى قان،
ئازايسا كەۋسەردەك سۈيۈڭ نۇبادا،
توختايدۇ خەلقلەرنىڭ نەپەستىن شۇ ئان.

بۇ قەدىمقى مىسىر خەلقىنىڭ نىل دەرياسىنى مەدھىيىلەپ ئېيتقان مەشھۇر ناخشىسى. نىل دەرياسى ئافرىقا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئېگىزلىكتىن باشلانغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 6000 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ھەر يىلى 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا، نىل دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىدىكى رايونلاردا قاتتىق يامغۇر يېغىپ ۋە تاغ كەلكۈنى كېلىپ، قىسيان سۇ تار جىلغىلار ۋە خەتەرلىك ساھىللاردىن ئۆتۈپ، جەنۇپتىن شىمالغا قاراپ شىددەت بىلەن ئاقىدۇ. 9 - ئايدا سۇ تازا كۆپىيىپ، ساي - جىلغىلارنى دېڭىزغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، يامغۇر پەسلى ئۆتۈپ كېتىدۇ - دە، دەريا سۈيىمۇ ئازىيىپ، ئۆز يولىغا چۈشىدۇ، لېكىن كەلكۈن كەلگەن چاغدا تىنىپ قالغان لاتقىلار بولسا، زىرائەت ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى ئوغۇت بولىدۇ.

نىل دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىمىدا تارچۇق بىر جاي بار. ئۇنىڭ كەڭلىگى 3 كىلومېتىردىن 16 كىلومېتىرغىچە كېلىدۇ؛ ئۇ ھازىرقى مىسىرنىڭ جەنۇبىي چېگرىسىدىن باشلىنىپ، مىسىرنىڭ پايتەختى قاھىرىنىڭ قېشىغىچە سوزۇلغان. بۇ جاي قاھىرىدىن تارتىپ بارا - بارا كېڭىيىشكە باشلايدۇ.

دەرياسى ۋادىسىدىكى قەدىمقى ھىندىستان، شۇنىڭدەك خۇاڭخې
ۋە چاڭجياڭ دەريالىرى ۋادىلىرىدىكى جۇڭگو دۇنيا مەدەنىيىتى-
نىڭ 4 بوشۇگى ھېسابلىنىدۇ. مانا بۇ يەرلەردە 6 - 5 مىڭ
يىلدىن بۇيان يۈز مىليونلىغان خەلق ئەقىل - پاراسەت ۋە
ئىجاتكارلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىلىم - پەن ۋە سەنئەت بو-
لىقىنى ئېچىپ، ئىنسانلار مەدەنىيىتى ئۈچۈن ئاجايىپ تۆھپىلەر-
نى قوشتى. مۇشۇ ئارىلىقتا يۈز بەرگەن نۇرغۇن ئىشلارنىڭ
ھەر بىرى كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان ھېكايىلەردۇر.
ئەمدى بىز بەش مىڭ يىلدىن بۇيان دۇنيا ئەللىرىدە يۈز بەر-
گەن خىلمۇ - خىل تارىخىي ھېكايىلەرنى نىل دەرياسى بويى-
دىكى قەدىمقى مىسىردىن باشلايمىز!

دەپ ئاتالغان، پادىشا قىزىل تاج كىيگەن، يىلاننى تۇتېم، ھەسەل ھەرىسىنى دۆلەت بەلگىسي قىلغان. جەنۇبىي قىسمى يۇقىرى مىسىر خانلىقى دەپ ئاتالغان، پادىشا ئاق تاج كىيگەن، بۆركۈتنى تۇتېم، ئاق رەڭلىك پىياز گۈلنى دۆلەت بەلگىسى قىلغان.

يۇقىرى مىسىر بىلەن تۆۋەن مىسىر ئوتتۇرىسىدا دائىم ئۇرۇش بولۇپ تۇرغان، ئالاھەزەل مىلادىدىن ئىلگىرى 3000 يىل ئوپچۆرىسىدە، يۇقىرى مىسىر بارا - بارا كۈچىيىپ، پادىشا مېنېس (نارمېر دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئۆزى نۇرغۇن لەشكەرلەرنى باشلاپ تۆۋەن مىسىرغا ھۇجۇم قىلغان.

ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنلىرى ئارىسىدا نىل دەرياسى دېلتىسىدا ئۆلۈم - كۆرۈم جېڭى بولغان مېنېس بېشىغا بۆركۈت رەسىمى چۈشۈرۈلگەن ئاق تاج كىيىپ، ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ ئاتاكىغا ئۆتۈپ، باشقىلارغا ئۈلگە بولغان. چۇقان - سۈرەن ئىچىدە، ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنلىرى قىلىچ - نەيزىلىرىنى ئوينىتىپ قاتتىق ئېلىشقان، ئاق رەڭلىك پىياز گۈلى رەسىمى ۋە ھەسەل ھەرىسى رەسىمى چۈشۈرۈلگەن سان - ساناقسىز بايراقلار گىرەلىشىپ كەتكەن، جەڭ ناھايىتى قاتتىق بولغان، كېچە - كۈندۈز قاتتىق جەڭ قىلغاندىن كېيىن، تۆۋەن مىسىرنىڭ قوشۇنلىرى ئاخىرى مەغلۇپ بولغان. تۆۋەن مىسىرنىڭ پادىشاسى بىر تۈركۈم ئەسىر ئالدىدا قىزىل تاجىسىنى ئېلىپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنى مېنېسقا ئىككى قوللاپ تۇتقان.

مېنېس بۇ جەڭنىڭ غەلىبىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئۆلۈم-كۆرۈم جېڭى بولغان بۇ جايغا "ئاق شەھەر" دەپ نام بەرگەن. كېيىن، بۇ جاي بىرلىككە كەلگەن قەدىمقى مىسىر خانلىقىنىڭ پايتەختى — مېمپىس شەھىرى بولۇپ قالغان.

مېنېس تەسلىمنى قوبۇل قىلغان كۈننىڭ ئەتىسى ئاق

مەشھۇر نىل دەريا دېلتىسى دېگەن ئەنە شۇ.

دۇنياغا مەشھۇر بۇ چوڭ دەريا مىسىرنى يېتەرلىك سۇ مەنبەسى ۋە مۇنبەت يەرلەر بىلەن تەمىن ئەتكەن، شۇنىداقلا مىسىرغا ھاياتلىق ۋە گۈللىنىش بەخش ئەتكەن. ئالاھەزەل مىلادىدىن 6000 - 5000 يىل ئىلگىرى قەدىمقى مىسىرلىقلار بۇ جايدا پەيدىن - پەي ئولتۇراقلىشىپ قالغان، ئەڭ دەسلەپتە، ئۇلار ئىپتىدائى جەمىيەت تۇرمۇشىنى كەچۈرگەن بولۇپ، قوپال - ناچار قورال - سايمانلار بىلەن دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى چاتقاللار ۋە ئوت - چۆپلەرنى چېپىپ، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى ئېلىپ ۋە توغانلارنى سېلىپ، دەريا سۈيى بىلەن سۇغارغىلى بولىدىغان يەرلەرگە زىرائەت تېرىغان، ھاۋاسى قۇرغاق بولغان بۇ جاي كېيىنكى چاغلاردا ئاخىرى قەدىمقى زاماندا نام چىقارغان ئاشلىق كانىغا ئايلانغان.

ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، قەدىمقى مىسىر ئىپتىدائى جەمىيەتتىن ئاستا - ئاستا قۇللۇق جەمىيەتكە قەدەم قويۇشقا باشلىغان. لېكىن، مىلادىدىن 4000 يىل ئىلگىرى مىسىر تېخى بىرلىككە كەلگەن دۆلەت بولۇپ شەكىللەنمىگەن. ئۇ چاغلاردا، مىسىردا تەخمىنەن 40 نەچچە ئىشتات (نومو) بولۇپ، ھەر بىر ئىشتاتنىڭ ئېتىقات قىلىدىغان تۇتېمى بولغان، كېيىنچە ئارمىيە ۋە ئۆز قەبىلىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بايراق بارلىققا كەلگەن، ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىشتاتلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل كىچىك خانلىق ئىدى، ھەرقايسى ئىشتاتلار ئوتتۇرىسىدا ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلغان ئۇرۇش ۋە بىر - بىرىنى قوشۇۋېلىشلار ئارقىسىدا، ئۇزۇنچاق كەتكەن نىل دەرياسى جىلغىسىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىي قىسمى ئىككى مۇستەقىل خانلىق بولۇپ ئايرىلغان، شىمالىي قىسمى تۆۋەن مىسىر خانلىقى



مېنېسنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن شىبەن تاش. سۈرەتتە زاكون تايىغى كۆتەرگەن كىشى پادىشا مېنېس

مىلادىيدىن ئىلگىرى 30 - ئەسىردە، مېنېس مىسىرنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن تارتىپ، مىسىر ئالدىنقى خانلىق دەۋرىگە قەدەم قويدى. مىسىر مىلادىيدىن ئىلگىرى 11 - ئەسىرگىچە قەدىمقى خانلىق، ئوتتۇرا خانلىق، يېڭى خانلىق دېگەنگە ئوخشاش بىر نەچچە دەۋرنى بېسىپ ئۆتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن مىسىر بارا - بارا زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، ئىلگىر - ئاخىر بولۇپ لىۋىيە، ئاسورىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان. مىلادىيدىن ئىلگىرى 7 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە يېڭىۋاشتىن مۇستەقىل بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە پېرسىيە ئىمپېرىيىسى، يۇنان ماكېدونىيىسى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان. مىلادىيدىن ئىلگىرى 30-يىلى رىم زېمىنىغا قوشۇۋېتىلگەن.

قەدىمقى مىسىر دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرى. قەدىمقى مىسىر خەلقى يېزىق، كالېندار، سەنئەت ئىلىم - پەن قاتارلىق جەھەتلەردە غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپالارغا خېلى تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

شەھەردە خىزمەت كۆرسەتكەن ۋەزىرلەرگە كاتتا زىياپەت بې-
رىپ، ئۇلارنىڭ ئورۇن - مەرتىۋىسىنى ئۇستۇرگەن. شۇنىڭدىن
ئېتىۋارەن، مېنىس ئوزىنى "يۇقىرى - تۆۋەن مىسىرنىڭ خانى"
دەپ جاكالاپ، يۇقىرى - تۆۋەن مىسىرنىڭ بىرلىككە كەلگەن-
لىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بەزىدە ئاق تاج، بەزىدە قىزىل تاج
كىيگەن، بەزىدە بولسا ئىككى خىل تاجنى بىللە كىيگەن.

مىسىر بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، بارا - بارا بىر يۈ-
رۈش ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىق ئاپاراتلىرى قۇرۇلغان. پادىشا مەم-
لىكەت بويىچە ئالىي ھۆكۈمران بولغان، پادىشانىڭ قول ئاستىدا ھەر
خىل ئەمەلدارلار قويۇلغان. ھەر يىلى ئېلىنىدىغان باج - سېلىقلار-
نىڭ مىقدارىنى بېكىتىش ئۈچۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرى-
غا نوپۇس، يەر، مال - چارۋا ۋە باشقا بايلىقلارنى تەكشۈرۈش-
كە ئادەم ئەۋەتىپ تۇرغان.

پادىشا مۇقەددەس، شەك كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ، دەپ قا-
رالغان. تاش ئويمىلاردا ياكى تامغا چۈشۈرۈلگەن رەسىملەردە
پادىشا كاتتا تۆتىم ياكى مۇقەددەس بۈركۈت، مۇقەددەس يې-
لان قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. كېيىنكى چاغلاردا كىشىلەر پادىشا-
نىڭ نامىنى ئېغىزغا ئالالمايدىغان بولۇپ قالغان. شۇنىڭ
بىلەن ئۇنى ئىززەتلەپ "فىرئون" (ئالىيجاناپلىرى، ئالىيلىرى دېگەن
مەنىدە — ت) دەپ ئاتايدىغان بولغان.

"ھۆرمەتلىك فىرئون، ئۆزلىرى تەڭرى ئاتا قىلغان دا-
نىشمەن، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، دانىشمەنلەرنىڭ دانىشمە-
نى..." ۋەزىرلەر پادىشانىڭ يېنىغا كىرگەندە ئاشۇنداق مەدھ-
يىلەرنى ئوقۇپ، پادىشانىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ، تۇپنى ئۆ-
پۈپ تۇراتتى.

14 جايغا تاشلىۋېتىپتۇ. ئوسىرىسنىڭ خوتۇنى جەسەت پارچە-لىرىنى ئىزلەپ تېپىپ، تاپقان يېرىدە دەپنە قىلىپتۇ.

ئوسىرىسنىڭ ئوغلى كىچىكىدىنلا ناھايىتى باتۇر ئىكەن، ئۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن، سېتونى مەغلۇپ قىلىپ دادىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپتۇ. شۇنداقلا دادىسىنىڭ جەسەت پارچىلىرىنى ھەر قايسى جايلاردىن ئېچىپ ئېلىپ، بىر يەرگە يىغىپ "موميا" ياساپتۇ. كېيىن دادىسى خۇدانىڭ شاپائىتى بىلەن تىرىلىپتۇ، بىراق پانى ئالەمدە ئەمەس، بەلكى باقى ئالەمدە تىرىلىپ، باقى ئالەمنىڭ فىرئونى بولۇپ ئۆلگەنلەرنى سوراق قىلىپ، پانى ئالەمدىكى فىرئونلارنى قوغدىغان ئىكەن.

بۇ ئەپسانە دەسلەپتە خەلق ئارىسىدا تارقالغان، كېيىن بۇنى مىسىرنىڭ فىرئونى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن خەلقنى ئالداش مەقسىدىدە پايدىلىنىپ، فىرئوننى خۇدايىم قوغدايدۇ، شۇڭا فىرئون ھايات چېغىدىمۇ، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ھوكۈمران بولىدۇ؛ كىمكى فىرئونلارغا قارشى چىقسا بۇ ئالەمدە جاجىسىنى يەپلا قالماستىن، ئۇ ئالەمدىمۇ ئازاپ چېكىدۇ، دەۋالغان ئىكەن.

شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، مىسىرنىڭ ھەر بىر فىرئونى ئۆلگەندە، ئوسىرىس توغرىسىدىكى ئەپسانە بويىچە ئىش قىلىنىدىغان بولغان. ئاۋال جەسەت ئىزلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن. ئىككىنچى قەدەمدە جەسەتنى يۇپ تاراش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن، يەنى جەسەتنى يېرىپ، ئىچكى ئەزالىرى ۋە مېڭىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، "موميا" ياسىغان. بۇنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق بولغان: ئالدى بىلەن جەسەتنى چىرىتمەيدىغان سۇيۇقلۇققا چىلاپ، جەسەت-نىڭ ماي ۋە تېرىسىنى چىقىرىۋەتكەن. 70 كۈندىن كېيىن جەسەتنى ئېلىپ قۇرۇتۇپ، قوسىقىغا دورا - دەرمەك سېلىپ،

# ئېھراملارنىڭ تارىخى

قەدىمقى مىسىردا مۇنداق بىر تەمسىلىك ئەپسانە تارقالغان: بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ناھايىتى قابىلىيەتلىك بىر فىرئون ئۆتكەن ئىكەن، ئۇنىڭ ئىسمى ئوسىرىس ئىكەن. ئۇ كىشىلەرگە تېرىقچىلىق قىلىشنى، بولكا پىشۇرۇشنى، ھاراق چىقىرىشنى ۋە كان ئېچىشنى ئۆگەتكەن ئىكەن، شۇڭا كىشىلەر ئۇنىڭغا بەكمۇ ھۆرمەت قىلىدىكەن. لېكىن ئۇنىڭ ئىنىسى، سېتونىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، ئاكىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ پادىشالىق ئورنىنى تارتىۋالماقچى بولۇپتۇ.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە، سېتو ئاكىسىنى كەچلىك تاماققا چاقىرىپتۇ، ئۆلپەت بولۇش ئۈچۈن يەنە بىرمۇنچە كىشىنىمۇ قوشۇپ چاقىرىپتۇ. داستىخان سېلىنغاندىن كېيىن، سېتو كۆپچىلىككە بىر چىرايلىق ساندۇقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— كىم مۇشۇ ساندۇققا كىرەلىسە، ساندۇق شۇنىڭ بولىدۇ، — دەپتۇ. باشقىلار ئوسىرىسنى سىناپ كۆرمەمسەن، دەپ دەي - دەيگە سېلىپتۇ، لېكىن ئۇ ساندۇققا كىرىش بىلەن تەڭ سېتو ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ قۇلۇپلاپتۇ - دە، ئوسىرىسنى نىل دەرياسىغا تاشلىۋېتىپتۇ.

ئوسىرىس زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن، خوتۇنى ئۇنى ئىزلەپ كۆپ جايلارغا بېرىپتۇ، ئاخىر جەسەتنى تېپىپ قايتۇرۇپ كېلىپتۇ. سېتو بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، يېرىم كېچىدە جەسەتنى ئوغرىلاپ چىقىپ، چاناپ 14 پارچە قىلىپ،

شەكلىدىكى تۇنجى مەقبەرىدۇر. ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى جەنزۇچەندىكى 金 (ئالتۇن) ھەرپىگە ئوخشاپ كەتكەچكە، خەنزۇلار ئۇنى "ئالتۇن ھەرپى شەكلىدىكى مۇنار" دەپ ئاتىغان. بۇ مۇنار پەلەمپەي شەكلىدە بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى "پەلەمپەيسىمان ئېھرام" دەپمۇ ئاتاشقان.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكەن فىرئونلار خۇددى مەستانىلەردەك ئۆزلىرىگە ئېھرام سالدۇرغان ھەمدە بارغانسېرى كاتتا قىلىپ سالدۇرىدىغان بولغان. 4 - خاندانلىقنىڭ فىرئونى خۇفۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ زور ئېھرام سالدۇرۇش نىيىتىگە كەلگەن. ئۇ بارلىق مىسىرلىقنى زورلۇق بىلەن ھاشاغا تۇتۇپ، ھەر 100 مىڭ ئادەمنى بىر ئىسمىنا قىلىپ ئايرىغان ۋە ھەر بىر ئىسمىنىنى نۆۋەت بىلەن ئىشلەتكەن.

قۇرۇلۇش باشلانغاندىن كېيىن مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئادەم تاغلاردىن تاش ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىلگەن. مۆلچەرلەرگە قارىغاندا، ھەر بىر تاشنىڭ ئېغىرلىقى 2.5 توننا بولۇپ، جەمئى 2 مىليون 300 مىڭ پارچە تاش كەتكەن. مۇنچىۋالا كۆپ تاشنى ھازىر پويىزغا قاچىلاشقا توغرا كەلسە، 600 ۋاگون كېتىدۇ. بىراق، ئۇ چاغلاردا ماشىنىلاشقان توشۇش قوراللىرى يوق ئىدى، ئۇلار قانداق قىلغان؟ ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەمگەكچان ھەم ئەقىللىق مىسىر ھاشاچىلىرى تولىمۇ ئىلمىي بولغان ئۇسۇلنى ئويلاپ تاپقان: ئۇلار تاشنى چانىغا بېسىپ ئۆزلىرى سۆرىگەن ياكى ئۇلاغلارغا سۆرەتكەن. لېكىن ئېغىر تاش بېسىلغان چانىنى ئوڭغۇل - دوڭغۇل يولدا سۆرەش مۇمكىن بولمىغان. شۇنىڭ بىلەن تاش يول ياسىغان. مۇشۇ تاش يولنى ياساشقىلا 10 يىل ۋاقىت كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە بىر تۈركۈم ئادەملەر ئىش ئورنىدا يەر ئاستى يوللىرىنى

جەسەتنىڭ ھاۋا بىلەن ئۇچراشماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا يېلىم چاپلىغان، ئاندىن كېيىن جەسەتنى پۇختا كېپەنلىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇزاققىچە چىرىمەيدىغان «مومىيا» ياسىلىپ چىققان. ئۈچىنچى قەدەمدە، ئايەت - ئەپسۇن ئوقۇپ، «مومىيا»غا كۆز، بۇرۇن، قۇلاق، ئېغىز ئېچىپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا تائام تىققان. مۇشۇنداق قىلسا، مومىيا تىرىك ئادەمدەك نەپەس ئالارمىش، سۆزلىيەلەرمىش، تاماق يىيەلەرمىش. ئاخىرىدا دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن، يەنى «مومىيا»نى تاش كېپەنگە سېلىپ، ئۇنى «قارارگاھ»قا — يەرلىككە قويغان.

مىسىردا، ئەڭ دەسلەپكى چاغلاردا يەرلىككە قويۇش ئۇسۇلى مۇنداق بولغان: ئاۋال گورلۇك كولاپ، ئاندىن كېيىن توپا دۆۋىلەپ قويۇلغان. كېيىنكى چاغلاردا، يەرلىك بارغانسېرى چوڭقۇر كولىنىدىغان بولۇپ، يەر ئاستى ئۆيىگە ئوخشاش بولغان، يەر ئۈستىگە دۆۋىلەنگەن توپا ئەتراپىغا تاشتىن تام سېلىنغان. بۇنداق قەۋرە «ماستابا» (تۈز قەۋرە) دەپ ئاتالغان.

مىلادىدىن ئىلگىرى 27 - ئەسىردىكى مىسىر 3 - خاندانلىقىنىڭ فىرئەۋنى زوسېر بۇنداق ماستابانى فىرئەۋنلارنىڭ قارارگاھى قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ قاراپ، بىناكارلىق ئۈستىلىرىنى يىغىپ، تاشتىن غايەت كاتتا «ماستابا» سالدۇرغان. لېكىن فىرئەۋن بۇنى كاتتا بولماي قېلىپتۇ، دەپ ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر قەۋەتتىن بىر قەۋەتتىن كىچىك بولغان 5 قەۋەتلىك كىچىك «ماستابا» سالدۇرغان، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 61 مېتىرغا يەتكەن. ئۇنىڭ ئاستىدا ناھايىتى چوڭقۇر كولانغان بىر تىك قۇدۇق بولۇپ، ئۇ يەر ئاستى كارىدورى ۋە ھوجرىلارغا تۇتاشتۇرۇلغان؛ ئەتراپىغا قەلئە شەكلىدە قورۇق تام سېلىنغان بولۇپ، تامنىڭ ئىچىگە نەزىر - چىراق سارىيى سېلىنغان. مانا بۇ مىسىردىكى مۇنار

تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 230 نەچچە مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئايلانمىسى بىر كىلومېتىردەك كېلىدۇ. قوپۇرۇلغان تاشلارنى تۇتاشتۇرۇشقا سىمونتتەك بىر نەرسىمۇ ئىشلىتىلمىگەن، بەلكى تاشلار ئۈستى - ئۈستىگە تىزىپ قوپۇرۇلغان. تاشلار تەكشى سىلىقلانغان، بۇنىڭغا نەچچە 1000 يىل بولغان بولسىمۇ، بۇ تاشلارنىڭ ئاراشلىرىغا ئىنچىكە پىچاقنىڭ بىسىنى كىرگۈزۈشمۇ تەس.

ئېھرام ئىچىدە ئۈچ يەرلىك بار. شىمالىي تەرىپىدىكى ئېگىزلىكى 13 مېتىر كېلىدىغان ئېغىزدىن كىرسە ئادەم بويى كەلمەيدىغان بىر لەخمە بار. مۇشۇ لەخمە بىلەن تۆۋەنگە 100 مېتىرچە ماڭغاندا تاشتىن قوپۇرۇلغان 4 چاسا يەرلىككە كىرگىلى بولىدۇ. بۇ يەرلىك خۇفۇغا يارىمىغاچقا تۆۋەنگە چۈشىدىغان لەخمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن يۇقۇرىغا چىقىدىغان يەنە بىر لەخمە كولىنىپ، بۇ لەخمىنى "خانىش يەرلىكى" گە تۇتاشتۇرغان. يۇقۇرىغا چىقىدىغان لەخمىنىڭ باش تەرىپىگە يەنە بىر كارىدور ياساتقۇزغان. بۇ كارىدوردىن ئۆتكەندە، يەنە بىر يەرلىك ئۇچرايدۇ. خۇفۇنىڭ جەسىدى قويۇلغان يەرلىك ئەنە شۇ، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى "پىرئەۋن يەرلىكى" دەپ ئاتىغان.

خۇفۇ ئۆلۈپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇنىڭ ئېھرامىغا يېقىن جايغا يەنە بىر ئېھرام سېلىنغان. بۇ خۇفۇنىڭ ئوغلى خافرانىڭ ئېھرامىدۇر. بۇ ئېھرام خۇفۇ ئېھرامىدىن 3 مېتىر پەس بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا يانداش مۇكەممەل، ھەيۋەتلىك ئۆي - ئىمارەتلەر سېلىنغان. ئېھرامنىڭ يېنىدا ئىككى ئىبادەتخانا بار بولۇپ، ئۇنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە خافرانىڭ "شىر تەنلىك، ئادەم يۈزلۈك ھەيكىلى" ياسالغان. ھەيكەلنىڭ ئېگىزلىكى 20 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 57 مېتىر بولۇپ، بىر قۇلىقىنىڭ ئېگىزلىكى 2

ۋە يەرلىكنى كولاش بىلەن بولغان. ھاشاچىلار ھەم ئىسسىق ھەم دىمىق لەخىملەردە تۇچتىن ياسالغان ئۈشكىلەر بىلەن گىرانىت تاشلارنى تەشكەن، بۇنىڭغىمۇ توپ - توغرا 10 يىل ۋاقىت كەتكەن.

ئېھرامنىڭ تېمىنى قوپۇرۇش باشلانغان. ئۇ چاغلاردا كىران، ھەتتا بىرەر لوم تۆمۈرمۇ بولمىسا، شۇنچىۋالا ئېغىر تاشلارنى قانداق قوپۇرغان بولغىتى؟ ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، ئاۋال يەر ئۈستىدىكى بىرىنچى قەۋەتنى قوپۇرغان، ئاندىن كېيىن توپىدىن شۇنچىلىك ئېگىزلىكتە يانتۇ دوڭ ياسىغان، كىشىلەر تاشلارنى ئاشۇ يانتۇ دوڭلەردىن سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ، ئىككىنچى قەۋەتنى قوپۇرغان. مۇشۇ تەرىقىدە قوپۇرۇۋېرىپ، ئېھرامنىڭ ئېگىزلىكى قانچىلىك بولسا دوڭنىڭ ئېگىزلىكىمۇ شۇنچىلىك ئېگىزلىگەن. ئېھرام پۈتكەندە دوڭمۇ ناھايىتى ئېگىز بىر تاققا ئايلانغان، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئېھرامنىڭ ئوچۇق كوزگە تاشلىنىپ تۇرۇشى ئۈچۈن، بۇ دوڭنى يوتكەشكە مەجبۇر بولغان. دوڭنى يوتكەش ئىنتايىن قىيىنغا چۈشكەن، ھەمىشە 100 مىڭدەك ئادەم تومۇز ئاپتاپتا نازارەتچىلەرنىڭ قامچىسى ئاستىدا ئىشلىگەن، بۇنىڭغا توپ - توغرا 10 يىل ۋاقىت كەتكەن. شۇنداق قىلىپ پۈتۈن قۇرۇلۇشقا 30 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىنغان!

خۇفۇ ئېھرامى مىسىر ئېھراملىرى ئىچىدىكى ئەڭ كاتتا ئېھرامدۇر. بۇ ئېھرامنىڭ ئەسلى ئېگىزلىكى 146·59 مېتىر بولۇپ، نەچچە مىڭ يىل داۋامىدا بورانىنىڭ سوقۇشى، يامغۇرنىڭ يالىشى دەستىدىن ئۇنىڭ چوققىسى 10 مېتىرغا يېقىن خوراپ كەتكەن. لېكىن 1888 - يىلى پارىژدا ئېيفېل تۆمۈر مۇنارىسى سېلىنىشتىن ئىلگىرى، ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز قۇرۇلۇش ھېسابلىناتتى. بۇ ئېھرامنىڭ تېگى توت چاسا، ھەر بىر

مىسىر كېلىدۇ. شەرنىڭ تىرناقلىرى تاشتىن قوپۇرۇلغاندىن تاشقىرى، شىر تەنلىك، ئادەم يۈزلۈك پۈتۈن ھەيكەلمۇ چوڭ قۇرام تاشقا ئويۇلغان. بۇنىڭغا 4500 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بولدى.

مۇشۇ ئىككى چوڭ ئېھرامنىڭ سېلىنىشى بىلەن مىسىر خەلقى گادايلىشىپ، غەزنە قۇرۇپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكەن فىرئونلار ئورغۇنلىغان ئېھراملارنى سالدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئېھراملارنىڭ كۆلىمى ۋە سۈپىتى يۇقۇردا ئېيتىلغان ئېھراملارغا يەتمەيدۇ. مىلادىدىن ئىلگىرى 23 - ئەسىردىكى 6 - خاندانلىق دەۋرىدىن كېيىن، قەدىمقى خانلىقنىڭ پارچىلىنىشى ۋە فىرئونلار ھوقۇقىنىڭ ئاجىزلىشى ئارقىسىدا، ئېھرام سالدۇرىدىغان ئىشلار بارا - بارا سۇسلىشىپ قالغان. ئېھرام سالدۇرۇش ئىشى راۋاجلىنىشتىن سۇسلىشىشقىچە بولغان ئارىلىقتا، 1000 نەچچە يۈز يىل ئۆتكەن بولۇپ، نىل دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى گىزا ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلاردا جەمى 70 نەچچە ئېھرام سالدۇرغان. كېيىنكى چاغلاردا مىسىر خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى ۋە بەزىلەرنىڭ گۆرلەرگە ئوغرىلىققا كىرىپ، دائىم فىرئونلارنىڭ "موميا" لىرىنى ئېھراملاردىن ئېلىپ چىقىپ كېتىشى ئارقىسىدا، مىسىر فىرئونلىرى ئېھرام سالدۇرمايدىغان، بەلكى تاغ جىلغىلىرىدا يوشۇرۇن قەۋرىلەرنى سالدۇرىدىغان بولۇپ قالغان.

كاتتا ئېھراملار تا بۈگۈنگىچە قاھىرەنىڭ يېقىن شەھەر ئەتراپى رايونلىرىدىكى قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا قەد كۆتىرىپ تۇرماقتا. بۇلار قەدىمقى مىسىرنىڭ ئۇزاق تارىخىنىڭ دەلىلى، شۇنداقلا مىسىر خەلقىنىڭ ئەمگىكى ۋە پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى.



شىر تەنلىك، ئادەمیۈزلۈك ھەيكەل،

ئۇ نىل دەرياسىدىن ئوتمەيلا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان. لېكىن ناپولېئوننىڭ بۇ قېتىمقى يىراققا يۈرۈش قىلىشى ئويلىمىغان يەردىن مىسىرنىڭ بۇ ئاجايىپ رەسىملىرىنىڭ سىرىنى ئېچىپ تاشلىغان.

بىر كۈنى بىر فرانسىيىلىك ياش جۇنگوۋەن نىل دەرياسى ئېغىزىدىكى روزېتتا دىگەن بازاردا پوستا تۇرغان. پوستا ئۇزاق تۇرۇۋېرىپ ئىچى پۇشۇپ كەتكەن بۇ جۇنگوۋەن نىل دەرياسى دېلتىسىنىڭ كونا ئىزىنى كورۇشكە بارغان. ئۇ ئۇ يەردىن توساتتىن بىر پارچە ئاجايىپ تاش يادنامىنى تېپىۋالغان. ئۇ بۇ بازالت تاشقا سىنچىلاپ قارىسا، ئۇنىڭغا مىسىرنىڭ باشقا قەدىمى يادىكارلىقلىرىغا ئويۇلغاندەك ھەر خىل ھەيكەللەر ئويۇلغان ئىكەن، ئوخشاش بولمىغان يېرى شۇكى، بۇ تاشقا ئۈچ خىل يېزىقتا خەت ئويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى يۇنانچە ئىكەن. ئۇ چاغدا يۇنانچىنى بىلىدىغانلار كوپ ئىكەن. ئۇ، رەسىمدىكى مىسىرچە خەتلەرنى يۇنانچە خەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشلىش چوقۇم ئوڭاي بولىدۇ، دەپ ئويلاپ، ناھايىتى خوشال ھالدا بۇ تاش يادنامىنى ئېلىپ كەتكەن.

بىراق، بۇ ياش جۇنگوۋەن نۇرغۇن ئادەمدىن سوراپمۇ تاش يادنامىدىكى بۇ كىچىك رەسىملەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمىگەن. ئاندىن نەچچە ئون يىل ئوتۇپ 1822 - يىلىغا كەلگەندە چامپولىيون دىگەن فرانسىيىلىك ئالىم ئاندىن بۇ سىرنى يەشكەن. بۇ ئالىم 20 يىل ھەپىلىشىپ يۈرۈپ، ئاخىر بۇ تاشتىكى 14 كىچىك رەسىمنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن. بۇ ئالىم بەك چارچاپ كەتكەچكە ئارىدىن ئۇزاق ئوتمەي ئولۇپ كەتكەن، بىراق مىسىرنىڭ تەسۋىرىي يېزىقىنىڭ ئاساسلىق پىرىنسىپلىرى بۇچاغدا ئايدىڭلىشىپ قالغان. كېيىن يەنە باشقىلارنىڭ تەتقىق قىلىشى

# ئاجايىپ رەسىملەر

بۇنىڭدىن 2 مىڭ يىل بۇرۇن، بىر تۇركۇم رىملىق-
لار مىسىرغا كەلگەن. ئۇلار قەدىمى ئىبادەتخانىلار ۋە ئوردا-
سارايلارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىۋېتىپ، نۇرغۇن تاملارغا ۋە قومۇش-
تىن ياسالغان پاپىرۇس① قەغەزلەرگە چۈشۈرۈلگەن بىرمۇنچە
ئاجايىپ رەسىملەرنى كۆرگەن. بۇ رەسىملەر مىسىرنىڭ تارىخى
بىلەن ئالاقىدار بولسىمۇ، لېكىن رىملىقلار بۇ نەرسىلەرگە
قىزىقمىغاچقا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ مەنىسىنى سورۇشتۇرۇپ
ئولتۇرمىغان.

مىسىر مىلادىدىن ئىلگىرى 525 - يىلى پېرسىيىلىكلەر
تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆزىگە ئۆزى خوجا
بولۇش ھوقۇقىدىن تامامەن مەھرۇم بولۇپ، پېرسىيە ئىمپېرى-
يىسىنىڭ بىر ئۆلكىسى بولۇپ قالغان. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن
تارىخى يازمىلارنى پارس يېزىقىدا يازىدىغان بولغان. ئاشۇن-
داق رەسىم سىزىش ھۈنىرىنى بىلىدىغان ئاخىرقى راھىپ
ئۆلگەندىن كېيىن، قەدىمقى مىسىر تارىخى خاتىرىلەنگەن بۇ
رەسىملەر يەشكىلى بولمايدىغان سىر بولۇپ قالغان.

1799 - يىلى فىرانسىيىلىك ناپولېون ئىستىلاچى قوشۇن-
لىرىنى باشلاپ يىراقتىكى ئافرىقىنىڭ شەرقىگە كەلگەن.

---

① مىسىرلىقلار قومۇچتىن ياسالغان قەغەزنى ئەسلىدە "پاپىرۇس"
دەپ ئاتىغان — ت

ئۇرۇۋاتقانلىقى ئويۇلغان. ئەسىرنىڭ ئۈستىگە بىر پۈتىدا ئادەمنىڭ بۇرنىغا ئۆتكۈزۈلگەن ئاغامچىنى قامالىغان، يەنە بىر پۈتىدا 6 تۈپ ئۆسۈملۈكنى دەسسەپ تۇرغان بىر بۈركۈت-نىڭ رەسمى ئويۇلغان. بۇ 6 تۈپ ئۆسۈملۈك گويا ئەسىرنىڭ تېنىدىن ھاسىل بولغان ئۇزۇن چاسا شەكلىدىن ئۆسۈپ چىققان-دەك قىلىپ ئويۇلغان. بۇ بىر يۈرۈش رەسىمدە پادىشانىڭ 6 مىڭ ئادەمنى ئەسىر ئالغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

تىلنى مۇشۇنداق مۇرەككەپ رەسىم يېزىقى سىستېمىسى بىلەن خاتىرىلەشنىڭ تولىمۇ بىدەپ بولغانلىقى تۇرغانلا گەپ. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە تىلنىڭ مۇرەككەپلىشىشىگە ئەگىشىپ، نۇرغۇن ئابىستراكت ئۇقۇملار، مەخسۇس ئاتالغۇلار ۋە گراماتىكا شەكىللىرى كېلىپ چىققان، ئاشۇنداق ئاددى رەسىملەر بىلەن بۇلارنى ئىپادىلەش تېخىمۇ قىيىن بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن بارا - بارا بوغۇم ئىپادىلىگۈچى بەلگىلەر بارلىققا كەلگەن. يەنە 24 ئۈزۈك تاۋۇش كەشىپ قىلىنغان؛ ھەر خىل بەلگىلەردىن تەركىپ تاپقان سۆز بىرىكمىلىرىمۇ 600دىن ئېشىپ كەتكەن. بۇ گەرچە ئېلىپبەلىك يېزىق بولمىسىمۇ، لېكىن نوقۇل ھالدا رەسىم ئارقىلىق ئىپادىلىگەنگە قارى-



قەدىمقى مىسىرنىڭ تاشقا
ئويۇلغان تەسۋىرىي يېزىقى

ئارقىسىدا، تاش يادنامىدىكى ئاجايىپ رەسىملەرنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرى 195- يىلى مىسىر ھاپىزلىرى تەرىپىدىن پادىشاغا مەدھە- يە ئوقۇپ ئويۇلغانلىغى ئاخىر ئېنىقلانغان. ئۇنىڭدىكى ئۈچ يېزىقنىڭ يۇنانچىسىدىن باشقا، قالغان ئىككى خىلى مىسىر يېزىغى بولۇپ، بىرى تېز يازما شەكلى، بىرى تەسۋىرىي شەك- لى ئىكەن. مۇشۇ رەسىملەرنىڭ سىرى يېشىلىشى بىلەن، قەدىمقى مىسىر تارىخى غەزنىسىنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىپ، بىز بۇنىڭدىن 6 -- 5 مىڭ يىل بۇرۇنقى قەدىمقى مىسىر مەدەنىيىتىگە دائىر تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق.

بۇنداق تەسۋىرىي يېزىق مىلادىدىن ئىلگىرى 4000-يىللار ئەتراپ- چۈرىسىدە پەيدا بولغان، بۇ يېزىق سۇمېر يېزىغى، قەدىمقى ھىندى يېزىغى، شۇنىڭدەك جۇڭگونىڭ سۆڭەك چىغىناق يېزىغىغا ئوخشاش، مۇستەقىل ھالدا، باشلانغۇچ جەمىيەتتىكى ئەڭ ئاددى رەسىم ۋە گۈل نۇسخىلىرىغا ئاساسەن ئىجات قىلىنغان. شۇڭا تەسۋىرىي يېزىق دەپ ئاتالغان. ھاپىزلار ياكى ئەمەلدارلار بىرەر سۆزنى يازماقچى بولسا، شۇ سۆزنىڭ مەنا - شەكلىگە قاراپ رەسىم بىلەن ئىپادىلىگەن. مەسىلەن، "سۇ" دىگەن سۆزنى  قىلىپ، "تاغ" دىگەن سۆزنى  قىلىپ، قۇياش دىگەن سۆزنى ⊙ قىلىپ سىزغان. بىرەر جۈملە سۆزنى يېزىپ، مۇكەم- مەلرەك بىر مەنىنى ئىپادىلىمەكچى بولسا، ئاشۇنداق ئايرىم- ئايرىم رەسىملىك بەلگىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ مەنە بىلدۈرىدىغان مۇرەككەپ رەسىم شەكلىگە كىرگۈزگەن. مەسىلەن، مىلادىدىن ئىلگىرى 3000 - يىلىدىن بۇرۇن پۈتۈن مىسىرنى بىرلىكە كەلتۈرۈپ، قەدىمقى مىسىرنىڭ تۇنجى خانلىقىنى قۇرغان نارمېرنىڭ غەلىبىسى خاتىرىلەنگەن بىر شىبەن تاشقا نارمېر- نىڭ تىز پۈكۈپ تۇرغان بىر ئەسىرنى زاكۇن تايىغى بىلەن

## ئەڭ دەسلەپكى قوزغىلاڭ

ياۋروپادىكى ئىككى مەشھۇر مۇزېيدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا بۇنىڭدىن 3 مىڭ نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى پاپىرۇس قەغەزگە يېزىلغان ئىككى كىتاپ ساقلانماقتا. بۇ كىتاپلار يىرتىلىپ ھالى قالمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا دۇنيادىكى ئەڭ بۇرۇنقى بىر قېتىملىق زور كولەملىك قۇللار قوزغىلىڭى پۈتۈلگەن.

بۇ ۋەقە ئالاھەزەل مىلادىدىن ئىلگىرى 1750 - يىللىرى مىسىردا يۈز بەرگەن.

تۆۋەندىكى پۈتۈكلەرگە قاراڭلار:

"...... قارىمامدىغان، مەڭگۈ يۈز بېرىشى مۇمكىن بولمىغان ئىش يۈز بەردى. پادىشانى گادايلار تۇتۇپ كەتتى."

"توپىلاڭچىلار بىر سائەت ئىچىدىلا تەختىگاھنى ئىشغال قىلىۋالدى، بۇ چاغدا مۇنداق ئىش يۈز بەردى ...... پادىشا ئوردىسىنىڭ دەرۋازىلىرى، تۈۋرۈكلىرى، ئوگزىلىرى كويۇپ كۇل بولدى، پادىشا ئوردىسىنىڭ ئورۇلۇپ چۈشكەن ئەسكى تاملىرىلا قالدى."

"دېلتىس يىغا - زار قىلماقتا. چۈنكى پادىشانىڭ ئاشلىق ئامبىرى ئومۇمنىڭ مال - مۈلكى بولۇپ قالدى."

"مەملىكەت ئىچىدىكى ئەمەلدارلار قېچىپ كەتتى، ...... خان سارىيىدىكى ئەمەلدارلار قوغلىۋېتىلدى."

"كاتىپ مەھكىمە شەرئى كىشىلەر ئىختىيارى كىرىپ - چىقىدىغان ئورۇن بولۇپ قالدى، گادايلار ھەشەمەتلىك ئوردى-

غاندا جىق تەرەققى قىلغان.

ئۇنداق بولسا، بۇ ھەرپلەر نىمىگە يېزىلغان؟ بىزگە مەلۇمكى. نىل دەرياسى بويلىرىدا ئوت - چوپ، دەل دەرەخ بەك كوپ بولۇپ، ئۇيەردە قومۇشقا ئوخشايدىغان، ھەم ئىگىز، ھەم توم ئوسىدىغان بىر خىل ئوسۇملۇك بولغان. مىسىرلىقلار بۇنداق ئوسۇملۇكنى كېسىپ، ئۇنىڭ غولىنى يېرىپ تارشا قىلىپ، ئۇنى قاتار تىزىپ ۋە بىر - بىرىگە ئۇلاپ، تۇزلەپ، قۇرۇتۇپ قەغەز قىلغان، بۇنى "پاپىرۇس" دەپ ئاتىغان. قەدىمقى مىسىرلىقلار مۇشۇنداق پاپىرۇس قەغەزگە خەت يازغان. خەت يېزىپ بولغان پاپىرۇس قەغەزنى يوگەپ ئىنچىكە يىپ بىلەن باغلاپ قويىغان. سىيانى بولسا چاي بىلەن قۇرۇمنى ئارىلاشتۇرۇپ ياسىغان، قەلەمنى ئىنچىكە قومۇشتىن ياسىغان. دىمەك قەدىمقى مىسىرلىقلار دەل ئەنە شۇنداق يېزىق قورالىلىرى بىلەن كېيىنكىلەرگە مول مەدىنى مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

ھۆمى جەريانى تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئانچە ئېنىق بولماي كەلدى. ھەتتا بۇ قوزغىلاڭنىڭ تەشكىلاتچىلىرىنىڭ ئىسىملىرىمۇ مەلۇم ئەمەس. لېكىن ئاشۇ ئىككى تېكىق پاپىرۇس قەغەزگە يېزىلغان خاتىرىدىن بۇ قوزغىلاڭنىڭ دەبدەبىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ قوزغىلاڭ 40 يىل داۋاملاشقان. دەسلىۋىدە گۇيەر-بۇيەردە توپىلاڭلار بولغان، ئاندىن بۇ توپىلاڭلار قوشۇلۇپ مەملىكەت خاراكتېرلىق چوڭ قوزغىلاڭغا ئايلانغان. پاپىرۇس قەغەزگە يېزىلغان خاتىرىدىن يەنە شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، قوزغىلاڭچى قوشۇن ئەزگۈچىلەرگە سىياسى جەھەتتىنلا زەربە بەرگەن، لېكىن مەملىكەت خاراكتېرلىق ھاكىمىيەت بەرپا قىلمىغان؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنى مەھرۇم قىلغان، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ۋاقتىدا ئەھمىيەت بەرمىگەن، ھەتتا ئىشلەپچىقىرىشقا خېلى زور دەرىجىدە تەسىر يەتكەن. يازما پۈتۈكتە مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن:

"...... دەريا، ئېرىقلار قۇرۇپ كېتىپ، كىشىلەر كېچىپ ئۆتەلەيدىغان بولۇپ قالدى. دەريا يۈزىدىكى يەر دەريا سۈيىدىن كۆپىيىپ كەتتى."

"ھەممە يول بويلىرىدىكى زىرائەتلەر قۇرۇپ كەتتى. كىشىلەرگە كەيگۈدەك ئىگىن، ئىشلەتكۈدەك ياغ قالمىدى. سىرىقماي تېخىمۇ قالمىدى......"

ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىق ئاغدۇرۇپ تاشلانغان بىلەن يېڭى تۈزۈم بەرپا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلمىگەچكە، قوزغىلاڭنىڭ غەلىبىسى ئۇزاق داۋاملاشالمىغان. ئوتتۇرا خانلىقنىڭ فىرئونلىرى، ئاخىر ئۆز ھاكىمىيىتىنى يېڭىۋاشتىن ئۆيۈشتۇرغان، دېھقانلار ۋە قۇللار بەنىلا ئېزىلىۋەرگەن.

لارغا كىرىپ - چىقالايدىغان بولدى."
"گۈزەل مەھكىمە شەرئىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرى بىكار قىلىندى، توت كوچا ئېغىزىدا كىشلەر بۇ ئەمىر - پەرمانلار يېزىلغان قەغەزلەرنى دەسسەپ ئۆتۈشتى. قازىلار ھەرقايسى جايلارغا قوغلىۋېتىلدى."
"تورىلەرنىڭ مال - مۈلكى ئوغرىلىنىپ گادايلارغا بېرىلدى. بايلار زىيان تارتتى، گادايلار راسا رازى بولۇشتى."
"ئۇلار مىستىن ئوقيا ياساپ، قان بەدىلىگە نان يېيىشتى."
"پۈتۈن زېمىن خۇددى چاقپىلەكتەك چۆگىلىدى..."
بۇنىڭ يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان چوڭ قوزغىلاڭ توغرىسىدىكى پۈتۈك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك.
مىلادىدىن ئىلگىرى 2400 - يىللىرى ئوپچۇرىسىدە، مىسىرنىڭ قەدىمقى خانلىقى يىمىرىلىپ 300 نەچچە يىل ئۆتكەندە، يەنى مىلادىدىن ئىلگىرى 2000 - يىلدىن ئىلگىرى مىسىردا ئوتتۇرا خانلىق قۇرۇلغان. ئوتتۇرا خانلىق تېبىسنى پايتەخت قىلغان ۋە ھوقۇق مەركەزگە توپلانغان ھاكىمىيەت ھوكۇمرانلىقىدىكى دۆلەت بولۇپ شەكىللەنگەن. فىرئون، ئاقسوڭەك ۋە قۇلدارلارنىڭ مال - مۈلكى كوپەيگەن، ئېزىلگۈچى قۇللار ۋە ئۆز يېرىنى تېرىغۇچى دېخانلار كۈندىن - كۈنگە نامراتلىشىپ بارغان. ئۇلارنىڭ سەۋرى - تاقىتى پۈتۈپ، ئاخىر مەملىكەت كولەملىك چوڭ قوزغىلاڭ پارتلىغان.
دېخانلار قاتناشقان زور قۇللار قوزغىلىڭى مىسىر ئاقسوڭەكلىرى ۋە قۇلدارلىرىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن. تارىخىي ماتېرىياللار كەم بولغاچقا، بۇ قېتىمقى چوڭ قوزغىلاڭنىڭ ئو-

# كۈمۈش تاختىغا ئويۇلغان سۈلھ شەرتنامە

مىلادىدىن ئىلگىرى 1296 - يىلى، مىسىر فىرئونىنىڭ ئوردىسىغا ھىتىت دولىتىدىن ئەۋەتىلگەن بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى كەلگەن. ئۇلار كۈمۈشتىن ياسالغان بىر تاختىنى ئېلىپ كەلگەن، ئۇنىڭغا ئىككى تەرەپ ئۇرۇش توختىتىش، سۈلھى شەرتنامە تۈزۈش توغرىسىدا 18 ماددىلىق مەزمۇن ئويۇلغان: "ئۇلۇغ ھەم باتۇر ھىتىتلىقلارنىڭ داھىسى كاتۇسىل" بىلەن "ئۇلۇغ ھەم باتۇر مىسىر ھوكۇمرانى رامسىس" ئۆزئارا ئىشىنىش، ئۆزئارا مەڭگۈ ئۇرۇش قىلماسلىق، بەلكى بىر تەرەپ باشقا ئەل بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا ياردەم قىلىشقا ...... قەسەم ئىچىشتى.

ھىتىت كىچىك ئاسىيا (ھازىرقى تۈركىيە) دە، مىسىر شىمالىي ئافرىقىدا، بۇ ئىككى دولەتنىڭ ئارىلىقى شۇنچە يىراق تۇرۇقلۇق، بۇ ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدا قانداقمۇ ئۇرۇش پارتلىغان بولغىتى؟ ئەسلىدە ھىتىتلىقلار مىلادىدىن ئىلگىرى 2000 - يىلى دولەت قۇرغاندىن كېيىن ئۈزلۈكسىز تۈردە سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلغان. مىلادىدىن ئىلگىرى 1600 - يىلى ھىتىتلىقلار سۈرىيە، پەلەستىنلەرنى بېسىۋالغان؛ 5 يىلدىن كېيىن بابىل ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى بابىلون شەھىرىنى (ھازىرقى ئىراقنىڭ باغدات شەھىرىنىڭ ئەتراپى) بېسىۋېلىپ، شۇ چاغدا دۇنيا بويىچە ئەڭ ئاۋات بولغان بۇ شەھەرنى بۇلاپ - تالاپ قۇرۇغداپ قويغان. ھىتىتلىقلار ئوتتۇرا شەرقتە خوجا بولۇش ھوقۇقىنى تالىشىپ مىسىر بىلەن ئۇرۇش قىلغان. كېيىنكى چاغ-

بۇ قېتىمقى زور قوزغىلاڭ بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئاسىيادىكى ھىكسوسلار مىسىرغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن. ئۇلار ھارۋا بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر بولۇپ، يەڭگىل ئات ھارۋىلىرى بىلەن مىسىرلىقلارنىڭ قوشۇنلىرى ئىچىگە قويۇنىدەك باستۇرۇپ كىرگەن، مىسىر قوشۇنلىرى ئۇلارنىڭ سايىسىنى كۆرۈپلا تىكىۋەتكەن. چۈنكى ئۇ چاغلاردا مىسىرلىقلار ئۇرۇش ھارۋىسىدىن پايدىلىنىشنى بىلمىگەچكە، پىيادە ئەسكەرگە تايىنىپ جەڭ قىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە پىيادە ئەسكەرلەر، ئاتلىق ئەسكەرلەر ۋە ئۇرۇش ھارۋىلىرىغا تاقابىل تۇرالمىغان.

ھىكسوسلار مىسىرغا ئالاھەزەل 150 يىلدەك ھۆكۈمرانلىق قىلغان. مىلادىدىن ئىلگىرى 1580 - يىلى تېبېس شەھىرىنىڭ ھۆكۈمرانى ئاماسىس لەشكەر باشلاپ ھىكسوسلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى مىسىردىن قوغلاپ چىقىرىپ، مىسىرنىڭ يېڭى خانلىقىنى تىكلىگەن. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن مىسىرلىقلار ئات بېقىشنى ۋە ھارۋا ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋالغان.

ىدىپ بولۇپ ئالغا ئىلگىرىلىگەن. فىرئون ئۆزى باشلاپ ماڭغان سەپ ئالدى قوشۇنلىرى ھەتتا بويسۇندۇرۇۋالغان سۇرىيىنىڭ قاتناش تۈگۈنى كادىشقا يېقىنلاپ قالغان.
فىرئون ئالتۇن ۋە مەرۋايىت بىلەن نەقىشلەنگەن ئىنتايىن پۇزۇر ئۇرۇش ھارۋىسىغا چۈشكەن بولۇپ، تاڭ نۇرىدا بۇ ھارۋا ۋال - ۋۇل قىلىپ كۆزنى چاقنىتىپ تۇرغان، ھارۋىدىكى مىسىر فىرئونى قوشۇنغا ئىلگىرىلەش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىشقا بۇيرۇق بېرىپ، ئەتراپتىكى مەنزىرىگە نەزەر سالغان: سول تەرەپتىكى يول دولقۇنلىنىپ تۇرغان دېڭىزغا تۇتىشىدىكەن، ئوڭ تەرەپتىكى تىك جىلغىدىن ناھايىتى تېز ئاقىدىغان دەريا ئۆتىدىكەن. ئالدى تەرەپ بولسا تۈزلەڭلىك بولۇپ، يىراقتىكى دوڭلۇكلەر ئارىسىدىن غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان سېپىل كادىش شەھىرى ئىكەن.
— خەۋەر تاپقايلا فىرئون، — دەپ دوكلات قىلغان نەۋكەر، — 2 جاسۇس تۇتۇۋالدۇق!
— ئېلىپ كېلىڭلار! — دەپ فىرئون بۇيرۇق قىلغان.
ئەسىرگە چۈشكەن 2 كىشى پادىچى قىياپەتكە كىرىۋالغان ھەتتا ئاتلىق ئەسكىرى ئىكەن. ئۇلار، ھەتتا پادىشاسى تۇتقۇنۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قوشۇنلارنى كادىش شەھىرىدىن چېكىنىپ چىقىشقا بۇيرۇق بەردى، دېگەن.
— يول ئۈستىدە نىمىشقا ھەتتا قوشۇنلىرى كۆرۈنمەيدىكىن دېسەم، ئۇلار مېنىڭدىن قورققان ئىكەنغۇ! — مىسىر فىرئونى كورەڭلەپ كۈلۈپ كەتكەن ۋە قولىنى شىلتىپ، ”ئالغا!“ دەپ تووۋلىغان.
مىسىر فىرئونى ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنى باشلاپ، تېزلىكتە كادىش شەھىرىنىڭ سېپىلى يېنىغا كەلگەن. ئۇ بەك ئال-

لاردا مىسىرنىڭ يېڭى خانلىقى پەيدىن - پەي قۇدرەت تېپىپ، ئاخىر ھىتتىلىقلارغا قايتۇرما ھوجۇم قىلغان.

سۈلھى شەرتنامە تۈزۈشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋاللارغا قاراپ باقايلى.

مىلادىيىدىن ئىلگىرى 1312 - يىلى بىر كۈنى، ھىتتىت خان سارىيىدا جىددى يىغىن چاقىرىلغان.

— بۇ جىددى ئاخباراتنى ۋەزىرلەرگە تېز ئۇقتۇرۇپ بەر، — دەپ بۇيرۇق قىلغان پادىشا مۇۋاتال مىرزىسىغا جىددى قىياپەتتە.

— خوپ، — مىرزا تازىم بىلەن كەلتۈرۈپ، كىسەكنى قولىغا ئېلىپ ئۇقۇشقا باشلىغان، — مىسىر فىرئەۋنى رامسېس II ئۆزى قوماندانلىق قىلغان لەشكەر باشلاپ بىزگە ھوجۇم قىلدى!

— نېمە؟ مىسىر قوشۇنلىرى بىزگە ھوجۇم قىلىشقا پېتىنالىپتىمۇ؟! — پادىشانىڭ ئىنىسى كاتۇسىل ۋاقىرىغان.

— مىسىر فىرئەۋنىنىڭ نەپسى بەك يوغىناپ كېتىپتۇ! — دېگەن بىر جىياڭجۈن غەزەپ بىلەن.

— بىزنىڭ قوشۇنىمىز تەڭداشسىز قوشۇن، — دەپ ۋاقىرىغان ئىبىر شاھزادە ئورنىدىن تۇرۇپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، — بىز چوقۇم مىسىرلىقلارنى يېڭىمىز!

— كىمنىڭ دۈشمەننى چېكىندۈرەلەيدىغان ياخشى ئامالى بار؟ — دەپ سورىغان ھىتتىت پادىشاسى تەقەززالىق بىلەن.

— مېنىڭ ئامالىم بار...، — بىر جىياڭجۈن ئىشەنچلىك ھالەتتە ئۆز پىلانىنى ئېيتقان.

ھىتتىت قوشۇنلىرى ئاشۇ جىياڭجۈننىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن ئۇرۇشنىڭ پىلان لايىھەسىنى تۈزگەن.

ئالدىنقىسى سىدىپتە، مىسىر قوشۇنلىرى 4 شوتا شەكىللىنىك

بۇ جۇنتۇەنى يول ئۈستىدە ھىتت قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، تېرە - پېرەڭ بولۇپ كەتكەن. ھىتت قوشۇنلىرىنىڭ ئۇرۇش ھارۋىلىرى قايتىپ كېلىپ مىسىر فىرئونىنىڭ بارگاھىغا ھۇجۇم قىلىپ، مىسىرلىقلارنى كادېش شەھىرى يېنىدا قاتمۇ - قات قورشىۋالغان.

مىسىر فىرئونى تەۋەككۇل قىلىپ قورشاۋنى بۇسۇپ چىقىپ كېتىش قارارىغا كېلىپ، مۇھاپىزەتچىلەر قىسمىنى باشلاپ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلغان.

— ھۇررا! — فىرئون ئۇرۇش ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ، ئاتاكىغا ئوتكەن.

— ھۇررا! — مىسىر ئەسكەرلىرى فىرئونغا ئەگىشىپ ئالغا ئىلگىرىلىگەن.

مىسىر قوشۇنلىرىنىڭ تۇيۇقسىز زەربىسى ھىتت قوشۇنلىرىنى گاڭگىرىتىپ قويغان. ئۇلار مىسىر قوشۇنلىرىنىڭ زادى قانچىلىك ئادىمى باولىغىنى بايقىيالمىغاچقا، ھېچنەرسىگە قارىماي تىكىۋەتكەن. قىستا - قىستاڭدا نۇرغۇن ھىتت ئەسكەرلىرى دەرياغا غەرق بولۇپ كەتكەن.

ھىتت پادىشاسى دەرھال قايتۇرما ھۇجۇم ئۇيۇشتۇرغان. مىسىر ئەسكەرلىرىنىڭ سانى چەكلىك بولغاچقا، نائىلاج چېكىنگەن. ھىتت قوشۇنلىرى توپ - توغرا مىسىر فىرئونىنىڭ بارگاھىغا بېسىپ كىرگەن. مىسىر فىرئونى ۋە ۋەزىرلىرىنىڭ مال - مۈلكى ناھايىتى كوپ بولۇپ، ساندۇق - ساندۇق ئالتۇن، كۈمۈش، مەرۋايىتلىرى بولغاچقا، بۇنى ھىتت قوشۇنلىرى كورۇپ كوزى قىزىرىپ بۇلاشقا كىرىشكەن.

ھىتت قوشۇنلىرى قورال - ياراقلىرىنى تاشلاپ، ھەدەپ بۇلاپ - تالاۋاتقاندا، مىسىر فىرئونىنىڭ سەپ ئالدى قوشۇنى

دىراپ بىر قارارغا كەلگەچكە، ھەتتا ئۈنىڭ سەپ ئالدى قو-
شۇنىمۇ يېتىپ كېلەلمىگەن.
بۇ چاغدا ھىتت پادىشاسى قوشۇنلىرىنى باشلاپ، شەرق تە-
رەپتىكى جىلغا بىلەن مېڭىپ مىسىر فىرئونىنىڭ ئارقا تەرىپىگە
ئۆتۈپ ئۇنى قورشىۋالغان. ئەتىگەندە مىسىر قوشۇنلىرى ئەسىر
ئالغان 2 ھىتتىلىقنى پادىشا مىسىرلىقلارنى قايمۇقتۇرۇش
ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىكەن. دېگەندەكلا مىسىر فىرئونى ئالدان-
غان. ھىتت پادىشاسى 2 .. كۈنى تاڭ سەھەردە سانى
كۆپ بولمىغان مىسىر قوشۇنلىرىنى يوقىتىپ، مىسىر فىرئونى را-
مېسىسنى تۇتماقچى بولغان. ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش قىلىش
ئۈچۈن ئۇ كېچىدە مىسىر قوشۇنلىرىنىڭ بارگاھىنىڭ يەر شا-
رائىتىنى چارلاشقا يەنە 2 ئادەم ئەۋەتكەن.
بۇ چاغدا مىسىر فىرئونى بارگاھتا ئەتىسى شەھەرگە ھۇجۇم
قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان ئىكەن. تۇساتتىن، بىر نەۋكەر
كىرىپ:
— ئالىيلىرى، يەنە 2 جاسۇس تۇتۇۋالدۇق! — دەپ
دوكلات قىلغان.
بۇ 2 ھىتتىلىق ئالدىنقى 2 ھىتتىلىقتىن باشقى-
چە ئىش قىلغان، بۇلار لام - جىم دېمەي تۇرۇۋالغان! مىسىر
جياڭجۇنى ئەسكەرلىرىگە بۇلارنىڭ ھەر بىرىنى 100 دەررىدىن
ئۇرۇشنى بۇيرۇغان. بۇ 2 ھىتتىلىق دەررە ئازاۋىغا چىدى-
يالماي، ھىتت پادىشاسىنىڭ ئەتىكى قورشاپ يوقىتىش پىلانى-
نى ئۆز ئەينى بويىچە ئىقرار قىلغان.
مىسىر فىرئونى تازا ئالاقىزادە بولۇپ، دەرھال بىر ۋە-
زىرنى ئارقىغا قايتىپ، ئىككىنچى شوتا شەكىللىك جۇنتۇەننى
چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن، لېكىن ئۇ كېچىككەن. مىسىرنىڭ

بىلەن ۋاقتىنچە ئاياقلاشقان، لېكىن ھىتىت بىلەن مىسىر ئوتتۇ-رىسىدىكى ئۇرۇش توختىماي، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 16 يىل داۋام قىلغان.

مىلادىدىن ئىلگىرى 1296 - يىلى ھىتىت پادىشاسى مۇۋا-تار ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئىنىسى كاتۇسىل پادىشالىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان. ئىچكى - تاشقى قىيىنچىلىق ئېغىر بولۇپ، داۋاملىق ئۇرۇش قىلىش مۇمكىن بولمىغاچقا، مىسىر بىلەن يا-رىشىش قارارىغا كەلگەن. كاتۇسىل ئەۋەتكەن دوستلۇق ئەلچى-لەر ئۇمىگى كۈمۈشتىن ياسالغان تاختىغا ئويۇلغان سۈلھ شەرتنامىنى ئېلىپ مىسىرغا كەلگەن. مىسىرمۇ ئۇزاق ئۇرۇش قىلىش نەتىجىسىدە ھالسىراپ كەتكەچكە، فىرئون رامىسىس ھىتىت بىلەن ئۇرۇش توختىتىشقا پۈتۈنلەي قوشۇلغان.

كۈمۈش تاختىغا ئويۇلغىنى ھىتىتنىڭ مىخ يېزىقى ئىكەن. كېيىنكىلەرگە ئەسلىتىش ئۈچۈن بۇ مىسىرنىڭ تەسۋىرىي يېزى-قى بىلەن مىسىردىكى بىر ئىبادەتخانىنىڭ تېمىغا ئويۇپ قويۇلغان.

دېگىز ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن. ئۇلار قولىلىرىدىكى قىلىچ -
نەيزىلىرىنى ئوينىتىپ، ئۇدۇل كەلگەن ھىتىلىقنى قىرىپ. پاتىپ -
پاراق بولۇپ كەتكەن ھىتىت قوشۇنلىرىنى بىر دەمدىلا تېرە -
پېرەڭ قىلىۋەتكەن.
ھىتىت پادىشاسى ئۇچىنچى قېتىملىق قايتۇرما ھۇجۇمىنى
ئويۇشتۇرۇپ، قېلىپ قالغان 1000 دانە زاپاس ئۇرۇش ھارۋىسى -
نى پۈتۈنلەي ئىشقا سالغان.
— قىرايلى! — ئەسكەرلەر ئۇولە - تىرىلىشكە قارىماي
ئالغا ئىتىلغان.
— قىرايلى! — سەردارلار ئۇرۇش ھارۋىسىدا تۇرۇپ
قىلىچلىرىنى ئويناتقان.
مىسىر فىرئونى ھارۋىلىق ھىتىت قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمغا
قارشى جېنىنى تىكىپ تاقابىل تۇرغان، كادېش شەھرىنىڭ
ئەتراپى جەسەتكە تولغان. مىسىر قوشۇنىنىڭ ئادەم سانى بار -
غانسېرى ئازىيىپ كەتكەن، لېكىن ئۇلار ئاخىر كۈن ئولتۇرغى -
چە بەرداشلىق بەرگەن.
ھىتىت قوشۇنلىرى غەلىبە قىلالاي دەپ قالغان. تۇساتتىن
ئۇلار تەرەپ - تەرەپكە قاچقان. ئۇرۇش ھارۋىسى قىسىملىرىمۇ
پاتىپاراق بولۇپ، بەزىلىرى شەرققە، بەزىلىرى غەربكە قاراپ
قاچقان. پىيادە ئەسكەرلەر قىسىملىرى تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ
كەتكەن. زادى نىمە ئۈچۈن مۇنداق بولىدۇ؟ ئەسلىدە، مىسىر -
نىڭ شوتا شەكىللىك 3 - جۇنتۇەنى يېتىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ
ئارقا تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلغان. ھىتىت قوشۇنلىرى مىسىر قوشۇن -
لىرىنىڭ ئالدى - كەينىدىن قورشاپ قىلغان ھۇجۇمغا بەرداش -
لىق بېرەلمەي چېكىنگەن.
كادېش ئۇرۇشى ھەر ئىككى تەرەپ ئېغىر زىيان تارتىش

شەندۇرۇپ بېرىدۇ. دەرۋەقە، پۈتۈن يانتۇلۇقنى سۈپۈرۈپ تازىلىغاندىن كېيىن، فىرئون تۇتانكامونىنىڭ تامغىسى تېپىلغان.

تۇتانكامون مىلادىدىن ئىلگىرى 14 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مىسىرنىڭ 18 - خانلىقىنىڭ فىرئونى بولغان. ئۇ 9 يېشىدا تەختكە چىقىپ، 20 يېشىدا ۋاپات بولغان، ئۇ ھاياتى چېغىدا ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن پادىشاھنىڭ دىنىي ئىسلاھاتىنى توختىتىپ، پايتەختنى تېبېسقا كوچۈرگەن. بۇ تارىخنى ئارخېئولوگلار تارىخىي كىتابلار ۋە ئىبادەتخانا تاملىرىدىكى ئويمىلاردىن بىلگەن، لېكىن ئۇنىڭ قەۋرىسىنىڭ زادى نەدىلىكىنى بىلىدىغانلار چىقمىغان، ئەمدىلىكتە بۇ 3 ئارخېئولوگ قەۋرىنى تاسادىپىي ئۇچرىتىپ قالغان.

قەۋرىنىڭ كىرىش ئېغىزىنى ئاچقاندىن كېيىن، قۇرۇلۇشتىن قېلىپ قالغان ئەسكى - تۈسكىلەر بىلەن ئېتىۋېتىلگەن بىر لەخمە تېپىلغان. ئارقىدىنلا ئىككىنچى كىرىش ئېغىزىمۇ تېپىلغان. ئاشۇ فىرئوننىڭ تامغىسى بېسىلغان.

ئارخېئولوگلارنىڭ بىرسى پۇختا ئېتىۋېتىلگەن كىرىش ئېغىزىدىن بىر توشۇك ئېچىپ، شام يورۇتۇپ ئۇنى توشۇكتىن تىققان ۋە بىر كوزى بىلەن ئىچكىرىگە قارىغان، ئۇنىڭ كوزىگە ئالتۇن ھارۋا، ئالتۇن يالىتىلغان غايەت زور شىر ۋە غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن ئورۇن - تۆشەك، پادىشاھنىڭ ئادەم بويى كېلىدىغان ھەيكىلى، شۇنىڭدەك سان - ساناقسىز چوڭ - كىچىك ساندۇق - قۇتىلار غۇۋا كورۈنگەن.

كىرىش ئېغىزى ئاخىر ئېچىلغان. 3 ئارخېئولوگ چىراق كوتىرىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرگەن. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان نەرسىلەردىن باشقا، ئۇلار يەنە گەجدىن ياسالغان نىلۇپەر شەكىللىك تۇكۇرۇكدان، ئالتۇن يالىتىلغان يولەنچۈك ئورۇندۇق

# جىلغىدىكى سىر

1922 - يىلى كۈزدە، 3 ئارخېولوگ مىسىردىكى بىر جىلغىدىن فىرئونىنىڭ مەخپىي قەۋرىسىنى ئىزلىگەن.

— پەلەمپەي! — دەپ ۋاقىرىۋەتكەن بىر ئارخېولوگ تۇيۇقسىزلا.

ئۇنىڭ 2 ھەمراھىسى بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەن. ئۇلار تۇرغان جايدا ھەقىقەتەن قىياغا تۇتىشىدىغان بىر پەلەمپەي بار ئىكەن. ئۇلار جىلغىنى بويلاپ، چاتقاللارنى قايرىپ يول ئېچىپ ئاۋايلاپ ئالغا ماڭغان. دىگەندەكلا ئۇلار يانتۇلۇقتا ھەممىسىگە بىردىن چىلبورە ۋە باغلانغان 9 ئەسىرنىڭ رەسىمى ئويۇلغان قەدىمىي تامغىلارنىڭ ئىزىنى تاپقان.

— تېبېس قەۋرىستانلىقىنىڭ تامغىسى! — 3 ئارخېولوگ تەڭلا ۋاقىرىۋەتكەن.

تېبېس مىلادىدىن ئىلگىرى 21 - ئەسىردىن مىلادىدىن ئىلگىرى 11 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا، ئوتتۇرا خانلىق ۋە يېڭى خانلىق دەۋرىدە مىسىرنىڭ پايتەختى بولغان. بۇ شەھەر مىلادىدىن ئىلگىرى 88 - يىللىرىلا ۋەيران قىلىپ تاشلانغان. شۇ چاغلاردىكى ئادەت بويىچە فىرئونىنىڭ يەرلىكى كۆمۈلگەندىن كېيىن، يەرلىكنىڭ ئاغزىغا تامغا بېسىپ پېچەتلىۋېتىلگەن. ئەمدىلىكتە تامغىنىڭ ئىزى ئۇچۇق كۆرۈنگەن ئىكەن، دېمەك بۇ، بۇ يەردە قەدىمقى بىر مەخپىي قەۋرىنىڭ بارلىقىنى چۈ-

ھەر خىل كىيىم - كېچەك، ئۇتۇك، ھوقۇق سىمۋولى بولغان ئالتۇن "زاكون تايىقى" قاتارلىقلارنى تاپقان؛ ئورۇن - تۆشەكنىڭ ئاستىدىكى يىمەك - ئىچمەك قاچىلانغان ساندۇقتىن يەنە تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن پىشۇرۇلغان غاز، ئۆدەك، يامپاش سان، نان قاتارلىق نەرسىلەرنى تاپقان.

ھىلىقى ھۆجرا بوشىتىلغاندىن كېيىن، ئارخېئولوگلار قوپۇرۇۋېتىلگەن ئېغىزنى ئېچىشقا باشلىغان. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئىچىدە كۆك سىر بېرىلگەن ئىنتايىن چوڭ بىر ياغاچ ساندۇق بار ئىكەن. ئالتۇن بىلەن قاپلانغان بۇ ساندۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 مېتىر، كەڭلىكى 3·3 مېتىر، ئېگىزلىكى 2·75 مېتىر بولۇپ، ساندۇقنىڭ ئاغزى تورۇسقا تېگەي دەپ قالغان ئىكەن.

ئارخېئولوگلار بۇ ساندۇقنىڭ يان تەرىپىدىكى بىر ئىشىكنى تاپقان. ئۇلار دەمنى ئاۋايلاپ چىقىرىپ ئىشىكنى ئاچقاندا، ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە بىر ساندۇق بارلىقىنى كۆرگەن؛ بۇ ساندۇقنى ئاچسا يەنە بىر ساندۇق چىققان. مۇشۇنداق بىرىدىن بىرى كىچىك ساندۇقتىن تۆتى بار ئىكەن!

ئەڭ ئاخىرقى ساندۇقنى ئاچقاندا كىرىستالدىن ياسالغان تاش كېپەن ساندۇقى چىققان. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2·7 مېتىر، ئېگىزلىكى 1·5! مېتىر، كەڭلىكى 1·5 مېتىر ئىكەن. تاش كېپەن ساندۇقىنىڭ بۇرجىكىگە بىر ئىلاھنىڭ ھەيكىلى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ كېرىلگەن قوللىرى ۋە قاناتلىرى خۇددى بۇ ساندۇقنى بىخەتەر ساقلاۋاتقاندەك ساندۇقنى ئورىۋالغان. ئېغىرلىقى بىر توننىدىن كۆپ كېلىدىغان ساندۇق ئاغزىنى ئاچسا، ئۇنىڭ ئىچىدىن كېپەنلەنگەن بىر نەرسە چىققان، كېپەنلىكنى بىر - بىرلەپ ئېچىۋەتكەندىن كېيىن يالتىراپ تۇرغان كېپەن ساندۇقى چىققان. ئۇنىڭ شەكلى تۆت چاسا بولماستىن، بەلكى ئادەم

لارنى كورگەن، لېكىن موميا سېلىنغان كېيەن ساندۇغنى ئۇچراتمىغان. بىراق بىر تام ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتقان، چۈنكى بۇ تامنىڭ ئوتتۇرىسىنىڭ رەڭگى ئىككى يېنىدىكىسىدىن باشقىچىرەك بولۇپ، گويا بېكىتىۋېتىلگەن ئېغىزدەك كۆرۈنگەن. لېكىن ئۇنى دەرھال ئاچقىلى بولمىغان، ئالدى بىلەن نەرسە-كېرەك بىلەن تولغان بۇ ھوجرىنى بوشىتىشقا توغرا كەلگەن.

بۇ نەرسىلەرگە 3000 يىلدىن ئارتۇق بولغان بولۇپ بۇ نەرسىلەرنىڭ بىر مۇنچىلىرى چىرىپ كەتكەن. رەتلەنگەن ئارقىلىق ئۇلار فىرئونىنىڭ پىل چىشى بىلەن نەقىشلەنگەن بىر قىسىم ساندۇقلارغا سېلىنغان نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلىرىنى. يەنى ياقۇت كوزلۇك ئالتۇن ئۈزۈك، زۇننار ۋە بىلەيزۈك،



تۇتانكامون قەۋرىسىدىكى ئالتۇن ۋە پىل چىشى بىلەن نەقىشلەنگەن كىيىم-كېچەك ساندۇغى.



فىرئون تۇتانكامۇننىڭ ئالتۇن ھەيكىلى

چۈمبەل تارتىلغان بولۇپ، بۇ ياش فىرئونىنىڭ چېھرى نامايەن بولۇپ تۇرغان.

كېپەن ساندۇغى قويۇلغان يەرلىكنىڭ ئىچىدە يەنە بىر كىچىك ھوجرا بولغان. بۇنىڭغا دەپنە مۇراسىمىدا ئىشلىتىلگەن نەرسىلەر، يەنى غايەت زور قارا چىلبۆرە ھەيكىلى، ئادەم قونچاق ھەيكىلى ۋە ئىلاھنىڭ رەسىمى قويۇلغان؛ ئۇنىڭدىن باشقا چىرايلىق بېزەكلەنگەن بىر ساندۇق قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە 4 دانە قاچا بار ئىكەن. بۇ قاچىلارغا موميا ياساش ۋاقتىدا فىرئونىنىڭ ئېلىۋەتكەن ئىچكى ئەزالىرى قاچىلانغان.

تۇتانكامون قەۋرىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تۇردە قېزىلىشى كىشلەرنى مىلادىدىن ئىلگىرى 14 - ئەسىردىكى مىسىرنىڭ يېڭى خانلىق دەۋرىدە فىرئونلارنى قانداق دەپنە قىلىشىنىڭ ھەقىقى ئەھۋالىنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. بۇ مەخپى قەۋرىدىن قېزىلغان نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك بۇيۇملار تاكى ھازىرغىچە قاھىرە مۇزېيىدا ساق، مۇكەممەل پېتى ساقلانماقتا.

تېپى شەكلىدە ئىكەن، ئۇنىڭ ئاغزىغا فىرئون تۇتانكامونىنىڭ 20 ياشلاردىكى يۈزى ئۇستىلىق بىلەن ئويۇلغان.

ئىنچىكىلەپ قارىغۇدەك بولسا، كېپەن ساندۇقى ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ، ئالتۇن بىلەن قاپلانغان، ساندۇقنىڭ ئاغزىدىكى ئادەمنىڭ يۈزى بىلەن قولى ئالتۇندىن قۇيۇلغان ئىكەن. قاش قاپاقلىرى قېنىق كۆك ئەينەكتىن، كۆز ئېقى گەجدىن، كۆز قارىچۇقى ماگما ئەينەكتىن ياسالغان بولۇپ، قولىغا كۆك ئەينەك بىلەن نەقىشلەنگەن ۋە ئالتۇندىن ياسالغان زاكۇن تايىقى ھەم قامچا تۇتقۇزۇلغان.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئالتۇن بىلەن قاپلانغان ۋە ئالتۇن يالىتىلغان كېپەن ساندۇقىنى ئاچقان. كىشىلەر ئۇنىڭ ئىچىدىمۇ بىرىنچى كېپەن ساندۇقىغا ئوخشاش كېپەن ساندۇقىنىڭ بارلىقىنى كۆرگەن. ئۇنىڭغا يوگەلگەن كېپەنلىكنى ئېچىۋەتكەندىن كېيىن، شۇ سورۇندىكى كىشىلەر ھاڭ - تاڭ قالغان: ئەسلىدە ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇزۇنلۇقى 1·85 مېتىر كېلىدىغان، ئالتۇندىن ياسالغان ئۈچىنچى كېپەن ساندۇقى بولۇپ، ئۇنىڭ شەكلى ئالدىنقى ئىككى كېپەن ساندۇقى بىلەن تامامەن ئوخشاش ئىكەن.

شۇ چاغدىلا كىشىلەر فىرئون تۇتانكامونىنىڭ مومىياسىنى كۆرگەن. ئۇ نېپىز ماتاغا يوگەلگەن بولۇپ، ئۈستىنىۋېشى زۇننار، تۇمار، ئۈزۈك، ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان بىلەيزۈك ۋە ھەرخىل مەرۋايىت بىلەن بېزەكلەنگەن ئىكەن. يەنە ئىككى دانە خەنجەر بولۇپ، بىرى ئالتۇندىن، بىرىنىڭ سېپى ئالتۇندىن، بىسى تۆمۈردىن ياسالغان ئىكەن. كېيىنكى خەنجەر ئاز ئۇچرايدىغان خەنجەر ئىكەن، چۈنكى مىسىرلىقلار ئۇ چاغلاردا ئەمدىلا تۆمۈر ئىشلىتىشنى ئۆگەنگەن. مومىيانىڭ يۈزىگە ئالتۇن

بۇ ئامالىنى فىنىكلار دەپ ئاتىغان ئىكەن.

فىنىكلار بۇنداق جىگەررەڭ بوياقنى قانداق تاپقان؟

ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا ياشايدىغان بىر پادىچى بىر تايغان باققان ئىكەن. بىر كۈنى، تايغان دېڭىز بويىدىن بىر قۇلۇلە قېپىنى چىشلەپ ئېلىپ كېلىپتۇ. ئۇ قاتتىق چىشلىگەچكە، ئۇنىڭ ئاغزى - بۇرنى قىپقىزىل بويىلىپ كېتىپتۇ. پادىچى تايغاننىڭ كاللىغا قاناپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ پاكىز سۇ بىلەن ئۇنىڭ ئاغزى - بۇرنىنى يۇيۇپتۇ. بىراق يۇغاندىن كېيىنمۇ تايغاننىڭ ئاغزى - بۇرنى قىپقىزىل پېتى تۇرۇۋېرىپتۇ. پادىچى، قۇلۇلە قېپىنىڭ ئىچىدە قىزىل بوياق بارمۇ نېمە؟ دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇلۇلە قېپىنى قولىغا ئېلىپ سىنچىلاپ قارىغۇدەك بولسا، دىگەندەكلا ئىككى يېرىدە قىزىل رەڭ بار ئىكەن. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، شۇ يەردىكى كىشىلەر ئارقا - ئارقىدىن دېڭىزغا چۈشۈپ، ئاشۇنداق قۇلۇلە قاپلىرىنى سۈزۈپ، قىزىل بوياق ياساپتۇ. كېيىنكى چاغلاردا، ئاشۇنداق رەڭ بىلەن بويالغان جىگەررەڭ رەخت ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىكى دۆلەتلەردە كەڭ سېتىلىپ، فىنىكلارغا كۆپلەپ كىرىم قىلىپ بېرىپتۇ. فىنىكلارمۇ بارا - بارا دېخانچىلىقنى تاشلاپ سودىگەرچىلىك قىلىدىغان بولۇپتۇ.

¹ دېڭىزنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى يۇرتلاردىن ئۇلارنىڭ قەدىمى يەتمىگەن جاي قالماپتۇ.

مىلادىدىن ئىلگىرى 7 - ئەسىردە، مىسىر فىرئونى نېكو فىنىكلار ئىچىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر دېڭىزچىلارنى ئوردىسىغا چاقىرتىپتۇ.

## ئافرىقىنى تۇنجى قېتىم كېمە بىلەن ئايلىنىپ چىقىش

مىلادىدىن 2000 نەچچە يۈز يىل بۇرۇن، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى رايونلاردا دېڭىز قاتنىشىغا ماھىرلىقى بىلەن ئالەمگە تونۇلغان فىنىكلار ياشىغان.

شۇ چاغلاردا، ياۋروپالىقلار ئارىسىدا، ئاتلانتىك ئوكيان جاھاننىڭ ئۇچى، ھېچكىم جەبىلتارىق بوغۇزىدىن ئۆتەلمەيدۇ، دېيىلىغان گەپ - سۆزلەر تارقالغان. لېكىن فىنىك دېڭىزچىلىرى ئوتتۇرا دېڭىزدىن غەلىبە بىلەن ئۆتۈپ، ئاتلانتىك ئوكيانىنى بويلاپ شىمالدا ئەنگلىيىگە، جەنۇپتا غەربىي ئافرىقىغا بارغان. جەبىلتارىق بوغۇزىدىكى ئىككى ئۇچلۇق بەلگە شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن فىنىكلارنىڭ خۇداسىنىڭ نامى بىلەن "مىلكالىتا" دەپ ئاتالغان.

فىنىكلار توغرىسىدا مۇنداق قىزىق بىر ھېكايىمۇ بار:

"فىنىك" دېگەن جىگەر رەڭ دېگەن گەپ. شۇ چاغلاردا، مىسىر، بابىل، ھىندىستان شۇنىڭدەك يۇنان ئاقسۆڭەكلىرى ۋە راھىبلىرى جىگەر رەڭ تون كىيىشكە ئامراق ئىكەن. بىراق، بۇ رەڭ ناھايىتى ئوڭايلا ئۆڭۈپ كېتىدىكەن، پەقەت فىنىكتىن چىققان رەختىلا ئۆڭمەيدىكەن، كىيىم كونىراپ يىرتىلىپ جۇل - جۇل بولۇپ كەتسىمۇ، رەڭگى ئۆڭمەي تۇرۇۋېرىدىكەن، شۇڭا كىشىلەر ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى رايونلاردا ياشىغان

شۇنداق قىلالىساڭلار، مەن سىلەرنى چوقۇم كاتتا مۇكاپاتلايمەن!
بۇ، ئۇ چاغلاردا تېخى دېڭىز يولى ئېچىلمىغان ۋاقىت بولۇپ، خېيىم - خەتىرى ناھايىتى كوپ ئىدى. بۇ ۋەزىپىنى باتۇرلۇق بىلەن قوبۇل قىلىش كېرەكمۇ ياكى قورقۇنچاقلىق قىلىپ رەت قىلىش كېرەكمۇ؟ فىنىك دېڭىزچىلىرى بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن فىرئونغا كەسكىن تۇردە:
— ئالىيلىرى، بىز سىناپ كورۇشنى خالايمىز! — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.
— ئەگەر سىلەر قورقۇنچاقلىق قىلىپ، — دەپتۇ فىرئون بىردىنلا جىددى تۇسكە كىرىپ، — يېرىم يولدىن قايتىپ كېلىدىغان بولساڭلار، قاتتىق جازالايمەن!
— ئالىيلىرى، خاتىرجەم بولسىلا! — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ باشقىلاردىن بوش كەلمەيدىغان فىنىك دېڭىزچىلىرى قەتئىيلىك بىلەن. شۇنداق قىلىپ 3 دانە فىنىك كېمىسى تېزلا تەييارلانغان. بۇ كېمىلەر پالاق بىلەن ھەيدىلىدىغان بېشى ئۇچلۇق، قۇيرۇغى ئىگىز ئىككى قەۋەتلىك كېمىلەر ئىكەن. ئۇستى قەۋەتتىكى دېڭىزچىلار سەپەر يولىغا مەسئۇل بولغان، ئاستى قەۋەتتىكى دېڭىزچىلار كېمە ھەيدەشكىلا مەسئۇل بولغان، كېمە قوڭۇشۇن سۇرۇق ۋە قىزىل تومۇر ھەدىنى بىلەن قىزىل قىلىپ بويالغان بولۇپ، ياالتىراپ تۇرىدىكەن. سەپەردە كېرەكلىك ئاشلىق ۋە دېڭىز بويلىرىدا ئالماشتۇرىدىغان تاۋارلارنى قاچىلىغاندىن كېيىن، كېمىلەر مىسىر پورتىدىن يولغا چىققان.
كېمىلەر 40 كۇن يۇرۇپ، بىر كەنتكە بارغان. بۇ جايدىكى خەلقنىڭ ئەتلىرى قاپ - قارا، تېنىنىڭ يېرىمى يالىڭاچ ئىكەن. ئۇلار دېڭىزچىلارنى ئوبدان مېھمان قىلغان. سودىگەرچىلىك قىلىشقا ئۇستا فىنىكلار تۇرلۇك تاۋارلىرىنى يەنى جىگەررەڭ رەخت، ئالتۇن، كۇمۇشتىن ياسالغان جام، كەھرىۋا



قەدىمكى كېمە ئەترىتى

— سىلەرنى دېڭىز قاتنىشىغا بەك ئۇستا دەيدۇ، راستمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ فىرئون.

— ئالىيلىرى، پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشكە ھازىرمىز، — دەپتۇ فىنىكىلار بىر - بىرىگە قارىشىۋېلىپ، ئىشەنچ بىلەن، — ئۇزلىرى بىزنى نەگە بار دىسىلە، بىز شۇ يەرگە بارىمىز.

— نىمە دىگەن چوڭ گەپ بۇ، — دەپتۇ فىرئون، كۈلۈپ قويۇپ، — سىلەر كېمە بىلەن ئافرىقىنى ئايلىنىپ چىقالامسىلەر؟

دېڭىزچىلار يەنە بىر - بىرىگە قارىشىپتۇ، ئۇلار بۇ دورەم دەرھال جاۋاپ قايتۇرماپتۇ، چۈنكى ئۇلار ئۇ چاغدا ئوتتۇرا دېڭىز ۋە قىزىل دېڭىز بويىدىكى ئافرىقا چېگرىسىغىچىلا بارغان بولۇپ، پۈتۈن ئافرىقا قىتئەسى توغرىسىدا ھېچنەرسە بىلمەيدىكەن.

— سىلەر قىزىل دېڭىزدىن چىقىپ، ئافرىقىنى ئايلىنىپ مېڭىڭلار، — دەپتۇ فىرئون ئارقىدىنلا، — بىر قېتىممۇ كەينىڭلەرگە قايتماڭلار، يەنە كېلىپ دېڭىز ياقىسى ھامان ئوڭ تەرىپىڭلەردە بولسۇن، ئاخىر جەبىلتارىق بوغۇزىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئوتتۇرا دېڭىزغا كىرىپ، مىسىرغا قايتىپ كېلىڭلار. ئەگەر

يىلپىز تېرىسى بار ئىكەن.
— ھە ... راست، — دېگەن قېرىراق بىر دېڭىزچى بېشىغا ئۆرۈپ تۇرۇپ، — بۇ يەردىكى كىشىلەر بىز بىلەن تاۋار ئالماشتۇرماقچى ئىكەن. بىراق بىزنىڭ ئۇلارنىڭ كەنتىگە كىرىشىمىزدىن قورقىدىكەن، شۇڭا ماللىرىنى دېڭىز ساھىلىغا يېيىپ قويۇپتۇ.
— ئاممەت دېگەن مانا شۇ! — ياش دېڭىزچىلار 120 تال پەل چىشىنىڭ ھەممىسىنى كېمىگە توشۇغان. ئاندىن كېيىن سايىغا پارقىراپ تۇرىدىغان ئۈنچە - مارجان تىزىقلىرىنى، رەڭلىك ئېماللىق سىر قاچا ۋە تۇچتىن ياسالغان پالتىلارنى قويۇپ قويغان.
— بۇ قېتىم تازا باي بولدۇق! — دېيىشكەن ئۇلار قىرغاقتىن كېتىۋېتىپ كۈلۈشۈپ.
12 ئاي يۈرگەندىن كېيىن توساتتىن بىر غەلىتە ئىش يۈز بەرگەن.
— نېمە ئۈچۈن كۈن شىمال تەرەپتىن چىقىپ قالدى؟ — دېگەن بىر دېڭىزچى ھەيران بولۇپ. ئەسلىدە، ئۇ چاغلاردا شىمالىي يېرىم شاردىكى كىشىلەر ھېچقاچان ئېكۋاتوردىن ئۆتۈپ باقمىغاچقا، چۈش ئوپچۆرىسىدىكى كۈن نۇرىنىڭ جەنۇپ تەرەپتىن چۈشىدىغانلىقىنىلا بىلىدىكەن. ھازىر ئۇلار جەنۇبىي يېرىم شارغا كېلىپ قالغاچقا، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشقان.
يەنە بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن كېمىلەر دېڭىز ساھىلىغا يېقىن جايدا توختىغان. دېڭىزچىلار مەسلىھەتلىشىشكە باشلىغان.
— كېمىدىكى ئاشلىقمۇ تۈگىدى، قانداق قىلىمىز؟ —

قوندۇرۇلغان زۇننار، ئۈتكۈز تومۇر خەنجەرلەرنى ... يەرگە يايغان، يەرلىك خەلق بۇنداق چىرايلىق نەرسىلەرنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، نۇرغۇن ھايۋاناتلىرىنى ئېلىپ چىقىپ تېگىشكەن بۇ يەردە كۆندۈرۈلگەن مايمۇن، چاپارمەن تايىغان، ئۇزۇن مۈگۈز گۆزلۈك ئۆي ...... بولسىمۇ، فىنىكلار بۇلارنىڭ بىرسىنىمۇ ياراتمىغان. پەقەت خۇشپۇرىقى دىماقىقا ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان دېۋىرقايىنىلا ياراتقان. چۈنكى مىسىر راھىپلىرىنىڭ نۇرغۇن ئالتۇن، كۈمۈش چىقىرىپ بۇ قىممەتلىك دورىنى ئالىدىغانلىقىنى ئۇلار بىلىدىكەن.

يەنە نۇرغۇن كۈنلەر ماڭغاندىن كېيىن، كۈن بارغانسېرى ئىسسىپ كەتكەن. دېڭىزچىلارنىڭ تازا دەم ئالغۇسى كەلسىمۇ، كېمىلەر بىخەتەر يېقىنلاشقۇدەك جاي تاپالمىغان. ئەسلىدە بۇ يەردىكى خەلقلەر ئەتلىرى قاپقارا، كالپۇكى قېلىن، بۇرنى يۇقۇرىغا قاراپ تۇرىدىغان ۋە بۇرۇن تۇشۇكى يوغان بىر خىل خەلىق بولۇپ، ئۇلار بۇنداق ئادەملەرنى كۆرۈپ باقمىغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىلەكلىرى يالىڭاچ بولۇپ، بېلىگە يىلپىز قۇيرۇغى ۋە بىر تىزىق قۇلۇلە قېپى قىستۇرۇۋالىدىكەن. ئۇلار فىنىكلارنىڭ كېمىلىرىنى كۆرۈپلا، ئۇلارغا تاش ئېتىپ ۋە قىرغاقتا تۇرۇپ ئوقيالىرىنى تەڭلەپ قورقىتىپ، فىنىكلارنى قىرغاققا چىقارغۇزمىغان. ئۇلار ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان بۇ دېڭىزچىلاردىن تولىمۇ ئېھتىيات قىلغان.

كېمىلەر ئەترىدى نائىلاج داۋاملىق يۈرۈپ، ئادەم يوق بىر سايغا كەلگەندىن كېيىن، فىنىكلار ئاندىن قىرغاققا چىقىپ دەم ئالغان.

— بۇ نىمە؟ — دەپ سورىغان بىر دوۋە پىل چىشىنى كۆرۈپ بىر دېڭىزچى. پىل چىشى يېنىدا يەنە بىرنەچچە

ئۇچىنى ئۇتۇپ كەلگەن، بۇ ئورانگۇتانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاغزى يوغان، بەللىرى توم، پۈتۈن بەدىنى تۈك بولۇپ، دەرەخكە يامىشىپ چىقالمايدۇ. بۇلارنى ئېلىپ كېتىش مۇمكىن بولمىغاچقا، ئولتۇرۇپ، تېرىسىنى سويۇپ ئېلىپ كەتكەن.

ئۇلار يەنە نەچچە ئاي يۈرۈپ، بىر چوڭ دەريا ئېغىزىغا كەلگەن. دەريادا غىچلا تىمساق ۋە سۇ ئېتى ياشايدىكەن. لېكىن دەريا بويلىرىدا نۇرغۇن كەنت بار ئىكەن. قىرغاقتا چىقىپ سوردىسا ھەممىسى يۇرتداشلار — فىنىكلار ئىكەن. بۇلار ئوتتۇرا دېڭىزدىن ئاتلانتىك ئوكيان بويلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن ئىكەن. "خۇداغا شۈكرى، يۇرتىمىزغا كېلىپتۇق!"

ئۇلار يەنە يۈرۈپ جەبىلتارىق بوغىزىدىن ئۆتۈپ، تېزلا ئوتتۇرا دېڭىزغا كىرىپ، 3 يىللىق مۇساپىنى تۈگىتىپ، مىسىرغا قايتىپ كەلگەن.

فىنىك دېڭىزچىلىرىنىڭ ئافرىقىنى تۇنجى قېتىم كېمە بىلەن ئايلىنىپ چىققىنىغا ھازىر 2600 نەچچە يىل بولدى. بۇ ئىنسانلارنىڭ دېڭىز قاتنىشى تارىخىدىكى بىر ئۇلۇغ ئىجادىيەت ھېسابلىنىدۇ.

دېگەن بىر دېڭىزچى ئەنسىرەپ.
— ئەھۋالدىن قارىغاندا، بىز بۇيەردە ئېرىقچىلىق قىلىدىغان ئوخشايمىز، — دېيىشكەن ھەممەيلەن ئۇھ تارتىشىپ.
ئۇلار نائىلاج قىرغاقتا چىقىپ ئوۋچىلىق قىلىپ، يېمەك-لىك تاپىقان؛ شۇنىڭدەك يەرگە ئارپا ۋە بۇغداي تېرىغان. تومۇز ئىسسىقتا ئارپا، بۇغدايلار 3 ئايغا قالماي پىشقان. ئۇلار ئاشلىقنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، يەنە سەپىرىنى داۋاملاشتۇرغان.
— ئەجەپ ئوبدان بولدى! — دېيىشكەن دېڭىزچىلار ئافرىقا قىتئەسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە كەلگەندىن كېيىن، خوشال-لىقىدىن سەكرەپ، — قۇرۇقلۇق غەرپكە بۇرالدى! يۇرتىمىزغا قايتىدىغان بولدۇق!
كېمىلەر شىمالغا قاراپ يۈرۈشكە باشلىغان. ئىككىنچى يىللىق سەپەر ئاياقلاشقاندا، چۈش ئوپچۇرىسىدىكى كۈن نۇرى يەنە جەنۇپ تەرەپتىن چۈشىدىغان بولغان — ئۇلار شىمالىي يېرىم شارغا قايتىپ كەلگەن.
دېڭىزچىلار كىچىك بىر ئارالغا چىقىپ يەنە بىر غەلىتە ئىشنى ئۇچراتقان.
— بۇ نىمە؟ — دېڭىزچىلار ئالدى تەرەپكە قاراپ پۈتۈن بەدىنىنى تۈك باسقان "ئادەم"لەرنى كورگەن. بۇ "تۈك-لۈك ئادەملەر" ئىگىز قىيالارغا ئۇچقاندەك يامىشىپ چىقىپ كەتكەن. ئەمەلىيەتتە بۇلار ئورانگۇتان بولۇپ، ئۇ چاغلاردا كىشىلەر بۇنداق ھايۋاننى تېخى بىلمىگەچكە، ئۇنى "تۈكلۈك ئادەم" دەپ ئاتاشقان.
— بىرنەچچىنى تۇتۇپ كېلەيلى! — ئوۋچىلىقتا ماھىر بىر نەچچە فىنىكىلار ئۇزۇن نەيزە ئېلىپ ئېتىلىپ بارغان. بىراق "تۈكلۈك ئادەملەر" قېچىپ كەتكەن. ئۇلار تەسلىكتە

بەزىلەر ئىنناينىڭ ئاددى بولغان بىر خىل ئۆزگىرىشىنى ئىجات قىلـ
غان: نىل دەرياسىدا ھەر يىلى كەلگەن كەلكۈن ۋاقتىنى خاـ
دا ياغاچقا ئويغان، ئاندىن كېيىن ئۇلارنى سېلىشتۇرۇپ، ئىكـ
كى قېتىملىق كەلكۈن ئارىلىقىدىكى ۋاقىت 365 كۈن ئەتراپـ
دا بولىدىغانلىقىنى بايقىغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەر قېتىم
نىل دەرياسىنىڭ كەلكۈنىنىڭ بېشى مىسىر ھازىرقى پايتەختى
قاھىرە ئەتراپىغا كەلگەندە ئاسمان بورىسى بىلەن قۇياش بىر
ۋاقىتتا ئۇپۇقتىن كۆتىرىلگەنلىكىنى بايقىغان. شۇڭا ئۇلار بىر
يىلنى 365 كۈن قىلىپ بەلگىلىگەن، ئاسمان بورىسى بىلەن
قۇياش بىر ۋاقىتتا ئۇپۇقتىن كۆتىرىلگەن كۈننى بولسا بىر يىلـ
نىڭ باشلىنىشى قىلىپ بەلگىلىگەن. بىر يىلنى 12 ئاي، بىر
ئاينى 30 كۈن، قالغان 5 كۈننى يىل ئاخىرىدىكى بايرام
قىلىپ بەلگىلىگەن. مانا بۇ قەدىمقى مىسىرنىڭ شەمسىيە يىلى
(كۈن كالىندارى). شەمسىيدە بىر يىل 365 كۈن قىلىپ بەلگىـ
لەنگەن، بۇ يەر شارىنىڭ كۈننى چۆرىدەپ بىر ئايلىنىپ چىقىـ
دىغان "قۇياش يىلى" ۋاقتى، يەنى 365 كۈن 5 سائەت 48
مىنۇت 46 سېكۇنتقا قارىغاندا 1/4 كۈن كەم. بۇنىڭدىن
6000 نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى، بۇ ناھايىتى توغرا سان ھېـ
سابلىناتتى. لېكىن بىر يىلدا 1/4 كۈن پەرق قىلغاندا ئانچە
سېزىلمىگەن بىلەن ھەر 4 يىلدا بىر كۈن كەم چىققان. 730
يىل ئۆتكەندىن كېيىن يىلنامىدىكى ۋاقىت ئەمەلىي ۋاقىتتىن
يېرىم يىل پەرق قىلىپ، ئىسسىق سوغاق بولىدىغان ۋاقىتنىڭ
ئورنى ئالمىشىپ قالغان. ۋاقىت جەھەتتىكى بۇنداق پەرق يېزا
ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ئاۋارىچىلىك كەلتۈرگەن، ئەلۋەتـ
تە. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، يىلنامە يەنىلا ياۋروپاغا تارقالغان.
مىلادىيىدىن ئىلگىرى 46 - يىلغا كەلگەندە، رىم قوماندانى

## شەمسىيەدىن مىلادىيەغىچە

بىر يىل 365 كۈن، بىر يىل 12 ئاي، يىل مۇشۇنداق توختىماي دەۋر قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ ۋاقىت ھىساپلاشقا دائىر ئاددى ساۋات، بۇنىڭدىن ھېچكىم گۇمانلانمايدۇ، لېكىن ئىنسانلار ۋاقىت ھىساپلاشتا، نىمە ئۈچۈن يىل، ئاي، كۈننى بىرلىك قىلىدۇ؟ بۇلارنى قانداق ھىساپلاپ چىققان؟ ۋاقىتنى مۇشۇنداق ھىساپلاش قاچاندىن باشلانغان؟ بۇ سوئاللارغا جاۋاپ بېرەلەمسىز؟

بۇ سوئاللارغا جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن، سوزنى بۇنىڭدىن 6000 نەچچە يۈز يىل بۇرۇنقى قەدىمقى مىسىردىن باشلايمىز.

ئۇ چاغلاردا مىسىرلىقلار نىل دەرياسىنىڭ ئىككى ياقىسىدا ئولتۇراقلىشىپ، يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. نىل دەرياسىدا ھەر يىلى 7 ـ ئايدا قىدرەللىك تۇردەگەلكۈن كېلىپ، 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا دەريا سۈيى ئۆز يولىغا چۈشكەن، ئېتىزلاردا بىر قەۋەت مۇنبەت لاتقا قالغان. مىسىرلىقلار 11 ـ ئايدا ئۇرۇق چېچىپ، ئىككىنچى يىلى 3 ـ 4 ـ ئايلاردا يىغىۋالغان.

مىسىرلىقلار دىخانچىلىق مەزگىلىنى ئوتكۇزۇۋەتمەسلىك، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى چىڭ تۇتۇش ئۈچۈن، نىل دەرياسىنىڭ سۈيىنىڭ ئۇلغىيىش ۋە ئازىيىش مەزگىلىنى ئىگەللەشنىڭ لازىملىقىنى بارا ـ بارا بىلىپ يەتكەن، شۇڭا ۋاقىتنى توغرا ھىساپلاش ئۈچۈنمۇ بىر خىل يىلنامە زورۇر بولغان.

رۇنقى يىللار "مىلادىدىن ئىلگىرى" دەپ ئاتالغان، بۇنىڭ ئىنگلىزچە مەنىسى "خرىستوسنىڭ ئىلگىرى" دىگەن بولۇپ، ئىنگلىزچە B.C ھەرپى بىلەن ئىپادە قىلىنغان.

رىمنىڭ جۇلىۇس يىلنامىسى مىسىرنىڭ شەمسىيە يىلنامىسىغا قارىغاندا بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن بولسىمۇ، لىكىن قۇياش يىلى ۋاقتىغا سېلىشتۇرغاندا، يەنىلا 11 مىنۇت 14 سېكۇنت پەرق بولغان، يەنى ھەر 128 يىلدا بىر كۈن كەم چىققان. 16 ئەسىرنىڭ ئاخىرىلىرىغىچە جۇغلىنىپ 10 كۈن كەم چىققان. شۇنىڭ بىلەن رىم پاپىسى گرېگورىئوس XIII 1582 - يىلى بىر تۈركۈم ئاسترونوملارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، جۇلىۇس يىلنامىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزگەن. ئالدى بىلەن قۇياش يىلىدىن 10 كۈن كېيىن قالغان يىلنامە ھىساپلاش ۋاقتىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان، يەنى شۇ يىلى ئەسلىدىكى 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن ھىساپلاشنى 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ھىساپلاشقا ئۆزگەرتكەن؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كەبىسە يىلىنى ھىساپلاش ئۇسۇلىنى مىلادى يىلنامىسىنى ئۆلچەم قىلىپ ھىساپلاشقا ئۆزگەرتكەن: 4 كە بولگەندە كەسىر ئاشمايدىغان يىلنى كەبىسە يىلى قىلىپ بەلگىلىگەن؛ لىكىن ھەر بىر ئەسىرنىڭ بىرىنچى يىلىنى 4 كە بولگەندە كەسىر ئاشمايدىغان بولسىمۇ، 400 گە بولگەندە كەسىر ئېشىپ قالسا، يەنىلا كەبىسە يىلى قىلماسلىقنى بەلگىلىگەن. مەسىلەن، مىلادىنىڭ 1600 - يىلى كەبىسە يىلى، 1700 - يىلى ئۇنداق ئەمەس. ئىلگىرى 4 يىلدا بىر كەبىسە يىلى، 400 يىلدا 100 كەبىسە يىلى بولغان؛ ھازىر 400 يىلدا 97 كەبىسە يىلى بولىدۇ. دىمەك ھەر يىلدا پەرق قىلىدىغان 11 مىنۇت 14 سېكۇنت ۋاقىت ئاساسىي جەھەتتىن تولدۇرۇلۇپ، 3000 نەچچە يۈز يىلدا ئاندىن قۇياش يىلى ۋاقتىدىن بىر كۈن كۆپ چىقىدىغان بولدى. بۇ ھازىر دۇنيادا ئىشلىتىلگەن يىلنامە، كىشىلەر بۇنى مىلادى ياكى گرىگ يىلنامىسى دەپ ئاتايدۇ.

جۇلىۇس كايزا مىسىرنىڭ شەمسىيىسىنى ئاساس قىلىپ تۈرۈ
يىلنامە ئىشلەپچىقىرىشنى بەلگىلىگەن. جۇلىۇس يىلنامىسىدە م
سىر يىلنامىسىدىكى ھەر يىلدىكى ئالاھەزەل 1/4 كۈن ك
چىققان ۋاقىت مۇنداق تەڭشەلگەن: يىللار ئاددى يىل ۋە كەبى
سە يىل دەپ ئايرىلغان، ئاددى يىل 365 كۈن، كەبىسە يىل
366 كۈن قىلىپ بەلگىلەنگەن. ھەر 4 يىلدا بىر كەبىسە يىل
بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. تاق ئايلار 31 كۈنلۈك، قوش ئاي
لارنىڭ 2 - ئېيى ئاددى يىلدا 29 كۈنلۈك، كەبىسە يىلدا
30 كۈنلۈك، قالغان قوش ئايلار 30 كۈنلۈك بولغان. شۇنىڭ
بىلەن قۇياش يىلىغا تېخىمۇ يېقىنلاشقان. كايزا ۋاپات بولغان
دىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋارىسى ئاۋگۇستۇ ئۆزى ئاۋغۇست ئېيىدا
تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن، 2 - ئايدىن بىر كۈننى چىقىرىپ 8 - ئايغا
قوشۇپ قويغان، شۇنىڭ بىلەن 8 - ئاي 31 كۈنلۈك ئاي بولغان
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇناسىپ ھالدا 9 - 11 - ئاي
لارنى كىچىك ئاي، 10 - 12 - ئايلارنى چوڭ ئاي قىلىپ
بەلگىلىگەن. بۇنداق ئۆزگەرتىش نەتىجىسىدە ھەر ئاينىڭ
كۈن سانى قوللىنىۋاتقان مىلادى بىلەن ئوخشاش بولغان.

مىلادىنىڭ 325 - يىلى رىم پادىشاسى بىر دىنىي يىغىن
دا جۇلىۇس يىلنامىسىنى خىرىستىيان دىنىنىڭ يىلنامىسى قىلىپ
بەلگىلىگەن، بىراق ئۇنىڭ قايسى يىلدىن باشلىنىدىغانلىقىنى بەلـ
گىلىمىگەن. مىلادى 6 - ئەسىرگە كەلگەندە، خىرىستىيان دىنىنىڭ
مۇرتلىرى 500 يىلدىن ئىلگىرى رىۋايەت قىلىنغان خى
رىستىيان دىنىنىڭ ئىجاتچىسى ئەيسا مەسىھنىڭ تۇغۇلغان كۈ
نىنى مىلادىنىڭ بىرىنچى يىلى دەۋالغان "مىلادى" دىگەن سوز
نىڭ لاتىنچە مەنىسى"ئىگەمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى" دىگەن بولۇپ
لاتىنچە A.D ھەرپى بىلەن ئىپادە قىلىنغان. ئاشۇ يىلدىن بۇ

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇيدىغان «كىتاب» لىرىمۇ سېغىزدىن ياسالغان. ھەر بىر سېغىز دوسكىسىنىڭ ئېغىرلىقى 1 كىلوگرام بولۇپ، 50 بەتلىك كىتاب 50 كىلوگرام كەلگەن. بۇنداق كىتابلار تەرتىۋى بويىچە ئالاھىدە ياسالغان كىتاب جازىلىرىغا تىزىپ قويۇلغان. ئوقۇغۇچىلار قايسى سېغىز تاختىنى ئوقۇماقچى بولسا، ئۇنى كىتاب جازىسىدىن ئېلىپ، ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن جايىغا ئاپىرىپ قويغان.

سېغىز تاختىلىرىغا تاناپ بىلەن كاتەكچە سىزىلغان. خەتنى سولدىن ئوڭغا قاراپ يازغان. خەتنىڭ ھەر بىر سىزىقى ھەممىشە ياغاچ مىخقا (مىخقا) ئوخشاش تۈۋى توم، ئۇچى ئىنچىكە بولغان. ئىككى دەريا ۋادىسىدا بارلىققا كەلگەن قەدىمقى يېزىق — مىخ يېزىق ئەنە شۇ.

— ئەپەندىم، بۇ كىتابنى چۈشىنەلمىدىم، — دېگەن ئەدەپ - ھۆرمەت بىلەن بىر ئوقۇغۇچى، — نېمىشقا خەتلىرى تىلىك؟

40 ياشلار چامىسىدىكى پاكار ئەمما تەمبەل، بويىنى قىسقا، يۈزى يۇمىلاق، چاچ، ساقال - بۇرۇتلىرى پاك - پاكىز قىرىلغان ئەپەندى ئاستا قەدەم تاشلاپ يېقىن كېلىپ، كۈلۈپ قويۇپ:

— ھە، بۇ ئەلۋە دەسلەپكى سومېر يېزىقى، يېزىلىشى بىزنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. سەن ئۇنى توغرىسىغا تۇتۇپ قارىساڭ بولمامدۇ؟ — دېگەن.

ئوقۇغۇچى سېغىز تاختاينى توغرىسىغا قىلىپ قاراپ خوشال بولۇپ:

— ۋۇي، راستىنلا ئوخشاش خەتكەنغۇ! — دېگەن.

## مىخ يېزىق

نىل دەرياسى بويىدا قەدىمقى مىسىر مەدەنىيىتى يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەدىمقى ئىككى دەريا ۋادىسى (ھازىرقى ئىراق تەرەپلەر) دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ يەنە بىر بوشۇگى بولۇپ قالغان.

بۇ ئىككى دەريانىڭ بىرسى ئېفرات دەرياسى، بىرسى تىگىت دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ، ھەر ئىككىسى ھازىرقى تۈركىيە چېگرىسىدىن باشلىنىپ، شەرققە قاراپ ئېقىپ پېرسىيە قولتۇغىغا قۇيۇلىدۇ. دەريا بويلىرىدىكى رايونلار يېرى مۇنبەت، سۇيى كۆپ رايون بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا باپ كېلىدىغان جاي. مىلادىدىن ئىلگىرى 4000 - يىلى سۇمېرلىقلار ئىككى دەريا ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئاساسلىق ئاھالە بولۇپ قالغان ھەمدە بۇ يەردە پەيدىن - پەي قەدىمقى قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەت قۇرۇپ، مول ھەم شانلىق سۇمېر مەدەنىيىتىنى ياراتقان.

تۇۋەندە سۇمېرلىقلارنىڭ مىخ يېزىقتىن قانداق پايدىلانغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز:

قەدىمقى سۇمېر مەكتەپلىرىدە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قومۇش ياكى ياغاچتىن ياسالغان ئۇچى ئۈچ بۇرجەكلىك "قەلەم" بىلەن سېغىز دوسكىغا خەت يېزىۋاتقانلىقى دائىم كۆزگە چېلىقىپ تۇرغان.



سۇمېر ھەيكىلى

— ئەپەندىم، — دېگەن بىر ئوقۇغۇچى ئەدەپ - ھۆرمەت بىلەن. — مەن بۇ كىتابنى كۆچۈرۈپ بولدۇم.

— ئوبدان بوپتۇ، — دېگەن ئەپەندى سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن ئىلھاملاندۇرۇپ، — سەن سېغىز تاختىنى ئاپتاپتا قۇرۇت، ئاندىن كېيىن ئوتقا قاقلا. شۇنداق قىلساڭ بىر ئوبدان كىتاب بولامادۇ؟ سەن بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم ياخشى مىرزا بولۇپ چىقىسەن.

سۇمېرلىقلارنىڭ مەكتەپلىرىدە، ئاساسەن مىرزا يېتىشتۈرۈلىدىغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئاقسۆڭەكلەر پەرزەنتلىرىدىن بولۇشى شەرت ئىكەن. مەكتەپلەر ئادەتتە ئىبادەتخانىلارغا قۇرۇلغان.

مىخ يېزىق كېيىنكى چاغلاردا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدىكى نۇرغۇن جايلارغا تارقالغان بولۇپ، ئۇ ئىنسانلار مەدەنىيىتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان. مىلادىدىن ئىلگىرى 2007 - يىلى سۇمېرلىقلارنىڭ ئاخىرقى خاندانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىن، بابىل خانلىقى بۇ مەدەنىي مىراسقا ۋارىسلىق قىلغان ھەمدە ئۇنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرغان.



مىخ يېزىق

ئەسلىدە، ئەڭ قەدىمقى مىخ
يېزىق ئوڭدىن سولغا قاراپ تۈز
يېزىلغان. يېزىشقا بەپ بولغاچقا،
كېيىن خەت شەكىلىنى يانتەرەپ-
كە 90 گرادۇس بۇراپ، سولدىن
ئوڭغا قاراپ توغرا سىزىق بويىچە
يازىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتكەن.

مىخ يېزىقنى سۇمېرلىقلار ئى-
جات قىلغان. مىلادىيىدىن ئىلـ
گىرى 4000 - يىللىرى ئۇلار ئىككى دەريا ۋادىسىنى ئىپچىم
بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ يېزىقنى ئىجات قىلغان. ئەڭ بۇرۇ
بۇ يېزىق تەسۋىرى شەكىلدە بولغان، مەسىلەن، "ب
لىق" قىلىپ، "پۇت" قىلىپ يېزىلغان. مۇرەككەپ
مەنىنى ئىپادىلىمەكچى بولسا ئىككى بەلگىنى بىرلەش
تۈرگەن، مەسىلەن، "ياۋا كالا" دىگەن گەپنى يازماقچى بول
"كالا" دىگەن بەلگە بىلەن "تاغ" دىگەن بەلگىنى قوشۇپ قې
غان؛ "يىغلاش" دىگەن گەپنى يازماقچى بولسا "كوز" دىگەن
بەلگە بىلەن "سۇ" دىگەن بەلگىنى قوشۇپ قويغان. يېزىقنىڭ
ئومۇمى يۈزلۈك قوللىنىلىشىغا ئەگىشىپ، بىر بەلگە نۇرغۇن مەنىد
ئىشلىتىلگەن، مەسىلەن، "پۇت" دىگەن بەلگە "مېڭىش"، "ئور
تۇرۇش" دىگەن مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرگەن. ئاخىردا بىر بەلگ
چورتلا بىرلا تاۋۇشنى بىلدۈرىدىغان بولغان، مەسىلەن، "ئوقيا
بىلەن "هايات" سۇمېر تىلىدا ئاهاڭداش بولۇپ، بۇنىڭغا بىرلا
بەلگە ئىشلىتىلگەن.

جاكالىغان «قانۇن دەستۇرى» ئىكەن. ھېلىقى ئىككى قاپارتما ھەيكەلنىڭ ئولتۇرغىنى قۇياش خۇداسى ساماش، ئۆرە تۇرغىنى خامۇراپى ئىكەن. بۇ قاپارتما ھەيكەل خامۇراپىنىڭ قۇياش خۇداسىدىن ئەدلىيە ھوقۇقى تاپشۇرۇۋېلىپ، دۇنيا خەلقىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغانلىقىنىڭ سىمۋولى ئىكەن. قۇياش خۇداسىنىڭ قولىدىكى كالتە تاياق بولسا "زاكۇن تايىقى" دەپ ئاتىلىدىغان تاياق بولۇپ، ئۇ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنىڭ بەلگىسى ئىكەن. خامۇراپى قەدىمقى بابىل خانلىقىنىڭ تازا قۇدرەت تاپقان دەۋرىدىكى پادىشاسى بولۇپ، ئۇ ئىككى دەريا ۋادىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۆزىنى "ئالەمنىڭ پادىشاسى" دەپ ئاتىۋالغان.

ھازىر، كىشىلەر «قانۇن دەستۇرى» نىڭ ماددىلىرىنى ئوقۇيدىغان بولسا، ئۆزلىرىنى گويا بۇنىڭدىن 3700 نەچچە يىل ئىلگىرىكى ئىككى دەريا ۋادىسىغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ ......

يالقۇنلاپ تۇرغان قۇياشنىڭ تەپتىدىن ئېفرات دەرياسى ياقىسىدىكى بابىلۇن شەھىرى ھەم ئىسسىق ھەم دىمىق بولۇپ كەتكەن. ھەردىن چاڭ - توزاڭلار كۆتۈرۈلۈپ، پۇقراپ بېرىپ كىشىلەرنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلغان، نەتىجىدە كىشىلەر كېيىنمۇ قورغاقچىلىق ھېس قىلغان، ھەتتا لەۋلىرىمۇ يېرىلىپ كەتكەن. شۇنداق بولسىمۇ كىشىلەر تومۇز ئاپتاپتا مىدىرلاپ تۆت ئەتراپىغا چىلان دەرىخى تىكىلگەن چوڭ قوراغا كەلگەن. ئەسلىدە بۈگۈن قازى دەۋا سورايدىكەن.

— قازى جاناپلىرى، ئۇ مېنىڭدىن پۇل قەرز ئالغان ئىدى، تا بۈگۈنگىچە قايتۇرمىدى، جاناپلىرى ئىللا سوراپ قويسىلا، — دەپ دەرت ئېيتقان سېمىز بىر ئادەم.

# تاش تۈۋرۈككە ئويۇلغان قانۇن

1901 - يىلى، ئىرانلىقلار قاتناشقان فرانسىيە ئارخېئولوگىيە ئەترىتى ئىراننىڭ سۇسا دېگەن يېرىدىن قارابازالت تاشتىن ياسالغان چوڭ بىر تاش تۈۋرۈكنى قېزىپ چىققان. بۇ تاش تۈۋرۈك 3 پارچە بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن قۇراشتۇرسا يەنىلا پۈتۈن ئىكەن. تاش تۈۋرۈكنىڭ ئېگىزلىكى 2·5 مېتىر، ئايلانمىسى تەخمىنەن 1·5 مېتىر كېلىدىكەن. تۈۋرۈكنىڭ ئۈستى تەرىپىگە 2 ئادەمنىڭ قاپارتما ھەيكىلى ئويۇلغان، بۇنىڭ بىرى ئولتۇرغان بولۇپ، قولىدا بىر كالتە تاياق تۇتقان؛ يەنە بىرى ئۆرە تۇرغان بولۇپ، قول قوشتۇرۇپ دۇئا قىلىۋاتقان. تاش تۈۋرۈكنىڭ تۆۋەن قىسمىغا نۇرغۇنلىغان قوناقتەك يېزىقلار ئويۇلغان. كېيىن دەلىللەش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىراننىڭ قەدىمقى يېزىقى — پارس يېزىقى بولماستىن، 6000 - 5000 يىللاردىن بۇرۇن سۈمېرلىقلار ئىجاد قىلغان كېيىن بابىلونلار كەڭ قوللانغان مىخ يېزىق ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان. روشەنكى، بۇ تاش تۈۋرۈكنى قەدىمقى پىرسىيىلىكلەر بابىلنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ئولجا تەرىقىسىدە شۇنچە يىراق جايدىن ئىرانغا ئېلىپ كەلگەن.

ئارخېئولوگلار تاش تۈۋرۈكتىكى يېزىقنى ئىنچىكە تەكشۈرگەن. ئەسلىدە بۇنىڭغا ئويۇلغىنى تامامەن قانۇن بولۇپ، جەمئى 282 ماددا ئىكەن، بۇ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 18 - ئەسىردە قەدىمقى بابىل خانلىقىنىڭ پادىشاسى خامۇراپى

— چوڭ ئوغلۇڭ نەچچە ياشقا كىردى؟
— 17 گە كىردى، تېخى كىچىك. ئەمدىلا 17 ياشقا كىردى، — ئاۋاق ئادەم بىرئاز ھودۇققان.
— ھازىر ھوكۇم قىلىمەن! — دىگەن قازى ئۈستەلنى ئۇرۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ.
سېمىز بىلەن ئاۋاق ئادەم قولاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلىغان.
— خامۇراپىي ئاللىرى جاكالىغان «قانۇن دەستۇرى»نىڭ 117 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، قەرزدار قەرزنى بەلگىلەنگەن قەرەل ئىچىدە تولىمىسە رەپىقىسى ۋە ئوغلى قەرز بەرگۈچىگە 3 يىللىق قول قىلىپ بېرىلسۇن، 4 - يىلدىن باشلاپ ئەركىنلىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلسۇن!
سېمىزنىڭ گۆلقەقلىرى ئېچىلىپ كۈلۈپ كەتكەن. ئاۋاق يەرگە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ يىغلاپ يېلىنغان.
— قازى جاناپلىرى، رەھىم قىلسىلا، كېلەر ئايدا چوقۇم تولىۋېتىمەن.
— يوقال كوزۇمدىن! — قازى غەزەپ بىلەن ۋاقىرىغان.
ئىككىسى مەھكىمە شەرئىدىن چىقىپ كەتكەن. كىشىلەرگە ئاۋاقنىڭ يىغا - زارى بوش ئاڭلىنىپ تۇرغان.
بىر دەمدىن كېيىن، تەمبەل كەلگەن بىر ئەزىمەت چەمبەرچەس قىلىپ باغلانغان بىر ئادەمنى ئىتتىرگەن پېتى كىرىپ كەلگەن.
— جاناپلىرى، — دىگەن ئەزىمەت دوكلات قىلىپ، — مەن قاچقان بىر قولنى تۇتۇۋالدىم.
— سەن تەكشۈرۈپ باق! — دىگەن قازى يېنىدىكى بىر ئەمەلدارغا بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ.

— قازى جاناپلىرى، — دىگەن قاقشال بولۇپ قالغ
بىر ئادەم، — مېنىڭ تۆلىمەسلىك نىيىتىم يوق. رەپ

ئاغرىپ قېلىپ بىرمۇنچە پۇل خەجلىدىم، دەرھال تۆلىيەلمەيمەن، جاناپلىرى ئىلتىپات قىلىپ بىر نەچچە كۈن سۈرۈك بەرسىلە.

— تاكاللاشماڭلار! — دىگەن قازى ئالدىرىساي قولىنى شىلتىپ، — جاۋاپ بېرىڭلار، پۇلنى قايتۇرۇشنىڭ قەرەلى توشتىمۇ؟

— 3 كۈن ئوتۇپ كەتتى! — دىگەن سېمىز كىشى قەددىنى رۇسلاپ.

— 3 كۈنلا ئوتتىغۇ، كېيىنكى ئايدا چوقۇم تۆلىۋېتىمەن! — دەپ ئاۋاق ئادەم يالۋۇرغان.

— رەپىقەڭنىڭ كېسىلى ساقايدىمۇ؟ — دەپ سورىغان قازى سالماق هالدا.

— ساقايدى، ياخشى بولۇپ كەتتى! — دەپ ئاۋاق ئادەم جاۋاپ بەرگەن.



خامۇراپى قانۇن دەستۇرى ئويۇلغان تاش تۈۋرۈكنىڭ ئۈستى قىسمى

ىدا پۇل تولەپ دىسەم ئۇنىماپۋاتىدۇ، — دەپ ئۇزىنى ئاقلىغان ئىگىز بويىلۇق ئادەم، — يەنە قاقتى - سوقتى قىلىمەن دەۋاتىدۇ.

— قازى جاناپلىرى، كالىنىڭ بىر كوزىنى قارغۇ قىلىپ قويسىمۇ كالىنىڭ يېرىم باھاسىدا پۇل تولەيدۇ، بۇ ئادەمنىڭ بىر كوزىنى ئۇرۇپ قارغۇ قىلىپ قويغان تۇرسا! ئۇ تولۇق باھادا پۇل تولىشى كېرەك، بولمىسا ماڭا بەك زىيان بولۇپ كېتىدۇ، — دەپ قوشۇمچە قىلغان پەتەك ئادەم.

— ھەي دەيۇز! — قازى تاقەت قىلالماي ۋاقىرىغان، — سەن راستىنلا قاقتى - سوقتى قىلماقچىمۇ - مە؟ خامۇراپى ئالىلىرى جاكالىغان «قانۇن دەستۇرى» نىڭ 199 - ، 247 - ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، قۇلنىڭ كوزىنى قارغۇ قىلىپ قويغانلار بىلەن ئۇينىڭ كوزىنى قارغۇ قىلىپ قويغانلارغا ئوخشاش چارە كورۇلىدۇ. سەنلەر كوزۇمدىن يوقىلىش!

پەتەك ئادەم بىلەن ئىگىز ئادەم ئەمدىلا چىقىپ كېتىشىگە، يەنە 2 قېرى كىرىپ كەلگەن. بۇنىڭ بىرسى ھاسىلىق، يەنە بىرسى ساقاللىق ئىكەن.

— ئۇ ماڭا قەست قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، — دىگەن ھاسىلىق بوۋاي ساقاللىق بوۋاينى كورسىتىپ، — قازى جاناپلىرى، لىللا سوراپ قويسىلا!

— ئىللا - بىللا يوق ئىش! — دەپ ئۇزىنى ئاقلىغان ساقاللىق بوۋاي.

— بولدى، بولدى! — دىگەن بىزار بولغان قازى ۋە بۇرۇلۇپ يېنىدىكى ئەمەلدارغا، — سەن بۇ ئىككىسىنى دەريا بويىغا ئېلىپ بار. خامۇراپى ئالىلىرى جاكالىغان «قانۇن دەستۇرى»-

ئەمەلدار ئورنىدىن چۈشۈپ، باغلانغان ئادەمنىڭ ئالدى... بارغان ۋە ئۇنىڭ دوپپىسىنى ئالغان، قارىسا ئۇنىڭ چېكىسى... تامغا بار ئىكەن.

— تامغىسى بار ئىكەن، قۇل ئىكەن! — دەپ مەلۇ... قىلغان ئەمەلدار قازىغا.

— خامۇراپى ئالىيلىرى جاكالىغان «قانۇن دەستۇرى» نىڭ 17 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، تۇتۇۋېلىنغان... قۇل ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلسۇن، — دېگەن قازى لاغايلام... ئورنىدىن تۇرۇپ، — قۇلنى تۇتۇۋالغان ئەركىن پۇقرا مۇكا... پاتلانسۇن. ھە، ئۇنىڭغا 2 شېكىلى مۇكاپات بېرىلسۇن!

— "شېكىلى" كۈمۈش بىرلىكى بولۇپ. شۇ چاغدا بىر شېك... لى كۈمۈشكە 120 شىڭ ئارپا ياكى ياخشى ئۆسۈملۈك مېيىدىن 2 لىتىر سېتىۋالغىلى بولىدىكەن.

ئەمەلدار ھېلىقى قاچقان قۇلنى تارتىشلىغان، كۆتۈلمىگەن يەردىن بۇ قۇل ئۇنى ئىنتىرىۋەتكەن. بۇ قۇلنىڭ ئىككى قولى باغلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ غەزىپىنى باغلىۋېلىشقا ئامالسىز قالغان. ئۇ ئىككى كۆزىنى چەكچەيتىپ دەرغەزەپ بىلەن ۋاقىرىغان:

— بۇ قانداق قانۇن؟

— ئېلىپ چىقىپ كېتىڭلار! — دەپ چىقىرىغان قازى.

يەنە 2 ئادەم تاكالىلاشقان پېتى مەھكىمە شەرئىگە كىرگەن.

— قازى جاناپلىرى، — دېگەن بىر پەتەك ئادەم ئەرز قىلىپ، — ئۇ مېنىڭ بىر قۇلۇمنىڭ كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ قويدى، ماڭا تۆلەپ بەرسۇن.

— قازى جاناپلىرى، مەن ئۇنىڭغا يېرىم قۇلنىڭ باھاسى-

خامۇراپى قانۇنى ئىككى دەريا ۋادىسىدىكى سىنىپى جەمىيەتتىكى ئەڭ مۇكەممەل بولغان تۇنجى يازما قانۇن بولۇپ، ھەق تەلەپ رەسمىيەتلىرى، ئوغرىلارنى جازالاش، ئىجارىگە بېرىش ـ ئېلىش، ئادەم يالالاش، سودا، جازانىخورلۇق، قەرز ئىشلىرى، نىكاھ، مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش، قۇللار ئىشلىرى قاتارلىقلارغا دائىر مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۇ شۇ چاغدىكى ئىجتىمائى ئەھۋاللارنى بىر قەدەر مۇكەممەل ئەكس ئەتتۈرگەن. قەدىمقى بابىلنىڭ خامۇراپى «قانۇن دەستۇرى» ئويۇلغان تاش تۈۋرۈك ھازىر فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىدىكى رۇپۇر مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

نىڭ 2 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، جاۋاپكار ف
دەرياغا تاشلا. ئەگەر ئۇ چوكۇپ كەتسە،ئۇنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش ن
يىتى بولغان بولىدۇ، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇس
ادىر قىلىپ، دەۋاگەرگە بولۇپ بەر؛ ئەگەر ئۇ لەيلەپ چىقال
ئۇنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش نىيىتى بولمىغان بولىدۇ، ئۇ چاغد
ئۇنى ئەيىپسىز دەپ جاكالاپ قويۇۋەت.

— بۇنداق قىلسا قانداق بولىدۇ؟ مېنى دەرياغا تاشل
چوكۇپ ئۆلمەيمەنمۇ؟ — ساقاللىق بوۋاي ناھەقچىلىق بولد
دەپ زارلانغان ھەمدە قاتتىق قورققان.

— ئىجرا قىلىنسۇن! — قازى ئۈستەلنى مۇشتلا
ۋاقىرىغان.

ئەمەلدار ساقاللىق بوۋاينى سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن
يەنە بىر بوۋايمۇ ئارقىسىدىن چىقىپ كەتكەن.

— بۇ قانداق ھۆكۈم! — دېگەن كورۇپ تۇرغان بىر
سى نارازى بولۇپ.

— تەكشۈرمەي، تۇرۇپلا دەريانىڭ ھۆكۈم قىلىشىغا تاپش
رامدىكىنە؟ — دېگەن كورۇپ تۇرغانلاردىن يەنە بىرسى
كايىپ.

— سەنلەر ئىش تېرىماقچىمۇ؟ — دەپ ۋاقىرىغان قازى ئور
نىدىن تۇرۇپ ۋە چىرايىنى تۇرۇپ، — مەن پادىشا ئالىلىرد
نىڭ «قانۇن دەستۇرى» گە بىنائەن ئىش قىلدىم، سەنلەر ھو
پو قىلىشما!

ئۇ ئەتراپىدىكى ئەمەلدارلارغا قول شىلتىپ:

— داۋا سوراش تاماملاندى! — دەپ ۋاقىرىغان.
مەھكىمە شەرئىدىكى كىشىلەر تارىلىپ كەتكەن.

........

باش ئېگىپ تازىم بىلەن تۇرغان. باش ۋالى ئۆيدىن شاپاشلاپ چىقىپ، مونەك لايىنى ئىنىكىگى قولاپ ئېلىپ، ئۇنى ئاستا - ئاستا چېكىپ سۇندۇرغان. مونەكنىڭ ئۈستىدىكى قۇرۇق لاي تورۇكىلاپ يەرگە چۈشۈپ، ئاخىرى بىر سېغىز تاختا چىققان. بۇ سېغىز تاختىدا تويە چاسا بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر بىر بۇرجىكى يۇمۇلاق ئىكەن. ئۇنىڭ يۈزى سول، ئوتتۇرا ۋە ئوڭ تەرەپكە ئايرىلغان، ئۇنىڭغا قاتار - قاتار مىخ يېزىق ئويۇلغان ئىكەن. سېغىز تاختىغا ئويۇلغان بۇ مىخ يېزىق پادىشانىڭ باش ۋالىغا چۈشۈرگەن يارلىقى — پەرمانى بولۇپ، ئۈستىدىكى لاي كونۋېرت ئىكەن.

باش ۋالى يارلىقنى سىنچىلاپ ئوقۇپ كەتكەن، ئەمما بىر ھازاغىچە ئوقۇپمۇ يەنىلا بېشىنى چايقىغان. ئۇ بېشىدىكى ئورۇمە چېچىنى سىلىغان، ئاندىن كېيىن زاڭغىدىكى ئورۇمە چېچىنى سىلىغان، ئاخىرىدا ئورۇمە ساقىلىنى سىلىغان، سىلىغانمۇ يەنىلا بېشىنى چايقىغان — قەدىمقى بابىل ئاقسۆڭەكلىرى ئەرلىك غۇرۇرىنى كۆرسىتىش ۋە چىرايلىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن ھەمىشە چاچ، زاڭگاق چېچى ۋە ساقاللىرىنى ئورۇۋالىدىكەن. ئورۇمە چېچىغا كۈنجۈت مېيى سۈرتۈۋالغاچقا پۇراپ تۇرىدىكەن.

— خان ئالىيلىرىنىڭ مەقسىدى ......، — دەپ سورىغان خەت توشۇغۇچىدىن يارلىقنى چۈشەنمىگەن باش ۋالى.

— باش ۋالى جانابلىرى، — دەپ جاۋاب بەرگەن خەت توشۇغۇچى ئىخلاس بىلەن، — خان ئالىيلىرىنىڭ يارلىقىنى كۆرۈش ماڭا ۋاجىپ ئەمەستۇر.

باش ۋالى ئاخىرى بولماي مىرزا ۋە مەسلىھەتچىلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلارغا يارلىقنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەندۈرۈشنى تاپشۇرغان. 7 - 8 ئادەم خېلى ۋاقىت ھەپىلىشىپ، يارلىقنىڭ

# قەمەرىيە ۋە ھەپتىنىڭ باشلىنىشى

ئەڭ بۇرۇنقى شەمسىيىنى مىسىرلىقلار كەشپ قىلغان، ئەڭ بۇرۇنقى قەمەرىيىنى بولسا قەدىمقى بابىلونلۇقلار كەشپ قىلغان. بابىل قەمەرىيىسى ئۈستىدە گەپ ئاچقىنىمىزدا مۇنداق بىر ھېكايىنى ئېيتىپ ئۆتمەك كېرەك:

بابىل خانلىقىنىڭ پوچتا يوللىرىدا، تومۇر چاقلىق خادىملار ئۇچقاندەك كېتىپ باراتتى، ئىككى ئارغىماق چېپ - چېپ تەرگە چۆمگەن، بۇ ئارغىماقلارنىڭ ئاغزىدىن ئىسسىق ھور پۇ- قىراپ چىقىپ تۇرغان. بۇ "ئالەم پادىشاسى" نىڭ مۇقەددەس يارلىقى تارقىتىدىغان خادىمى بولۇپ، يول بويى ئۇنى كۆرگەن كىشىلەر ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ يول بوشاتقان.

بابىل خانلىقىنىڭ پايتەختى بابىلون شەھىرى ئۆز زامانى- سىدا دۇنيا خاراكتېرلىق ئاۋات شەھەر بولۇپ، پوچتا يوللىرى بۇ شەھەردىن تەرەپ - تەرەپلەرگە سوزۇلغان ئىكەن.

پايتەختتىن چىققان بۇ خادىم دالسا شەھىرىگە كىرىپ باش ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىغان. خەت توشۇغۇچى ياپىلاق مونەك لايىنى ئىككى قوللاپ كۆتەر- گەن پېتى چوڭ قەدەم تاشلاپ باش ۋالىي مەھكىمىسىگە كىرگەن.

— بابىل خان ئالىيلىرىنىڭ يارلىقى كەلدى! — دەپ ۋاقىرىغان مونەك لايىنى كۆرگەن نەۋكەرلەر ھەممىدە دەرھال

غا بىر ئاي قىستۇرۇپ، ئۇنى "ئىككىنچى ئېلۇل ئېيى" دەپ ئاتىغان.

ئەمدى بۇ يارلىقنىڭ مەزمۇنى ئېنىقلانىدىكى، ئۇنىڭدا، بىرىنچىدىن بۇ يىل قاتلاڭ ئاي قىستۇرۇڭلار دېگەن يىلنامە توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش؛ ئىككىنچىدىن، يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان باج - سېلىقنى بىر ئاي قوشۇپ تاپشۇرۇش، يەنى 6 - ئايدا بابىلۇن شەھىرىگە باج - سېلىق تاپشۇرغاندىن كېيىن، 7 - ئايغا قاراپ تۇرماي "ئىككىنچى" 6 - ئايدا يەنە بىر قېتىم باج - سېلىق تاپشۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش ئىكەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، "ئالەمنىڭ پادىشاسى" نىڭ ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بۆلىدىغىنى يەنىلا پۇل ئىكەن.

قەدىمقى بابىلدا يىلنامىنى دۆلەت بەلگىلەپلا قالماستىن، بەلكى بىر ھەپتىنىڭ 7 كۈنىنى يەنە قۇياش، ئاي، مارس، مېركۇرى، يۇپىتېر، ۋېنېرا ۋە ساتۇرىن قاتارلىق يەتتە پىلانېتنىڭ نامى بىلەن ئاتىغان. ھەپتە دېگەن پىلانېتا كۈنى دېگەن گەپ. قۇياش كۈنى يەكشەنبە، ئاي كۈنى، دۈشەنبە، مارس كۈنى سەيشەنبە، مېركۇرى كۈنى چارشەنبە، يۇپىتېر كۈنى پەيشەنبە، ۋېنېرا كۈنى ئازنا، ساتۇرىن كۈنى شەنبە دەپ ئاتالغان. ھازىر دۇنيادا ئېقىۋاتقان يەتتە كۈننى بىر ھەپتە ھېسابلايدىغان ئۇسۇلنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى باشلانمىسى ئەنە شۇ. بۇنىڭدىن باشقا بابىلونلۇقلار پۈتۈن ئاسمان گۈمبىزى 24 سائەتتە بىر ئايلىنىدۇ، ھەربىر سائەت 60 مىنۇت بولىدۇ دەپ ھېسابلىغان. كۈن بىلەن تۈننى ۋە ۋاقىتنى مۇشۇنداق ئايرىشمۇ تا بۈگۈنگىچە داۋام قىلىپ كەلدى.

مەزمۇننى ئىنقىلاپ، باش ۋالىغا مەلۇم قىلغان.
يارلىقنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق ئىكەن: "خاقانى ئالىلىرىنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن، يارلىق چۈشۈرۈمەنكى، بۇ يىل كەمتۈك يىل بولغاچقا، مۇشۇ ئاي ئىككىنچى ئىلۇر ئېيى دەپ ئاتالسۇن. شۇنىڭدەك ئەسلىدە جىشىل ئېيىنىڭ 25 - كۈنى بايلىغا تاپشۇرۇلىدىغان باج - سېلىق ئىككىنچى ئىلۇر ئېيىنىڭ 25 - كۈنى تاپشۇرۇلسۇن."
"يىل" قانداقسىگە "كەمتۈك" بولۇپ قالغان؟
"ئىلۇر ئېيى" بايلىنىڭ 6 - ئېيى، "جىشىل ئېيى" بولسا 7 - ئېيى ئىكەن، ئۇنداق بولسا ئارىلىققا يەنە نىمە ئۈچۈن "ئىككىنچى ئىلۇر ئېيى" قوشۇلىدۇ؟
بابىلونلۇقلار ئاينىڭ تولۇق ۋە ھىلال شەكىلگە كىرىش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن كۆزىتىش نەتىجىسىدە، قەمەرىيىنى تۈزۈپ چىققان. بىر يىلنى 12 ئايغا ئايرىپ، ھەر ئاينىڭ ھىلال ئاي چىققان كۈننى ئاينىڭ باشلىنىش كۈنى، ئاي تولۇق بولغان كۈننى ئاينىڭ ئوتتۇرىسى، يەنە ھىلال ئاي چىققان كۈننى ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنى قىلىپ بەلگىلىگەن. شۇنداق بولغاندا 6 ئاي 30 كۈندىن، 6 ئاي 29 كۈندىن بولغان. لېكىن بىزگە مەلۇمكى، بىر يىلدا ئالاھەزەل 365 كۈن بولىدۇ. قەمەرىيىنىڭ 12 ئېيىنى قوشقاندا پەقەت 354 كۈن بولۇپ 3 - 2 يىلدا بىر ئاي پەرق قىلىدۇ. "كەمتۈك يىل" دىگىنى ئەنە شۇ.
بۇ زىددىيەتنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟ ئۇلار بۇ زىددىيەتنى ھەر 2 يىل ياكى ھەر 3 يىل ئۆتكەندە، بىر قاتلاق ئاي قوشۇپ ھەل قىلغان، يەنى بىر يىلنى 13 ئاي ھىساپلىغان. مۇشۇنداق يىللاردا 6 - ئاي بىلەن 7 - ئاي ئارىلىقـ

ئانكىدۇ بىلەن گىلگامىش قاتتىق ئېلىشىپتۇ، لېكىن كىم يېڭىپ، كىم يېڭىلىدىغانلىقىنى تايىن تاپالماپتۇ. ئېلىشمىغىچە تېپىشماس دېگەندەك، قەھرىمان بىلەن ئەزىمەت بىر - بىرىنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، ياخشى دوست بولۇپ قېلىپتۇ ھەمدە ئۇرۇك شەھىرىدىكى خەلق ئۈچۈن بىرلىكتە بەخت يارىتىش قارارىغا كېلىپتۇ. ئۇلار ئادەملەرگە زىيان يەتكۈزىدىغان شىرلارنى ئۆلتۈرۈپتۇ، نۇرغۇن ئەجدىھالارنى يوقىتىپتۇ.

ئۇرۇك شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا ھاۋاسى قۇرغاق، دەل - دەرەخلىرى ناھايىتى ئاز بىر كۆللەك بار ئىكەن. خەلقلەر ئۆي - ئىمارەت سالايى دېسە ياغاچ - تاش يوق ئىكەن. گىلگامىش ئانكىدۇنى باشلاپ ئورمانلىققا بېرىپ ياغاچ كېسىپ كەلمەكچى بولۇپتۇ. لېكىن ئورمانلىقتا بىر يالماۋۇز بار بولۇپ، ئۇلارنى ئورمانلىققا كىرگۈزمەپتۇ. قاتتىق ئېلىشىش ئارقىلىق گىلگامىش يالماۋۇزنى ئۆلتۈرۈپتۇ، شۇنداق قىلىپ، ئۇرۇك شەھىرىدىكى خەلققە ئاپەت كەلتۈرگەن بىر زىيانداشنى يوقىتىپتۇ.

قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئۇلار بىر غەلىتە ئىشقا دۇچ كېلىپتۇ.

تويۇقسىزلا ئەرشتىن بىر سەنەم چۈشۈپتۇ. ئۇ نايناقشىپ گىلگامىشنىڭ ئالدىغا كېلىپتۇ، ئۇ ئىنسانلار ئارىسىدىكى بۇ قەھرىماننى تولىمۇ ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىكەن.

— يىگىت، ماڭا قارىسىڭىزچۇ، مەن گۈزەلمىسكەنمەن؟ — دەپ گىلگامىشنىڭ يولىنى توساپتۇ ئۇ.

— يوقال كۆزۈمدىن! — دەپتۇ گىلگامىش غەزەپ بىلەن. ئۇ بۇ سەنەمنىڭ يامان غەرەزلىك ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن.

— سىز مېنى ئەمرىڭىزگە ئالسىڭىز ئۆمۈرۋايەت شان - شەۋكەت ۋە بەخت - دۆلەتتىن بەھرىمەن بولىسىز.

# باتۇر ۋە مېھرىنىگيا

قەدىمقى ئىككى دەريا ۋادىسىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت پە-
كوپ بولغان. «گىلگامىش داستانى» بۇنىڭ ئەڭ مەشھۇر-
لىرىدىن بولۇپ ھىساپلىنىدۇ، بۇ داستان بۇنىڭدىن 4000
نەچچە يىل ئىلگىرىلا سۇمېرلىقلار ئارىسىدا تارقالغان بولۇپ
مىڭ يىللار داۋامىدا پىششىقلىنىپ، قەدىمقى بابىل خانلىقى دەۋ-
رىگە كەلگەندە (مىلادىدىن ئىلگىرى 20 - ئەسىردىن، مىلادىدىن
ئىلگىرى 17 - ئەسىرگىچە) ئاخىرى يازما شەكىل بىلەن تولۇقلىنىپ
غايەت كاتتا ئەسەر بولۇپ قالغان.

رىۋايەتتىكى گىلگامىش قەدىمقى ئۇرۇك شەھىرىدىكى (ھا-
زىرقى ئىراقنىڭ جەنۇبىي قىسمى) بىر قەھرىمان ئىكەن. ئۇنىڭ
كۈچى تەڭداشسىز بولۇپ، ھەممىلا يەردە چاتاق چىقارغاچقا،
ئۇرۇك ئاھالىسى ئەمىن تاپالماپتۇ. ئەرشتىكى ئەۋلىيا-
مۇئەككىللەر بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ بىر باتۇر ئەزىمەتنى بىر
ئالەمگە خەلقنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن چۈشۈرۈپتۇ.

ئانىگىدۇ ئاتلىق بۇ ئەزىمەت ئوتلاقتا ئۆسكەن بولۇپ، كىچى-
كىدىنلا ياۋايى ھايۋانلار بىلەن بىللە ياشىغان ئىكەن. ئۇ ئاق
كۆڭۈل بولۇپ، ياۋايى ھايۋانلارنى ھەمىشە ئوۋچىلاردىن ساق-
لاپ قالىدىكەن. كېيىن ئۇ چارۋىچىلارنىڭ كەنتىگە كېلىپ
ئولتۇراقلىشىپ، چارۋىلارنى ياۋايى ھايۋانلاردىن ساقلاپ قېلىپتۇ.
ئۇ گىلگامىشنىڭ ئىشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن
ئېلىشىپ بېقىش نىيىتىگە كېلىپتۇ.

لىرىنى تارتىپ چىقىرىپتۇ.

— ها، ها! — دەپ يەنە كۈلۈپتۇ ئانگىدۇ مەسخىرە قىلىپ، — كېلە، قېنى، سېنى تۇتۇۋالسىدىغان بولسام كالا جىنىڭ ئۇچىيى بىلەن باغلايمەن!

غەزەپتىن پۈتۈن بەدەنلىرى لاغىلداپ كەتكەن سەنەم ئادەملىرىنى باشلاپ ئۇچۇپ ئەرشكە چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئەرش- تىكىلەرگە ئانگىدۇنىڭ سەنەملەرگە تىل تەككۈزگەنلىكىنى داتلاپتۇ. ئۇلار بىردەك ئانگىدۇنى ئۆلتۈرۈش قارارىغا كېلىپتۇ.

ئانگىدۇ شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن قاتتىق ئاغرىپ قېلىپتۇ، ئۇ- نى چۈشىدىمۇ سەنەملەر ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن قىيناپتۇ. ئۇنىڭ رەڭگى قارىداپ، كۆزى كۆرمەس، قۇلىقى ئاڭلىماس بولۇپ قېلىپ، ئۆلەي دەپ قېلىپتۇ. گىلگامىش ئۇنىڭ يېنىدىن كەتمەي قاراپتۇ، ئۇنىڭ كۆكسىگە قولىنى قويۇپ باقسا، يۈ- رىكى سوقۇشتىن توختىغان ئىكەن. خەلق ئۈچۈن زىيانداشلار- ى يوقاتقان ئەزىمەت ئانگىدۇ جان ئۈزۈپتۇ، قەھرىمان گىلگا- ىشنىڭ كۆزىدىن ياش بۇلاق سۈيىدەك بۇلدۇقلاپ چىقىپتۇ. وستىغا ئۆزىنى ئېتىپ زار قاقشاپتۇ.

— ئادەم نىمىشقا ئۆلىدۇ؟ — گىلگامىش ئاھ-زار لىپتۇ.

دوستىنىڭ ئۆلۈمىنى چىقارغاندىن كېيىن، قەھرىمان گىل- مىش سەنەملەرنىڭ پىرىنى ئىزلەپ تېپىشقا بەل باغلاپتۇ. سەنەملەر- ڭ پىرى كەلكۈندە ساق قالغان بىردىن-بىر ھايات ئادەم بو- پ، كېيىنكى چاغلاردا سەنەملەرنىڭ پىرى بولغان ئىكەن.

— گىلگامىش، سەن سەنەملەرنىڭ پىرىنى تاپالمايسەن، ا! — دەپ نەسىھەت قىلىپتۇ دەشت-باياۋاندا كېتىپ بار- گىلگامىشنى كۆرگەنلەر.

— يوقال!

— ئەگەر ماقۇل بولمىساڭ، پۈتۈن تۈرۈك شەھەرىدىكى خەلق لەرگە ئاپەت ياغدۇرىمەن.

— يوقال!

سەنەم قاتتىق ھار ئېلىپ، غەزەپ بىلەن ئۈچۈپ ئەرشكە چىقىپ كېتىپتۇ ۋە باشقا سەنەملەر بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، بىر ۋەھشى كالا جىننى تۈرۈك شەھەرىگە ئەۋەتىشنى بەلگىلەپتۇ. بۇ كالا جىن ئاغزىدىن ئوت چاچالايدىغان بولۇپ، ئاغزىنى ئاچسىلا ئاغزىدىن چىققان ئوت نەچچە يۈز ئادەمنى ئورتەپ تاشلايدىكەن. بىراق، ئۇ ئىنسانلار ئارىسىغا چۈشۈش بىلەنلا، گىلگامىش بىلەن ئانكىدۇ ئۇنى تازا دۇمبالاپتۇ. سەنەم بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، نۇرغۇن كىچىك سەنەملەرنى باشلاپ ئۇنى قۇتقۇزۇشقا چۈشۈپتۇ، بىراق، گىلگامىشلار بۇ كالا جىننى ئولتۇرۇۋەتكەن ئىكەن. قەھرىمان گىلگامىش بىلەن ئەزىمەت ئانكىدۇ ئىككىيلەن خەلققە ئاپەت ياغدۇرغان يەنە بىر زىيانداشنى يوقىتىپتۇ.

زەھەرلىك قىستى ئىشقا ئاشمىغان سەنەم تۈرۈك شەھەرىدە ھوكىرەپ يىغلاپتۇ. ئانكىدۇ ئۇنى تازا مەسخىرە قىلىپتۇ، كالا جىننىڭ بىر يوتىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە ئېتىپتۇ. سەنەمنىڭ يۈز - كوزى قانغا مىلىنىپتۇ.

— ھا، ھا! — دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ ئانكىدۇ، — قۇلفسىگنى دىلىڭ تۇتۇپ ئاتالا، سېنى تۇتۇۋالىدىغان بولسام، سېنىمۇ ئاشۇنداق جايلايمەن!

سەنەمنىڭ رەڭگى ئۆچۈپ كېتىپتۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئانكىدۇ كالا جىننىڭ قارنىنى يېرىپ، ئۇنىڭ ھەم ئۇزۇن، ھەم توم ئاغامچىغا ئوخشايدىغان ئۈچەي.

ماڭا ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

— دېڭىز ئاستىدا بىر توپ گىياھ ھايات بار، سەن
ئۇنى قولغا چۈشۈرەلىسەڭ مەڭگۈ قېرىمايسەن.

— مەن ھازىرلا دېڭىز ئاستىغا چۈشىمەن! — دەپتۇ
قەھرىمان ۋە شۇ زامات دېڭىزغا سەكرەپ چۈشۈپ، دېڭىز ئاس-
تىدىكى ھېلىقى گىياھنى ئېلىپ چىقىپتۇ.

— مۇشۇ گىياھنى يېسەڭ مەڭگۈ ياشايسەن! — سەنەملەر
پەرىنىڭ بۇ سۆزى قەھرىماننىڭ قۇلىقى تۈۋىدە جاراڭلاپتۇ.
لېكىن ئۇ ئۆزۈك شەھىرىدىكى مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان ئەمىن
ياشاۋاتقان ئاق كۆڭۈل خەلقلەرنى ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ
مېھرىگىياھنى شەھەرگە ئېلىپ بېرىپ، ھەممە ئادەمگە يېگۈزۈش قارا-
رىغا كېلىپتۇ.

«ئۆزەمنىلا ئويلىسام بولمايدۇ، بەختتىن كەڭ قېرىنداشلار
بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇشۇم كېرەك» دەپتۇ ئۇ ئۆز- ئۆزىگە.
قەھرىمان يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ كۆلگىنىچە
ئۇنىڭ ئالدىدا بىر دەشت ئۇچراپتۇ، قەھرىمان داۋاملىق
…ئالغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. ئۇ مېڭىۋېرىپ ئاخىر بىر بۇلاقنى ئۇچ-
…تىپتۇ. بۇ چاغدا قەھرىماننىڭ ئۇسسۇشى چېلىق - چېلىق
…ەرگە چۈشكەن ۋە توپا باسقان ئىسكەن، ئۇ مېھرىگىيانى بىر
…ەتتە قويۇپ، يۇيۇنۇۋالاي دەپ بۇلاققا سەكرەپ چۈشۈپتۇ.
يۇيۇنۇپ بولۇپ قىرغاققا چىقسا مېھرىگىيا يوق تۇرغۇ-
…ك. بۇنىڭدىن قەھرىمان تىت - تىت بولۇپ، ھەممە يەرنى
…لەپتۇ، قارىغىزدەك بولسا بىر چەتتە بىر قېرى يىلان مېھرى-
…انى يەۋاتقىزدەك. قەھرىمان ئېتىلىپ بارسا، ھېلىقى يىلان
…ە تاشلاپ، ياشىرىپ قېچىپ كېتىپتۇ.

«ئەھۋالدىن قارىغاندا يىلان تېرە تاشلاپ مەڭگۈ ياشاي-

— مەن ھېچنەرسىدىن قورقمايمەن! — دەپ جاۋاپ
بېرىپتۇ گىلگامىش ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي.
غايەت چوڭ چايان جىن چىقىپ ئاغزىنى ئېچىپ نەشتىرىنى
چىقىرىپتۇ. گىلگامىش چەبدەسلىك بىلەن ئۆزىنى قاچۇرۇپتۇ.
يول تۈگەپتۇ، گىلگامىش بىر ئۆڭكۈرگە كىرىپ، يولنى
داۋاملاشتۇرۇپتۇ.
— گىلگامىش ئاۋارە بولما، سەنەملەر پەرىنى تاپالماي
سەن! — دەپ تەۋسىيە قىلىپتۇ ئەرشتىكى بىر سەنەم.
— ھېچنەرسىدىن قورقمايمەن! — دەپتۇ گىلگامىش
ئالغا قاراپ كېتىۋېتىپ.
ئۇ ماڭا - ماڭا چەكسىز بىپايان توختام سۇغا دۇچكېلىپ-
تۇ، بۇ سۇغا كىرگەن كىشى جېنىدىن جۇدا بولىدىكەن. گىلگامىش
بىر كېمىچىنى كوندۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن كېمە ھەيدەپ ئاخىر
سەنەملەر پەرى تۇرغان جايغا — بەخت ئارىلىغا بېرىپتۇ.
— ھۆرمەتلىك سەنەملەر پەرى، ئادەمنىڭ مەڭگۈ ئۆل-
مەسلىكى مۇمكىنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ قەھرىمان.
— مەڭگۈ ئۇرۇلۇپ چۈشمەيدىغان ئۆينى كۆرگەنمۇ
سەن؟ مەڭگۈ ئايرىلماس ئاكا - ئۇكىنى كۆرگەنمۇ سەن؟
ئاللاتائالا ئۆلۈمنى ھەممە ئىنسانلارنىڭ پىشانىسىگە پۈتكەن، غەپ-
لەتتە ياتقان ئادەمنىڭ ئۆلگەن ئادەمدىن نېمە پەرقى بار؟
— سىز قانداق قىلىپ مەڭگۈ قېرىمايدىغان سەنەملەر پەرى
بولغان؟
— ئۇ چاغلاردا سەنەملەر ئىنسانلارنى بەربات قىلىش
ئۈچۈن كەلكۈن كەلتۈردى. بەختكە يارىشا بىر ئاق كۆڭۈل
سەنەم بۇ سىرنى ماڭا ئېيتىپ قويدى.
— ئۇنداق بولسا، سىز مەڭگۈ ئۆلمەسلىكنىڭ سىرىنى

# كۈچلۈك ھەربى دولەت — ئاسۇرىيە

سۇرىيىنىڭ پايتەختى دەمەشقنى توپ - توغرا بىر يىل مۇھاسىرە قىلىۋالغان قۇدرەتلىك ئاسۇرىيە قوشۇنلىرى ئەمدىلىكتە ئومۇمى ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئالدىدا تۇرماقتا ئىكەن.

دەمەشق شەھەر دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا توت تال تۈۋرۈك قادالغان. ھەر بىر تۈۋرۈككە كىيىملىرى جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن، پۈتۈن بەدەنلىرى تاياق دەستىدىن تىتىلىپ پارە - پارە بولۇپ كەتكەن بىردىن ئەسىر باغلاپ قويۇلغان. بۇ 4 كىشى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشكەن سۇرىيە سەردارلىرى ئىكەن.

ئاسۇرىيە ئەسلىدە بابىلنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى بىر كىچىك دولەت بولۇپ، ئۇ تىگىت دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىغا جايلاشقان، بۇ دولەت مىلادىدىن 2000 نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىلا قۇرۇلغان. مىلادىدىن ئىلگىرى 8 - ئەسىرگە كەلگەندە ھەربى تەلىم - تەربىيىنىڭ كۈچەيتىلىشى ۋە قورال - ياراقنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىشى ئارقىسىدا، ئاخىر شۇ زامانلاردىكى "دۇنياۋى" (غەربىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا دېڭىز رايونلىرى كوزدە تۇتۇلىدۇ) كۈچلۈك ھەربى دولەت بولۇپ قالغان. ئۇ مىلادىدىن ئىلگىرى 743 - يىلى كىچىك ئاسىيا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنى بېسىۋالغان. ئارىدىنلا يەنە مىلادىدىن ئىلگىرى 732 - يىلى سۇرىيىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ-

دىغان بولدى، ئىنسانلار بولساق قېرىيدىغان ۋە ئۆلىدىغان بولدۇق" دەپ ھەسرەت چېكىپتۇ قەھرىمان.

ئۇ كىشىلەردىن بىردەممۇ ئايرىلالمايدىغان بولغاچقا، ئۇرۇك شەھىرىگە قاراپ توختىماي چېپىپتۇ.

داستان· «گىلگامىش» قەدىمقى بابىل ئەدەبىياتىدىكى گو-ھەر. ئۇنىڭدا ئېگىلمەس - پۈكۈلمەس جەڭگىۋار روھقا ئىگە قەھرىمان ياۋىتىلغان. ئەمما بۇ قەھرىمان ئۆز نۆۋىتىدە مەڭگۈ خەلققە مەنسۇپ. بۇ داستاندا، ئادەم ئاخىر ئۆلىدۇ، لېكىن خەلق ئىشلىرى مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ، دىگەن ئاددى ئەمما چوڭقۇر پەلسەپىۋى قائىدە شەرھىلەنگەن: مانا بۇلار ئىككى دەريا ۋا-دىسىدىكى خەلقلەرنىڭ ئالىيجاناپ ئىرادىسىنىڭ بەدىئىي ئوبرازى بولۇپ، ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان كىشىلەرگە تەربىيە ۋە ئىلھام بولۇپ كەلمەكتە.

قاتار ـ قاتار تىزىلغان سېپىل بۇزغۇچتىكى چوڭ مىسى يوغان سېپىلدىكى بىر ئۇستىھكامغا شىددەت بىلەن ئۇرۇلغان. "گۈپ!"، "گۈپ!"، "گۈپ!" قىلغان ئاۋاز بىلەن تەلا ئۇستىھكام لىڭگىلىپ، كېسەكلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن.

ئۇستىھكامدىكى سۈرىيە ئەسكەرلىرى ئالاقزادە بولۇپ ئوت ئوتلاشتۇرۇلغان ئوقيا ئاتقان. ئوقيا "ۋىژ!"، "ۋىژ!" قىلىپ بوشلۇقتا ئوت ئۇچقۇنلىرى پەيدا قىلغان. بىراق قوللىرىغا قالقان ئالغان ئاسۇرىيە ئەسكەرلىرى ئوقنى تېزلا ئۆچۈرۈۋالغان.

سۈرىيە ئەسكەرلىرى ئوقيا بىلەن ئېتىلغان ئوقنىڭ ئۈنۈم بەرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆك مىستىن ياسالغان زەنجىر تاشلاپ سېپىل بۇزغۇچنى ئورۇۋەتمەكچى بولغان. بىراق، ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان بىرقانچە ئاسۇرىيە ئەسكىرى زەنجىرگە مەھكەم ئېسىلىۋېلىپ، ئۇنى قارقىۋالغان.

بازغان "گۈپ!"، "گۈپ!" قىلىپ ئۇرۇۋەرگەچكە ئۇستىھكام ئاخىر ئۆرۈلۈپ چۈشكەن.

ئەسكەرلەر سېپىل بۇزغۇچنى دەمەشقنىڭ شەھەر دەرۋازىسىغا ئېلىپ كېلىپ، دەرۋازىغا ئۇرغىلى تۇرغان، ئۇزاق ئۆتمەيلا دەرۋازا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. ساۋۇت ۋە دۇبۇلغا كىيىشكەن ئاسۇرىيە ئەسكەرلىرى قوللىرىدا مىس قالقان ۋە نەيزە، ئاي پالتا ۋە يالمانلىق نەيزە تۇتقان پېتى دەمەشق شەھىرىگە شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كىرگەن.

سۈرىيىلىكلەر داۋاملىق تۈرلۈك قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن. شىددەتلىك كوچا ئۇرۇشى يەتتە كېچە ـ كۈندۈز داۋام قىلغان. ئاسۇرىيە ئەسكەرلىرى شەھەر خەلقىنى ۋەھشىلىك بىلەن قىرغان: ئۇلارنىڭ باشلىرىنى مىجىۋەتكەن، بويۇنلىرىنى كېسىپ تاشلىغان، ئۇلارنىڭ ئۆي ـ جايلىرىنى كۆيدۈ-

نىڭ پايتەختى دەمەشقنى مۇھاسىرە قىلىۋالغان.

— "چوڭ چېۋىن" نى ئېلىپ كېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن ئاسۇرىيە پادىشاسى.

ئەسكەرلەر 20 دانە "چوڭ چېۋىن" نى دەرھال سۆرەپ ئېلىپ كەلگەن. "چوڭ چېۋىن" دېگىنى ئاسۇرىيە قوشۇنىدىلا بار بولغان بىر خىل ھۇجۇم قورالى ئىكەن. بۇ كاتتا ياغاچ سۇۋەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە ياسالغان ئىككى غالافما تەخسە بار ئىكەن، ئۇنىڭغا ئات ھايلى ۋە كاۋچۇك دەرەخنى قوۋزىقىدىن ئېتىلگەن ئاغامچا ئۆتكۈزۈلگەن ئىكەن. كۆچەپ تارتىلغان بولسا، يوغان - يوغان تاشلارنى ۋە كۆيۈپ تۇرغان ماي تۇلۇملىرىنى ئاتقىلى بولىدىكەن.

— ئات! — دەپ بۇيرۇق بەرگەن ئاسۇرىيە پادىشاسى.

تاش ۋە ماي تۇلۇملىرى سېپىلگە يامغۇردەك ياغدۇرۇلغان. قېلىن دەمەشق شەھەر سېپىلىنىڭ بىرقانچە يېرى ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ۋە بىرقانچە يېرىگە ئوت تۇتاشقان.

— بار! — "سېپىل بۇزغۇچى" نى ئېلىپ كەل! — دەپ بۇيرۇق بەرگەن پادىشا.

ئەسكەرلەر تېزدىن "چوڭ چېۋىنلەر" نى سۆرەپ ئېلىپ كېتىپ، ئورنىغا ئۈچى ئۈچلۈك "سېپىل بۇزغۇچى" نى كەلتۈرگەن. بۇنداق قورال چوڭ قاسقان شەكلىدە بولۇپ، ئاستىغا 4 دانە چاق ئورنىتىلغان، ئالدى تەرىپىگە ئېغىر ھەم توم چوڭ مىس بازغان ئورنىتىلغان. چوڭ مىس بازغاننىڭ ئۇچى ئۈچلۈك ئىكەن، ئۇ ئالدى تەرەپكە قارىتىلغان بولۇپ كەينىدە تۇرۇپ تاسما بىلەن تارتىپ ھەركەتلەندۈرۈلىدىكەن.

— ھۇجۇم قىلىڭلار! — دەپ يەنە بۇيرۇق بەرگەن ئاسۇرىيە پادىشاسى،

لىرنى چاپتۇرۇپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىگەن. ئۇلارنىڭ ھەر-بىر يۈرۈشى ناھايىتى تېز بولغان، ھەتتا دەريالاردىن ئۆتكەندىمۇ قىينالمىغان، ئۇلار يەل بېرىلگەن تۇلۇملار بىلەن دەريادىن ئۈ-تۈشكە ماھىر بولغاچقا، بۇنداق تۇلۇملارنى بىر - بىرىگە چېپىپ، ئۇلارنى بۇ قىرغاقتىن ئۇ قىرغاققىچە قاتار تىزىپ، ئۈستىگە شاخ - شۇمبا ياتقۇزۇپ ھەربىي ئاسما كۆۋرۈك ياسىغان، بۇنداق كۆۋرۈكتىن ھەتتا ئۇرۇش ھارۋىلىرىمۇ ئۆتەلىگەن. ئا-سۇرىيە پادىشاسى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ تەسلىم بولغانلىقى ئۈچۈن-مىغان دولەتلەردىن ئىنتايىن دەھشەتلىك ئۇسۇللار بىلەن ئىنتىقام ئالغان. ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، پادىشا دائىم ئە-سىرگە ئېلىنغان 4 پادىشا سورىگەن ئىككى چاقلىق ھارۋىغا ئولتۇرۇپ، ئۆز پايتەختىنى ئايلىنىپ چىققان. كوچىلارغا ئۇرۇش-تا مەغلۇپ بولغان دولەتلەرنىڭ ئەسىرگە چۈشكەن ئاقسوڭەك-لىرى سولانغان قەپەزلەرنى كورگەزمە قىلىپ قويغان. شۇڭا ئا-سۇرىيە قوشۇنلىرى يېتىپ كېلىش بىلەن نۇرغۇن دولەتلەر دەر-ھال تەسلىم بولغان. مىلادىدىن ئىلگىرى 729 - يىلى ئاسۇرىيە پۈتۈن بابىلنى بېسىۋالغان.

ئاسۇرىيىنىڭ پىشقەدەم پادىشاسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋارىسى مىلادىدىن ئىلگىرى 671 - يىلى مىسىرنى، مىلادىدىن ئىلگىرى 639 - يىلى ئىران ئىگىزلىگىنى بېسىۋال-غان. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئاسۇرىيە شۇ زامانلاردا دۇنيادا ئەڭ قۇدرەتلىك بولغان ئىككى مەدەنىي دولەتنىڭ — مىسىر بىلەن بابىلنىڭ پۈتۈن زېمىنىنى ئۆزىگە قارىتىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەتراپتىكى رايونلارغا كېڭىيىپ، شىمالدا كاۋكاز تاغ تىزمىلىرىدىن جەنۇبتا نىل دەرياسى ۋادىسىغىچە، شەرقتە پىرسىيە بوغىزىدىن غەربتە ئوتتۇرا دېڭىزغىچە بولغان كەڭ



ئاسۇرىيە قاپارتما ھەيكىلى

رۇۋەتكەن، مال - مۈلكىنى بۇلاپ كەتكەن، بالا - ۋاقىلىرىنى ئەسىرگە ئېلىپ كەتكەن.

8 - كۈنى ئۇرۇش ئاياقلىشىپ، پۈتۈن ئەزايى جاراھەت ۋە قان بىلەن تولغان دەمەشقنىڭ پادىشاسى باغلانغان پېتى ئاسۇرىيە پادىشاسىنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلگەن.

— ئۆلتۈرۈلسۇن! — دەپ ۋاقىرىغان ئاسۇرىيە پادىشاسى ۋەھشىلىك بىلەن.

دەمەشق پادىشاسىنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا قىلىنغان. كېيىن بەزىلەر دەمەشق شەھىرىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىغا بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، كېسىلگەن ئادەم بېشى كىچىك - كىچىك تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن. يەنە مىڭغا يېقىن ئەسىر ئاستا - ئاستا ئازابلىنىپ ئۆلسۇن دەپ ئۇچى ئۇچلۇق قوزۇقلار قېقىلغان تۈۋرۈككە باغلانغان. ئۇششاق باللارغا ئاسۇرىيىلىكلەر قىلچىمۇ رەھىم قىلماي، شۇ جايدىلا قىرىپ تاشلىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن دۆۋە - دۆۋە ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، پىل چىشى ۋە باشقا قىممەتلىك بۇيۇملارنى ھارۋىلارغا بېسىپ ئاسۇرىيىگە ئېلىپ كەتكەن.

ئاسۇرىيە قوشۇنلىرى ھارۋىلىرىنى غويۇلدىتىپ ھەيدەپ، ئات-

# مۇئەللەق باغچا

ياز كۈنلىرى بابىلدا ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىق بولىدىكەن.
ىز يەردە ئېگىز تاغ، ئورمان بولمىغاچقا قۇياشنىڭ نۇرى تۇغ-
رىدىن تۇغرا يەرگە چۈشىدىكەن. ئۇزاق ۋاقىت يامغۇر ياغ-
مىغانلىقى، ئىسسىق شامال چىقىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن يەرلەر
يېرىلىپ، زىرائەتلەر قۇرۇپ كېتىشكە باشلاپتۇ. لېكىن كىشىلەر
باشلىرىنى كۆتۈرۈپ بابىلۇن شەھىرىگە قارىغۇدەك بولسا، ئاسمان-
دا دەل - دەرەخ، گۈل - گىيالار ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك
ياپ - يېشىل كۆكىرىپ تۇرىدىكەن. بۇ قانداق ئىش؟ بۇ پۈتۈن
ئالەمگە مەشھۇر بولغان قەدىمقى بۈيۈك قۇرۇلۇش --- مۇئەللەق
باغ ئىكەن.

## مۇئەللەق باغ قانداق ياسالغان؟

مىلادىيەدىن ئىلگىرى 614 - يىلى بابىل قوشۇنلىرى
لەن ئىران ئېگىزلىكىدىكى مېدىيە قوشۇنلىرى بىرلىشىپ، بىر-
كتە ئاسسۇرىيىگە ھۇجۇم قىلغان. مېدىيە قوشۇنلىرى ئاتاقلىق ئۇ-
ۇش تاكتىكىسى بىلەن ئاسسۇرىيە شەھىرىنى ئىشغال قىلغان!
ئىككى دۆلەتنىڭ پادىشالىرى مەزكۇر شەھەرنىڭ خارابىسـ
قانداق قىلىپ بىرلىكتە ئەسكەر چىقىرىپ ئاسسۇرىيىنى يوق-
نىڭ چوڭ پىلانى ئۈستىدە مەسلىھەت ئېلىپ بارغان. دوس-
ئىتتىپاقنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئىككى دۆلەت پادىشا-
ى بابىل شاھزادىسى بىلەن مېدىيە مەلىكىسىنى نىكاھلاش-
نى بەلگىلىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىككى تەرەپ ھەمكار-

زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان "دۇنياۋى" بۈيۈك ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان.

بىراق، سىرتقا قارىتا دەھشەتلىك تۇردە بۇلاڭچىلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش، ئىچكى جەھەتتە ئەمگەكچىلەرنى قۇل قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغان ئاسۇرىيە ھەربىي ئىمپېرىيىسى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئانچە ئۇزاققا داۋاملاشتۇرالمىغان. 100 يىلغا يەتمەيلا ئاسۇرىيە بويسۇندۇرۇۋالغان بىرمۇنچە دۆلەتلەر ئارقا – ئارقىدىن قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئارقا – ئارقىدىن ئاسۇرىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ تەۋەلىكىدىن چىقىپ كەتكەن. ئاسۇرىيىنى قالايمىقانچىلىق – پاتپاراقلىق باسقان. مىلادىيەدىن ئىلگىرى 612 – يىلى ئىران ئېگىزلىكىدىكى مىدىيە بىلەن ئىككى دەريا ۋادىسىدىكى بابىل بىرلەشمە ئارمىيىسى ئاسۇرىيەنىڭ پايتەختى نىنەۋىيەنى ئىشغال قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا بىر مەھەل دەۋران سۈرگەن ئاسۇرىيە ئىمپېرىيىسى ئاخىر ھالاك بولغان.

قەۋەت دەپ ئۈچ قەۋەتكە بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەر بىر قەۋەتنىڭ ئۈستىگە سۇ ئۆتۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قاراماي يالىتىلغان يۇلغۇن باسۇرۇلغان. ھەر ئېھتىمالدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۈستىگە ئىككى قەۋەت خىش ياتقۇزۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر قەۋەت قوغۇشۇن ئېرىتىلگەن. مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۈستىگە قەۋەتمۇ - قەۋەت مۇنبەت تۇپا ياتقۇزۇلۇپ، ھەر خىل ئېسىل گۈل - گىيالار ۋە دەل - دەرەخ تىكىلگەن. بۇ گۈل - گىيا، دەل - دەرەخلەر يىراقتىن قارىسا ئاسمان بوشلۇقىدا تۇرغاندەك كۆرۈنگەچكە "مۇئەللەق باغ" دەپ ئاتالغان.

شۇنچە ئېگىز يەرگە گۈل - گىيا، دەل - دەرەخ تىكىلگەندىن كېيىن ئۇنى سۇغىرىش بىر مەسىلە بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن سۇنى تاغنىڭ ئۈستىگە ماشىنا كۈچى بىلەن سۇ چىقىرىپ سۇغىرىش ئۈسكۈنىلىرى ئورنىتىلىپ، پىقىرىما ناسوس بىلەن ئېفرات دەرياسىدىن توختىماي سۇ تارتىپ تۇرۇلغان. شۇ زامانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ نەقەدەر مۇشكۈل قۇرۇلۇش - ھە!

مۇئەللەق باغ ئىچىگە يەنە ھەشەمەتلىك سارايلار سېلىنغان بولۇپ، پادىشا بىلەن خانىش بۇ سارايلاردا تۇرۇپ پۈتۈن شەھەر مەنزىرىسىنى كۆرۈپ تۇرالايدىكەن. ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، مېدىيە مەلىكىسى شۇنىڭدىن تارتىپ شات - خوراملىققا چۆكۈپ، يۇرتىنى ئۇنداق قاتتىق سېغىنمايدىغان بولغانمىش.

ئەمەلىيەتتە، مۇئەللەق باغ بابىلۇن شەھىرىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىدىنلا ئىبارەت بولغان. نېبۇچادنېززار بابىلۇن شەھىرىنى شۇ چاغدا دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا شەھەرلەردىن قىلىپ قۇرغان. پۈتۈن شەھەر تاملىرىنى خىش بىلەن

لىشىپ ئۇرۇش قىلىپ، ئاخىر مىلادىدىن ئىلگىرى 605 - يىلى
"دۇنيا" غا خوجايىنلىق قىلىپ تۇرغان كۇچلۇك ھەربىي دولە
ئاسۇرىيىنى مۇنقەرز قىلغان.
مىلادىدىن ئىلگىرى 604 - يىلى بابىل پادىشاسى ۋاپا
بولغان. يېڭى پادىشا نېبوچادىنزار تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن
توي مەرىكىسى ئوتكۈزۈپ، مىدىيە مەلىكىسى سەمراسنى ئەم
رىگە ئېلىپ، ئۇنى خانىش قىلغان. بىراق خانىش بابىلغا بېرىپ
تۇزلەڭلىك، سېرىق توپىلىق جايلارنى كورۇپلا يۇرتىنى سېغى
نىشقا باشلىغان. ئۇ كۇن بويى چىراي ئاچمىغان، ئۇنىڭ كېلە
دىن سۇ، تائام ئوتمىگەن، ساھىپجامال بۇ مەلىكە ئورۇقلاپ
سوڭەك بولۇپ قالغان.
بۇ ھالنى كورگەن پادىشا نىمە قىلىشنى بىلمەي پايپېتەك
بولغان. ئېگىز - ئېگىز تاغلىرى، بوك - باراخسان ئورمىنى بار
ئىران ئېگىزلىكى خانىشنىڭ يۇرتى ئىكەن. بىراق بابىلدا ھەت
تا بىر تال تاشمۇ تېپىلمايدىكەن قانداق قىلىش كېرەك؟ پا-
دىشا نۇرغۇن بىناكارلىق ئۇستىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، پايتەختتە
بىر چوڭ سۇنئىي تاغ ياساشنى تاپشۇرغان.
نۇرغۇنلىغان قۇللارنىڭ قان - تەرلىرىنى ئاققۇزۇپ بىر-
نەچچە يىل ئەجرى قىلىشى ئارقىسىدا ئاخىر بىر چوڭ سۇنئىي
تاغ ياسالغان.
بۇ سۇنئىي تاغنىڭ ھەر بىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇغى 120
نەچچە مېتىر، ئېگىزلىكى 25 مېتىر بولۇپ، تاش تۇۋرۇك ۋە
شىبەن تاش بىلەن بىر قەۋەت - بىر قەۋەتتىن ئېگىز قىلىپ قو-
پۇرۇلغان. بۇ تاشلارنىڭ نەچچە يۇز كىلومېتىر كېلىدىغان
يىراق جايلاردىن توشۇپ كېلىنگەنلىگىگە گەپ كەتمەيدۇ. ئەل-
ۋەتتە. سۇنئىي تاغ ئۇستى قەۋەت، ئوتتۇرا قەۋەت ۋە تووەن

ئىككى چېتىگە قىزىل رەڭ بېرىلگەن، شىبەن تاشلارغا مىخ يېزىق بىلەن خەت ئويۇلغان. مۇقەددەس يولىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى تاملارغا ھەر خىل قىياپەتتىكى تىرىك شىرلاردىك كۆرۈنىدىغان ئاق رەڭلىك ۋە ئالتۇن رەڭلىك شىر ھەيكەللىرى چۈشۈرۈلگەن. مۇقەددەس يولىنىڭ ئايىغىدا دىئامېتىرى 70 - 60 مېتىر كېلىدىغان چوڭ ئىبادەتخانا ھەممە پەلەككە يېتىدىغان 7 قەۋەتلىك مۇنار سېلىنغان. ئىبادەتخانىنىڭ ئالدى تەرىپىگە مەرمەر تاشتىن بىر كۆلچەك ياسالغان، رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ پۈتكۈل



مىلادىدىن ئىلگىرى 6 ـ ئەسىردىكى بابىلون شەھرى

قورشىۋالغان ھەمدە پۈتۈن شەھەر تاملىرىغا سىر بەرگەن. سېرىق
رەڭلىك سېپىل تۆت چاسا شەكىلگە كىرگەن. يۇنان تارىخشۇناس
لىرىنىڭ تەسۋىرلىشىچە شەھەر سېپىلى 22 كىلومېتىر كېلىدى
كەن. سېپىلى ئىنتايىن قېلىن بولۇپ، ئۈستى تۆت ئات تەڭ ما
ڭالايدىغان يول ئىكەن. شەھەرنى چۆرىدىگەن ھالدا ھەر 40
نەچچە مېتىر ئارىلىقتا بىردىن، جەمئىي 300 نەچچە راۋاق سې
لىنغان. سېپىل ئىچكى ـ تاشقى 3 قەۋەت بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ
قېلىنلىقى 3 مېتىر، بەزىلىرىنىڭ 8 مېتىر كېلىدىكەن. سېپىل
تاملىرىنىڭ ئارىلىقىدا خەندەك بار ئىكەن. پۈتۈن شەھەرنىڭ
يۈز نەچچە دەرۋازىسى بولۇپ، ھەممىسىنىڭ راملىرى، تۇغرا
لىمى ۋە ئىشىكلىرى مىستىن قۇيۇلغان ئىكەن. بۇنىڭدىن باش
قا، شەھەر سېپىلى ئۈستىدە سۇ كۈچى بىلەن مۇداپىئەلىنىش قۇ-
رۇلمىسى بولۇپ، دۈشمەن ھۇجۇم قىلىپ كەلگۈدەك بولسا، سۇ
قويۇپ بېرىپ شەھەر سىرتىدىكى يەرلەرنى سۇغا باسۇرۇۋاتقىلى
بولىدىكەن. دېمىسىمۇ "پولاتتەك مۇستەھكەم" ئىكەن.

بابىلون شەھىرى يەنە سەنئەت شەھىرى بولغان. شىمالىي
دەرۋازىسىنى ئالساق، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى تونىنا، ئىگىز-
لىكى 12 مېتىر كېلىدىغان بولۇپ، ئىككى تەرىپىدىكى گۈزگە
ئاشلىنىپ تۇرىدىغان ئىككى راۋاق ئۇنى ئارىغا ئېلىپ تۇرغان.
دەرۋازا تېمى ۋە راۋاقچە كۆكۈچ سىرلىق خىش بىلەن
زىننەتلەنگەن بولۇپ، خىشلارغا سىۋىتى ئېنىق، شەكلى ھەر خىل
ھالەتتىكى ياۋا كالا، ئەجدىھا ۋە تۈرلۈك ھايۋانلار شەكلىدە
575 قاپارتما ھەيكەل ئويۇلغان. شەھەر ئىچىدىكى جەنۇب
بىلەن شىمالنى تۇتاشتۇرىدىغان يول "مۇقەددەس يول" دەپ ئا-
تالغان. بۇ يول پۈتۈنلەي بىر مېتىر كېلىدىغان تۆت چاسا ھاك
تاش بىلەن ياسالغان بولۇپ، ئوتتۇرىسىغا ئاق رەڭ ياكى ئەترەڭ،

# كۇرۇسنىڭ بابىلنى ئىشغال قىلىشى

مىلادىدىن ئىلگىرى 538 - يىلى قەدىمقى مەدەنىي دۆلەت بابىل ئەڭ خەتەرلىك دەۋرگە قەدەم قويغان.

پايتەختى بابىلۇن شەھىرىنى پىرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قوشۇنلىرى خېلى بىر مەزگىل قورشىۋالغان. پىرسىيە پادىشاسى كۇرۇس بابىل پادىشاسىنى تەسلىم بولۇشقا قايتا - قايتا ئۈندىسىمۇ، لېكىن ئۇ داۋاملىق تۈردە قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن.

— ئۇلار نىمىتى؟ — دېگەن بابىل پادىشاسى ئىشەنچ بىلەن، — كۇرۇس قوشۇنلىرى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا پېتىندىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئېفرات دەرياسىغا غەرق قىلىۋېتىمەن! — ئەسلىدە بابىلۇن شەھىرىنىڭ مۇداپىيە ئەسلىھەلىرى ئىنتايىن پۇختا ئىكەن، سېپىللىرى قېلىن، ئىستىھكاملىرى پۇختا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئالاھىدە بولغان سۇ قويۇپ بېرىش سېستىمىلىرىمۇ بار ئىكەن. توساقنى ئېچىۋەتسىلا ئېفرات دەرياسىنىڭ سۈيى بابىلۇن شەھىرىگە باسۇرۇپ كېلىپ، شەھەر تېشىدىكى يەرلەرنى كۆلگە ئايلاندۇرۇۋېتالايدىكەن.

— پادىشا ئالىيلىرى، پىرسىيە قوشۇنلىرى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كەلدى! — دەپ ئالدىراپ خەۋەر قىلىپتۇ پادىشا مۇھاپىزەتچىلىرىدىن بىرى بىر ئاخشىمى.

— سۇ قويۇپ بېرىڭلار! — دەپ ئەمىر قىلىپتۇ پادىشا ۋە ياتاقخانىسىغا قايتىپ خۇشخەۋەر كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

دۇنيانىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ مەنبەسىمىش. شۇڭا بابىلون شەھ
گە كىرگەنلەر ئەپسانىۋى ئالەمگە كىرگەندەك بولىدىكەنمە

بابىلون شەھىرى ئېفرات دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىس
(هازىرقى ئىراقنىڭ باغدات شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا) سېلىنغان،
مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەلل
نىڭ سودىگەرلىرى بۇ يەرگە كېلىپ تۇرغان، شۇ چاغلاردا
شەھەر ئاسىيانىڭ غەربىدىكى مەشھۇر سودا ۋە مەدەنىيەت م
كىزى بولۇپ، "ئەرشنىڭ دەرۋازىسى" دەپ ئاتالغان. مىلادىد
ئىلگىرى 4 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، بۇ باي شەھ
گۈللىنىشتىن خاراپلىنىشقا يۈزلەنگەن، مىلادىدىن ئىلگىرى 2 -
ئەسىرگە كەلگەندە خارابىگە ئايلانغان. شەھەر ئىچىدىكى مۇئە
لەق باقچا كەلسەك، ئۇنىڭ ئىزى يېقىنقى يىللاردا تېپىلدى

مىلادىدىن ئىلگىرى 550 - يىلى كۇرۇس لەشكەر تارتىپ مېدىيە
خانلىقىنى يوقىتىپ، ئىران ئېگىزلىكىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن
ۋە قۇدرەتلىك پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان. شۇنىڭدىن
كېيىنلا ئۇ كىچىك ئاسىياغا ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، تاكى
ئېگەي دېڭىزى بويلىرىغىچە بارغان. ئۇنىڭدىن كېيىن جەنۇپقا
قاراپ يۈرۈش قىلىپ، فىنىك ۋە پەلەستىنلەرنى بوي سۇندۇرۇپ،
ئاخىرىدا ئوتتۇرا شەرقتىكى كۈچلۈك دۆلەت بابىلنى يوقاتقان.
پېرسىيە بوغىزىدىن تارتىپ ئوتتۇرا دېڭىزغىچە بولغان جايلار-
نىڭ ھەممىسى پېرسىيە زېمىنى بولغان.

كۇرۇس ئۆز زامانىسىدا دۇنيادىكى ئەڭ ئاۋات بولغان
بابىلۇن شەھىرىگە كىرگەندىن كېيىن پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ
پايتەختىنى بابىلۇن شەھىرىگە يۆتكەشنى قارار قىلغان ھەمدە
ئۆزىنى "ئالەمنىڭ پادىشاسى" دەپ جاكالىغان.

كۇرۇسنىڭ كېيىنكى قېتىملىق بوي سۇندۇرۇش ئوبيېكتى
مىسىر بولغان. بىراق، ئۇ مىسىرغا يۈرۈش قىلىشتىن ئىلگىرى،
ئاۋال ئۆزىنىڭ شەرقىي تەرەپتىكى ئارقا سېپىنى مۇستەھكەملەش
لازىملىقىنى بىلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەسكەر تارتىپ كاسپىي
دېڭىزغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، ئۇ يەردىكى ماساگېت دۆلىتىنى
ئۇنقەرز قىلماقچى بولغان.

ماساگېت خان ئوردىسىدا ئايال پادىشا جىددىي يىغىن چاقىر-
ان. ئايال پادىشا ئەلەملىك كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق
ىگەن:

— پېرسىيە قوشۇنلىرى يەرلىرىمىزنى بېسىۋالدى، خەل-
ىمىزنى قىردى، مېنىڭ جان - جىگەر ئوغلۇمنى ئۆلتۈردى،
ۇقۇم ئىنتىقام ئېلىشىمىز كېرەك!

— چوقۇم ئىنتىقام ئالىمىز! — دەپ قەسەم ئىچىشكەن

يېرىم كېچىدە تۇيۇقسىز چۇقان ـ سۈرەن كوتىرىلىپتۇ.
— چاتاق بولدى، پىرسىيە قوشۇنلىرى شەھەرگە باستۇرۇپ
كىردى! — دەپتۇ مۇھاپىزەتچى ئالاقزادىلىك بىلەن پادىشاھ
ياتىقىنىڭ ئىشىگىنى قېقىپ.
— نىمە ئۇلار قانات ياساپ كىرىپتىمۇ؟ — پادىشاھ
دەرھال شاھزادىنى ئەسكەر باشلاپ قارشىلىق كورسىتىشكە بۇيرۇپ
تۇ، بىراق كېچىكىپ قېلىپتۇ، چۈنكى بۇ چاغدا پىرسىيە قوشۇن
لىرى پۈتۈن بابىلۇن شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ بولغان ئىكەن.
بۇ قانداق ئىش؟
بابىل خانلىقىنىڭ ھوكومرانلىرى خان جەمەتى، باي
سودىگەر ـ تورىلەر، ھاپىزلاردىن ئىبارەت 3 گۇرۇھقا ئايرىلغان
گە چۈشۈپ يۇرۇشكەن ئىكەن، بىر ـ بىرىنىڭ پىي
ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، شەھەرگە جاسۇسلارنى كىر گۈزۈپ
باي سودىگەر ـ تورىلەرگە ۋە ھاپىزلارغا نۇرغۇن ئالتۇن
كۈمۈش بېرىپ، شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ئۇلارغا تەگمە
لىككە ۋەدە بەرگەن. شۇنىڭدەك، ئۇلارغا، بابىلۇن شەھىرىنى
تەقدىم قىلالىساڭلار كوپ ئىنئام بېرىمەن، دىگەن. بۇ ئەبلەخلەر
ئوز شوھرەتلىرىنى دەپ ۋەتەن ساتقۇچلۇق قىلىپ، ئېفرات دەر
ياسىنىڭ سۈيىنى باشقا تەرەپكە باشلىۋېتىپ، كېچىدە شەھەر
دەرۋازىلىرىنى پىرسىيە قوشۇنلىرىغا ئېچىپ بەرگەن. شۇنداق
قىلىپ كۇرۇس ھېچبىر كۈچ سەرپ قىلمايلا بابىل خانلىقىنى
يوقاتقان.
كۇرۇس پىرسىيە ئىمپىرىيىسىنىڭ ئاساسچىسى. پىرسىيلىك
لەر ئەسلىدە ئىران ئىگىزلىكىنىڭ جەنۇبىدا ياشايدىغان بولۇپ،
ئۇلارغا شىمال تەرەپتىكى مىدىيىلىكلەر ھوكۇمرانلىق قىلىدىكەن.

بېشى كېسىلىپ، قان قاچىلانغان قاپقا سېلىنغان.

كېيىنكى چاغلاردا كۇرۇسنىڭ جەسەدى پىرسىيىگە ئېلىپ كېلىنىپ كاتتا ھەم ھەشەمەتلىك قەۋرىگە دەپنە قىلىنغان. بۇ قەۋرە تا ھازىرغىچە ئىران ئېگىزلىكىدە ساقلانماقتا.

كۇرۇس ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى كامبۇسس ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، مىلادىدىن ئىلگىرى 525 - يىلى مىسىرنى مۇنقەرز قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن پىرسىيە ئىمپېرىيىسى بوي سۇندۇرغان دۆلەتلەر قوزغىلىپ قارشىلىق قىلغاچقا، پىرسىيە ئىمپېرىيىسى بىر مەھەل پارچىلانغان.

ۋەزىرلەر ۋە قوشۇن سەركەردىلىرى.

ئۇلار تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىر ئامالىنى تاپقان. ئاۋا
دۇشمەننى ئالداپ ئىچكىرىلەپ كىرگۈزۈپ، ئۇزلىرى يايلاۋ
ندى دەپ ئويلاپ، بىر قىسىم ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ
توپ - توغرا باستۇرۇپ كىرگەن. تۇيۇقسىزلا تەرەپ - تەرەپتىن
غەزەپلىك سادا ياڭراپ، بوكتۇرمىدىكى ماساگېت ئاتلىق ئە
كەرلىرى تۇشمۇ - تۇشتىن ھۇجۇمغا ئۆتكەن. قورشاۋ ئىچىدە
قالغان كۇرۇس چېكىنىشكە ئۇلگۇرەلمىگەن.

"ئالەمنىڭ پادىشاسى" قولغا چۈشكەن، ماساگېت ئەسكەر
لىرى ئۇنى ئايال پادىشانىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغان.

— ھوي قانخور زالىم، سېنى قانغا تويغۇزۇپ قوياي، —
دىگەن، ئايال پادىشا قاتتىق ئاۋاز بىلەن كۇرۇسنىڭ كوزىگە قولىنى
تىقىپ تۇرۇپ ھەم ئۇنىڭ بۇيرۇغى بىلەن كۇرۇسنىڭ



كۇرۇس قەۋرىسىنىڭ خارابىسى

رولفاندىن كېيىن، قەدىمقى مىسىر ۋە ئىككى دەريا ۋادىسىدىكى ئىلغار مەدەنىيات پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ناھايىتى تېز تارقاپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە قول سانائەت ئىشلەپ چىقىرىشى شۇنىڭدەك سودا ئىشلىرى ناھايىتى زور دەرىجىدە راۋاجلانغان. دارىئۇس I ھەممىگە خوجايىنلىق قىلىدىغان پادىشا بولۇپ قالغان.

بۇ پادىشانىڭ ھەيۋىسىنى تۇۋەندىكى ئەھۋالدىن كورۇۋالىڭلار:

ۋەزىرلەر بىر - بىرلەپ ئۇنىڭ ئالدىدا دۈم بولۇپ، ئۇنىڭغا باش ئۇرغان. ئۇردا يىغىنلىرىغا قاتناشقان چاغلاردىمۇ ۋەزىرلەرنىڭ تىنىقى پادىشاغا تېگىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، پادىشا بىلەن ۋەزىرلەرنىڭ ئارىلىقىغا پەردە تارتىلغان. دارىئۇس ئىگىز ئالتۇن تاج تاقىغان، ئۇستىگە جىگەررەڭ يەكتەك كىيگەن، بېلىگە ئالتۇن كەمەر باغلىغان، قولىدا ئالتۇندىن ياسالغان "زاكون تايىقى" تۇتقان، بۇدرە ساقال قويغان. ئۇ ئىشىكتىن چىقسا، بۇ ھەيۋەت خانىغا بىر توپ مۇلازىم ۋە مۇھاپىزەتچى كۇنلۇك تۇتۇپ ۋە ئۇنى يەلپۈپ ماڭغان. ئوردا ئىچىدە قول - دىدەكلەر، مۇزىكانت - نەغمىچىلەر، مىرزىلار، ئۇۋچىلار ۋە ئاشپەزلەر بولۇپ جەمى 15000 خىزمەتچى ئىشلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا دارىئۇسنىڭ مۇھاپىزەتچى قوشۇنىدا 12000 كىشى بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە نەيزىچىلەر 1000، ئاتلىق ئەسكەرلەر 1000، پىيادە ئەسكەرلەر 10000 ئىكەن. نەيزىچىلەر ئۇستىگە ساۋۇت كىيگەن، نەيزىلىرىنىڭ دەستىلىرىگە ئالتۇن ياكى كۇمۇشتىن ياسالغان شارىكچە ئورنىتىلغان. ئاتلىق ئەسكەرلەر ئۇستىگە قاسراقلىق ساۋۇت، بېشىغا چەكمەندىن دۇبۇلغا كىيگەن، ئۇلار قوللىرىغا ئوق - يا، شەمشەر ۋە قالقان ئالغان. پىيادە ئەسكەرلەر "ئولمەس ئەسكەرلەر" دەپ ئاتالغان، چۈنكى

# دارىئۇس I

ملادىدىن ئىلگىرى 522 - يىلى پىرسىيە پادىشاسى
دارىئۇس I پادىشالىق تەختىگە چىققان. ئۇ قولىدىن ئىش كېلە
دىغان پادىشا بولۇپ، ئۇنىڭ قاتتىق تەدبىرلەرنى قوللىنىشى
ئارقىسىدا، پەرسىيە ئىمپېرىيىسى يىگىۋاشتىن بىرلىككە كەلگەن
دارىئۇس I تەرەپ - تەرەپلەردە ئۇرۇش قىلىپ، بوي سۇندۇرۇل
غان دولەتلەرنىڭ قارشىلىقلىرىنى تىنچلاندۇرۇپ، شەرقتە ھىندى
دەرياسى ۋادىسىغا، غەرپتە سەھرايى كەبىر چۆلىگە قەدەر يېتىپ
بارغان، ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپا قىتئەلىرىدىكى بىر قىسىم
زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۈيۈك ئىمپىرىيىسىنى قۇرغان. ئۇ
ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، گرانىت تاشقا
يادنامە ئويدۇرۇپ قالدۇرغان. بۇ يادنامە تا بۈگۈنگىچە ئىراننىڭ
غەربىي قىسمىدىكى ئىگىزلىكى 450 مېتىر كېلىدىغان بېھىستۇن
قورام تېشىدا بار. يادنامىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە بېشىنى تىك
تۇتۇپ، كوكرىكىنى چىقارغان ھالدا غالىبلارچە ئىپتىخار بىلەن
تۇرغان دارىئۇسنىڭ پۈتۈن ھەيكىلى ئويۇلغان. دارىئۇسنىڭ پۇتى
ئاستىغا بىر توپ تىز پۈكۈپ ئولتۇرغان كىشلەرنىڭ ھەيكىلى
ئويۇلغان. يان تەرىپىگە يەنە بويىنىغا سىرتماق سېلىنغان، ئىككى
قولى ئارقىسىغا قىلىپ باغلانغان 9 ئەسىرنىڭ ھەيكىلى چۈشۈ-
رۈلگەن. بۇ ئادەملەر دارىئۇس مىسىر قاتارلىق دولەتلەرنىڭ
قارشىلىقىنى يەڭگەندە ئەسىرگە چۈشكەن 9 پادىشاھ ئىش.
ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپادىكى كەڭ جايلار بوي سۇندۇ-

يېمەك - ئىچمەك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشمۇ ئۇنىڭ بىر رولى
بولغان، ئەلۋەتتە.

دارىيۇس نۇرغۇن دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇلارنى "ئۆلكە" قىلىپ، ئۇلارغا بىۋاستە باش ۋالىي ئەۋەتىش يولى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلغان. بويسۇندۇرۇلغان دۆلەتلەرنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش ۋە بايلىقلىرى توختاۋسىز تۈردە بۇلۇنۇپ، پىرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختىگە يۆلەپ ئېلىپ كېلىنگەن. دارىيۇس ئۇستىلارغا ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئېرىتكۈزۈپ ۋە كوزىلارغا قۇيما قىلىنغان ئالتۇن ۋە كۈمۈشلەرنى خان غەزىنىسىدە ساق لىغان. دارىيۇس پۇلنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بوي سۇندۇرۇلغان جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئىمپېرىيىدە قويۇلغان تىللانى ئىشلىتىش توغرىسىدا پەرمان چىقارغان. تىللانىڭ ئوڭ يۈزىگە دارىيۇسنىڭ رەسىمى، ئارقا يۈزىگە ئوق - يا چىنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن. بۇنداق پۇل "دارىك" دەپ ئاتالغان. دارىيۇسنىڭ ئۇنچە كوپ قوشۇنىنىڭ ۋە كېلەڭسىز بيۇروكرات ئاپپاراتلىرى نىڭ چىقىمىنى بويسۇندۇرۇلغان دۆلەتلەر ئۈستىگە ئالغان، ... ئالغۇز مىسىرلا 120 مىڭ ئەسكەرنىڭ تەمىناتىنى ئۈستىگە ... ئالغان.

دارىيۇسنىڭ ئەڭ زور غايىسى يۇناننى بويسۇندۇرۇپ، ياۋ... ... پانى تىزگىنلەش بولغان. مىلادىدىن ئىلگىرى 500 - يىلى، ئۇ ... يۇنانغا يۈرۈش قىلغان، ئەمما ھەربىي يۈرۈش ئۇتۇقسىز بولمى... ... ن. مىلادىدىن ئىلگىرى 490 - يىلى بولغان مارافون ئۇرۇشى... ... پىرسىيە قوشۇنلىرى يۇنان قوشۇنلىرى تەرىپىدىن يېڭىلگەن.

ئۇلارنى ھەر ۋاقىت تولۇقلاپ تۇرىدىغان زاپاس قوشۇن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ سانىدا ھېچقاچان ئۆزگىرىش بولمىغان.

دارىئۇسنىڭ يىمەك - ئىچمەكلىگىمۇ مەخسۇس ئادەم قارىغان. ئۇ يۇرتى سۇسادىن باشقا يەرنىڭ سۈيىنى ئىچمەيدىكەن. شۇ يەردىن كۈمۈش قاچىلاردا سۇ ئېلىپ كېلىشكە ھەر كۈنى نۇرغۇن ئادەم ئەۋەتىلىدىكەن. ئۇ ھەتتا جايلارغا سەيلىگە چىققاندىمۇ يۇرتىنىڭ سۈيىنى ئېلىپ كەلدۈرىدىكەن. ئۇ ئېگەي دېڭىزىنىڭ بېلىقىغا ئامراق بولغاچقا، ئۇزۇنلۇقى 2000 نەچچە يۈز كىلومېتىر كېلىدىغان 100 نەچچە ئۆتەڭلىك "خانلىق يول" سالدۇرغان، ئۆتەڭلەردىكى خەۋەرچىلەر يېڭى بېلىقنى بىر-بىرىگە يۈگۈرۈپ يەتكۈزۈپ بېرىش ئۇسۇلى بىلەن ئېلىپ كېلىپ بەرگەن. خانلىق يول سالدۇرۇشتا قاتناش ئىشلىرىنى ئوڭايلاشتۇرۇش مەقسەت قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن پادىشاھنىڭ



دارىئۇس I خان سارىيىنىڭ خارابىسى

# يىپەك يولى

مىلادىدىن ئىلگىرى 115 - يىلى بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى ھاۋا ئوچۇق ھەم سالقىن ئىدى.

ئىران ئىگىزلىكىنىڭ شىمالىي قىسمىدا ھەربىي كىيىم كىيگەن بىر سەركەردە پاتىيە چېگرىسىدا ساقلاپ تۇراتتى، پاتىيە پىرسىيىنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرى 3 - ئەسىردىن كېيىنكى نامى بولۇپ، بۇ خاندانلىقنىڭ پادىشالىرى ئەۋلاتتىن - ئەۋلات- قىسقىچە ئارساك دەپ ئاتالغاچقا، جۇڭگولۇقلار ئۇنى ئارساك دۆلىتى دەپ ئاتىغان. سەركەردە ئىگىز ئارغىماققا مىنىپ ئۇ ياق - بۇ ياققا ماڭغان، ئۇنىڭ ئارقىسىدا 20 مىڭ ئەسكەر بار ئىدى. ئەسكەرلەر ئاتلىرىغا مىنىپ رەتلىك سەپ بولۇپ، ئۈن - تىن چىقارماي جىم تۇراتتى.

20 مىڭ ئادەملىك بۇ قوشۇن ئۇرۇش بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرغانمۇ؟ ياق! ئۇلار ئارساك پادىشاسىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن يىراقتىن كەلگەن دوستلۇق ئەلچىسىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان ئىدى.

شەرق تەرەپتىن قوڭغۇراقنىڭ "جىرىڭ!"، "جىرىڭ!" قىلغان ئاۋازى ئاڭلانغان، ئەسكەرلەر قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭ- لانغان تەرەپكە قارىسا، يىراقتىن بىر توپ ئاتلىق ئادەم كۆرۈنگەن، ئاتلىقلار ئالدىدا جۇڭگوغا خاس بولغان يېزىق بىلەن "بوۋاڭ بېگى" دېگەن خەتلەر تىكىلگەن بىر رەڭدار ئەلەم لەپىلدەپ تۇرغان.

ئاۋىدىن 10 يىل ئۆتكەندىن كېيىن دارىيۇسنىڭ ۋارىسى خېرخېس سالامدىكى دېڭىز ئۇرۇشىدا ۋە بوئوتىيە قۇرۇقلۇق ئۇرۇشىدا پاجەلىك تۈردە مەغلۇپ بولغان. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن پېرسىيە ئىمپېرىيەسى پەيدىن - پەي زاۋاللىققا يۈزلەنگەن مىلادىيدىن ئىلگىرى 330 - يىلى يۇنان ماكېدونىيە پادىشاھ ئالېكساندىرنىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ قىلىنغان.

تۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان قاچا ـ قۇچىلار ۋە توپ ـ توپ تاۋار، داكا شايى، تەتىللا، ھىلىلە قاتارلىق شۇ چاغدا جۇڭگو-دىلا تۇقۇلىدىغان يىپەك تۇقۇلمىلىرى تىگىلىغان ئىكەن. ئېچىپ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، رەڭگا ـ رەڭ، يالت ـ يۇلت قىلىپ تۇرغان بۇ ماللار كوزنى چاقنىتىپ تۇرغان.

— بىز ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان تەشنا بولۇپ كەلگەن يىپەك يولى ئەمدى ئېچىلدى، — دىگەن خوشاللىق بىلەن باش لىڭشىتىپ ئارساك سەركەردىسى، — مەن ئارساك پادىشاسى ئالىلىرى نامىدىن بۈيۈك خەن سۇلالىسى خانىنىڭ ئەل-چىلىرىگە سوغا تەقدىم قىلىمەن.

ئۇ قولى بىلەن ئىشارەت قىلغاندا، 4 ئەسكەر ئىككى چوڭ قۇتا كەلتۈرگەن. ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۇنىڭغا ھەر بىرسى بىر جىڭ كېلىدىغان نۇرغۇن يوغان ـ يوغان تۇخۇم قاچىلانغان ئىكەن. بۇ توگە قۇشىنىڭ تۇخۇمى بولۇپ، ئۇ چاغلاردا جۇڭگولۇقلار بۇنداق تۇخۇمنى تېخى كورۇپ باقمىغان ئىكەن.

جۇڭگو ئەلچىسى رەھمەت ئېيتاي دەپ تۇرۇشىغا، سەر-كەردە يەنە قول ئىشارىسى قىلغان، بۇ چاغدا 2 ئادەم كەلگەن، بۇلار ئەسلىدە سېھرگەرلەر ئىكەن. بىرىنچىسى بىر خەنجەرنى ئاغزىغا تىقىپ يۇتۇۋەتكەن، ئاندىن كېيىن قوسقى-غا بىرنى ئۇرۇپ، ئاغزىدىن خەنجەرنى چىقارغان؛ ئىككىنچىسى ئاغزىنى ئېچىپ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت چىقارغان. سېھرگەرلەر-نىڭ كارامەت ئويۇنلىرى شۇ سورۇندىكى كىشىلەرنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغان. سەركەردە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بۇلار رىم جۇمھۇرىيىتى پادىشايىمىزغا سوغا قىلغان رىيچان (ھازىرقى مىسىرنىڭ ئالېكساندىرىيە شەھىرى) نىڭ

— كەلدى! كەلدى! — دەپ چۇقان كوتىرىشكە
ئارساك ئەسكەرلىرى.
— سەپكە تىزىلىپ قارشى ئېلىشىڭلار! — بۇيرۇق بە
گەن ئات ئۇستىدىكى سەركەردە.
20 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر شارتىلا قىلىپ ئوڭ - سو
تەرەپكە بولۇنۇپ، قارشى ئالغۇچىلار سېپىنى ھاسىل قىلغا
ئوركىستىر ھەربى مارش ئورۇنلاپ چاڭ چىقىرىۋەتكەن.
جۇڭگو ئەلچىسى ئاتتىن چۈشۈپ، ئوڭ قولىدا ئەلچىلى
تايغىنى ئېگىز كوتىرىپ، (خەن سۇلالىسى زامانىدا ئەلچىلە
نىڭ گۇۋاھنامىسى ئەلچىلىك تايغى ئىدى) تەبەسسۇم بىلە
چوڭ قەدەم تاشلاپ كەلگەن. سەركەردە ئاتتىن چۈشۈپ چا
تا تۇرۇپ:
— بۇيۇك خەن سۇلالىسى ئەلچىسىنى قارشى ئال
مىز! — دەپ توۋلىغان.
جۇڭگو ئەلچىسى قول قوشتۇرۇپ:
— ئاۋارە بولۇپلا سەركەردە. مەن ئەلچى جاڭ چيە
نىڭ ياردەمچىسى، بۇيۇك خەن سۇلالىسى خانىغا ۋاكالىتە
ئارساك پادىشاسى ئالىلىرىغا ئېھتىرام بىلدۈرىمەن! — دە
سالام قايتۇرغان. سەركەردە چوڭقۇر تازىم قىلىپ رەھمە
ئېيتقان.
— بۇ، — دىگەن جۇڭگو ئەلچىسى كەينى تەرەپتىكى
ئاتلارنى كورسىتىپ، — بۇيۇك خەن سۇلالىسى خانىنىڭ
ئارساك پادىشاسىغا قىلغان ئەرزىمەس سوغىلىرى.
سەركەردە تەبەسسۇم بىلەن ھەر بىرسىگە ئىككى تىڭ
يۇك ئارتىلغان ئاتلارغا نەزەر تاشلىغان. بۇ تىڭشىقلارغا خى
مۇ - خىل، نەپىس ھەم يىپەك قول سانائەت بۇيۇملىرى، ئال

ئېلىپ، چاڭگىدىن خوشلىشىپ، ياڭگوەن (ھازىرقى دۇنخۇاڭ نىڭ ئەتراپى) دىن ئۆتۈپ، غەرپكە قاراپ، دەشت - قۇملۇقتا جاپالىق سەپەر قىلغان. تۇيۇقسىزلا ھونلارنىڭ مىڭدەك ئاتلىق ئەسكىرى ئۇلارنى قورشىۋالغان. جاڭ چيەن دەرھال مۇلازىم لىرىنى باشلاپ قارشىلىق كورسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاز بولغاچقا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان، ئۇلار ھون تەڭرىقۇتىنىڭ ئوردىسىغا (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ كوكخوت شەھىرىگە) يالاپ ئېلىپ بېرىلغان.

— تەسلىم بولۇڭلار! ئەمدى قايتىپ كېتەلمەيسىلەر، — دىگەن ھون تەڭرىقۇتى جاڭ چيەنگە.

— ياق، بۈيۈك خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىدە تەسلىم بولۇش دىگەن گەپ يوق، — دىگەن جاڭ چيەن تەمكىن ھالدا.

— بېشىڭنى ئالىمەن! — دەپ تەھدىت قىلغان ھون تەڭرىقۇتى.

— ئالساڭ ئال، — دىگەن جاڭ چيەن پىسەنت قىلماي.

— ئۇنداق ئوڭاي ئىش يوق، مەن سېنى بىر ھون قىلىمەن، — دىگەن غەزەپ بىلەن ھون تەڭرىقۇتى.

تەڭرىقۇت جاڭ چيەننى ئەل قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ھونلار ئىچىدە قالدۇرۇپ قالغان. جاڭ چيەن لام - جىم دىمەي، ئوزىنىڭ ئەلچى تايىقىنى پەخەس بىلەن يوشۇرغان.

بۇ ئارىلىقتا 10 يىل ئوتۇپ كەتكەن. بوران - چاپقۇنلۇق بىر كېچىدە جاڭ چيەن ھەمرالىرىنى چاقىرىپ ھونلار زىمىنىدىن قېچىپ چىقىپ، پەرغانە (ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرى)غا كىرگەن.

سىپھىر گەرلىرى ئىدى، پادىشايىمىز بۇلارنى بۈيۈك خەن سۇلا
سى خانىغا تەقدىم قىلدى. شۇڭا بۇلارنى قارشى ئېلى
مۇراسىمىغا قاتناشتۇردۇم، — دېگەن.

جۇڭگو ئەلچىسى قول قوشتۇرۇپ رەھمەت ئېيتقان
خۇشاللىق بىلەن:

— بۇ يىپەك يولى جۇڭگو بىلەن غەرپ ئوتتۇرىسىدىكى
دوستلۇق يولى! — دېگەن.

يىپەك يولى قانداق ئېچىلغان؟

مىلادىدىن ئىلگىرى 138 - يىلى ھونلارنىڭ ئاتلىق
ئەسكەرلىرى ئۇلۇغ ياۋچىلار دېگەن قەبىلىگە (ھازىرقى گەن
سۇنىڭ غەربىي قىسمىدا) ھۇجۇم قىلغان. ھون تەڭرىقۇتى ئۇلۇغ
ياۋچىلار قەبىلىسى پادىشاسىنىڭ بېشىنى كېسىپ، باش سۆڭ
گىدە جام ياساتقان. ئۇلۇغ ياۋچىلار قەبىلىسى نائىلاج غەربكە
كۆچۈپ كەتكەن ۋە ئوچ ئېلىش كويىدا بولغان. بۇ چاغلاردا
ھونلار دائىم ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا پاراكەندىچىلىك سال
غان، شۇڭا خەن ۋۇدى ئۇلۇغ ياۋچىلار قەبىلىسى بىلەن بىرلىشىپ
ھونلارغا ھۇجۇم قىلىشقا بەل باغلىغان. لېكىن ئۇلۇغ ياۋچىلار
قەبىلىسىگە بارىدىغان يول ھونلار ئىشغال قىلىۋالغان جايلاردىن
ئۆتىدىغان بولغاچقا، بۇ يول ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. شۇ
نىڭ بىلەن خەن ۋۇدى چاڭئەندە ئىشىك تاقاپ قويۇپ، "دانىش
مەن تەكلىپ قىلىش باگى" چاپلاپ، غەربىي رايونغا ئەلچىلىكك
بېرىشنى خالايدىغانلارنى قاتتىق تارتۇقلايدىغانلىقىنى جاكالىغان
ئەتىسى بىر ياش مەردانىلىق بىلەن مەن بارىمەن دەپ ئۆزىنى
مەلۇم قىلغان، بۇ ئوتتۇرا جۇڭگودىكى چېڭگۇ (ھازىرقى شەنشى)
لۇق جاڭ چيەن ئىكەن.

جاڭ چيەن 100 دەك ئادەمنى باشلاپ، ئەلچى تايىغىنى

— بۇ نىمە؟ — دىگەن جاڭ چيەننىڭ ياردەمچىسى تاڭ يىغۇ بىر دوۋە تاۋارنى كورسىتىپ تۇرۇپ.

جاڭ چيەن قارىغۇدەك بولسا، ئەسلىدە خەن سۇلالىسىنىڭ سىچۇەن ئولكىسىدە ئىشلەنگەن بامبۇك تاچىلار ۋە سىچۇەن سەگەزلىرى ئىكەن.

— بۇ تاۋارلار نەدىن كەلتۇرۇلدىكىنە؟ — دەپ سورىغان جاڭ چيەن سودىگەرلەردىن.

— ھىندىستاندىن ئېلىپ كېلىنگەن، — دەپ جاۋاپ بەرگەن يۇنان سودىگەرلىرى.

ئەسلىدە، سىچۇەندىن چىقىپ جەنۇپقا قاراپ مېڭىپ، ئاندىن غەربىي شىمالغا بۇرۇلۇپ ماڭسا باكتىرىيە دولىتىگە بارغىلى بولىدىكەن. شۇنداق قىلىپ جاڭ چيەنلەر بىرمۇنچە جۇغراپىيىۋى بىلىملەرگە ئىگە بولغان.

يەنە بىر يىل ئوتۇپ، جاڭ چيەنلەر قايتىش ئۇچۇن يولغا چىققان. ئۇلار پامىردىن ئوتۇپ، كوئېنلۇننىڭ شىمالىي ئېتىگىنى بويلاپ ماڭغان. كۇتۇلمىگەن يەردىن ھونلارنىڭ بىر توپ ئاتلىق ئەسكەرلىرى يەنە ئۇلارنى قورشىۋېلىپ، ئۇلارنى ھونلار دولىتىگە ئېلىپ كەتكەن.

بىر يىلدىن كېيىن ھونلار ئىچىدە يېغىلىق بولغان. جاڭ چيەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ياردەمچىسى تاڭ يىغۇ بىلەن چاڭئەنگە قايتىپ كەلگەن، شۇنداق قىلىپ تۇنجى قېتىم غەربىي رايونغا بېرىشتەك شەرەپلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن، خەن ۋۇدى ئۇنىڭغا "بوۋاڭ بەگ" دىگەن نام بەرگەن.

مىلادىدىن ئىلگىرى 119 - يىلى جاڭ چيەن ئىككىنچى قېتىم غەربىي رايونغا ئەلچى بولۇپ بارغان. بۇ قېتىم نۇرغۇن

پەرغانە پادشاسى خەن سۇلالىسى ئەلچىسىنى زىياپە
بېرىپ كۈتۈۋالغان. مۇزىكانتلار جۇڭگولۇقلار ھېچقاچان كورۇ
باقمىغان ئەسۋاپلار — بەرباپ (پىپا)، غوڭقا، چورى، نە
قاتارلىق چالغۇلار بىلەن مۇڭلۇق سازلارنى چالغان. كات
زىياپەتتە جۇڭگولۇقلار زادىلا كورۇپ باقمىغان تائاملار —
تەرخەمەك، پالەك، سەۋزە، لەززەتلىك شاراپ يەنى ئۈزۈ
ھارىغى كەلتۈرۈلگەن. جاڭ چيەن قاتارلىقلارنىڭ كوزى ئېچى
لىپ، پەرغانە پادشاسىغا كاتتا زىياپەت بەرگەنلىكى ئۈچۈ
چوڭقۇر رەھمەت ئېيتقان.

پەرغانە پادشاسى قوشۇپ قويغان كىشىلەر جاڭ چيەنلەر-
نى قاڭلىغىچە (ھازىرقى باغراش كولى تەرەپلەر) ئۈزىتىپ
قويغان، قاڭلى دولىتىنىڭ پادشاسى ئادەم ئەۋەتىپ جاڭ
چيەنلەرنى ئۇلۇغ ياۋچىلار قەبىلىسىگىچە ئۈزىتىپ قويغان.
بىراق، بۇ چاغدا ئۇلۇغ ياۋچىلار قەبىلىسى ئولتۇراقلىشىپ
بولغان. ئۇلارنىڭ يەرلىرى مۇنبەت، بايلىقى مول بولغاچقا،
ھونلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالغان.
خەن سۇلالىسى بىلەن ھەربىي ئىتتىپاق تۈزۈشنىمۇ خالىمىغان،
ئەلۋەتتە. شۇنىڭ بىلەن جاڭ چيەنلەر باكتىرىيە دولىتىگە يېنىپ
كەلگەن.

باكتىرىيە دولىتى (ھازىرقى ئافغانىستان تەرەپلەر)
ئاھالىسىنىڭ نۇرغۇنلىرى يۇنانلىق بولۇپ، بۇ يەردە سودا
ئىشلىرى بەك تەرەققىي قىلغان. جاڭ چيەنلەر بۇ يەردە
جۇڭگولۇقلار ھېچقاچان كورۇپ باقمىغان تاۋارلارنى — ئۇلۇغ
ياۋچىلار قەبىلىسىنىڭ گىلەملىرى، رىم خەسىلىرى، ئارساك
چىنىلىرى، قاڭلىنىڭ قارا بۇلغۇن تېرىلىرى، چالجىيە (ھازىرقى
سۇرىيە تەرەپلەر) ئارغىماقلىرىنى كورگەن......

## پارىياھلار

### (يېقىن يولىغىلى بولمايدىغان ئادەملەر)

سىز بىلەمسىز؟ قەدىمى مەدەنىيەت دۆلىتى ھىندىستان دۇنياغا مەشھۇر بولغان مەدەنىيەت ئۇچىغىنىڭ بىرى. بۇنىڭدىن 5 مىڭ يىل بۇرۇنلا ھىندى يېرىم ئارىلىدا ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ ـ ئادەت بارلىققا كەلگەن. بۇ يەردىكى ئاھالە دېخانچىلىق ۋە قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شوغۇللانغان، كېيىنچە بىر شەھەرمۇ بىنا قىلغان يەنە ئۆزلىرىنىڭ يېزىغىنى ياراتقان. لېكىن، مىلادىدىن ئىلگىرى 2000 ـ يىلى غەربىي ـ شىمال تەرەپتىن كەلگەن ئاق تەنلىكلەر ئۇلارنى بوي سۇندۇرغان. بۇ ئاق تەنلىكلەر ئۆزلىرىنى "ئارىيان" قەبىلىسى دەپ ئاتاشقان، بۇ، "كېلىپ چىقىشى ئالىيجاناپلار" دىگەن مەنىدە ئىكەن. ئۇلار يەرلىك قارا تەنلىكلەرنى ياۋايىلار دەپ ئاتىغان. كېيىنكى چاغلاردا، ئۇلار رەڭ ۋە "كېلىپ چىقىش" قا قاراپ، ھىندىستاندا تائىپە تۈزۈمىنى بەرپا قىلغان.

تائىپە تۈزۈمگە ئاساسەن، كىشىلەر تۆت تەبىقىگە ئايرىلغان. بىرىنچى تەبىقە براخمانلار بولۇپ، ئۇلار ئاق تەنلىكلەردىن تەركىپ تاپقان، بۇلار ھاپىز (نەزىر ـ چىراق ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئاقسوڭەكلەر) بولۇپ، ھەممىگە خوجايىنلىق قىلغان، ئورنىمۇ ھەممىدىن ئۈستۈن بولغان. ئىككىنچى تەبىقە شاتىرىيە بولۇپ، بۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ياساۋۇللاردىن تەركىپ تاپقان، بۇلار پادىشا ۋە تۈرلۈك ئەمەلدارلار بولغان. ئۈچىنچى تەبىقە ۋائىسىيا بولۇپ، بۇلار دېخانلار، قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە ئۇششاق سودىگەرلەردىن تەركىپ تاپقان، ئۇلار دۆلەتكە

ئادەمدىن تەركىپ تاپقان دوستلۇق ئۈمىكىنى باشلاپ بارغان
ئۇلار "بوۋاڭ بەگ — جاڭ چيەن" دېگەن ئەلەملەرنى كوتىرىم
ھەرقايسى ئەللەرگە يول ئالغان: بەزىلىرى ئارساكقا (پىر
سىيىگە)، بەزىلىرى چالجىيىگە (سۇرىيىگە)، بەزىلىرى كاسىمرا
(ھازىرقى كەشمىرگە) ... بارغان، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئەللەر
نىڭ ئەلچىلىرىمۇ جۇڭگوغا كېلىپ دوستانە زىيارەتتە بولغان
يىپەك يولى ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا قىتئەلىرىگە تۇتاشقان
يۇنانلىقلار جۇڭگونىڭ يىپەكلىرىنى ياخشى كۆرگەچكە، جۇڭگو
نى "يىپەك دۆلىتى" دەپ ئاتاشقان. رىملىقلار جۇڭگونىڭ
يىپەكلىرىنى ياخشى كۆرگەچكە، ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان
ئۇرغۇن كىشىلەر جۇڭگونىڭ يىپەك رەختلىرىدىن يەكتەك
تىككۈزۈپ كىيگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ پادى
شاسى ئانتونىئۇس چاڭئەنگە ئەلچى ئەۋەتىپ، شەرق بىلەن
غەرب مەدەنىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئالماشتۇرغان.

شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن تۈركۈم – تۈركۈم تۆگە كارۋان
لىرى يىپەك يولىدا موكىدەك ئۇتۇشۇپ تۇرغان، ئۇلار قاتمۇ –
قات تاغ – داۋانلاردىن ئېشىپ، جۇڭگونىڭ پىلە بېقىش،
يىپەك تارتىش، تۆمۈر ئېرىتىش، يەر سۇغىرىش، قەغەز ياساش
قاتارلىق تېخنىكىلىرىنى ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە
ياۋروپالارغا ئېلىپ بارغان؛ ئۇ يەرلەردىن ئۈزۈم، ياڭاق، ئانار،
پۇرچاق، تەرخەمەك، كۈنجۈت، ئەنجۈر، پالەك قاتارلىق يېمەك
لىكلەرنى جۇڭگوغا ئېلىپ كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا شىر،
ئارغىماق، كەركىدان، توز، تۆگە قاتارلىق ھايۋانلارمۇ جۇڭگوغا ئېلىپ
كېلىنگەن. جۇڭگونىڭ مۇزىكا، ئۇسسۇل، رەسىم سىزىش، ھەيكەلتاراشلىق
ئىشلىرىدا غەربىي رايون ئالاھىدىلىكلىرى قوبۇل قىلىنىپ، يېڭى سە
كرەش بارلىققا كەلگەن ھەمدە ئۇ تېخىمۇ گۈزەل تۈسكە كىرگەن.

يغلىغان پېتى ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپ:

— باشقىلار مېنى نېمىشقا ھەمىشە سەن براخمان ئەمەس دەيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بالام، — دەپتۇ ئانىسى ئاترانىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ، — خەق نېمە دېسە دەۋەرسۇن، بىز باشقا جايدىن كۆچۈپ كەلگەن براخمان......

— ئۇنداق بولسا، براخمانلار ھاپىز بولالايدىكەن، براخمانلار زىياپەتكە قاتنىشالايدىكەن، بىز نېمىشقا ئۇنداق قىلالمايمىز؟ نېمە ئۈچۈن بىزنى ئۇزلىرى بىلەن بىللە تاماق يېگىلى قويمايدۇ؟

ئانىسى ئاترانى ئۇرغۇن پەپىلىسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ كۆڭلى ئېچىلماپتۇ.

ئاترا بۇ كەنتتىمۇ پۈتۈن ھىندىستاندىكىگە ئوخشاشلا ئادەملەرنىڭ تۆت تەبىقىگە ئايرىلغانلىقىنى؛ براخمانلارنىڭ كەنتتە ھەممىگە خوجايىنلىق قىلىدىغانلىقىنى، سودرالار بىلەن "تېگى پەسلەر" دەپ ئاتالغانلارنى كىشىلەرنىڭ كۆزگە ئىلمايدىغانلىقىنى بىلىدىكەن. ئاترا كۆڭلىدە بىزنىمۇ براخمانلار قاتارىدىن چىقىرىۋېتىپ، سودرالار قاتارىغا ياكى تېگى پەسلەر قاتارىغا قوشۇۋەتسە، بۇ نېمە دېگەن دەھشەت ــ ھە! دەپ ئويلاپتۇ.

بىراق، گۇمان گۇمان پېتى قېلىۋېرىپتۇ، كىشىلەر بەرىبىر ئاساس تاپالماپتۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئاترا براخمانلار مەكتىۋىگە ئوقۇشقا كىرىپتۇ. بۇ مەكتەپتە براخمانلارنىڭ دىنىي كالامى — «ۋېدا كىتاۋى» ۋە قانۇنى — «مانۇ قانۇنى» نى ئوقۇتىدىكەن.

باج تاپشۇرۇپ، براخمانلار بىلەن شاترىيلەرنى باققان. توقـ
چى تەبىقە سودرالار بولۇپ، ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىگى بو
سۇندۇرۇلغان يەرلىك ئاھالىلەردىن تەركىپ تاپقان. بۇلارنى
نۇرغۇنى قۇل ۋە يالالنما ئىشچى بولغان. ھەرقايىسى تەبـ
ئارىسىدىكى ئىسىلزادىلىك ـ پەسلىك چېگرىسى بەك قاتتىق ئاير
غان. بىر تەبىقە كىشىسىنىڭ باشقا تەبىقە كىشـىسى بىلەن تو
قىلىشمۇ چەكلەنگەن. توي قىلسا، تۇغۇلغان بالا ۋە ئۇلارنى
ئاتا ـ ئانىسى "تېگى پەسلەر" دەپ، ياكى "پارىيالار"، (ي
قىن يولىغىلى بولمايدىغان ئادەملەر) دەپ ئاتالغان. ئەگ
بىرەر براخمان دىققەتسىزلىكتىن "تېگى پەسلەر" گە تېگـ
كەتسە، ئۇنى نەس باسقانلىق دەپ قاراپ، ئۆيىگە قايتىـ
تارەت ئېلىپ پاكىزلەنگەن. ئادەتتە "تېگى پەسلەر" دەپ ئاتال
غانلار كەنت سىرتىدىلا يېتىـپ ـ قوپقان، يول يۈرگەنـد
ھەرتىنۋىلىكلەر تېگىپ كەتمىسـۇن دەپ قولىغا كوزا ئېلىـ
ئۇرۇپ ماڭغان.

تۆۋەندە بۇنىڭدىن 3000 يىل ئىلگىرى ھىندىستاننىڭ
بىر كەنتىدە يۈز بەرگەن ۋەقەنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

شۇ زاماندا، ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ناھايىتى
چوڭ بىر كەنت بولغان، بۇ كەنتتە ئىنتايىن باي بىر براخمان
جەمەتى بار ئىكەن، باشقا ئاھالىلەرمۇ بولغان ئىكەن.

بۇ كەنتتە ئاترا ئىسىملىك چىرايلىق ۋە ئوماق بىر بالا
بار ئىكەن، بىراق باشقا بالىلاردەك ئاق ئەتلىك ئەمەس ئىكەن.
شۇڭا باشقا بالىلار بۇ بالىنىڭ براخمان ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىـ
نىدىكەن. بىر كۈنى بىرقانچە براخمان بالا مەكتەپتىن قايتقىـ
چە ئاتراغا سومكىمىزنى ئېلىۋال دەپتۇ، ئۇ ئۇنىمىسا بالىلار
ئۇنى ئۇرۇپتۇ ھەمدە "ھارامدىن بولغان" دەپ تىللاپتۇ. ئاترا

قورقۇنچلۇق ئىش ئاخىر يۈز بېرىپتۇ.

ھاۋا تۇتۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە براخمان ھاپىزلىرى پۈتۈن كەنتتىكى كىشىلەرنى كەنت بېشىدىكى مەيدانغا يىغىپتۇ. بۇ، مەھبۇسلارنى جازالايدىغان يىغىن ئىكەن. شۇ ئەسنادا ھاپىز:

— مەھبۇسنى ئېلىپ كېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ ئىگىز سۇپىدا تۇرۇپ.

قەددى - قامەتلىك بىر سودرا سۇپىغا چىقىرىلىپتۇ.

— «مانۇ قانۇنى» غا ئاساسەن، تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر يۇقۇرى تەبىقىدىكىلەرگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزسە، جاۋاپكارنىڭ زىيان يەتكۈزگەن ئەزاسى كېسىپ تاشلىنىدۇ، قول تەككۈزگەن بولسا قولى، تەپكەن بولسا پۇتى كېسىلىدۇ. ئۈلۈشكۈن بۇ سودرا ئىسىلزادە براخماننى ئىككى قولى بىلەن ئۇرغان، شۇڭا ئۇ جازالىنىش كېرەك! — دەپ ئۇنىلۈك جاكالاپتۇ ھاپىز قولىدا «مانۇ قانۇنى» نى تۇتقان پېتى.

"كارت"لا قىلىپ بۇ سودرانىڭ ئىككى قولى كېسىپ تاشلىنىپتۇ.

ئۇنىڭ كەينىدىن تېگى پەسلەر دەپ ئاتالغان بىرسى سۇپىغا چىقىرىلىپتۇ، بىرقانچە ئادەم ئۇنىڭ بېشىنى بېسىپ تۇرۇپ تىلىنى كېسىپ تاشلاپتۇ، ئاندىن چوغ قىلىنغان بىر تال زىخنى ئۇنىڭ ئاغزىغا تىقىپتۇ، يەنە ئۇنىڭ ئاغزى - بۇرنىغا ۋە قۇلىقىغا قايناپ تۇرغان ياغ قۇيۇپتۇ...... ھاپىز ئۇنىڭ براخمان ھاپىزلىرى ئارقىسىدىن بىھۆرمەتسىزلىك قىلىپ سوز - چۆچەك قىلغانلىق جىنايىتى بارلىقىنى جاكالاپتۇ.

ئاترا ئانىسىنىڭ يېنىدا ئۈن چىقارماي تۇرۇپتۇ. تۇيۇقسىزدىن:

براخمان مۇئەللىم بىر قانۇن دەستۇرىنى قولىدا تۇ
نىچە ئۇلارغا براخمانىنىڭ شەرەپلىك تارىخىنى سوزلەيدۇ
ئاترا دەرس ئاڭلاۋېتىپ، تۇيۇقسىزلا سوئال سوراپتۇ:
— مۇئەللىم، كىشلەر نىمىشقا بىرقانچە تەبىق
ئايرىلىدۇ؟
مۇئەللىم ئۇنىڭغا زەردە بىلەن ئالىيىپتۇ، ئاندىن كىپ
«ۋېدا كىتاۋى» نى ۋاراقلاپ، قاتتىق تەلەپپۇز ھەم تەرسا
بىلەن سوزلەپتۇ:
— كاللامۇللادا ناھايىتى ئۇچۇق يېزىلغان: تەڭرى ئا
بىلەن براخمانلارنى، قولى ۋە مۇرىسى بىلەن شاترىيىلەر
تىزى بىلەن ۋائىسيالارنى، تاپىنى بىلەن سودرالارنى يار
قان...... ھەرقايسى تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئورنىنىڭ يۇقۇرى —
ۋەن بولۇشى تەڭرىگە باغلىق!
— ئۇنداق بولسا، — دەپ سوراپتۇ ئاترا چۈشەنمەي، —
كۇنلەرنىڭ بىرىدە براخمانىنىڭ سودراغا، سودرانىڭ براخما
ئايلىنىپ قىلىشى مۇمكىنمۇ؟
— ھىم، ئولۇپ ئۇ ئالەمدە قايتا تىرىلسە مۇمكىن ب
لار، — دەپتۇ مۇئەللىم دوق قىلىپ، — ھايات ئادەملەرنى
ئورنى مەڭگۇ ئوزگەرمەيدۇ! ھەرقايسى تەبىقىدىكىلەر ئوتتۇر
سىدا ئوزئارا نىكاھلىنىشقا ھەرگىز بولمايدۇ، تەبىقىسى ئوخشا
بولمىغان كىشلەرمۇ بىر داستىخاندا ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ.....
شۇڭا براخمانىنىڭ پەرزەنتلىرى بولغان سىلەر ئورنۇڭلار ۋ
شوھرىتىڭلارنى چوقۇم قەدىرلىشىڭلار كېرەك!
ئاترانى ۋەھىمە بېسىپتۇ. ئۇ ئەگەر مەن براخمان بول
ماي چىقىسام قانداق قىلارمەن؟ دەپ دەككە - دۈككىدە
قېلىپتۇ.

## بۇددا دىنىنىڭ پىرى — ساكيامۇنى

سىز بېيجىڭدىكى شەن تېغىنا چىققانمۇ؟ ئۇ يەردە ئوفوسى دېگەن بىر بۇتخانا بار. بۇتخانا ئىچىدە مىسىنىن قۇيۇلغان ناھايىتى كاتتا بىر بۇت بار. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 5 مېتىردىن كوپ، ئېغىرلىقى نەچچە ئون مىڭ جىڭ كېلىدۇ. ئالاھىدە بولغىنى شۇكى، بۇت يانپاشلاپ ياتقان. بىر قولىنى بېشىغا قويغان بولۇپ، مېھرىۋان، ھەيۋەت كورۇنىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدا يەنە 12 كىچىك مىس بۇت بار، يانپاشلاپ ياتقان بۇت كېسەل بولۇپ قالغان بولسىمۇ مۇرتلىرىغا سەممى دەرس ئوتۇۋاتقاندەك كورۇنىدۇ. بېيجىڭدىن باشقا، پۈتۈن دۇنيادىكى بۇددا دىنىي تارالغان دولەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاشۇنىڭغا ئوخشاش يانپاشلاپ ياتقان بۇت بار. بۇ بۇت كىم؟ بۇ، بۇددا دىنىنى ئىجات قىلغۇچى ساكيامۇنى.

ساكيامۇنى مىلادىدىن ئىلگىرى 565 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۇنى تۇغۇلغان. پەمىلىسى گائۇتاما، ئىسمى سىدفارتا. ئۇنىڭ دادىسى ھىندى يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىدىكى بىر كىچىك دولەتنىڭ (ھازىرقى نېپالدا) پادىشاسى بولغان. يەرلىك ئورپ - ئادەت بويىچە، بوۋاق مومىسىنىڭكىدە تۇغۇلۇشى كېرەك ئىكەن. ساكيامۇنىنىڭ ئانىسى قوساق كوتەرگەندىن كېيىن مومىسىنىڭ ئويىدە يەڭگىش ئۇچۇن كېتىۋېتىپ، بىرباغنىڭ قېشىدىكى دەرەخ تۈۋىدە دەم ئېلىۋېتىپ بۇ شاھزادىنى تۇققان. ئۇنىڭ ئانىسى شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن كېسەلمەن بولۇپ، يەتتىنچى

— بۇگۈن بىز يالغاندىن براخمان بولۇۋالغان بىز
قوغلاپ چىقىرىمىز، — دەپ ئۈنلۈك جاكالاپتۇ ھاپىز، —
ئادەم ئەنە شۇ، — دەپ ئاترانى كورسىتىپتۇ. بۇ بالا قو
نىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ، بېشىنى ئانىسىنىڭ قۇچ
تىقىۋېلىپتۇ.

— بۇ ئايالمۇ براخمان بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەس، —
ۋاقىراپتۇ ھاپىز ئاترانىڭ ئانىسىنى كورسىتىپ، — تۇنو
باشقا يۇرتتىن كەلگەن براخمانلارنىڭ پاش قىلىشىچە، بۇ ئ
بىر سودراغا تەككەن. قاراڭلار، ئۇنىڭ بالىسىنىڭ رەڭگ
قاپ - قارا تۇرغىنىنى، نەدىمۇ براخمانغا ئوخشىسۇن! بۇن
دىن تارتىپ بۇلارنىڭ تېگى پەسلەر دەپ ئاتىلىدىغانلىغ
جاكالايمەن!

شۇ كۈندىن تارتىپ ئاترا ۋە ئۇنىڭ ئانىسى كەنتت
قوغلىنىپتۇ. براخمانلار بىلەن مەڭگۈ ئۇچرىشىپ قالم
ئۈچۈن، ئۇلار يول يۇرگەندە تېگى پەسلەرنىڭ بەلگىس
ئېسىۋېلىشقا ھەمدە بىر خىل غەلىتە ئاۋاز بىلەن ۋاقىراپ ياك
كوزا ئۇرۇپ براخمان، شاترىيەلەرنىڭ ئۇزلىرىگە تېگىپ كە
مەسلىكىنى ئۇقتۇرۇپ مېڭىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ.
ئاترانىڭ ئانىسى بۇ ئەلەمگە چىدىماي، ئۇزاق ئۇتمەي
ئولۇپ كەتكەن، ئاترا ئۆزىنى ئانىسىغا ئېتىپ:
— نىمىشقا كىشىلەر تەبىقىگە ئايرىلىدۇ؟! — دەپ ھو
كىرەپ يىغلىغان. ......

بۇنداق جىنايى تەبىقە تۈزۈمى ھىندىستاندا نەچچە مىڭ
يىل داۋام قىلغان، ھەتتا ھازىرمۇ ئۇنىڭ تەسىرى چوڭقۇر.

ساكيامۇنىنىڭ ئالىمنى "بۇ ئالەمدە نېمە ئۈچۈن كىشىلەر تۇغۇلۇش، قېرىش، ئاغرىش، ئۆلۈشنىڭ ئازاۋىنى تارتىدۇ؟ قانداق قىلسا بۇ ئازاپ ـ ئوقۇبەتتىن قۇتۇلىدۇ؟" دىگەن سوئاللار چىرمىۋالىغان، ئۇ نۇرغۇن كىتاپلارنى ئوقۇپمۇ بۇنىڭغا جاۋاپ تاپالمىغان. كېيىن، ئۇ ھوقۇقى ھەرقانچە چوڭ بولىغان پادىشانىڭمۇ بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمايدىغانلىقىنى بىلگەن، شۇنىڭ بىلەن پادىشالىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىپ، دەرۋىش بولۇش قارارىغا كەلگەن.

— ساراڭ بولۇپ قالدىمۇ بۇ بالا؟ — دىگەن پادىشا بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەيران بولۇپ، — ئۇ تېخى 20 ياشقا كىرمىگەن تۇرسا.

ئوغلىنىڭ راھىپ بولۇشنى تولاش ئۈچۈن پادىشا خوشنا دولەتنىڭ ياش، ساھىپجامال پادىشاسىنى ساكيامۇنىغا ئېلىپ بەرگەن. ئۇ ئوغلىغا:

— قارا، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىككى دولەتنىڭ ھەممە نەرسىسى ساڭا قالدى، بۇنىڭغا رازى بولمامسەن؟ — دىگەن.

بىر يىلدىن كېيىن، ساكيامۇنى بىر ئوغۇل تاپقان. بىراق غايەت زور ھوقۇق، ھەشەمەتلىك تۇرمۇش، گۈزەل خوتۇن ۋە ئوماق ئوغلىمۇ ئۇنى دەرۋىش بولۇش ئىرادىسىدىن قايتۇرالمىغان. ساكيامۇنى 29 ياشقا كىرگەن يىلى، يەنى 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى يېرىم كېچىدە ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئاتقا مىنىپ شەھەردىن چىقىپ باشقا دولەتنىڭ ئورمانلىقىغا كىرىپ كەتكەن. ئۇ شاھزادە كىيىمىنى سېلىۋېتىپ، چاچلىرىنى چۈشۈرگۈزۈپ دەرۋىش بولغان.

پادىشا ئوغلىنىڭ يوقلۇغىنى كورۇپ، تىت ـ تىت بولۇپ، ئىزلەش ئۈچۈن 5 ئادەم ئەۋەتكەن. ئىزلە ـ ئىزلە بولار ئاخىر

گۈنى ئۇلۇپ كەتكەن. شۇڭا ساكيامۇنى ھاماچىسىنىڭ قېت
چوڭ بولغان. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا ئۆگىنىشكە خۇشىنار
لۇپ. ئەدىبىيات، پەلسەپە، ھىساپنى پۇختا بىلگەن. شۇنىڭ ب
بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە چامباشچىلىق، ئات مىنىش، ئوقيا ئېت
قىلىچۋازلىققا ئۇستا بولغان. ئۇنىڭ دادىسى بۇنىڭدىن ناھا
خوشال بولۇپ، پادىشالىق تەختىنى ئۇنىڭغا ئۇتكۈزۈپ بېر د
قاراردا كەلگەن ھەمدە ئۇنىڭدىن ئاتا - بوۋىسىغا شوھ
كەلتۈرۈپ "ئالەمنى چۆرگىلىتىدىغان پادىشا" — ئالەمنى بىر
كە كەلتۈرگۈچى پادىشا بولۇشنى ئۈمىت قىلغان.

بىراق، ساكيامۇنى ھوقۇققا ھەۋەس قىلمىغان. ئۇنىڭ
لىسىغا ئىنسانلار ئارىسىدىكى خىلمۇ - خىل ئادالەتسىزلىك
كىرىۋالغان: نىمە ئۈچۈن پۈتۈن ھىندىستاندا كىشىلەر
دەرىجىگە ئايرىلىدۇ؟ نىمە ئۈچۈن ئاق تەنلىكلەر باشقا تەنل
لەر ئۈستىدىن ھوكۇمرانلىق قىلىدۇ؟ نىمە ئۈچۈن شالغۇت نە
لىكلەر باشقىلار تەرىپىدىن كەمسىتىلىپ تېگى پەسلەر دەپ ئاتىلىد

بىركۈنى ئۇ ھارۋىغا ئولتۇرۇپ سەيلىگە كېتىۋېتىپ
رەڭگى سارغايغان، چىپ - چىپ تەرگە چۆمگەن، ئاچلىق ھ
ئۇسسۇزلۇق، ھېرىش ھەم چارچاش دەستىدىن ھالسىدىن ك
كەن دىخانلارنىڭ ئېتىزلاردا تومۇز ئاپتاپقا قارىماي يەر ت
رىۋاتقانلىقىنى كورگەن. قوش سورەۋاتقان قېرى كالا تېخ
ھالسىزىغان بولۇپ، ئالدىدا بىرسى كالىنىڭ بۇرنىغا ئۇتكۈز
گەن چىلۋۈردىن تۇتۇپ يېتىلەۋاتقان، بىرسى كەينىدىن قام
بىلەن ساۋاپ ھەيدەۋاتقان ئىكەن. قېرى كالا قامچا زەربىس
چىدىماي، مۈڭگۈزىنى چايقاپ، يەرگە يېرىپ كىرگەن ساپان
پۇشۇلدىغان پېتى ئالغا سورەپ ماڭماقتا ئىكەن.

— يارەبىم! — دەپ ۋاقىرىۋەتكەن ساكيامۇنى.

بۇددا دىنى ئەقىدىلىرىدە كىشىلەرنى دەرىجىگە ئايرىشقا، تەڭسىزلىك ئەھۋاللىرىغا قارشى تۇرۇش، بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلارغا ھېسداشلىق قىلىش تەكىتلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ياخشىلىققا ھالاۋەت، يامانلىققا تالاپەت دېگەن نەرسە تەشۋىق قىلىنىپ، بۇ دۇنيادا ياخشىلىق قىلسا، ئۇ دۇنيادا ھالاۋەت كۆرىدۇ؛ بۇ دۇنيادا يامانلىق قىلسا، ئۇ دۇنيادا تالاپەت كۆرىدۇ دەپ قارالغان. ساكيامۇنىنىڭ بۇ تەشەببۇسلىرىنىڭ ئىجابىي تەرىپىمۇ بار، سەلبىي تەرىپىمۇ بار. ئۇ يەنە ئۆز ئۆزىدىن خالاس بولۇش يولى بىلەن ئازاپتىن قۇتۇلۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، كۈرەشنى ئىنكار قىلغان. بۇنداق تەشەببۇس قۇلدارلار ۋە فېئودال ھۆكۈمرانلارغا ئەلۋەتتە پايدىلىق بولغان، شۇڭا تارىختا ئۆتكەن ھۆكۈمران سىنىپلار، كۆپ ھاللاردا، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كەتكەن.

مىلادىدىن ئىلگىرى 485 - يىلى ساكيامۇنى 80 ياشقا كىرەي دەپ قالغان. ئۇ قېرىپ قالغان ھەم ئاغرىقچان بولۇپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا بارغانلا يېرىدە دىن تارقاتقان. 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئۇ بىر دەريا بويىغا كەلگەندە، كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغان، ئۆزىنىڭ بولالمايۋاتقانلىقىنى بىلىپ، دەرياغا چومۇلۇپ يۇيۇنغان، ئۇنىڭ تالىپلىرى بىرنەچچە بىراخما دەرىخىگە سەگەنچۈك ياساپ بەرگەن، ساكيامۇنى يانپاشلاپ ئوڭ قولىنى بېشىغا قويۇپ ياتقان پېتى تالىپلىرىغا، ئۇستازىمىزدىن ئايرىلدۇق دەپ ئالغا ئىنتىلمەي قالماڭلار، ئۆزەڭلەرنى تاشلىۋەتمەڭلەر، بەلكى بۇددا دىنى قانۇنلىرىنى يېتەكچى قىلىپ ئىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەڭلار، دەپ سەممىي تەلىم بەرگەن ۋە سۆزىنى تۈگىتىپلا جان ئۈزگەن. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭ تالىپلىرىغا بەرگەن چىن تەلىملىرىنى ياد ئېتىش ئۈچۈن بۇتخانىلاردا ساكيامۇنىنىڭ يانپاشلاپ ياتقان ھەيكىلىنى ياسىغان.

ساكيامۇنىنى ئۇرمانلىقتىن تاپقان، بىراق ئۇ قايتىپ كېلىـ
ھەرگىز ئۇنىمىغان. ساكيامۇنى مەشھۇر 3 ئۇلىمانى زىيا
قىلىپ، ئۇلاردىن پەلسەپە ئۆگەنگەن؛ ئۇنىڭدىن كېيىن
قويۇق ئورمانلىققا كىرىپ دەرۋىش بولۇپ تەربىيەت ئۆگدىـ
شۇنداق قىلىپ، ئۇ 6 - يىل يۇرگەن، بىرەر قېتىممۇ يۇيۇنمـ
بىراق ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئازاپ - ئوقۇبەتنى تۈگىتىشـ
ئامالىنى تاپالمىغان.

ئۇ بىركۈنى بىر دەريا بويىغا كەلگەن، ئۇ سۇغا چومۇ
بەدەنلىرىدىكى كىرلەرنى يۇيۇۋەتمەكچى بولىغان. دەريا يـ
دىكى پادىچى قىز بۇنى كورۇپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن سۈت بەرگە
شۇنىڭ بىلەن ساكيامۇنى مادارىغا كەلگەن. ئۇ بىرتۇپ لـ
دەرىخى تۈۋىگە كېلىپ، يەرگە ئوت - چۆپتىن جەينىماز ياسا
مەشرىققە قاراپ چەتان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، تەڭرى ئالدىـ
"ئەگەر مەن ئۇزۇل - كېسىل ئويغانمىسام، ئۇستىخانلىرىم پارـ
پارە بولۇپ كەتسە كېتىدۇكى، ئورنۇمدىن قوپمايمەن
دەپ قەسەم ئىچكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ، لىپا دەرىخى تۈۋىـ
ئولتۇرۇپ، ئىستىقامەت قىلىپ، ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئازاپ
ئوقۇبەتنى تۈگىتىشنىڭ چارىسىنى ئىزلىگەن.

ئۇ 35 ياشقا كىرگەن يىلى 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنـ
كېچىدە بىر يورۇق يۇلتۇز شەرق تەرەپتە كۆتىرىلگەنىدە
تۇيۇقسىزلا ئىشنىڭ يولىنى تېپىپ، بۇددا دىنىنى ئىجات قىلغان
ئاشۇ لىپا دەرىخىنىڭ ئورنى ھازىر ھىندىستانىنىڭ بىـھا
ئولكىسىدە بار.

شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، ساكيامۇنى ھىندى يېرىم ئارىلىنىڭ
نۇرغۇن جايلىرىغا بېرىپ بۇددا دىنى ئەقىدىلىرىنى تارقاتقان
ئېتىلشلارغا قارىغاندا ئۇ سىرىلانكا ۋە بىرمىلارغىچە بارغان

باشلايدىغان رايونلىرىغا تارقالغان، ئۇزۇنغىدىن كېيىن، جۇڭگودىن چاۋشەن ۋە ياپونىيىلەرگە تارقالغان. ھالبۇكى، مىلادى 8 - ئەسىردىن كېيىن، ھىندىستاننىڭ براخمان دىنى يېڭىۋاشتىن روناق تېپىپ، ھىندى دىنى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. شۇڭا، ھازىر ھىندىستاندا بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان كىشىلەر يوق دېيەرلىك. لېكىن، ھىندى يېرىم ئاراللىدىن تارقالغان بۇددا دىنىغا يەنىلا پۈتۈن دۇنيا ئەھمىيەت بەرمەكتە. بېيجىڭنىڭ شىشەن تېغىدىكى لىڭگۇاڭ بۇتخانىسىنىڭ مۇنارىدا، ساكيامۇ-نىنىڭ بىر چىشى ساقلانماقتا ئىكەن، شۇڭا كىشىلەر بۇ مۇنارنى "بۇت چىشى مۇنارى" دەپ ئاتايدۇ.

شۇنىڭدەك ساكيامۇنى تۇغۇلغان كۈننى (4 - ئاينىڭ 8 - كۈن
"بۇت يۇيۇش بايرىمى" دەپ، ئۇ دەرۋىش بولغان كۈن
(12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى) "8 - دېكابىر بايرىمى" د
ئاتاشقان.

ساكيامۇنىنىڭ جەسىدى ئوتتا كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن
ئۇنىڭ سوڭەك كۈللىرى دانە - دانە بولۇپ قېتىشقان، بۇ
دىندا بۇنداق دانىچىلار "سېلى" دەپ ئاتالغان. كېيىن
8 پادىشا سېلىنى بولۇشۇۋېلىپ ئالاھىدە ياسالغان مۇنارلا
ساقلاپ سەجدە قىلىپ ساكيامۇنىغا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرگە
بۇنداق مۇنارلار ئالتۇن، كۈمۈش، ھېقىق، ھەرۋايىت قاتارلى
7 تۈرلۈك قىممەتلىك نەرسىلەر بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ
"گوھەر مۇنار" دەپ ئاتالغان.

مىلادى 1 - ئەسىردە بۇددا دىنى جۇڭگونىڭ خەنزۇلا



ھىندىستاندىكى ساكيامۇنى بۇتخانىسى

پۇشمان قىلدى، چۈنكى بوي سۇندۇرۇلمىغان بىرەر جاي بوي
سۇندۇرۇلغاندا ئادەملەر قىرىلىدۇ، ئۆلىدۇ ۋە ئەسىر ئېلىنىدۇ.
شۇڭا پادىشا ئالىلىرى چوڭقۇر قايغۇغا چۆمدى ......"
پەرماندا يەنە پادىشانىڭ ئادەملەرنى قىرىشقا ۋە ئەسىر
ئېلىشقا يول قويمايدىغانلىقى، كالىنگادا قىلغانلىرىنىڭ يۈزدىن
بىرىنى ياكى مىڭدىن بىرىنى قىلىشنىمۇ خالىمايدىغانلىقى؛
پادىشانىڭ ھەقىقى بوي سۇندۇرۇش بۇددا قانۇنلىرى بىلەن
كىشىلەر قەلبىنى بوي سۇندۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك،
دەپ قارىغانلىقى، بۇنىڭدىن كېيىن مېھرىۋان، كەڭ قوساق بو-
لۇپ، تىرىشىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالىدىغانلىقى؛ ئەگەر بىرەر
ئادەم ئۇنىڭ ئالدىدا يەرگە قارايدىغان ئىشنى قىلىپ قويسا،
ئىمكان قەدەر سەۋرى - تاقەت قىلىدىغانلىقى ئېيتىلغان. يەنە
ئۇنىڭ كىشىلەرنى ئۆز نەسىۋىسىگە شۈكرى قىلىپ، ئۆزىنى
تۇتىدىغان، كۆڭلى خاتىرجەم ۋە شاد - خورام ياشايدىغان قى-
لىشقا تىرىشىدىغانلىقى ئېيتىلغان.
بۇ زادى قانداق ئىش؟
ئەسلىدە، مىلادىدىن ئىلگىرى 6 - ئەسىردە، ھىندىستاندا
10 نەچچە دۆلەت بولغان بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدا دائىم ئۇ-
رۇش پارتلاپ تۇرغان. مىلادىدىن ئىلگىرى 4 - ئەسىرگە كەل-
گەندە، مائۇرىيە خانلىقى قۇرۇلغان، شىمالىي ھىندىستاننىڭ كۆپ-
چىلىك زېمىنى ئاندىن بىرلىككە كەلگەن. مائۇرىيە خانلىقىنىڭ
3 - ئەۋلات پادىشاسى ئاسوكا مىلادىدىن ئىلگىرى 273 - يىلى
تەختكە چىققان. ئۇ چاغلاردا، ھىندىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمى
بىلەن شىمالىي قىسمى ئاساسىي جەھەتتىن بىرلىككە كېلىپ
بولغان بولۇپ، جەنۇبىي تەرەپتىكى دېڭىز دىكى كالىنگا ۋە
باشقا بىر قانچە ئۇششاق دۆلەتلەرلا خانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا

# ئاسوكا

بۇنىڭدىن 60 يىل بۇرۇن، ھىندىستان ئارخېولو
2000 يىلدىن ئىلگىرى ياسالغان غايەت كاتتا خان ئ
سىنى قازغان. بۇ ئوردىنىڭ سېلىنغىنىغا شۇنچە زامانلار ب
بولسىمۇ، لېكىن قېزىلغان ياغاچ ماتېرىياللار شۇ قەدەر پار
ھەم مۇكەممەل ئىكەنكى، ھەتتا ئۇنىڭ ئۇلانغان يېرىنىمۇ
قىلغىلى بولمىغان. بۇنى ئېكسكۇرسىيە قىلغۇچىلارنىڭ "ھەتتا
گۈنكى كۈندىمۇ بۇنىڭدىن ئوبدان ياساش ناھايىتى تە
دەپ ھەيران قېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

ئەينى زامانلاردا، بۇ ئوردا ئىنتايىن ھەيۋەتلىك قى
ياسالغان. بۇنىڭدىكى ھەممىدىن بەك دىققەتنى تارتىدىغىنى
كى، ئۇنىڭدا نۇرغۇن كاتتا تاش تۈۋرۈكلەر بولغان. بۇ ت
تۈۋرۈكلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئېغىرلىقى 50 تونناغا، ئېگىزلى
15 مېتىردىن كوپ بولغان. تۈۋرۈكنىڭ ئۈستى تەرىپىگە ئ
تايىن نەپىس شىر ھەيكەللىرى، تۈۋرۈككە پادىشانىڭ پەرما
لىرى ئويۇلغان.

بىر پەرماندا مۇنداق دەپ يېزىلغان:

"مۇقەددەس، شەپقەتلىك پادىشا ئالىيلىرى تەختتە ئولتۇ
رۇپ 8 - يىلى كالىنگا بوي سۇندۇرۇلدى، 150 مىڭ ئادە
ئەسىر ئېلىندى، 100 مىڭ ئادەم قىرىلدى، ئۆلگەنلەرنىڭ
سانى بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە كوپ بولدى......

"پادىشا ئالىيلىرى كالىنگانى بوي سۇندۇرغاندىن كېيىن ئۆزىچە

"خۇش خەۋەر! مۇقەددەس قوشۇن تەرەپ - تەرەپلەردىن هۇجۇمغا ئۆتتى، يېقىنقى كۈنلەردە يەنە 50 مىڭ دۈشمەننى قىردى، 100 مىڭ ئەسكىرىنى ئەسىر ئالدى، قارشىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى قىرىپ تاشلاندى ......"

"مۇبارەك بولسۇن ئالىيلىرىغا: دۈشمەن پادىشاسى ئەسىر ئېلىندى، بىراق ئۇ باش ئەگمىدى، شۇڭغىچە ئالىيلىرىغا بىشەملىك بىلەن تىل تەككۈزدى، ھازىر قەپەز ئىچىدە ھالاك بولۇشقا قاراپ كېتىۋاتىدۇ ......"

ياش پادىشا بۇ خۇش خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ دەسلەپتە خوشاللانغان، بىراق بارغانسېرى كۆپ ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ يۈزىدە ئاستا - ئاستا غەمكىنلىك كۆرۈنگەن. ئاخىردا دۈشمەن پادىشاسىنىڭ ئۆلۈۋالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ھەسرەتلىنىپ، ئۆز ئۆزىگە "قورال كۈچى بىلەن يەر - زېمىننى بوي سۇندۇرۇش مۇمكىن ئىكەن، بىراق ئادەم قەلبىنى بوي سۇندۇرغىلى بولمايدىكەن!" دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئادەملەرنى قىرىش ۋە ھۇجۇم قىلىشنى دەرھال توختىتىپ، قوشۇنلارنى دەرھال چېكىندۈرۈشكە بۇيرۇق بەرگەن ھەمدە يۇقۇرقى پەرماننى جاكالاپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە ئۆزىنىڭ ئۆكۈنگەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

ئاسوكا نىمە ئۈچۈن ھەقىقى بوي سۇندۇرۇش بۇددا قانۇنلىرى بىلەن كىشىلەر قەلبىنى بوي سۇندۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك دەيدۇ؟ ئەسلىدە، ئۇ تەختكە چىقىشتىن ئىلگىرى غەربىي ھىندىستاننىڭ بەزى چوڭ شەھەرلىرىدە باش ۋالىلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەن. بۇ شەھەرلەر شۇ زامانلاردا مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرى بولۇپ، بۇددا دىنى بەك تەرەققى قىلغان، پەن - تېخنىكىمۇ خېلى تەرەققى قىلغان، يەنە كې-

بولغان. ياش ئاسوكادا ھىندىستاننىڭ شەرقىي، جەنۇبىي
بىي ۋە شىمالىدىكى ھەر قانداق جاينى ئۆز ھۆكۈمرانلى
تۇتۇشتەك كۈچلۈك ئارزۇدا بولغان. شۇڭا ئاسوكا تەختكە
قىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، كالىنگاغا قارشى ئۇرۇش قوزغىغان.
ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن ھەربىي ئىشلارغا دائىر
پى دوكلاتلار ئارقا - ئارقىدىن ئاسوكانىڭ ئالدىغا كەلتۈ
لۇپ تۇرغان:

"پادىشا ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغايكى، مۇقەددەس خاقا
مىزنىڭ 100 مىڭ پىيادە ئەسكىرى، 50 مىڭ ئاتلىق ئ
كىرى، 400 دانە ئۇرۇش ھارۋىسى ۋە 500 دانە ئۇرۇ
پىلى ئامان - ئېسەن دېڭىزدىن ئۆتۈپ كالىنگا تۇپرىقىغ
چىقتى ......"

"ئالىيلىرىغا مەلۇم بولسۇنكى، مۇقەددەس قوشۇنلىر
كاتتا زور ھەيۋەت بىلەن بىر كۈنگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچ
دۈشمەن قوشۇنىدىن 5 مىڭنى قىردى، ئەسىرگە ئالغان ئۇرۇ
ھارۋىلىرى، ئۇرۇش ئاتلىرى، پىل، كۈنلۈك، ئالتۇن - كۈمۈ
ئاشلىق، ئاياللار، ئۇلاقلارنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق؛ ....
"ئالىيلىرىغا جىددىي مەلۇم قىلىمىزكى، مۇقەددەس قو
ئىمىز كېچىلەپ ئۇرۇش قىلىپ دۈشمەن پايتەختىدىكى ئە
كەرلەر بىلەن پۇقرالارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراپ كې
تالاپەتكە ئۇچرىدى، ...... ئوت ئارقىلىق ھۇجۇم قىلماق
بولۇۋاتىمىز ......"

"خۇش خەۋەر! دۈشمەن پايتەختى بىر كېچىدىلا كۆيد
رۈپ كۈل قىلىپ تاشلاندى، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسە
كۈچلەرنىڭ بېشى كېسىلىپ سازايى قىلىندى ...... دۈشمە
پادىشاسى قېچىپ كېتىۋاتىدۇ ......"

دىستاننىڭ شەرقىدىكى دېڭىز بويلىرىنى بويلاپ سەپەر قىلغان. ئۇ يەنە مۇقەددەس لىپا دەرىخىنىڭ كوچىتىنى ئېلىپ بېرىپ سىرىلانكىدا تىككەن، بۇ دەرەخ ھازىرمۇ بار ئىكەن. بىر مەھەل تەشۋىق قىلىش ۋە ئەلچىلەرنىڭ بېرىپ ـ كېلىشى ئارقىسىدا بۇددا دىنى سىرىلانكىغا تارقىلىپلا قالماستىن، بەلكى ناھايىتى تېزلا مىسىر، سۇرىيە، بېرما، جۇڭگو ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان.

ئاسوكا بۇددا دىنىنى تەشۋىق قىلغانىدىن تاشقىرى، يەنە بىر قاتار ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەدبىرلەرنى قوللانغان، مەسىلەن، سۇغىرىش ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشلىرىنى كېڭەيتكەن، يول ياساتقان، دوختۇرخانا سالدۇرغان، ۋاھاكازالار. ئۇ ھوكۇمرانلىق قىلغان 40 نەچچە يىل ئىچىدە، مائۇرىيە خانلىقى ھىندىستان تارىخىدا تۇنجى قېتىم قۇدرەت تاپقان، بىرلىككە كەلگەن ئىمپېرىيە بولۇپ قالغان. لېكىن، بۇ بىرلىك زادىلا مۇستەھكەملىنەلمىگەن، ئۇ ۋاپات بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا بوي سۇندۇرۇلغان كالىنگا ۋە باشقا ئۇششاق خانلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان، ھىندى يېرىم ئارىلىدىكى ئەسلىدىكى بولۇنمە ھالەت يەنە ئەسلىگە كەلگەن.

لىپ غەرپ مەدەنىيىتىنىڭ بولۇپمۇ يۇناپ مەدەنىيىتى ئىپقە
تەسىرىگە قاتتىق ئۇچرىغان. شۇ زامانلاردا بەزى ئاتسوگەك
ۋە يۇقۇرى تەبىقىدىكىلەر، بولۇپمۇ بىراخمانلارنىڭ پەرز
لىرى بۇ شەھەرلەردە تەربىيە ئالغان، بۇلار ئۇنىڭ مىجەز
قىنىڭ ئوسۇپ يېتىلىشىگە ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردىكى
كۆل ئىشى ئۈچۈن چوڭقۇر تەسىر كورسەتكەن. ئۇ كىچىك دە
بۇددا دىنىنىڭ ئىجاتچىسى ساكىيامۇنىغا ئالاھىدە ھورمەت
لەن قارىغان، بۇ ئەۋلىيانىڭ قانداق قىلىپ نۇرغۇن مەن
كۈرەش ۋە ئازاپ- ئوقۇبەتلەر ئارقىلىق ئاخىر ئەۋلىيا بولغ
لىقىغا دائىر ھېكايىلەرنى بەك قىزىقىپ ئاڭلىغان. ئۇ، بۇد
دىنىي كىشىلەرنى شەخسى ھەۋەستىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئوز نىس
ۋىسىگە شۈكرى قىلىدىغان قىلالايدۇ، بۇنىڭ دولەتنى ئىدا
قىلىشتا پايدىسى كوپ، دەپ قارىغان.
بىر مەھەللىك قىرغىنچىلىقتىن كېيىن، ئاسوكا بۇنىڭ ھ
قىقى مەنىسىنى چۈشەنگەن. شۇنىڭدىن تارتىپ، ئۇ بۇددا د
نىغا تېخىمۇ سەجدە قىلىپ، بۇددا دىنىي ھىندىستاننىڭ دولە
دىنى، دەپ جاكالىغان ھەمدە خان ئوردىسىدا ۋە ئىمپېرىيە
نىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تاش تۈۋرۈك تۇرغۇزۇپ، تاش تام
لار ئويۇپ ئۈستىگە ئوزىنىڭ پەرمانىنى ئويۇشقا بۇيرۇغان
ئۇزاق ئوتمەي ئۇ يەنە پۈتۈن مەملىكەتتىكى بۇددا راھىپلىرى
نى چاقىرىپ كېلىپ، كاتتا مەرىكە ئوتكۈزۈپ، بۇددا كىتاپلى
رىنى رەتلەتكۈزگەن، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقايسى جايلاردا
نۇرغۇن بۇددا بۇتخانىلىرى ۋە بۇددا مۇنارلىرىنى سالدۇرغان.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ شاھزادە بىلەن مەلىكىنى
ئارقا- ئارقىدىن سىرىلانكىغا دىن تارقىتىشقا ئەۋەتكەن. مەلىكە
بىر توپ راھىبلارنى باشلاپ ۋە بۇددا كىتاپلىرىنى ئېلىپ ھىن

ئىنىسىنىڭ 5 ئوغلى بولۇپ، ئۇلارمۇ بىر جەمەت — پاندا جەمەتى بولۇپ ئۆيۈشقان.

پادىشانىڭ ئىنىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، پاندا جەمەتىدىكى 5 ئاكا - ئۇكىنى پادىشا بېقىپ چوڭ قىلغان. پادىشا ياخشى ئولىما ئەۋەتىپ ئۇلارنى تەربىيىلىگەن، ئۇلارمۇ ئوبدان تىرىشىپ ئۆگەنگەن. ئاكا - ئۇكا بەشەيلەن ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت ئۆگەنگەن، بۇنىڭدىن ئىچى ئادىغان كۇدى جەمەتىدىكى ئاكا - ئۇكىلار بىر ئامال قىلىپ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشنىڭ كويىدا بولغان.

— قېرىنداشلار، دادىمىز پادىشاھى ئالەم جەمجىت بىر ماكاندا كارامەت غەلىتە بولغان يىلىم ئۆي سالدۇردى، سىلەر شۇ يەردە تۇرۇڭلار! — دېگەن ھىلىگەرلىك بىلەن شاھزادە پاندا جەمەتىدىكى 5 ئاكا - ئۇكىغا.

5 ئاكا - ئۇكا بۇنى رەت قىلالماي پايتەختتىن چىقىپ كەتكەن. بۇلارنىڭ يىلىم ئۆيدە ئولتۇراقلىشىپ بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان شاھزادە ئادەم ئەۋەتىپ ئوت قويدۇرۇۋاتقان. يىلىمغا ئوتقاي ئوت تۇتاشتۇرغان بولغاچقا، بۇ ئۆي بىردەمدىلا كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان.....

ئارىلىقتا بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ، بىر كۈنى خان سارىيى كارامەت قىزىپ كەتكەن، پادىشا ۋەزىرلىرىنىڭ مەدھىيىلىرىنى ئاڭلاۋاتقان، شاھزادە بۇ دۇنياغا ئەمدى كۇدى جەمەتى تەنھا ئىگە بولىدىغان بولدى، دەپ خوشاللىقىدىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىۋاتقان پەيتتە، مۇھاپىزەتچى كىرىپ، پەنگو دولىتى پادىشاسىنىڭ 5 كۈيوغلى سالامغا كېلىپتۇ، دەپ خەۋەر قىلغان. پادىشا كىرسۇن دەپ بۇيرۇق بەرگەن. ئۇلار قارىسىغۇدەك بولسا بۇلار پاندا جەمەتىدىكى 5 ئاكا - ئۇكا ئىكەن.

# 200 مىڭ مىسرالىق داستان

ھىندىستاننىڭ يىلدا بىر قېتىم بولىدىغان بۇتخانا ...
لىسىدە، ياشىغان سەنئەتكارلار ھامان قەدىمى شەھەر ئوقۇيـ...
بۇ شەھەر ھەقىقەتەن بەك ئۇزۇن بولغاچقا، سەنئەتكارلار ئۇ...
پارچىلىرىنىلا ئوقۇيدۇ. بۇ شېئىردا تەسۋىرلەنگەن ھېكايە ...
تەسىرلىك بولغاچقا، بىرەر پارچىسىنى ئوقۇسىمۇ كىشىلەر ...
لاپ كوز يېشى قىلىشىدۇ.

بۇ «ماخاپخاراتا» دېگەن 200 نەچچە مىڭ مىسرالـ...
داستان بولۇپ، ئۇنىڭدا ھىندىستاندىكى ئىككى جەمەتنىڭ ...
رۇش قىلىشىدىن يارىشىشىغىچە بولغان پۈتۈن جەريان تەسۋ...
لەنگەن. ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، بۇ داستاننى 3 - 2 مـ...
يىلدىن ئىلگىرى رىۋايەتتىكى ھىندىستان ئەۋلىياسى بىيىسا ...
جات قىلغان بولۇپ، ئۇ قەدىمقى ھىندىستان مەدەنىيەت...
سەنئىتىنىڭ شانلىق جەۋھەرى. ئۇ بۇگۈنكى كۈنگىچە ۋەقەلىـ...
نىڭ مەزمۇنى ۋە بەدىي ئۇسلۇب جەھەتلەردە ھىندىستاننىـ...
ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىگە تەسىر كورسىتىپ كەلمەكتە.

بۇ ھېكايىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

قەدىمقى زاماندا، ھىندى يېرىم ئارىلىدا بىر خاقانلىق...
بولغان، ئۇنىڭ پادىشاسى تۇغۇلۇشتىلا ئەما بولۇپ، دولەتنىڭ...
ئىشلىرىنى ئۇنىڭ ئىنىسى باشقۇرغان. بۇ پادىشانىڭ 100 ئوغـ...
لى بولۇپ، بۇلار بىر جەمەت — كۇدى جەمەتى بولۇپ ئۇ...
يوشقان. شاھزادە بۇ جەمەتنىڭ ئاقساقىلى بولغان. پادىشانىڭ

تىرەك قىلىپ خاقان خانلىقىغا مەردانە قىيابەتتە قايتىپ كېلىپتۇ. خاقان دۆلىتىنىڭ پادىشاسى ئاخىر ئۇزىگە قاراشلىق زېمىنىنىڭ يېرىمىنى ئۇلارغا بولۇلۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولۇپتۇ. شۇ چاغدا شاھزادە بىر زەھەرلىك ئەقىل كۆرسىتىپ، پۈتۈن بوز يەرنى پاندا جەمەتىگە بولۇپ بېرىپتۇ؛ كۈدى جەمەتى بولسا پايتەخت ئەتراپىدىكى مۇنبەت رايونلارنى ئېلىپ قاپتۇ.

ئاشۇنداق قاقاس يەرلەرنىمۇ شاھزادىنىڭ پاندا جەمەتىدىكى ئاكا - ئۇكىلارغا بەرگۈسى كەلمەپتۇ. ئۇ يەنە يامان ئەقىل كۆرسىتىپ، پاندا جەمەتىدىكى ئاكا - ئۇكىلارنى خال ئويناشقا قىزىقتۇرۇپتۇ. ئۇ خالنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— كىم ئۇتتۇرۇپ قويسا، شۇنى 12 يىل سۈرگۈن قىلىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە 13 - يىلى كىشىلەر ئۇنى تونۇيالماسلىقى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا يەنە 12 يىل سۈرگۈن قىلىمىز! — دەپتۇ. پاندا جەمەتىدىكى ئاكا - ئۇكىلار يوۋاشلىق قىلىپ ماقۇل بولۇپتۇ ۋە خال تاشلاپ ئۇتتۇرۇپ قويۇپتۇ.

5 ئاكا - ئۇكا ئاخىر ئورمانلىققا كىرىپ 12 يىل سۈرگۈنلەر تۇرمۇشىنى كەچۈرۈپتۇ.

قەرەل توشقاندىن كېيىن، ئۇلار كىيىم - كېچەكنى يەڭگۈشلەپ، ھېچكىمگە تۇيدۇرماي باشقا بىر دۆلەتكە بېرىپ خان ئوردىسىدا ئىشلەپتۇ. ئۇلار ناھايىتى ئوبدان نىقابلانغاچقا ئۇلارنى ھېچكىم تونۇيالماپتۇ. يەنە بىر يىل ئۆتۈپ، ئۇلار خاقان خانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، شاھزادىدىن بۇرۇنقى ۋەدىسىنى ئورۇنلاپ ئۇلارغا تەئەللۇق بولغان يېرىم زېمىنىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپتۇ.

شاھزادە پاندا جەمەتىدىكى 5 ئاكا - ئۇكىنىڭ تەلىۋىنى رەت قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاخىر كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش

بۇ قانداق ئىش؟
ئەسلىدە، شاھزادە يىلىم ئۆيگە ئوت قويۇشقا ئادەم ئەۋە
كەندە، بىرسى بۇ خەۋەرنى پاندا جەمەتىدىكى 5 ئاكا - ئۇك
دەپ قويغان. ئۇلار بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دە
ھال لەخمە ئارقىلىق قېچىپ كەتكەن. 5 ئاكا - ئۇكا ئورما
لىدىقا قېچىپ بېرىپ، دالىدا يېتىپ، سەرسانلىقتا كۆرمىگەن كۈ
نى قالمىغان. كېيىن، ئۇلار پەنگو دولىتىگە بارغان.
پەنگو دولىتىنىڭ پايتەختىدە كۆيوغۇل تاللاش مەرىكىسى
بولۇۋاتقان ئىكەن. ھىندى يېرىم ئارىلىدىكى نۇرغۇن دولەتلە
نىڭ شاھزادىلىرى كەلگەن ئىكەن، پەنگو دولىتىنىڭ پادىشاھ
خەلقى ئالەمگە ئوقيانىڭ ياسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:
— كىمكى مۇشۇ يانى كېرىدىەلىسە ھەمدە ئوقيانى قارى
غا تەككۈزەلىسە، مەلىكىنى شۇنىڭغا بېرىمەن! — دەپ جاكالاپتۇ
ھەر قايسى دولەتلەردىن كەلگەن شاھزادىلەر ئارقا -
ئارقىدىن يانى تارتىسمۇ، لېكىن ھېچقايسىسى كېرىدىەلمەپتۇ.
— مەن كېرىپ كۆرەي! — دەپ سورۇنغا سەكرەپ چىق
شۇپتۇ پاندا جەمەتىدىكى ئاكا - ئۇكىلاردىن بىرسى. ئۇ قو
لىغا يانى ئېلىپ، يانى ئوغاقتەك ئېگىۋېتىپتۇ، ئاندىن ئوقىنى
قويۇۋېتىپتىكەن، ئۇتتۇر بېرىپ قارىغا يەنى پىقىراۋاتقان بېلىق
نىڭ كۆزىگە تاسلا قىلىپ تېگىپتۇ.
— بەللى! يارايسەن! — پۈتۈن سورۇندىكىلەر بىردەك
بارىكاللا ئېيتىپتۇ. مەلىكە ئۆز قولى بىلەن پاندا جەمەتىدىكى
ئاكا- ئۇكىلاردىن ھەممىسى كىشىگە گۈلتاج كىيگۈزۈپتۇ. شۇ زا-
مانلاردىكى ئۆرپ - ئادەت بويىچە 5 ئاكا - ئۇكا پەنگو دو-
لىتى پادىشاسىغا كۆيوغۇل بولۇپتۇ.
پاند؛ جەمەتىدىكى 5 ئاكا - ئۇكا پەنگو دولىتىنى ئارقا

كۆنى دەرەخ تۇۋىدە قونغان ئىكەن، قۇشلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭ-
لاپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە ھۇجۇم قاغا ئۇۋىسىغا ھۇجۇم
قىلىپ، ئۇۋىدىكى قاغىلارنىڭ ھەممىسىنى چوقۇپ ئۆلتۈرۈپ
قويغان ئىكەن. "چارە تېپىلدى! دەرھال تۇتۇش قىلايلى!". ئۇ-
لار بۇ ئەھۋالدىن ئىلھام ئېلىپ، كېچىلەپ بېرىپ پاندا جەمە-
تى بارگاھلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، چېدىرلاردا ئۇخلاپ ياتقان
پاندا جەمەتى ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى قىرىۋېتىپتۇ، پەقەت
ئاكا - ئۇكا بەشەيلەنلا قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ.

ئەتىسى 5 ئاكا - ئۇكا ئۇرۇش بولغان مەيدانغا قايتىپ
كېلىپتۇ. ئۇلار مىڭلاپ، ئون مىڭلاپ ئۆلۈكنىڭ ياتقانلىقىنى، قان-
دىن دەريا ھاسىل بولغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇ نېمە دېگەن ئېچى-
نىشلىق ئەھۋال - ھە! ئۇلار قېرىنداش جەمەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى
ئۆزئارا قىرغىنچىلىقنىڭ پۈتۈن ھىندىستان ئۈچۈن نەقەدەر
ئېغىر بالايى - ئاپەت كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆڭلى جەمە-
تى بىلەن يارىشىپ ئۇرۇشماي، تېچ ئۆتۈش، ئۆچمەنلىكنى تۈ-
گىتىپ، دوستانە ئۆتۈش قارارىغا كېلىپتۇ.

كويدۇرۇپ دەپنە قىلىش باشلىنىپتۇ، دوۋە - دوۋە ئوتتۇن-
غا ئوت يېقىلىپ ئۇرۇشتا ئۆلگۈچىلەرنىڭ جەسىدى بىر - بىر-
لەپ كويدۇرۇلۇپتۇ. ئاچكوزلۇك ۋە ئاداۋەتنىڭ كۆلى ئاسمان-
غا سورۇلغانلىقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئوت يالقۇنى ئاسمانغا
كۆتۈرۈلۈپتۇ......

داستان «ماخاپخاراتا»دا قەدىمقى ھىندىستاندىكى ھەر قاي-
سى تەبىقىلەرنىڭ كەڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈل-

پارتلاپتۇ! كۇدى جەمەتى نۇرغۇن دولەتنى ئىتتىپاقچى قا
توپلاپتۇ، پاندا جەمەتىدىكى ئاكا ـ ئۇكىلارمۇ نۇرغۇن دو
نى ئىتتىپاقچى قىلىپ توپلاپتۇ. ئىش قىلىپ ھىندى يې
ئارىلدىكى دولەتلەرنىڭ ھەممىسى دىسگۇدەك بۇ ئۇرۇ
قاتنىشىپتۇ.

ئۇرۇش 18 كۇن داۋام قىلىپتۇ. كۇدى جەمەتى قوشۇ
ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقچى قوشۇنىنىڭ 18 يول قوشۇنى پۇتۇنلە
تارمار قىلىنىپتۇ. پادىشانىڭ 100 ئوغلىدىن 99 ى ئولۇپ
پەقەت شاھزادىلا قېچىپ كېتىپتۇ. پاندا جەمەتىدىكى 5 ئاكا
ئۇكا ئۇنى قوغلاپتۇ. "ھە! بۇ كولنى قانداق قىلغۇلۇق!"
شاھزادە چېتى يوق كولگە قاراپ قايغۇغا چومۇپتۇ. شۇ زامان
ئۇ بىر ئەقىل تېپىپ، كولگە سەكرەپتۇ.

— بۇ نەگە كەتتى؟— پاندا جەمەتىدىكى 5 ئاكا
ئۇكا كول بويىنى ئىزلەپتۇ.

— ھەي، بۇ نىمە؟— دەپتۇ كولدىكى مىدىرلاۋاتقان قۇ
مۇشنى كورستىپ ئۇلاردىن بىرسى. ئەسلىدە، شاھزادە دەم ئې
لىش ئۇچۇن بىر تال قومۇش نەيچىسىنى چىشلىۋالغان ئىكەن

— توخۇ يۇرەك، سۇغا يوشۇرۇنۇپ قۇتۇلماقچىمۇ سەن!—
5 ئاكا ـ ئۇكا كول بويىدا ھەر خىل يامان گەپلەر بىلەن
شاھزادىنى ھاقارەتلەپتۇ.

— بولۇپتۇ. مەن سەنلەر بىلەن ئېلىشىمەن!— شاھزادە
سۇدىن باش چىقىرىپ قىرغاققا چىقىپتۇ. ئېلىشىش نەتىجىسىدە
شاھزادە ئولۇپتۇ. پاندا جەمەتىدىكى ئاكا ـ ئۇكىلار شاھزا
دىنىڭ بېشىنى ئېلىپ، قېنىنى ئىچىپتۇ.

كۇدى جەمەتى ئەسكەرلىرى شاھزادە ئۇچۇن ئىنتىقام ئې
لىشقا بەل باغلاپتۇ، لېكىن ياخشى ئامال تاپالماپتۇ. ئۇلار بىر

# يەر ئاستىدىكى سىرلىق ئوردا

قەدىمقى ھىندىستان مەدەنىيىتى كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ، قەدىمقى يۇنان مەدەنىيىتىمۇ كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ. ئەمدى بىز قەدىمقى يۇنانغا (ئېگەي دېڭىزى رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دائىر قىزىقارلىق ھېكايىلەرگە ئۆتىمىز.

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەنگلىيىنىڭ بىر ئارخېولوگ ئەترىدى ئېگەي دېڭىزىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى بىر ئارالغا — كىرىت ئارىلىغا كەلگەن.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، يىراق قەدىمقى زامانلاردا، مىنوس دېگەن بىر پادىشا ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ كىرىت ئارىلىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىكەن. ئۇ سانسىزلىغان سارايلىرى بولغان بىر سىرلىق ئوردا سالدۇرغان ئىكەن، ئۇنىڭ كارىدورلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ئوردىغا كىرىپ قالغان كىشى چىقالمايدىكەن. ئوردىنىڭ ئىچىدە ئادەم تەنلىك، كالا باشلىق يىرتقۇچ ھايۋان — بىر مىنو كالىسى بېقىلغان ئىكەن. پادىشا ئۇنى ئارزۇلاپ بېقىش ئۈچۈن، يۇناننىڭ ئافىنا شەھرىگە كىشىنى چۆچىتىدىغان مۇنداق بىر يارلىق چىقارغان: سىرلىق ئوردىدىكى يىرتقۇچ ھايۋان مىنو كالىسىغا يەم قىلىش ئۈچۈن ھەر 9 يىلدا 7 جۈپ ئوغۇل - قىز ئولپان تاپشۇرۇلسۇن.

ئافىنالىقلارغا 4 - قېتىم ئولپان تاپشۇرۇش نۆۋىتى كەلگەن. كىشىلەر يىغا - زارلىق ئىچىدە 7 جۈپ بەختسىز ئوغۇل قىز بىلەن خوشلاشقان ھەمدە ئۇلارنى ئېلىپ ماڭىدىغان كېمە

گەن بولۇپ، بۇنى قەدىمقى ھىندىستان جەمىيتىگە داڭ
مۇس دىيشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىكى ھەققانىيەتكە ئۇقۇلغان
ھىيە ۋە رەزىللىك ئۈستىدە قىلىنغان پىيەن ھىندىستان
نىڭ غايىسىنىڭ نامايەندىسى؛ داستانىنىڭ ئاخىرسىنىڭ ئۇ
تۇگەپ تىيچ ھاياتىنىڭ باشلىنىشى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇلغانلىقى
بولسا ھىندىستاندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنتىپاقلىغى
بىرلىگىنىڭ سىمۋولى.

غان پادىشا ئېگەي يېقىنلىشىۋاتقان كېمىدە يەنىلا قارا يەلكەن ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى كورۇپ، ئوغلۇم قازا تېپىپتۇ دەپ قاراپتۇ - دە، ئۈمىتسىزلىك ئىچىدە دېڭىزغا سەكرەپ ئولۇۋاپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن پادىشا ئېگەي ئۆزىنى تاشلىغان دېڭىز ئېگەي دېڭىزى دەپ ئاتىلىپتۇ......

ئارخولوگ ئەترىدى ئاخىر كرىت ئارىلىنىڭ شىمالىدىكى كنوسسوس دېگەن يەرنىڭ ئاستىدىن بۇ سىرلىق ئوردىنى — مىنوس ئوردىسىنى تاپقان!

بۇ خان ئوردىسى تاقتا يولەپ سېلىنغان بولۇپ، نۇرغۇن ئوي - ئىمارەتتىن تەركىپ تاپقان بىر پۈتۈن گەۋدە ئىكەن. ئۇنىڭ ئومۇمى كولىمى 16000 كۋادرات مېتىر كېلىدىكەن. ئوردىنىڭ مەركىزىدە بىر توت چاسا هويلا بولۇپ، ئۇنىڭ توت ئەتراپىغا پادىشانىڭ قاش تېشى سارىيى، خانىش ياتىقى، دىنىي مەزمۇنغا ئىگە بولغان قوش پالتا شەكلىدىكى ساراي، يەرنىڭ يانتۇلۇغىغا ئاساسەن سېلىنغان بىنا ۋە قازناق، غەزنە قاتارلىقلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىكەن. بۇ ئوردا 3 قەۋەت بولۇپ، يەر ئاستى ئۆيىمۇ بار ئىكەن. هەر قايسى هەشەمەتلىك بىنالار، كارىدور، دەرۋازا، قوش يوللار، پەلەمپەي قاتارلىقلار كۆرمىڭلىغان ئۆيلەر ئەگرى - توقاي قۇرۇلمىلار بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان ئىكەن، كارىدورلىرى، ساراي - ئۆيلەر گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ مۇرەككەپ بىناغا كىرگەندىن كېيىن هەقىقەتەن ئوڭايلا ئادىشىپ قېلىپ، چىقىشقا يول تاپقىلى بولمايدىكەن. راستىنلا ئۇنى سىرلىق ئوردا دېسە بولىدىكەن. بۈگۈنكى كۈندىمۇ كىشىلەرنىڭ بەزى مۇرەككەپ قۇرۇلمىلار ۋە ئورۇنلاشتۇرمىلارنى سىرلىق ئوردىغا تەمسىل قىلىدىغانلىقى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس.

ئارخولوگ ئەترىدى سىرلىق ئوردىنىڭ تاملىرىدىن نۇر-

قارا يەلكەن ئاسقان. ئافىنا پادىشاسى ئېگەيىنىڭ ئوغلى تې
ئۆز خەلىقىنىڭ مۇشۇنداق ئازاپ - ئوقۇبەت چېكىۋا
لىشىغا تاقەت قىلالماي، ئۇلار بىلەن بىللە كرىت ئارا
بېرىپ مىنو كالىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش قارارىغا كەلگەن. ئۇ
دىسى بىلەن كېلىشكەن، يەنى ئىش مۇۋەپپەقىيەتلىك ب
چىقسا، قايتىپ كېلىشتە كېمىدىكى قارا يەلكەننىڭ ئورنىغا
يەلكەن ئاسىدىغان بولغان؛ ئېگەي پادىشاسى ئاق يەلكەننى
سە، ئوغلۇم سالامەت قايتىپ كېلىپتۇ دەپ بىلىدىغان بولغا
تېزېۇس كرىت ئارىلىغا بارغاندىن كېيىن، ئۇ يەر
پادىشاسىنىڭ قىزى ئۇنىڭغا كويۇپ قىلىپتۇ. قىز تېزېۇسنى
كالىسى يەپ كەتمىسۇن دەپ ئۇنىڭغا بىر خەنجەر ۋە بىر
لەك يىپ بېرىپتۇ. زېرەك ھەم باتۇر تېزېۇس سىرلىق ئور
كىرىپلا يىپنىڭ ئۇچىنى ئوردا دەرۋازىسىغا چېگىپ قويۇ
ھەمدە يىپنى چۇۋۇپ، مۇرەككەپ كارىدورلارنى بويلاپ
لىق ئوردىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپتۇ. ئاخىر، ئۇ مىنو كالىس
قىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئاندىن ئۇلپانىغا ئېلىپ بارغان ئوغۇل
قىزنى باشلاپ، يىپنى بويلاپ سىرلىق ئوردىدىن چىقىپتۇ. مىنو
دېڭىز بويىدا كرىت ئارىلىدىكى كېمىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ
گىنى تېشىۋېتىپ، ئاندىن كېيىن پادىشانىڭ قىزى بىلەن ك
رىت ئارىلىغا كەلگەندە چۈشكەن كېمىگە چۈشۈپ يەلكەن چىق
رىپ ۋەتىنىگە قايتىپتۇ.
ئۇلار بىرنەچچە كۈن سەپەر قىلغاندىن كېيىن ئافىنا
يېقىنلىشىپتۇ. بىراق تېزېۇس خوشاللىقىدا قارا يەلكەننى يو
كەشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇپتۇ. دېڭىز بويىدا ساقلاپ تۇر

قىلىپ تەسۋىرلەنگەن، بەلكىم ئۇ گۈل - گىيالار بىلەن ئالا-
قىداز بولغان دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈۋاتقان بولسا كېرەك.
بۇلاردىن كىيىنشلىرى كىرپىچچە بولمىغان بىرمۇنچە قىزلارنىڭ
ئوبرازلىرىمۇ ئۇچرىتىلغان، ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇلار ئولپان
تەرىقىسىدە بۇ يەرگە ئەۋەتىلگەن قۇللار بولسا كېرەك.

لېكىن ئارخولوگلارنى ئوردىدىكى 2000 دانە سېغىز
تاختا تېخىمۇ قىزىقتۇرغان. روشەنكى بۇنداق سېغىز تاختا
سېغىز لايدىن ياساپ قۇرۇتۇلغان. ئۇنىڭ شەكلى پالما دەرىخى-
نىڭ يوپۇرماقلىرىغا ئوخشاش ئۇزۇنچاق بولۇپ، ئۇنىڭغا سىزىق
چىلاردىن تەركىپ تاپقان يېزىقلار ئويۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا
تامغا، قاچا - قۇچىلارغا ئوخشاش نەرسىلەردىمۇ ئاشۇنداق
يېزىق تېپىلغان. سىزىق شەكىللىك يېزىق دېگەن ئەنە شۇ.
1953 - يىلىغا كەلگەندە، ئاندىن بۇ يېزىقنىڭ بىر قىسمى
ئۈستىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك چۈشەنچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇنىڭ-
دىن مەلۇم بولۇشىچە، سېغىز تاختايلارغا ئوردا مەنقۇلاتلىرىنىڭ
ھېساپ - كىتاۋى خاتىرىلەنگەن، بۇنىڭ ئىچىدە پادىشانىڭ ھەر-
قايسى جايلاردىن باج - سېلىق ئالغانلىقىغا دائىر ئەھۋاللار-
مۇ بولغان، ھېساپلاش ئۇسۇلى ئونلۇق سىستېما بويىچە بولغان.
يادنامىلاردىكى نۇرغۇن سۆزلەر قەدىمقى يۇناندا قوللىنىلغان سۆز-
لەردىن ئاز تولا پەرقلەنگەن. بۇنىڭدىن كرىت ئارىلى مەدەنى-
يىتىنىڭ قەدىمقى يۇنان مەدەنىيىتى بىلەن بولغان قويۇق ئالا-
قىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئارخولوگ ئەترىدى سىرلىق ئوردىنى چوردەپ قېزىش
ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە بەزى سارايلارنىڭ
ئالاھىدە ياسالغان لەخمىلەر ئارقىلىق سىرلىق ئوردىغا تۇتاش-
تۇرۇلغانلىقى مەلۇم بولغان. ئارخولوگ ئەترىدى سىرلىق ئور-

غۇن تام رەسىملىرىنى
تاپىقان. بۇ رەسىملەرگە
گەرچە 3 مىڭ نەچچە
يۈز يىل بولغان بولسىمۇ،
لېكىن بۇ رەسىملەر ناھا-
يىتى ئوچۇق بولۇپ، خۇد-
دى سەنئەتكارلار ھېلىلا
سىزىپ پۈتتۈرگەندەك
تۇرغان. ئۇزۇن كارىدورغا
مەركە ناماي-شچىلىرنىڭ
رەسىم قۇرۇلمىلىرى چىزى-
شۇرۇلگەن. پادىشانىڭ قاش
تېشى سارىيى ۋە خانىش-
نىڭ ياتىقىغا، پاد.:. ئاق-
سوڭەكلەرنىڭ پائالىيەت-
لىرى ۋە يىغىلىشقا دائىر
رەسىملەر، شۇنىڭدەك تە-
بىئەت مەنزىرىلىرى چۈ-
شۇرۇلگەن. بۇ رەسىملەردە ئەرلەر ئالتۇن - كۈمۈشتىن يى-



كنوسسوس خان ئوردىسىدىكى تام رەس-
لەر. گۈل ئارا سەيلە قىلىۋاتقان ياش پادىش-

سالىغان قاچا - قۇچا تۇتۇپ تۇرغان، ئاياللار كەڭ جىلتەا
تۇتۇلغان ئۇزۇن كوينەك كىيگەن، بەزىلىرى ئاق جىلتەك تۇ
تۇلغان قارا يوپكا كىيگەن، بۇ رەسىملەر نازۇك، راستتەك قىلىپ
سىزىلغان. بىر رەسىمدە پادىشا ئىپادە قىلىنغان. ئۇ بېشىغ
پىياز گۈللۈك تاج كىيگەن، بوينىغا بويۇن چەمبىرىكى ئاسقان،
قولىغا بىلەيزۈك تاقىغان ھالدا گۈللۈك ئىچىدە مېڭىۋاتقان

# ياغاچ ئات ھىلىسى

ئالاھەزەل بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇن، يۇنان يېرىم ئارىلىدا نۇرغۇن ئۇششاق دۆلەتلەر قۇرۇلغان ئىكەن. سپارتا بۇ دۆلەتلەرنىڭ بىرى ئىكەن.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بىر كۈنى سپارتا خان ئوردىسىغا بىر ئەزىز مېھمان كەلگەن. بۇ مېھمان ترويا پادىشاسىنىڭ ئوغلى پارىس ئىكەن. ترويا كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلىدىكى (ھازىرقى تۈركىيىدىكى) بىر كىچىك خانلىق بولۇپ، ئۇنى يۇنان بىلەن دولقۇنلىرى ئۆركەشلەپ تۇرغان ئېگەي دېڭىزى ئايرىپ تۇرىدىكەن. سپارتا خان جەمەتى بۇ ئەزىز مېھماننى ئەڭ داغدۇغىلىق رەسمىيەتلەر بىلەن كۈتۈۋالغان، ھەتتا ياش خانىش خېلېنمۇ ئۆزى چىقىپ كۈتۈۋالغان. خېلېن شۇ زامانلاردا ئالەمدىكى ئەڭ ساھىبجامال خوتۇن بولۇپ، ئۇنى كۆرگەن پارىسنىڭ نىيىتى بۇزۇلغان. خېلېنمۇ بۇ كېلىشكەن شاھزادىنى كۆرۈپ ئىچ-ئىچىدىن خۇش بولغان. شۇ كېچىسى پارىس سپارتا پادىشاسى سىرتقا چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئەسكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلىپ خان ئوردىسىغا ھۇجۇم قىلغان ۋە خېلېننى ئالداپ قولغا چۈشۈرۈپ، كېمىگە سېلىپ تروياغا ئېلىپ قېچىپ كەتكەن.

سپارتا پادىشاسى بۇنى قاتتىق ھاقارەت دەپ بىلىپ، ئىنتىقام ئېلىشنىڭ چارىلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن، دەرھال ئاكىسى ئاگاممنوننىڭ مىكېناي دېگەن باشقا بىر كى-

دىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىن بىر ھەشەمەتلىك تۇرار جاي
زىپ چىققان، ئۇنىڭدا ئىسسىق - سوغاق سۇ تۇرۇبىلىرى
سەرراپ بار ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئىككى قەۋەتلىك
نىڭ يەر ئاستى ئۆيىدىن كوك مىستىن ياسالغان دەم
تاقالغان گەمە ۋە ئامبار تېپىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ
تۇرار جاينىڭ يانلىرىدىن يەنە نۇرغۇنلىغان ئاددى كىچىك
لەر ۋە ساتما ئۆيلەر تېپىلغان، بۇلارنىڭ نامراتلار ياكى
لارنىڭ تۇرار جايى ئىكەنلىكى ئېنىق.

يەر ئاستىدىكى سىرلىق ئوردىنىڭ سىرىنىڭ يېشىلىشى
شەھەرنى مىلادىدىن ئىلگىرى 15 - ئەسىرنىڭ ئالدى -
نىدىكى ئېگەي رايونىدىكى، كىرىت مەدەنىيىتىنىڭ يۇكسەك م
پەقىيەتلىرىنى كورۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ى قۇربان بولۇپ كېتىپتۇ.
ئۇرۇش يەنىلا داۋاملىشىۋېرىپتۇ. ترويانىڭ باش سەركەر-
نسى قۇربان بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرىدىگە باش-
چىلىق قىلىدىغان ئادەم قالماپتۇ، مەككار ھەم توخۇ يۈرەك
پارىس نائىلاج شەھەردىن چىقىپ ئۇرۇشقا كىرىشكە مەجبۇر
بولۇپتۇ. رەقىبىنىڭ جەڭگە كىرگەنلىكىنى كۆرگەن يۇنان سەركەر-
دىلىرىنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتى چاقناپ، دەر غەزەپ بىلەن
پارىسقا ئېتىلىپتۇ. پارىس ئېلىشماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، ئوق - يا-
لار ئارقا - ئارقىدىن ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كېلىپ، بىغىشىغا ۋە قو-
سىقىغا تېگىپتۇ. ئۇ ئاغرىققا چىدىيالماي تەككەن ئوقنىمۇ ئې-
لىۋەتمەي، ئالدىراپ - تېنەپ ترويا شەھىرىگە قېچىپ
كىرىۋېلىپتۇ.
پارىسنىڭ قوسىقىغا تەككەن ئوق - يادا زەھەر بار ئىكەن.
ئەتىسى زەھەر ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ، پارىسنىڭ بەدەنلىرى
قارىداپ، ئاغرىق دەستىدىن غال - غال تىترەپتۇ. قىپ - قى-
زىل قان ۋە سېرىق زەرداپ ئۇنىڭ ئاغزىدىن پۇقىراپ چى-
قىپتۇ. دوختۇرلار كۆرۈپ باشلىرىنى چايقاپتۇ، چۈنكى شەھەردە
زەھەر قايتۇرىدىغان دورا قالمىغان ئىكەن. پارىس ئۆزىنىڭ
ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىپ، 10 يىل بۇرۇن تاشلىۋەتكەن
خوتۇنىنى ئەسلەپتۇ. ئۇ ئايال يېزىدا تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ يېنى-
دا مەخسۇس زەھەر قايتۇرىدىغان دورا بار ئىكەن. شۇنىڭ
بىلەن ئۇ، مېنى كۆتىرىپ يېزىغا ئاپىرىپ ئۇنى تېپىڭلار، دەپ
لەشكەرلىرىگە بۇيرۇق بېرىپتۇ. ئاخىر، ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرى-
دىكى بىر كونا كەپە ئىچىدىن ئۇنى تېپىپتۇ.
— مېنى قۇتقۇز، مېھرىۋان خوتۇن، — دەپتۇ پارىس
زەمبىلدە يېتىپ بوش ئاۋاز بىلەن، — مەن ئۆلەي دەپ قالدىم!

چىك دولەتنىڭ پادىشاسىنىڭ يېنىغا بارغان. ئاگاممنون
ددكى نۇرغۇن كىچىك دولەتلەرنىڭ پادىشالىرى ۋە شاھ
لىرىنى مەجلىسكە چاقىرغان. مەجلىستە، بىرلىشىپ دېڭىزد
تۇپ، شەرققە يۈرۈش قىلىپ، تروياني قوراللىق كۈچ
يوقىتىش بىردەك قارار قىلىنغان. كوپچىلىك ئاگام
نى يۇنان بىرلەشمە قوشۇنىغا لەشكەر بېشى قىلىپ ساي
ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئون تۈمەن لەشكەر، 9000 گ
كېمىسىدىن تەركىب تاپقان چوڭ قوشۇن دېڭىز ئارقىلىق
ۋەت بىلەن شەرققە يۈرۈش قىلغان.

تروپا شەھرى ئىنتايىن مۇستەھكەم سېلىنغان ئىكەن.
نىڭ سېپىللىرى قېلىن ۋە ئېگىز، پوتەيلىرى قاتمۇ - قات
لۇپلا قالماستىن، بەلكى ئالدى تەرىپى تۈزلەڭلىك، ئارق
تاغ ئىكەن. مۇداپىئەلىنىش ئوڭاي، ھۇجۇم قىلىپ كىرىش ت
شەھەر ئىكەن. يۇنان بىرلەشمە قوشۇنلىرى دېڭىز بويلىرد
كېمىلەرنى بازا قىلىپ، بارگاھ قۇرۇپتۇ. ئەتىسى ئىككى تەر
تۈزلەڭلىكتە قاتتىق جەڭ قىلىپتۇ. شۇر - شۇر قىلغان ئوق - يا
يامغۇردەك تاراسلاپ چۈشكىلى تۇرۇپتۇ، يالتىراپ تۇرغان قىل
لار چاقماقتەك پالىلداپ سانچىلىپتۇ. ئۇرۇش ھارۋىلىرى قوي
دەك چېپىپتۇ. نەيزىلەر ئوينىپتۇ. قىر - چاپ سادالىرى جاھ
نى بىر ئېلىپتۇ، يەر - زېمىن قان بىلەن بويۇلۇپتۇ. ھەر ي
قەدەمنى جەسەتلەر ئۈستىدىن ئېلىشقا توغرا كېلىپتۇ.

ئۇرۇش توپ - توغرا 10 يىل داۋام قىلىپتۇ. جەڭگاھ
يۇنان ۋە تروياننىڭ ياش لەشكەرلىرى داد - پەريات ئىچىد
جان ئۈزۈپتۇ، ئۆيلەردە تۇل خوتۇن - يېتىم باللار زار قاخ
شاپ يىغلاپتۇ. ھەتتا ئىككى تەرەپنىڭ ئاساسلىق سەركەردىلىر
مۇ بىر - بىرلەپ جەڭ مەيدانىدا قان ئاققۇزۇپ، بەختكە قار-

ىسكى تاغ ـ ئورمانلارنى ئاختۇرۇپتۇ، بىراق ھېچنەرسە تاپالماپتۇ.

— يۇنانلىقلار قېچىپ كېتىپتۇ! بىز غەلىبە قىلدۇق! — ترويالىق سەركەردىلەر ۋە لەشكەرلەر چۇقان كۆتىرىپ شەھەردىن ئېتىلىپ چىقىپتۇ، ئارقىسىدىن بىر تالاي پۇقرالارمۇ ئەگەشىپ چىقىپتۇ.

— بۇ نېمە؟ — دەپتۇ بىر لەشكەر دېڭىز ساھىلىدە تۇرغان كاتتا ياغاچ ئاتنى كۆرسىتىپ. بۇ ياغاچ ئاتنىڭ ئېگىزلىكى 2 ئادەم بويى كېلىدىغان بولۇپ، تېنى ئاجايىپ يوغان، بېشى گېدىيىپ تۇرغان ئىكەن، توت پۇتىمۇ ناھايىتى توم ئىكەن، كۆپچىلىك بۇنى كۆرۈپ بىر ـ بىرىگە قارىشىپتۇ.

— ئاستىدا بىر ئادەم تۇرىدۇ! — بىر لەشكەر ياغاچ ئاتنىڭ ئاستىدىن بىر ئادەمنى سۆرەپ چىقىپتۇ، بۇ ئەسلىدە يۇنانلىق ئادەم ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى باغلاپ ترويا پادىشاسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

بۇ يۇنانلىق ترويا پادىشاسىنى كۆرۈپ تىز پۈكۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ يىغلاپ يالۋۇرۇپتۇ:

— ئاگامېمنون مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋىدى...... مەن ئىلاج يوق ياغاچ ئاتنىڭ ئاستىغا موكۇنۇۋالدىم. پادىشاھى ئالەم، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن! بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن!

— ئاگامېمنون نېمىشقا سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا.

— يۇناننىڭ بىر سەركەردىسى تروياغا ھۇجۇم قىلىشقا قارشى تۇرغاچقا، ئاگامېمنون ئۇنى ئۆلتۈردى. مەن بۇ سەركەردىنىڭ تۇققىنى بولغىنىم ئۈچۈن، ئاگامېمنون مېنىمۇ ئول-

— يوقال كوزۇمدىن! — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ
زەپ بىلەن، — سەن نېمىشقا يۇنانلىق ساھىپجامالنى ئىزلە
مىدىڭ؟ سېنىڭ قىلغان ئەسكىلىكلىرىڭ ئازمۇ؟ ئۆلسەڭ
ۋال بولمايدۇ!

پارىس قوشۇملىرىنى تۇرۇپ، بارلىق كۈچى بىلەن
زىنى ئاچماقچى بولۇپتۇ، لېكىن مۇمكىن بولماپتۇ. ئۇنىڭ
يان تەرەپكە ساڭگىلاپتۇ - دە، بۇ ئالەمدىن كېتىپتۇ.

باش جىنايەتچى پارىس ئۆلۈپتۇ. لېكىن ئۇرۇشۇۋات
ئىككى تەرەپ غەلىبىنىڭ دىدارىنى كورەلمەپتۇ. ترويا شەھ
ئىچىدە، بەزىلەر خېلېننى چىقىرىپ بېرىپ يارىشىشنى تە
بۇس قىلىپتۇ. لېكىن بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىكەن، چۈنكى خې
ئۈچىنچى ئەرگە — ترويانىڭ بىر سەركەردىسىگە تەگ
ئىكەن. يۇنان تەرەپتىمۇ بەزىلەر قوشۇنلارنى چېكىندۈر
كېتىشنى تەشەببۇس قىلىپتۇ، لېكىن بۇمۇ مۇمكىن بولماپتۇ. چ
كى ئىنتىقام ئوتلىرى مۇتلەق زور كۆپچىلىك سەركەردىلەرن
قەلبىگە تۇتاشقان ئىكەن. يېرىم كېچە بولۇپتۇ، يۇنان بىرلەش
قوشۇنلىرىنىڭ لەشكەر بېشى ئاگامېمنوننىڭ چېدىرىدا چىرا
ئۆچمەپتۇ، سەركەردىلەر ئەپچىل چارە ئۈستىدە مەسلىھە
ئېلىپ بېرىپتۇ......

بىر ئەتىگەنلىكى غەلىتە ئىش بولۇپتۇ. جەڭگاھتا ئادەتتىكى
شاۋقۇن - سۈرەنلەردىن تۇيۇقسىز دېرەكمۇ قالماپتۇ. ترويالىق
لار سېپىلدە تۇرۇپ سىرتقا قارىغۇدەك بولسا، يۇنان بىرلەش
قوشۇن لەشكەرلىرىنىڭ بارگاھلىرى يىغىشتۇرۇلۇپ، كۆپلىگەن
كېمىلەر يىراقتىكى دېڭىزغا كېتىپتۇ، جەڭگاھ قۇپ - قۇرۇق
بولۇپ قېلىپتۇ. لەشكەرلەر ئاۋايلاپ شەھەردىن چىقىپ، ئەتراپ

ان 20 يۇنانلىق لەشكەر ئاتنىڭ قوسىقىدىن ئومىلەپ چىقىپ
تۇ. ئۇلار چاققانلىق بىلەن بىرىپ سېپىل دەرۋازىسىنى ئېچىپتۇ
ھەممە شەھەرنىڭ ھەممىلا يېرىگە ئوت قويۇپتۇ.

لاۋۇلداپ كويۇۋاتقان ئوت دېڭىز ئارىلىغا موكۇنۇۋالغان كوپلىگەن يۇنان قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپتۇ. ئۇلار ترويا خان ئوردىسىغا ئۇچقاندەك باستۇرۇپ كىرىپ، پادىشانىڭ كاللىسىنى ئېلىپتۇ. سپارتا پادىشاسى خېلىننىڭ ياتىقىغا باستۇرۇپ كىرىپ، خېلىن بىلەن بىرگە ياتقان ترويا سەركەردىسىنى خەنجەر تىقىپ ئولتۇرۇپتۇ، ساھىبجامال خېلىن يەرگە دۈم يېتىپ بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپ ھوكۇرەپ يىغلاپتۇ. سپارتا پادىشاسىنىڭ كۈچلۈك ئوڭ قولى بىردىنلا بوشىشىپ، قولىدىكى خەنجەر"تاراڭ" گدە يەرگە چۈشۈپتۇ.

— قىر! چاپ! — يۇنان لەشكەرلىرى ھەممىلا يەردە چۇقان كوتىرىشىپتۇ. سپارتا پادىشاسى خىجالەتچىلىكتە يەردىن خەنجەرنى ئېلىپتۇ-دە، خېلىنغا تەڭلەپتۇ، لېكىن زادىلا قولىنى كوتىرەلمەپتۇ.

— ئۇنىڭ قېنىدىن كەچ، ئىنىم! — دەپتۇ بۇ ھالىنى كورگەن يۇنان بىرلەشمە قوشۇنلىرىنىڭ لەشكەر بېشى ئاگامىمنون خوشياقمىغاندەك قىياپەتتە. سپارتا پادىشاسى دەرھال خەنجەرنى تاشلاپتۇ.

10 يىل داۋام قىلغان ئۇرۇش ئاخىر ئاياقلىشىپتۇ. ترويا شەھىرى خارابىغا ئايلىنىپتۇ. ئەرلەرنىڭ كوپچىلىكى ئولتۇرۇلۇپتۇ؛ ئاياللارنىڭ كوپچىلىكى ئەسىرگە ئېلىنىپتۇ ھەممە قۇل قىلىپ سېتىلىپتۇ. ئالتۇن-كۇمۇش، بايلىق بىلەن يۇنان سەركەردىلىرى چۇنتىكىنى تولدۇرۇپتۇ......

"ياغاچ ئات ھىلىسى" دىگەن ھىكايىگە 3000 نەچچە

تۇرمەكچى بولدى...... مەن ئاران تەسلىكتە قېچىپ ق
ھازىر يۇنان قوشۇنلىرى كەتتى، مەن...... مەن نەگە بار
دەپتۇ ـ دە، ھوكۇرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

پادىشا رەھىمدىل كىشى ئىكەن، ئۇ دەرھال بۇيرۇ
بۇ يۇنانلىقنى قويۇۋېتىپتۇ، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ترويا ش
قېلىشىغا رۇخسەت قىلىپتۇ.

— بۇ كاتتا ياغاچ ئات نىمە قىلىدىغان نەرسە؟ —
سوراپتۇ پادىشا.

— خۇداغا نەزىر قىلىدىغان نەرسە، — دەپتۇ ك
چەملىدىتىپ يۇنانلىق خوشامەت بىلەن، — پادىشاھى ئال
گەز بۇنى شەھەرگە ئېلىپ كىرسىڭىز خۇدا سىزگە ۋە خە
گە بەخت ئاتا قىلىدۇ.

پادىشا بۇنىڭغا چۇمپۇتۇپ، لەشكەرلەرگە ياغاچ
شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ كېتىشكە بۇيرۇق بېرىپتۇ. بۇ
ئات بەك چوڭ بولۇپ، سېپىل دەرۋازىسىدىنمۇ ئىگىز بو
سېپىلدىن بىر چوڭ شورا ئېچىپ ئېلىپ كىرىشكە توغرا ك

شۇ ئاخشىمى پۈتۈن ترويا شەھىرى غەلىبىنى تەنتەنە ق
"قەدەھ كوتىرەيلى!" لىق ئۇزۇم ھارىقى تولدۇرۇلغان جا
ئىگىز كوتەرگەن كىشىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن قەدەھ كوتىرىش

يېرىم كېچە بولغاندا پۈتۈن شەھەردە جىمجىتلىق
سۈرۈپتۇ. كىشىلەر ئىسسىق يوتقانلىرىدا بىخىرامان شېرىن
كورۇپ ئۇخلاپتۇ. ھىلقى يۇنانلىق ھېچكىمگە تۇيدۇرماي
شورىسىدىن چىقىپ، دوڭلۇككە چىقىپ ئوت يېقىپ بەلگە
تۇ. ئاندىن كېيىن ئاۋايلاپ شەھەرگە قايتىپ كېلىپ
"توك!" "توك!" قىلىپ ياغاچ ئاتنى ئۈچ قېتىم چېكىپتۇ.
قىلىپ ياغاچ ئاتنىڭ قوسىغى ئېچىلىپ، تولۇق قورا

# گومېرنىڭ داستانى



ئەما شائىر گومېر

يۇنان بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ ترويا شەھرىنى ئىشغال قىلىش ئۇرۇشى مىلادىيدىن ئىلگىرى 12 - ئەسىردە بولغان. بۇ ئۇرۇشتىكى قىزىق ھىكايىلەر يۇنان خەلقىنى قاتتىق تەسىرلەندۇرگەن. كەڭ تارقىلىش داۋامىدا، ئۇنىڭغا بارا - بارا بىرمۇنچە ئەپسانە، رىۋايەتلەر قوشۇلغان. ئەل ئارىسىدىكى سەنئەتكارلارنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىشى ئارقىسىدا، ترويا ئۇرۇشىغا دائىر ھىكايىلەر كارامەت قىزىق ئەپسانىۋى ئىككى داستان بولۇپ شەكىللەنگەن. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، مىلادىيدىن ئىلگىرى 8 - ئەسىرگە كەلگەندە، يۇنانىڭ مەشھۇر ئەما شائىرى گومېرنىڭ بۇ ئىككى داستاننى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پىششىقلاپ ئىش-

يۈز يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھېكايە تاھازىرغىچە ب
دۇنيادا تارقىلىپ كەلمەكتە. ئەسلىدە، بۇ ھېكايە ئارقىلىق ق
نان قەھرىمانلىرى مەدھىيىلەنگەن؛ كېيىنكى چاغلاردا ك
ياغاچ ئاتنىڭ شەھەر سېپىلىنى ئالداپ ئېچىشتىكى رول
بىلگەن، شۇڭا "ترويا ياغاچ ئېتى" دېگەن گەپ ھازىر دۇ
نىڭ يۈرىكىگە كىرىۋېلىش تاكتىكىسى، يەنى "يۈرەكنى سۇغ
لىنىش" دېگەن سۆزنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ قالغ

تروياليقلارنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ھۇجۇمى باشلانغان. ئۇلار يۇنانلىقلارنىڭ مۇداپىئە سېپىللىرىنى بۇسۇپ ئۆتۈپ، يۇنانلىقلارنىڭ كېمىلىرىگە ئوت قويغان. ئاخىللېس ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال ساۋۇت - دۇبۇلغىلىرىنى ئېلىپ دوستى پاتروكلوسقا كىيدۈرۈپ ھەمدە ئۆزىنىڭ ئۇرۇش ھارۋىسىنى بېرىپ ئۇنى جەڭگە چىقارغان. تروياليقلار يۇنان قەھرىمانى ئاخىللېس كەلدى دەپ قاراپ، تەرەپ - تەرەپتىن كەينىگە چېكىنگەن. پاتروكلوس ئېتىلىپ بېرىپ ترويا بىرلەشمە قوشۇنلىرىنىڭ باش سەركەردىسىنى ئۆلتۈرۈپ، تولۇق غەلىبە قازانغان.

ترويا پادىشاسىنىڭ شاھزادىسى ھېكتور پاراسەتلىك ھەم باتۇر سەركەردە ئىكەن. ئۇ بۇ ئەھۋالنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، ئاخىللېس دۇبۇلغا - ساۋۇتىنى كىيگەن يۇنان سەركەردىسىنىڭ ئاخىللېس ئەمەسلىكىنى بايقىۋالغان. ئۇ كۈتۈلمىگەن يەردىن ئېتىلىپ بېرىپ پاتروكلوسنى ئۆلتۈرگەن ھەمدە ئاخىللېسنىڭ دۇبۇلغا - ساۋۇتلىرىنى سالدۇرۇۋالغان ھەتتا ئاخىللېسنىڭ قالقىنىنىمۇ ئېلىپ كەتكەن. ترويا قوشۇنلىرىنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ، ھېكتورنىڭ يېتەكچىلىكىدە يۇنانلىقلارغا ئېتىلغان.

ئەھۋال بەك جىددىيلىشىپ قالغان. ئاخىللېس تاقەت قىلالماي، ئاگاممېنون بىلەن يارىشىپ يېڭىۋاشتىن جەڭگە كىرىش قارارىغا كەلگەن. ئاخىللېس سەپنىڭ ئالدى - ئالدىدا مېڭىپ، نەيزىسىنى ئوينىتىپ، ترويا قوشۇنلىرىنى تىرە - پىرەك قىلىۋەتكەن، يەنە كېلىپ ترويا پادىشاسىنىڭ شاھزادىسى، ھېكتورنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرگەن. قىساس ئېلىش ئۈچۈن ھېكتورنىڭ جەسىتىنى ئۇرۇش ھارۋىسىغا سۆرىتىپ ترويا شەھىرىنى 3 قېتىم ئايلاندۇرغان.

لىشى ئارقىسىدا، ئاخىر ئىككى غايەت زور ئەسەر — «ئ
ۋە «ئودىسسىيا» بولۇپ شەكىللەنگەن. «ئىلىيادا» دېگە
نان 15000 نەچچە يۈز مىسرا بولۇپ، ئۇنىڭدا 10
ترويا ئۇرۇشى تەسۋىرلەنگەن. «ئودىسسىيا» دېگەن د
12000 نەچچە يۈز مىسرا بولۇپ، يۇنان قەھرىمانى ئو
يانىڭ يۇرتىغا قايتىش داۋامىدىكى 10 يىللىق پائالىيىتى
ۋىرلەنگەن. بۇ ئىككى داستان قەدىمقى يۇناننىڭ ئالەم
سەنئەت تەۋەررۈكى — «گومېر داستانى»دۇر.

«ئىلىيادا»دا يۇنان قەھرىمانى ئاخىللېسنىڭ بۈيۈك
رازى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئاپتور يەنە مۇھىم نۇقتىنى ئۇ
نىڭ 10 - يىلىدىكى بىر ۋەقە ئۈستىگە قويغان.

ترويا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان چاغدا، يۇنان بىرلە
قوشۇنلىرىنىڭ باش سەركەردىسى ئاخىللېس باتۇرلۇق بى
جەڭ قىلىپ، كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەن. ئۇرۇش 10 - يىلغا
دەم قويغاندا، يۇنان بىرلەشمە قوشۇنلىرىنىڭ لەشكەر بېشى، ئا
مېمنون ئاخىللېسنىڭ ياخشى كۆرىدىغان دېدىكىنى تارتىۋالغان.
ئاخىللېس قاتتىق غەزەپكە كېلىپ جەڭگە كىرىشنى قەتئىي رەت قىل
ھەمدە ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ يۇنانغا قايتىپ كەتمەكچى بولغ
باش سەركەردە جەڭگە چىقمىغاچقا، ترويالىقلار پۇرسەتتىن پ
دىلىنىپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، يۇنان بىرلەشمە قوشۇنلىرى
ترويا شەھىرىنىڭ تۈۋىدىن قوغلاپ دېڭىز ياقىسىغا ئاپىرىۋەتكە

يۇنانلىقلار دەرھال دېڭىز بويىدا مۇستەھكەم قورۇپ تۇ
يا قوشۇنلىرىنى توسقان. ئاگاممېمنون ئاخىللېسقا ناماقۇل بولۇ
ئۇنىڭغا نۇرغۇن مال - مۈلۈك سوغا قىلغان ھەمدە ئۇنىڭغا بى
نەچچە شەھەر بېرىشكە ۋەدە بەرگەن، لېكىن ئاخىللېس يەنى
ئاگاممېمنون بىلەن ھەمكارلىشىشقا ئۇنىمىغان.

داۋامدىكى پائالىيەتلىرى ھېكايە قىلىنغان.
يۇنان بىرلەشمە قوشۇنلىرى تىرويا شەھىرىدە، قىرىپ -
چېپىش، بۇلاپ - تالاش بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار
ۋەتەنگە قايتىش سەپىرىدە تەڭرىنىڭ غەزىۋىگە ئۇچراپتۇ. تەڭرى
قاتتىق بوران چىقىرىپ، كېمىنىڭ كوپ قىسمىنى دېڭىزغا چوك-
تۇرۇۋېتىپتۇ، نۇرغۇن كىشىلەر دېڭىزغا غەرق بولۇپتۇ. ئودىسسىيا
قېلىپ قالغان ئاز سانلىق كىشىلەرنى باشلاپ دېڭىزدا سەرسان بولۇپ
يۈرۈپتۇ. يۇرتىغا قايتىپ خوتۇنى بىلەن كورۇشۇشنى ئويلىغان
ئودىسسىيانىڭ كورمىگەن كۈنى، چەكمىگەن ئازاۋى قالماپتۇ:
دەھشەتلىك بوران - چاپقۇننى يېڭىپتۇ، ئادەمخور ئالۋاستىلارنى
ئوستىلىق بىلەن يوقىتىپتۇ، ئايال جادىگەرلەرنىڭ ئىشقى - مۇ-
ھەببىتىنى رەت قىلىپتۇ، شۇنداق قىلىپ دېڭىزدا توپ - توغرا
10 يىل يۈرۈپتۇ.
ئۇ ناھايىتى تەسلىكتە يۇرتىغا قايتىپتۇ، بىراق، چوشقا
باققۇچىنىڭ ئاغزىدىن، ئوز ئويىدە كىشىنى غەزەپلەندۈرىدىغان
بىر ئىش بولغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ: نۇرغۇنلىغان ئاقسوڭەك ھارام-
زادىلەر ئارقا - ئارقىدىن ئودىسسىيانىڭ ئويىگە كېلىپ، ئۇنىڭ
خوتۇنىغا توي قىلىش تەلىۋىنى قويۇپتۇ، چۈنكى ئۇلار ئودىس-
سىيانىڭ خوتۇنى خانىش ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىلەن توي
قىلسا دولەت ھوقۇقىغا ئىگە بولغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىدى-
كەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئودىسسىيا قايتىپ كەلمەيدۇ، دەپتۇ.
ئودىسسىيانىڭ خوتۇنى ئېرىنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشەن-
گەچكە، ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى رەت قىلىپتۇ. بىراق، بۇ ھارام-
زادىلەر نىيىتىدىن يانماي، توپ - توپ بولۇپ، ھەر كۈنى
ئودىسسىيانىڭ ئويىگە بېرىپ شاۋقۇن - سۈرەن سېلىپ، خالى-
غانچە يەپ - ئىچىپ، كەيپ - ساپا سۈرۈپتۇ.

شۇ ئاخشىمى تروىيا پادىشاسى ھەچكىمگە تۇيدۇرماي
لىيىسنىڭ چېدىرىغا كىرگەن. ئۇ تارام - تارام ياشلىرىنى
رۇپ ئاخىللىيىسنىڭ ئالدىدا تىز پۈكۈپ ئولتۇرۇپ، ئوغلى
تورنىڭ جەسىدىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ئاخ
چاچلىرى ئاقارغان بۇ بوۋايغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنى ئىككى
لاپ يولەپ تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولغان. ھە
شۇ زامات لەشكەرلەرگە ھېكتورنىڭ جەسىدىنى يۇيۇپ تا
كۈنجۈت يېغى بىلەن ياغلاپ، قېرى پادىشاغا قايتۇرۇپ بېر
بۇيرۇغان. شۇنىڭدەك قېرى پادىشاغا ئوغلىنىڭ نامىزىنى چ
رۇۋېلىش پۇرستى بېرىش ئۈچۈن، ئىككى تەرەپ 12
ئۇرۇش توختىتىشقا كېلىشكەن.

12 كۈندىن كېيىن ئۇرۇش يەنە باشلانغان، ترويا
ھىلىقى بايىۋەچچە — پارىس تەڭرىنىڭ كۈچى بىلەن، ئوغر
چە ئوقيا ئېتىپ ئاخىللىيىسنى ئولتۇرگەن. رىۋايەت قىلىنىش
ئاخىللىيىسنى ئولتۇرۇش ناھايىتى تەس ئىكەن. ئاخىللىس بوۋ
چېغىدا، ئانىسى ئۇنى يەرئاستى خانلىقنىڭ خاسىيەتلىك سۈي
چىلىغانمىش. يەرئاستى خانلىقنىڭ خاسىيەتلىك سۈيىگە چىلا
غان ئادەمگە خەنجەر ئوتمەيمىش. بىراق ئاخىللىيىسنى ئانىس
سۇغا چىلىغاندا، ئۇنىڭ تاپىنىدىن تۇتقاچقا، سۇغا چىلانم
قالغان تاپىنىدىن ئاسانلا يارىلىنارمىش؛ شۇڭا پارىس ئوق
بىلەن ئۇنىڭ تاپىنىنى تېشىۋەتكەچكە، قەھرىمان ئاخىللىي
غازات بولغانمىش! شۇڭا تا ھازىرغىچە ياۋروپالىقلار، "ئەجەللى
يارا" نى "ئاخىللىيىسنىڭ تاپىنى" دەپ ئاتىشىدۇ.

ئودىسسىيا يۇناندىكى ئىدىكا ئارىلىنىڭ پادىشاسى بولۇپ،
ھىلىقى "ياغاچ ئات ھىلىسى" نى ئويلاپ تاپقان يۇنان سەر
كەردىسى ئىكەن. داستاندا، ئاساسەن، ئۇنىڭ ۋەتەنگە قايتىش

# سپارتادىكى تەربىيە

تاڭ ئەمدىلا سۈزۈلۈشكە باشلىغاندا، تۇۋرۇكلەر بىلەن قورۇقلانغان مەيداندا تېخى 10 ياشقا كىرمىگەن، كىيىملىرى جۇل - جۇل، ئورۇقلاپ قورايدەك بولۇپ قالغان ئىككى ئوغۇل بالا مۇشتلاشقىلى تۇرۇپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن قارا چاچلىق بالىنى پاكىنەك بالا ئۇرۇپ يىقىتىپتۇ، ئۇنىڭ بۇرنىدىن قان كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا تىرمىشىپ قارشىلىق قىلىپتۇ.

— ئۇر، قاتتىق ئۇر، ئىچ ئاغرىتما بۇ ئەبلەخقە! — دەپ يەل بېرىپتۇ ياندا تۇرغان بىر بوۋاي پاكىنەك بالىغا.

پاكىنەك بالا بۇنىڭدىن روھلىنىپ، ھېلىقى بالىنىڭ يۈز-كۆزىگە تازا مۇشتلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قارا چاچلىق بالا مىدىرلىماي ئۆز جايىدا يېتىپ قېلىپتۇ.

— ياخشى، يارايسەن! — دەپتۇ بوۋاي غالىپ كەلگۈچىنىڭ يەلكىسىنى قېقىپ ھەمدە بېرىپ يەنە بىر جۈپ مۇشتلىشىۋاتقان بالىنى دەي - دەيگە سېلىپتۇ......

مۇنداق ئىش سپارتا قەلئەسىنىڭ مەيدانىدا ھەر كۈنى بولۇپ تۇرىدىكەن. بۇ بالىلار ئېلىشىشنى ئۆگىنىدىغانلار ئىكەن، ھېلىقى بوۋاي بولسا ئۇلارنىڭ مۇئەللىمى ئىكەن.

سپارتا بالىلىرى 7 يېشىدىن 30 يېشىغىچە مۇشۇنداق قاتتىق مەشق قىلدۇرۇلىدىكەن.

سپارتا قەدىمقى يۇناننىڭ نەچچە يۈز قەلئەسى ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ بىر قەلئە ئىكەن. قەلئە دىگەن بىر كىچىك دۆلەت

ئودىسسىيا بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، قىرى
دەرچە ياسىنىپ بېرىپ، ئوغلىنى كورۇپتۇ. ئاتا - بالا بى
يەتتە ھەمكارلىشىپ، ئاخىر بىر ئامال قىلىپ، ئۆيدىكى
زادىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىشتۇرۇپتۇ.

ئەسلىدە، ئودىسسىيا يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن كۈنىد
ئىسى قوياش خۇداسى ئاپوللوننىڭ خاتىرە كۈنى ئىكەن
دىسسىيانىڭ خوتۇنى بۇ ھارامزادىلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن
چارە تېپىپتۇ: كىمكى ئودىسسىيانىڭ ئوقياسىنىڭ ياسىنى
يەلىسە ھەمدە ئوقيانى 12 پالتىنىڭ دەستە تۆشۈكىدىن
كۆزەلىسە، شۇ ماڭا تەلەپ قويۇش لاياقىتىگە ئىگە بولغان
لىدۇ، دەپتۇ. ھېلىقى ھارامزادە بايۋەچچىلەرنىڭ ئىچىدە بۇنى
ماھارىتى باردىن بىرسىمۇ يوق ئىكەن. شۇ ئەسنادا قىرى
لەندەر قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئودىسسىيا سورۇنغا چۈشۈپ ي
ئېلىپتۇ. ھارامزادىلەر ئۇنىڭ مۇسابىقىگە چۈشۈشكە يول قوي
تۇ، بىراق ئودىسسىيانىڭ ئوغلى يانى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. ئود
سىيا يانى يىرلا تارتىپ، ئوقنى 12 پالتىنىڭ دەستە تۆشۈ
دىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئۆتۈپ چىقىپتۇ. ئارقىدىنلا ئاتا - ب
ئىككىسى ۋە قۇللىرى بىرلىشىپ بارلىق ئاقسۆڭەك ھارامزاد
لەزنى قويماي قىرىپ تاشلاپتۇ. بۇ ھارامزادىلەرنىڭ ئائىلىلىر
بىرلىشىپ، ئودىسسىيادىن قىساس ئالماقچى بولۇپتۇ، لېكىن ئ
دىسسىياغا تەڭرى مەدەت بەرگەچكە، ئۇ يەنىلا يېڭىپتۇ.
خوتۇنى بىلەن جەم بولغانىنىڭ ئۈستىگە يەنە يېڭىۋاشتىن پ
دىشا بولۇپتۇ.

«گومېر داستانى» نىڭ ۋەقەلىكى مۇرەككەپ، قىزىقارلىق
تىلى گۈزەل بولۇپ، ئۇ قەدىمقى يۇنان سەنئەت تارىخىدىكى
بىر مەرۋايىت، شۇنداقلا پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق سەنئەت
گوھىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.[1]

7 ياشقا كىرگەن باللار ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ ئەترەت-
ەرگە قوشۇلۇپ، كوللىكتىپ ھالدا ھەربى تۇرمۇش كەچۈرىدى-
كەن. ئەترەتلەر باشلىقى 20 ياشقا توشقان ياشلار ئارىسىدىن
تاللانغان ئەڭ كەسكىن، ئىدىڭ جەسۇر كىشىلەر بولۇپ، باللار
ئۇلارنىڭ بۇيرۇغىغا ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ تاپا - تە-
نىلىرى ۋە ئۇرۇش - تىللاشلىرىغا تاقەت قىلىدىكەن. ئەترەت
باشلىقلىرىنىڭ باللارغا بولغان تەربىيىسى ئۇلاردا ئىتائەتچان-
لىق ۋە چىدامىلىقنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىكەن. باللارنىڭ
ھەربى تەلىم - تەربىيىسىگە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، يەنە
بېشى ھەممىدىن چوڭ، كىشىلەر ھەممىدىن بەك ھورمەت قىلى-
دىغان پۇقرالار ئارىسىدىن مۇئەللىم تەيىنلىنىدىكەن. مۇئەللىم دا-
ئىم قەستەنگە باللارنىڭ ئىززىتىگە تېگىدىغان گەپلەرنى قىلىپ،
ئەشقنى راست مۇشتلىششقا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىدىكەن. چوڭلار-
مۇ باللارنىڭ مۇشتلىششتا يارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمەيدى-
كەن. ئاجىزلارغا سىپارتا جەڭچىلىرى ئارىسىدا ئورۇن يوق ئى-
كەن. ئۆزىنى قوغدىيالمىغان كىشىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنى تۈزۈك،
دەپ قارىلىدىكەن.
باللارنىڭ جىسمانى جەھەتتە بەرداشلىق بېرىش ئىقتى-
دارىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، ھەرقانداق بالا ھەر يىلى بىر قې-
تىم دۇمبالىنىدىكەن. بۇنداق دۇمبالاش، ئادەتتە، ھېيت - ئايەم
كۈنلىرى خۇداغا باش ئۇرغان چاغلاردا ئېلىپ بېرىلىدىكەن. با-
للار بۇت ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرىدىكەن، ئاندىن قامچىلار ئۇلار-
نىڭ بەدەنلىرىگە تاراسلاپ تېگىشكە باشلايدىكەن. بۇنى بىر ئايال
ھاپىز نازارەت قىلىپ تۇرىدىكەن. ئۇ قولىدا ئايال خۇدانىڭ
ھەيكىلىنى تۇتۇپ، قاتتىق ئۇر ياكى بوشراق ئۇر دىگەن ئىشا-
رىنى بىلدۈرۈپ، ھەيكەلنى گاھ ئېگىز كوتىرىپ، گاھ تۆۋەن

بولۇپ، ئۇ شەھەرنى مەركەز قىلىدىكەن، ئەتراپىدا يېزا
لىرى بار ئىكەن. مىلادىدىن ئىلگىرى ٨ - ئەسىردە، سپار
ئاقساقىلى يېقىن ئەتراپتىكى نۇرغۇن قەبىلىلەرنى بوي سۇند
ھەممە ئۇلارنى قۇل قىلىۋالغان ئىكەن. قۇللارنىڭ قارشىل
باستۇرۇش ئۈچۈن يارامىلىق قوشۇن زورۇر بولۇپتۇ. شۇڭا با
كىچىكىدىن تارتىپلا ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىپتۇ. سپارت
لارنىڭ قارشىچە، دېخانچىلىق، قول ھۈنەر ۋە سودا ئىش
بوي سۇندۇرۇلغان كىشىلەر قىلىدىغان ئىش ئىكەن، شۇڭا سپا
لىقلار چوڭ بولغاندىن كېيىن ھەربىي ئىشلاردىن باشقا ئىش
بىلەن شۇغۇللانمايدىكەن. دېمەك، پۈتكۈل سپارتا جەمئىيىتى
چوڭ ھەربىي گازارمە بولغان ئىكەن.

بوۋاق تۇغۇلغان ھامان ئاتا - ئانىسى سۇ بىلەن ئەمە
بەلكى ھاراق بىلەن يۇيۇپ، بوۋاقنىڭ بەدەن قۇۋۋىتىنى تە
شۈرىدىكەن. ئەگەر بوۋاقنىڭ تېنى تارتىشسا ياكى ھوشسىز
كەتسە، ئۇنى قۇتقۇزمايدىكەن. بۇنىڭلىق بىلەن قالماي، بوۋا
نى ئاقساقاللارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ تەكشۈرتكۈزىدىكەن. ئەگ
ئاقساقال بوۋاقنىڭ بەدەن قۇۋۋىتىنى ياخشى ئەمەس ئىكەن، دە
ھېساپلىسا، بوۋاقنى جىلغىدىكى زاراتكارلىققا ئېلىپ بېرىپ، تاشلا
دۇق بوۋاقلار گودىكىغا تاشلىۋېتىدىكەن. ئاقساقاللار ساغلام بو
ۋاقلارنىڭلا ھايات تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىدىكەن، چۈنكى بۇنداق
بوۋاقلار كەلگۈسىدە يارامىلىق جەڭچى بولۇپ چىقىدىكەن.

ن بالىلارنى 7 ياشقىچە ئاتا - ئانىسى تەربىيىلەيدىكەن. ئا
تا - ئانىسى بالىلىرىنى ئەركە ئۆستۈرمەيدىكەن، بەلكى مۇمكىن
قەدەر ئۇلارنى قانائەتمەن، شات - خورام، يېمەك - ئىچمەك
بىلەن ھېساپلىشىپ ئولتۇرمايدىغان، كەمپىسزلىك قىلمايدىغان
يىغلىمايدىغان يەنە كېلىپ زۇلمەت ۋە يالغۇزلۇقتىن قورقمايدىغان
قىلىپ تەربىيىلەيدىكەن.

ئۇلار هەر كۈنى هەربى تەلىم - تەربىيىگە قاتنىشىدىكەن. 30 ياشتىن 60 ياشقا كىرگىچە بولغان ئارىلىقتا، دائىمى هەربى خىزمەت ئۆتەيدىكەن. دىمەك، سپارتالىقلار ئۆمۈر بويى هەربى خىزمەت ئۆتەيدىكەن. ئۇلار هەربى تەربىيىگە ئەهمىيەت بەرگەچكە، مۇقەررەر هالدا مەدەنىيەت تەربىيىسىگە سەل قارىلىدىكەن. ياشلار خەت يېزىشنى ياكى هەربى بۇيرۇقنى كورۇشنى بىلسىلا بولىدىكەن.

سپارتادا قىز باللارغا باشقا بىر خىل تەربىيە ئۇسۇلى قوللىنىلىدىكەن. قىز باللار 7 ياشتىن ياتلىق بولغانغا قەدەر ئوغۇل باللارغا ئوخشاشلا، مىڭىش، مۇشتلىشىش، چويۇن توپ ئېتىش، نەيزە ئېتىش قاتارلىق تەنھەركەت تەربىيىسىنى ئالىدىكەن. دىمەك، قىزلار ساغلام بولۇپ چېنىقسا، ياتلىق بولغاندىن كېيىن تېمەن باللارنى تۇغىدۇ دىگەن مەقسەتتە، ئۇلارغا مۇشۇنداق تەربىيە ئېلىپ بېرىلىدىكەن. سپارتا ئاياللىرى قەيسەرلىك ۋە قەتئىيلىك جەھەتتە قەدىمقى يۇناندا خېلى داڭ چىقارغان. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بىر ئايال جەڭگە چىقىش ئالدىدا تۇرغان ئوغلىغا بىر قالقان بېرىپ: "بۇنى قولۇڭدىن چۈشۈرمە، بولمىسا بۇنى جىنازا قىل!" دەپ نەسىھەت قىلغان ئىكەن. بۇ ئوغلۇم، قالقاننى تۇتۇپ زەپەر بىلەن قايت، بولمىسا، ئۇرۇشتا باتۇرلۇق بىلەن قۇربان بول، باشقىلار قالقانغا جەسىدىڭنى سېلىپ قايتۇرۇپ كەلسۇن، دىگەنلىك ئىكەن.

قويۇلمايدىكەن. چۇشۇرىدىكەن، ھېچكىمنىڭ ۋاي ـ دات دەپ ۋاقىرىشىغ

ئوغۇل باللار 12 ياشقا كىرگەندە بىر دەرىجە يې
تەشكىلاتقا — ئوسمۇرلەر ئەترىدىگە كىرىدىكەن. بۇ ئەت
كىرىشتىن ئىلگىرى ئىمتىھان ئېلىنىدىكەن. ئىمتىھان ئېلى
كۇنى پادىشا، ئاقساقاللار ۋە پۇقرالارنىڭ ھەممىسى كېلىپ
رىدىكەن. مۇشتىلىشىش ئىمتىھان مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى قىلى
كەن. باللار قوللىرىغا ھېچ نەرسە ئالماي ئىككى سەپ ب
ئايرىلىپ، كوماندا بىرىلىش بىلەن تەڭ مۇشت ئېتىشىپ ۋە
بېشىپ، ھەممىسى ئۆز باتۇرلۇغىنى، ھېلىسىنى ۋە رەھىم
گىنى كۆرسىتىدىكەن.

ئوسمۇرلەر ئەترىدىگە كىرگەنلەرنىڭ تەلىم ـ تەربىيە
قويۇلىدىغان تەلەپ تېخىمۇ قاتتىق ئىكەن، تۇرمۇشى تېخىمۇ قىي
شىدىكەن. ھەممەيلەن بېشىغا ۋە پۇتىغا ھېچ نەرسە كىيمەيدىك
مەيلى قىش، مەيلى ياز بولسۇن، بىر يەكتەكلا كىيىدىك
ئوپچا ھالدا بورا ئۈستىدە ئۇخلايدىكەن. بۇنداق چىغ كور
لەرنى ئۇلار دەريا بويلىرىغا بېرىپ ئۆز قوللىرى بىلەن ـ
دۇرۇپ كەلگەن (تىغ ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىنمايدىكەن)
مۇشتىن توقۇيدىكەن. ئۇلارنى ئاچلىققا كوندۇرۇش ئۈچۈ
ئۇلارغا ناھايىتى ئاز مىقداردا تاماق بېرىلىدىكەن ھەمدە
لار "ياشاش"قا ئادەتلىنىشكە — يىمەكلىك ئوغرىلاشقا مەجبۇ
قىلىنىدىكەن. ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، بۇ تېخى ئۇلارنىڭ بوي
تارتىشى، سەمرىمەسلىكى، شۇنىڭ بىلەن زىلۋا چوڭ بولۇشى
ئۈچۈنمىش.

20 ياشقا كىرگەن كىشى تەربىيە ئېلىش باسقۇچىنى ئا
خىرلاشتۇرۇپ، ھەربى بولىدىكەن. لېكىن، 30 ياشتىن بۇرۇن

رۇۋبلىش توغرىسىدا شېئىر ئوقۇپ يۈرىدۇ؟
— ئەقلىدىن ئېزىپ قالغان بولسا كېرەك، بولمىسا ھوكۇمەت ئۇنى ئالىقاچان تۇتۇپ، ئۆلۈمگە ھوكۇم قىلغان بولاتتى! ھەي، بىچارە سولون! — دەپ ھەسرەت چېكىپتۇ ياندا تۇرغان بىرسى.
نېمە ئۈچۈن سالامىسنى قايتۇرۇۋېلىشنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغانلارغا ئۆلۈم جازاسى ھوكۇم قىلىنىدۇ؟ ئەسلىدە شۇنىڭدىن سەل بۇرۇن، ئافىنا بىلەن باشقا بىر قەدىمى ئوتتۇرىسىدا سالامىس ئارىلىنى تالىشىپ ئۇرۇش بولغان ئىكەن، نەتىجىدە ئافىنا مەغلۇپ بولۇپتۇ. كېيىن ئافىنا دائىرىلىرى بىر قانۇن ئېلان قىلىپ، كىمكى بۇ ئىشنى قايتا ئاغىزىغا ئالسا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەپتۇ. سولون ۋەيران بولغان ئاقسوڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ياش چېغىدا نۇرغۇن جايلارغا بارغانلىقى ۋە سودىگەرچىلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، سالامىس ئارىلىنىڭ ئافىنانىڭ دېڭىزغا چىقىش ئېغىزى ئىكەنلىكىنى، ئافىنانىڭ تاشقى سودىنى راۋاجلاندۇرۇشىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىكەن. ئۇ ھەم كىشىلەرنىڭ ۋەتەن سۆيۈش قىزغىنلىقىنى قوزغاش، ھەم قانۇننىڭ دەھشەتلىك جازاسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن، ساراڭ بولۇۋېلىپ ئۆز شېئىرلىرىنى ئوقۇشقا مەجبۇر بولۇپتۇ.
سولوننىڭ تەشۋىقاتى ئاخىر ئۈنۈم بېرىپتۇ: مەنئى قىلىش بۇيرۇقى بىكار قىلىنىپ، يەنە ئۇرۇش قوزغىلىپتۇ. ئۇ ئافىنا پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ لەشكەر بېشى قىلىنىپ تەيىنلىنىپتۇ. بۇ قېتىمقى جەڭدە ئافىنالىقلار تولۇق غەلىبە قىلىپ سالامىس ئارىلىنى قايتۇرۇۋېلىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن سولون ئافىنادىكى مەشھۇر ئەرباپ بولۇپ قېلىپتۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ ھا-

# ئىسلاھاتچى — سولون


سولون

مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 593 - يىلى بىر كۈنى چۈشتە، ئافىنانىڭ مەركىزى مەيدانىدا 40 نەچچە ياشلاردىكى بىر ئەر كىشى رەڭگى تاتارغان، نەپسى بوغۇلغان، كىيىملىرىنىڭ ئالدى ئوچۇق، ئىككى قولى بىلدىن مەيدىسىگە مۇشتلىغان ھالدا، دەلدەڭشىپ يۈرۈپ شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىپتۇ. باشقىلارغۇنى ئارىغا ئېلىۋالىسىمۇ، توختىماي ئوقۇۋېرىپتۇ:

— ئېيخ، بىزنىڭ سالامىس، سىدن نىمە دىگەن گۈزەل، بىزنى نىمە دىگەن مەپتۇن قىلىسەن! سالامىسقا ھەربى يۈرۈش قىلايلى، بىز بۇ دىگىز ئارىلىمىزنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن كۈرەشەيلى! بىز ئافىنالىقلار ئۈستىدىكى نومۇسنى يۇيايلى! ئېيخ، سالامىس قولىمىزغا قايتىپ كەلسۇن!

— بۇ ھورمەتكە سازاۋەر شائىر سولون ئەمەسمۇ؟ — دەپ ۋاقىرىشىپتۇ بىرسى، — بۇ ساراڭ بولۇپ قالدىمۇ نىمە. قانداق بولۇپ بىرنەچچە كۈن ئاشكارا ھالدا سالامىسنى قايتۇ-

رەنگە تۇتۇپ بېرىلگەن يەرلەر ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىل-
سۇن! قەرز بولۇپ قېلىپ چەت قەلئەلەرگە قۇل بولۇپ سېتىل-
غان پۇقرالار، قەلئەمىز تەرىپىدىن پۇل تولەپ قايتۇرۇپ كېلىن-
سۇن! بۇ يېڭى قانۇن 100 يىلغىچە كۈچكە ئىگە بولىدۇ!
سولون تۈزۈپ چىققان بۇ يېڭى قانۇن شۇ زامانلاردا
ئافىنانىڭ سودا - سانائەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا
مۇۋاپىق كېلىپتۇ، تۇۋەن قاتلام خەلقلەرنىڭ دەرت - ئەلەملىرى-
نى يەڭگىللىتىپتۇ، شۇ سەۋەپتىن سودا - سانائەت قۇلدار-
لىرى ۋە دېخانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپتۇ. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى
دېخانلارنىڭ ھالى ناھايىتى ناچار ئىكەن. بايلاردىن قەرز ئې-
لىپ قايتۇرالمىسا، بايلار قەرز بولۇپ قالغان دېخانلارنىڭ
يەرلىرىگە قەرز مۇئامىلە تاشلىرى ئورنىتىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن
دېخانلار "ئالتىدە بىر ئۈلۈش دېخان" بولۇپ قالىدىكەن،
يەنى بايلار ئۈچۈن ئىشلەپ، دارامەتنىڭ ئالتىدە بەش ئۈلۈشى-
نى بايلارغا تاپشۇرۇدىكەن، بىر ئۈلۈشنى ئۆزلىرى ئالىدىكەن.
ئەگەر ئالغان ھوسۇل قەرزنىڭ پايدىسىنى تاپشۇرۇشقا يەتمىسە،
ئۇ چاغدا بايلار بىر يىلدىن كېيىن قەرزدار دېخانلارنى ۋە
ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرىنى قۇل قىلىۋالىدىكەن. ئەمدىلىكتە
بايلار بۇنداق قىلالمايدىغان بولۇپتۇ، قەرز بولۇپ قېلىپ باشقا
قەلئەلەرگە قۇل بولۇپ سېتىلغانلارمۇ ئافىناغا قايتىپ كېلەلەي-
دىغان بولۇپتۇ.
قەرز تولەشنى بىكار قىلىش قانۇنى مەركىزىي مەيداندا
ئېلان قىلىنىش بىلەن تەڭ ئاقسوڭەكلەر ۋە بايلارنىڭ قاتتىق
قارشىلىقىغا ئۇچراپتۇ.
— بۇ قانداق گەپ! بىز مىڭبىر تەسلىكتە يىققان پۇل-
بايلىقىمىز بىكاردىن- بىكارغىلا گادايلارنىڭ بولۇپ كېتەمدۇ؟

كىمدار بولۇپ سايلىنىپتۇ.
مىلادىيدىن ئىلگىرى 594 - يىلى بىر كۇنى ئەتىگەن
مىڭلىغان، ئۇن مىڭلىغان دىخانىلار، قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە
دا - سانائەتچى قۇلدارلار توپ - توپى بىلەن ئافىنادى
مەركىزى مەيدانىغا قاراپ ئىقىپتۇ. بۇرۇن سولون بۇ يە
سارالىڭ بولۇۋېلىپ ئۇز شېئىرلىرىنى دىكلاماتسىيە قىلىغان بو
ئەمدىلىكتە يىگىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن باش ھاكىمدار بول
بۇ يەردە مۇھىم قانۇن ئىلان قىلماقچى بولۇپتۇ.
مەيدانىغا ئادەم لىق تولۇپتۇ. سولون چوڭ قەدەم تاشا
سوز مۇنبىرىدىكى چوڭ ياغاچ رامىنىڭ ئالدىغا كىلىپتۇ. بۇ چ
دا، ۋاراڭ - چۇرۇڭمۇ بېسىقىپتۇ، كىشىلەر توپى كوزلىرى
ئاشۇ ياغاچ رامىغا تىكىپ تۇرۇپتۇ. سولون قولى بىلەن ياغ
رامىنى مىدىرلاتسا، رامغا جايلاشتۇرۇلغان تاختا ئۇرۇلۇپ، ياغ
تاختىغا ئويۇلغان قانۇن ماددىلىرى شۇ زامات كىشىلەرنىڭ ئالد
دا ئايان بولۇپتۇ.

— يىڭى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، — دەپ
سولون ياغاچ تاختىنى كورسىتىپ ئۇنلۇك ئاۋازدا، — بارلى
قەرز مۇئامىلە مۇناسىۋەتلىرى بىكار قىلىنسۇن! قەرزدارلارنى
زىمىنىدىكى قەرز مۇئامىلە تاشلىرى دەرھال ئىلىپ تاشلانسۇن
سولون سوزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، پۇتۇن مەيدا
شاتلىقتىن تەۋرەپ كىتىپتۇ. بولۇپمۇ قەرزدار دىخانلار خوشا
لىقىدىن دوپپىلىرىنى ئاسمانىغا ئىتىپتۇ.
— ھازىردىن باشلاپ، — دەپتۇ سولون قولىنى پۇلاڭ
لاتقان ھالدا سوزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — قەرز بولۇپ قېلىش
تۇپەيلىدىن ئۇزىنى قۇل قىلىپ ساتقان پۇقرالارنىڭ ھەممىسى
ئازات قىلىنسۇن! بارلىق قەرز ھوججەتلىرى بىكار قىلىنسۇن.



**ئافىنادىكى ئىبادەتخانا**

دەرىجىدىكى پۇقرالار باشقا ۋەزىپىلەرگە سايلىنىدىكەن؛ نامرات بولغان 4 - دەرىجىدىكى پۇقرالارغا بولسا ھېچقانداق ئەمەل تەگمەيدىكەن.

سولوننىڭ بۇ تەدبىرلىرى ئۇرۇقداش ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۈچىگە نىسبەتەن زەربە بولۇپتۇ، سودا - سانائەت قۇلدارلىرىنىڭ روناق تېپىشىغا پايدىلىق بولۇپتۇ، لېكىن كەڭ تۆۋەن قاتلام پۇقرالارنىڭ تەلىۋىنى قاندۇرالماپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىسلاھاتى ئافىنا قۇللۇق تۈزۈمى ئاساسىدىكى دېموكراتىيە ئۈچۈن ئاساس سالغان. سولون خىزمەت مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، بارلىق ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىپ، ئافىنادىن چىقىپ يىراق جايلارغا ساياھەتكە كەتكەن، شۇڭا كېيىنكىلەر ئۇنى ”يۇنان ئەۋلىياسى“ دەپ مەدھىيىلەشكەن.

— سولون دىگەن بۇ ئەبلەغ بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇ تەپ تارتماستىن بىز ئاقسوڭەكلەرنىڭ قانچىلىك يېرىمىز بولۇشىنى كېرەكلىكىنى بەلگىلەپتۇ! ھەتتا چەت قەلئەلەر-دىن كەلگەن تېگى پەس ھۈنەرۋەنلەرگىمۇ پۇقرالىق ھوقۇقى بېرىپتۇ، تېخى! بۇ قاراپ تۇرۇپ بىز ئاقسوڭەكلەرنىڭ كۆچىنى ئاجىزلاشتۇرغانلىق ئەمەسمۇ؟

ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، سولون ئاقسوڭەكلەر بىلەن بايلارنىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچراپتۇ. بىراق، ئۇنىڭ ئىسلاھاتىنى قوللايدىغانلارنىڭ ئاقسوڭەكلەر بىلەن بايلاردىن كوپ بولۇشى تۇرغان گەپ ئىدى. سولون ئاخىر ئۇز نوپۇزىنى ئىشقا سېلىپ، ئاقسوڭەكلەر بىلەن بايلارنى بىر قىسىم مەن-پەئەت ۋە ئىمتىيازدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىپتۇ. ئۇزاق ئوتمەي، ئۇ يەنە بىر يېڭى تەدبىر قوللىنىپتۇ: ئافىنا پۇقرالىرى مال - مۇلكىنىڭ ئاز - كوپلىكىگە قاراپ 4 دەرىجىگە ئاي-رىلىپتۇ، ھەرقايسى دەرىجىدىكى پۇقرالار ئوخشاش بولمىغان سىياسى ھوقۇقتىن بەھرىمەن قىلىنىپتۇ. كىمنىڭ مال - مۇلكى كوپ بولسا، ئۇنىڭ دەرىجىسىمۇ يۇقۇرى بولۇپتۇ، بەھرىمەن بولىدىغان سىياسى ھوقۇقىمۇ كوپ بولۇپتۇ. بۇ مال - مۇلكى ئاز بولغان ئاقسوڭەكلەر جەمئىيەت ئىلگىرىكىدەك كوپ سىياسى ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولالمايدۇ، دىگەندىن دېرەك بەرگەن. ئەمەلىيەتتە، ئافىنادىكى قۇرامىغا يەتكەن بارلىق پۇقرالار، باي ياكى نامرات بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، پۇقرالار قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپتۇ. قەلئەنىڭ ھەممە ئاقساقاللىرى ئاشۇ قۇرۇلتايدا سايلىنىدىغان بولۇپتۇ. بىراق، ئالى ۋەزىپە — ھاكىمدارلىق بىلەن غەزىنىدار-لىققا بىرىنچى دەرىجىلىك پۇقرالارلا سايلىنالايكەن؛ 2 ، 3 -

جارچى چىقىپ يەنە بىر قېتىم ئالاھىدە ئاغزاكى ئۇقتۇرۇش قىلغان ئىكەن.

كىشىلەر يىغىن مەيدانىغا كىرىدىغان جايغا كەلگەندە، 6 تەكشۈرگۈچى ۋە ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرى كەلگەنلەرنى رويىنىچە قاراپ تەكشۈرۈپتۇ.

— كۆپچىلىك دىققەت قىلىڭلار! — دەپ ۋاقىراپتۇ بىر تەكشۈرگۈچى قۇرام تاشنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، — بۈگۈنكى يىغىن سايلام يىغىنى، چەت قەلئە كىشىلىرىنىڭ يىغىن مەيدانىغا كىرىشىگە رۇخسەت يوق.

ئافىنا قەلئەسىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، پۇقرالار 20 ياشقا توشقاندا، مال - مۈلكى ياكى باشقا سالاھىيىتىگە قارىماي پۇقرالار قۇرۇلتىيىدا سايلاش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدىكەن. بىراق ئەمەلىيەتتە، ئافىنادا بۇنداق پۇقرالىق ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلار ئاھالە ئومۇمىي سانىنىڭ ئوندىن بىر قىسمىغىمۇ يەتمەيدىكەن، چۈنكى چەت قەلئەلىك كىشىلەر ۋە ئاياللار پۇقرالار قۇرۇلتىيىغا قاتنىشالمايدىكەن، قۇللارنىڭ قاتنىشىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. قۇلدارلارنىڭ دىدەك قۇللىرى يىغىن مەيدانىغا كىرىدىغان جايدا خوجايىنلىرىنى ساقلاپ تۇرىدىكەن. دېھقانلار بىلەن ھونەرۋەنلەرنىڭ سايلاش ھوقۇقى بولسىمۇ، لېكىن بىر كۈن يىغىنغا قاتناشمىسا، بىر كۈنلۈك داراھەتتىن قۇرۇق قالىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار بۇنداق يىغىنلارغا دائىم قاتنىشالمايدىكەن، شۇڭا ھەر قېتىملىق يىغىنغا قاتنىشىدىغانلار ئاھالىنىڭ ئوندىن بىر قىسمىغىمۇ يەتمەيدىكەن. بۈگۈنكى سايلام يىغىنىغا قاتناشقانلارغا بىر كۈنلۈك تۇرمۇش راسخودى بېرىلىدىغان بولغاچقا، يىغىنغا كەلگەنلەر ئادەتتىكى چاغلاردىكىدىن كۆپرەك بولۇپتۇ.

# ئافغاندىكى دېموكراتىيە

— يىغىنغا بېرىڭلار، كۆپچىلىك پۇقرالار قۇرۇلتىيىغا بېرىڭلار! — دەپ ۋاقىراپتۇ قولىدا دالچىن دەرىخىدىن ياسالغان ھاسا تۇتقان جارچى ئافغانا كوچىلىرىنى ئايلىنىپ. ئافغانادا جارچى دۆلەت بۇيرۇغىنى يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. جارچىلاردىن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشتىن ئىلگىرى ئالاھىدە ئىمتىھان ئېلىنىدىكەن. (ئۇلارنىڭ ئاۋازىنىڭ جاراڭلىق ياكى جاراڭلىق ئەمەسلىكى، ئېنىقلىق ياكى ئېنىقلىق ئەمەسلىكى تەكشۈرۈلىدىكەن)، جارچىلار يەتكۈزگەن بۇيرۇق مۇقەددەس ۋە دەخلىسىز ئىكەن. كىشىلەر ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا قول سانائەت ئىشخانىلىرى، دۇكانلىرى ۋە ئۆيلىرىدىن چىقىپ، شەھەرنىڭ غەربىدىكى دۆڭلۈككە يىغىلىدىكەن.

بۇ يەر ئافغانىنىڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى — پۇقرالار قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىن ئورنى ئىكەن. ئالاھەزەل ھەر 10 كۈندە پۇقرالار بۇ يەرگە كېلىپ، بىر قېتىم يىغىنغا قاتنىشىدىكەن. يىغىن ئېچىش توغرىسىدا ئومۇمەن، 5 كۈن بۇرۇن ئۇقتۇرۇش قىلىنىدىكەن. جىددىي ئەھۋال بولغاندا ياكى ئالاھىدە مۇھىم يىغىن ئېچىش توغرا كەلگەندە، كوچىلاردا تۇۋلاپ خەۋەر قىلىشقا جارچى ئەۋەتىلىدىكەن ياكى بازاردا مەشئەل يېقىلىدىكەن. بۈگۈنكى يىغىن كېلەر يىللىق مۇھىم ئەمەلدارلار سايلىنىدىغان، ھەممىدىن مۇھىم بولغان بىر يىغىن ئىكەن. شۇڭا

نى يىغىن مەيداندىن چىقىرىۋېتىدىكەن هەتتا پۇل جەرىمانە
قويىدىكەن. لېكىن سوزلىگۈچىمۇ ئەدەپلىك بولۇشى، يىغىن
قاتناشچىلىرىنى، ھاقارەتلىمەسلىكى ياكى تىللىماسلىقى كېرەك
ئىكەن. ئەگەر ئۇ بۇ بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلسا، كىشىلەر
ئۇنىڭ سوز قىلىشىغا رۇخسەت قىلمايدىكەن ياكى رەئىس تە-
رىپىدىن ئۆز ئابرويىنى يوقاتقان ئادەم دەپ جاكالىنىدىكەن.

تاشچى سوزىنى باشلاپتۇ. ئۇ ھەلى ئېلان قىلىنغانلار ئىچىدە
بىرسىنىڭ 29 ياش بولۇپ، تېخى 30 ياشقا توشمىغانلىقىنى،
شۇڭا نامزات بولالمايدىغانلىقىنى، يەنە بىرسىنىڭ بۇلتۇر ۋەزىپە
ئۆتىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ يىل قايتا سايلانماسلىقى كېرەكلىك-
نى كورسىتىپ ئوتۇپتۇ ... نامزاتلار ئۈستىدىكى مۇھاكىمە ناھا-
يىتى قىزغىن بولۇپتۇ، ئەگەر بىرەرسىنىڭ باج تاپشۇرمىغانلىقى
ياكى دولەتكە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك قەرزىنى تاپشۇرمىغانلىقى
پاش قىلىنسا، ئۇنىڭ نامزاتلىق سالاھىتى ئېلىپ تاشلىنىپلا
قالماستىن، بەلكى قاتتىق جازالىنىپتۇ.

پۈتۈن نامزاتلار تەكشۈرۈپ بولۇنغاندىن كېيىن، رەئىس ساي-
لام باشلانغانلىقىنى جاكالاپتۇ.

بۈگۈنكى يىغىندا 10 نەپەر سەركەردە، 10 نەپەر پىيادە
ئەسكەر بېشى، ئىككى نەپەر ئاتلىق ئەسكەر بېشى ۋە بىر
نەپەر غەزىنىچى سايلىنىدىكەن. يىغىن رەئىسى نامزاتلارنىڭ ئىسىم-
لىرىنى ئوقۇپتۇ، پۇقرالار قول كوتىرىپ ئاۋاز بېرىپتۇ، مىرزا
بۇنى خاتىرىلەپ مېڭىپتۇ. كىم كوپ ئاۋازغا ئىگە بولسا، شۇ
سايلىنىپتۇ. سەركەردىلەر، پىيادە ئەسكەرلەر بېشى ۋە ئاتلىق
ئەسكەرلەر بېشى ئارمىيىنى باشقۇرىدىغان كىشىلەر بولۇپ،
بۇلارنى سايلاش دولەتنىڭ تەقدىرىگە ئالاقىدار ئىش بول-
غاچقا، چوقۇم چوڭ يىغىندا ئاۋاز بېرىش يولى بىلەن سايلىنىدىكەن؛

يىغىن مەيدانىدا ئورۇندۇق بولمىغاچقا، كىشىلەر يەردە ئولتۇرىدىكەن، يىغىن مەيدانى تاغ باغرىدا بولغاچقا، ئارقىدا ئولتۇرغان كىشىلەرمۇ يىغىن سەھنىسىدىكى ئەھۋاللارنى كۆرۈپ ئولتۇرىدىكەن. يىغىن سەھنىسى چوڭ قورام تاشتىن ياسالغان بولۇپ، ئىككى تەرىپىدە چىقىپ چۈشىدىغان پەلەمپەيلىرى بار ئىكەن. سەھنىدە بىرنەچچە تال شال قويۇلغان بولۇپ، بۇ ھەيـئەت رىياسەتلەرنىڭ ئورنى ئىكەن؛ ئالدى تەرىپىگە نەپىس ياسالغان ئورۇندۇق قويۇلغان بولۇپ، بۇ مەخسۇس يىغىن باشقۇرغۇچى ئۈچۈن تەرييالانغان ئىكەن.

— پوقرالار، دىققەت! — رەئىس ئادەملەرنىڭ ئاساسەن كېلىپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئۈنلۈك جاكالاپتۇ. — ھازىر تەڭرىگە ئاتاپ نەزىر قىلىمىز!

شۇ زامان بىر ھاپىز بىر چوشقا كۈچۈكىنى يېتىلەپ مەيدانـنى بىر ئايلىنىپ چىقىپتۇ، ئاندىن كېيىن سەھنە ئالدىدىكى نەزىر ـ چىراق سۇپىسىغا بېرىپ، خەلقى ـ ئالەم ئالدىدا چوشـقىنى بوغۇزلاپتۇ. بۇ يىغىن ئېچىلىشتىن ئىلگىرى ئۆتكۈزۈلىدىـغان دىنىي مۇراسىم ئىكەن.

چوشقا بوغۇزلىنىپ بولغاندىن كېيىن، يىغىن رەئىسى كېيىنـكى نوۋەتتە ئەمەلدار بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلارنىڭ ئىسىمـلىكىنى ئوقۇپتۇ ھەمدە يىغىنغا قاتناشقۇچىلاردىن ھەر بىر نامـزات ئۈستىدە پىكىر ئېلىپتۇ.

— مېنىڭ پىكرىم بار! — بىر تاشچى سەھنىگە چىقىپتۇ. شۇ چاغدا رەئىس ئۇنىڭغا دەپنە دەرىخى گۈلىدىن ياسالغان بىر گۈلتاج بېرىپتۇ، بۇ رەئىسنىڭ ئۇنىڭ سۆز قىلىشىغا رۇخسەت قىلغانلىقى ئىكەن. گۈلتاج تاقىغان ئادەم سۆز قىلىۋاتقان چاغـدا، ئەگەر بىرەر ئادەم ئۇنى ھاقارەتلىسە، رەئىس ئۇنىداقلارـ

يېڭى ئەمەلدارلار خىزمەت تاپشۇرۇۋېلىپ ئىش بېجىرىدىكەن.
2 - يىلى ئەتيازدا، يېڭى خىزمەتكە چىققان بىر
يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدار پەۋقۇلئاددە پۇقرالار قۇرۇلتىيى
چاقىرىشنى تەشەببۇس قىپتۇ. "پەۋقۇللاددە" قۇرۇلتاي دېيىشتە،
ئۇ "ساپالغا ئىسمىنى يېزىپ سۈرگۈن قىلىش" نى يولغا
قويۇش مەسىلىسىنى قۇرۇلتايغا قويماقچى ئىكەن.
"ساپالغا ئىسمىنى يېزىپ سۈرگۈن قىلىش" دىگەن قانداق
ئىش؟ بۇ مىلادىدىن ئىلگىرى 6 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، يۇنان
دېموكراتىك سىياسىسىنىڭ پېشۋاسى كىلېستېنېس تۈزگەن بىر
قانۇن ئىكەن. بۇ قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە، ئومۇمەن دۆ-
لەتنىڭ دېموكراتىيە تۈزۈمىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، شەخسى
مۇستەبىتلىكنى يولغا قويماقچى بولغان ئادەم پەۋقۇلئاددە پۇق-
رالار قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، ئاغزاكى ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى
بىلەن "ساپال سوت كوللېگىيىسى" گە تاپشۇرۇلۇپ سوت قىلىنىدى-
كەن ھەمدە ئۇنى ئافىنادىن سۈرگۈن قىلىپ ھەيدىۋېتىش -
ھەيدىۋەتمەسلىك توغرىسىدا قارار چىقىرىدىكەن. بۇ قېتىمقى
پەۋقۇلئاددە قۇرۇلتايدا كۆپ سانلىق پۇقرالار ساپال بىلەن
ئاۋاز بېرىشنى يولغا قويۇش زورۇر، دەپ ھېساپلاپتۇ ھەمدە
كۆنلۈك ئاۋاز بىلەن بىر ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئاتاپتۇ. شۇنىڭ
بىلەن ئىككىنچى قېتىملىق پۇقرالار قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپتۇ.
ئاۋاز بېرىدىغان كۈن يېتىپ كېلىپتۇ. قوشام بىلەن قورۇق-
لانغان ئاۋاز بېرىش مەيدانىغا 10 ئىشىك ئېچىلغان. ئاۋاز
بېرىش لاياقىتىگە ئىگە ھەر بىر پۇقرا ئۆز قەبىلىسى كىرىدىغان
ئىشىكتىن بىر دانە ساپال ئېلىپتۇ. ئۇلار ھەرقايسىسى سۈرگۈن
قىلىش كېرەك، دەپ ھېساپلىغان ئادەمنىڭ ئىسمى - پەمىلىسىنى
ساپالغا يېزىپ، يىغىن مەيدانىغا كىرگەندىن كېيىن خىزمەتچىلەر-

غەزنىچى دولەت غەزنىسىنىڭ ئاچقۇچىنى تۇتىدىغان كىـ
بولۇپ، بۇ مۇھىم ئورۇن بولغاچقا، ئۇنىمۇ چوڭ يـەـفـنـد
سايلايدىكەن. باشقا ئەمەلدارلارنى جۇملىدىن 9 نەپەر ھاكـ
دارنى، 500 نەپەر كېڭەش ئەزاسى، سوتچى، 11 نەپەر تۈرم
ئەمەلدارى، 10 نەپەر شەھەر مەمۇرىيىتى ئەمەلـدارى ۋە 0
نەپەر بازار ئەمەلدارىنى يىغىندىكى سايـلام ئاياقـلاشـقانـدىن
كېيىن چەك ئېلىش ئۇسۇلى بىلەن سايلايدىكەن.

چەك ئېلىش بىر ئىبادەتخانىدا ئېلىپ بېرىلىدىكەن. ئۇ يەر
دە ئىككى ساندۇق بولۇپ، بىرسىدە نامزاتلارنىڭ ئىسمىلىكى
يەنە بىرسىدە ئاق پۇرچاق ۋە قارا پۇرچاق بار ئىكەن. چەك
ئېلىشتا، ھەممىدىن بۇرۇن سايلانغان ھاكىمدار بىر ساندۇقتىن
ئىسمىلىكتىن بىرنى، يەنە بىر ساندۇقتىن پۇرچاقتىن بىرنى
ئالىدىكەن. ئەگەر ئاق پۇرچاق چىقسا، ھېلىقى ئىسمىلىكتىكى
ئادەم سايلىنىدىكەن؛ قارا پۇرچاق چىقسا، كېلەر يـىلى تەلەي
سىناشقا قالدۇرۇلىدىكەن.

تەلەيسىز ئىكەنمەن، يەنە قارا پۇرچاق چىقتى! — سايـ
لانماي قالغان نۇرغۇن نامزاتلار دائىم ئاشۇنداق زارلىنىدىكەن.
شۇنى بىلىش كېرەككى، ئومرىدە بىرەر ھوكۇمەت خىزمىتىگە
ئولتىشالمىغان كىشى، ھورۇنلار ۋە قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلار دەپ
قارىلىدىكەن. پۇقرالارنىڭ كۆپىنچىسى مەلۇم ھوكۇمەت خىزمـ
تىنى ئۆتەشتىن باش تارتمايدىكەن، چۈنكى ھـوكۇمەت
خىزمىتىدە بولغانلار كىشلەرنىڭ ھورمىتىگە سازاۋەر بولۇپلا
قالماستىن، بەلكى ھوكۇمەت خىزمىتى ئۈچـۈن بېرىلىدىغان
تۆرمۇش پۇلىدىن بەھرىمەن بولىدىكەن.

ھەممە مۇھىم ئەمەلدارلار سايلاپ چىقىلىپ ئىككى ئايـ
دىن كېيىن، بۇرۇنقى ئەمەلدارلار ئىش ئۆتكۈزۈپ بېرىدىكەن.

بۇنداق خوجاملارغىمۇ يالۋۇرمايدۇ!

— ئافىنادىن يوقالسۇن! — سەھنە ئاستىدىكىلەر چىقان كوتىرىشىپتۇ. ھەلىقى ئاقسوڭەكنىڭ ئوغلى شۇ زامانلا يەنە مەيداندىن ئېلىپ چىقىپ كېتىلىپتۇ.

ئافىنادىكى دېموكراتىيە ئەينى زامانلاردا ئىلغار تۈزۈم بولسىمۇ، لېكىن بەربىر قۇللۇق تۈزۈمگە تەئەللۇق دېموكراتىيە بولغان، ئۇ ئافىنا قۇللۇق تۈزۈمىدىكى ئىقتىسات ۋە قۇلدارلار سىنىپىي ئۈچۈن خىزمەت قىلغان، دېخانلار بىلەن ھونەرۋەنلەر بۇ دېموكراتىيىنىڭ ھەقىقى خوجايىنى بولالمىغان.

٭٭٭٭٭٭٭٭٭٭٭٭٭

گە تاپشۇرۇپتۇ. ساپالنى تاپشۇرۇشتا ئىسىم يېزىلغان يۈزى يە
گە قارىتىپ تاپشۇرۇلىدىغان بولغاچقا، ئاۋاز بېرىش مەخپ
ئېلىپ بېرىلىدىكەن. ئاۋاز بېرىپ بولۇنغاندىن كېيىن، پۇقرالا
قۇرۇلتىيى خادىملىرى ساپالنى جەملەپ چىقىپتۇ. ئەگەر بىر
ئادەمنىڭ ئىسىم - پەمىلىسى يېزىلغان ساپال 6 مىڭدىن ئېش
كەتسە، ئۇنداقلار 10 يىللىق سۈرگۈن قىلىنىدىكەن. ئۇنداقلا
سۈرگۈن مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، ئاندىن ئافىناغا قايت
كېلىپ، پۇقرالىق ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدىكەن.

يىغىن مەيدانىدا كەيپىيات جىددىيلىشىپتۇ. ھەممەيلەن تىمتاس
تۇرۇپ ئاۋاز بېرىشنىڭ نەتىجىسىنى كۈتۈپتۇ. ئاۋاز بېرىشك
رىياسەتچىلىك قىلغۇچى خادىم بېرىلگەن ئاۋاز نەتىجىسىنى
ناھايىتى تېز ئېلان قىلىپتۇ. بۇ قېتىم بىر ئاقسۆڭەكنىڭ ئوغلى
ھەممىدىن كۆپ ئاۋازغا ئىگە بولۇپتۇ. ئۇنىڭ ئىسمى ئېلان
قىلىنىش بىلەن تەڭ، پۈتۈن مەيدان خوشاللىققا چۆمۈپتۇ. بىر
دېڭىزچى خوشاللىنىپ مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ ئەبلەغ دېڭىز ئارمىيىسى قۇرۇشقا دائىم قارشى
تۇرۇپ كەلدى! دۆلەتنى قوغداش ئۈستىدە ئۇ ھېچقاچان باش
قاتۇرۇپ باقىقىنى يوق!

— ئۇنىڭ باش قات
تۇرىدىغىنى، — دەپتۇ بىر
دېھقان، — قانداق قىلىپ نام
راتلارغا كېمە* رولىنى تۇت
قۇزماسلىق، نامراتلار كېمە
رولىنى تۇتىدىغان بولسا، بىر
بۇردا نان ئۈچۈن قاتىرمايدۇ،



سۈرگۈن قىلىنغان ئادەملەرنىڭ ئىسىم
پەمىلىسى يېزىلغان ساپال

دېموكرىتنىڭ كېسىلىنى داۋالاش قارارىغا كېلىپتۇ.

دوختۇر بىلەن ھىلىقى يىگىت ناھايىتى تېزلا دېموكرىتنىڭ بېغىغا يېتىپ كېلىپتۇ. قارىغىنىدەك بولسا، دېموكرىت بىر تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، بىر ئورام سامان قەغەزنى تىزىغا قويۇۋېلىپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن بىر نەرسە يېزىۋاتقان ئىكەن. ئۇ بىر تۇرۇپ قەلىمىنى تاشلاپ قويۇپ، ئورنىدىن تۇرغان پېتى، بىر ئاز خىيال سۈرۈۋېتىپ، ئاندىن ئۆز - ئۆزىگە بىر نىمىلەرنى پىچىرلىغىنىدەك؛ بىر تۇرۇپ پەشايىۋانغا ئېسىپ قويۇلغان ھايۋاناتلارنىڭ ئۈچەي - قارنىنى ئېلىپ، بىر ھازاغىچە قارىۋېتىپ، يەنە ئۆز جايىغا ئېسىپ قويۇپ، تاش ئۈستىدە ئولتۇرغان پېتى خىيال سۈرگىدەك.

— قاراڭ، ئۇ ئەقلىدىن ئېزىپ نىمە بولۇپ كەتكەن - ھە!؟ — دەپتۇ يىگىت.

— ياق، ھازىرچە بىر نىمە دېگىلى بولمايدۇ، — دەپتۇ دوختۇر ئۇنىڭغا جاۋاۋەن.

— ئۆزلىرى نىمە بولىدىلا؟ ئۇنىڭ ئەقلى جايىدا بولسا، ھايۋانلارنىڭ ئىچىنى يېرىپ، ئۇنىڭ ئۈچەي - قارنىغا نەچچە سائەتلەپ قاراپ تۇرامدۇ؟

— بولار ئۇنىڭ ئەقلىدىن ئازغانلىقىنى زادىلا ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ.

بۇ چاغدا بىر توپ ئادەم كېلىپ دوختۇرنى ئورۇۋېلىپتۇ ۋە ھاكىمدارنى داۋالاپ قويۇشنى تەلەپ قىلىپتۇ.

— ئۆزلىرى بىلمەيلا، — دەپتۇ ھىلىقى يىگىت سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ھاكىمدارىمىز ھازىر ھەممىگە ئايان بولغان ھەقىقەتنىمۇ ئېتىراپ قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. زىرائەتلەرنى ئۇستۇرۇش ئۈچۈن تەگرى يامغۇر ئاتا قىلغانلىقىنى ھەممىي-

# „ساراڭ» مۇ ياكى پەيلاسوپمۇ

يۇناننىڭ ئابدېرا قەلئەسىدىكى بىر يىگىت تاغلار ئېشىپ دەريالار كېچىپ، توپ - توغرا 3 كۈن يول يۈرۈپ، شۇ زامانلاردا يۇنان بويىچە ئەڭ مەشھۇر بولغان بىر دوختۇرنى تېپىپتۇ. بۇ يىگىت تىت - تىت بولغان ھالدا دوختۇرغ بايان قىلىپتۇ:

— ھۆرمەتلىك دوختۇر، بىزنىڭ قەلئەدە بىر بەختسىز- لىك بولدى: ھاكىمدارىمىز دېموكرىت يېقىندىن بېرى ئەقلى دىن ئادىشىپ نۇرغۇن غەلىتە ھەم ئەخمەقانە ئىشلارنى قىلدى. ئۇ دادىسىدىن قالغان مىراسلارنىڭ كۆپ قىسمىنى بۇزۇپ - چاچتى، ئۆز ئىشىنى قىلماي، باغچىسىدا ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئىچى - قارنىنى ياردى، بىمەنە ماقالىلارنى يازدى. ئۇنىڭ تۇققانلىرى ئۇنىڭ مال - مۈلكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈستىدىن سوتقا ئەرز قىلدى، ئۇ دەرھال قەلئەدىن قوغلىنىدۇ...... رەھىم قىلىپ، ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ قويسىڭىز.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان دوختۇرنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم بولۇپتۇ. ئۇ بۇرۇنلا دېموكرىتنىڭ مەشھۇر پەيلاسوپ ئىكەنلىكىنى ماتېماتىكا، فىزىكا، مەدىتسىنا، ئاسترونومىيە، مۇزىكا، شۇنىڭ دەك تىلشۇناسلىقنى پۇختا بىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىكەن. ئۇ مۇشۇنداق بىر ئالىمنىڭ ساراڭ بولۇپ كېتىشىگە ھە ئۇنىڭ سۈرگۈن قىلىنىشىغا تاقەت قىلالماي دەرھال بېرىپ

— نىمە بولدىڭىز، دېموكرىت! — دەپ ۋاقىراپتۇ پلاتوننىڭ شاگىرتى، — سىزدەك ئالىممۇ كۆز ۋە قۇلاققا ئىشىنەمدۇ؟ سىز دېڭىز بوغوزلىرىدا كېلىۋاتقان كېمىلەرنى كۆرگەنمۇ؟ كېمىنىڭ سۇغا كىرگەن پالاقلىرى سۇنۇپ كەتكەندەك كۆرۈنىدۇ، بىراق سۇدىن تارتىپ چىقارسىڭىز، ئۇنىڭ يەنىلا ساق تۇرغانلىقىنى كۆرىسىز. دېمەك كۆزىمىز — كۆرۈش سەزگۈمىز بىزنى ئالدىغان، بۇ مەڭگۈ ئۆلمەس ئىلاھ بىزگە ئاتا قىلغان ئالدامچىلىق...

— يوقسۇ، ھۆرمەتلىك پەيلاسوپ، بۇ ئالدامچىلىق ئەمەس! بىز كۆرگەن سۇدىكى پالاقمۇ، سۇدىن تارتىپ چىقىرىلغاندىن كېيىنكى پالاقمۇ ئوخشاشلا بىر پالاق. سۇدىكى پالاق دېڭىز سۈيىنىڭ نۇر قايتۇرۇشى بىلەن سۇنغاندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ سۇنغان ئەمەس. بۇنىڭ ئەجەپلەنگۈدەك نىمىسى بار؟ دۇنيادىكى ھەممە شەيئى مەلۇم قانۇنىيەت بويىچە پەيدا بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەس ئىلاھ دېگەننى توقۇپ چىقىشىنىڭ ئەسلا ھاجىتى يوق...

— توغرا ئېيتتىڭىز دېموكرىت، — دەپ سۆز قىستۇرۇپتۇ چەتتە قاراپ تۇرغان دوختۇر، — سىز ئالەمدە موجىزە بولمايدۇ دېدىڭىز، بىراق مەن ھېلى بىر غەلىتە ئىش كۆردۈم: مەن بۇ يەرگە كەلگەندە ئاسماندىن بىر تاشپاقا چۈشۈپ، توپ - توغرا ھېلىقى ياشنىڭ بېشىغا تەگدى. بۇ قانداق ئىش؟

— ئاسماندىكى سارنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟

— شۇنداق، بىز بىر چوڭ سارنىڭ ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق.

— ھەببەللى، بۇ ناھايىتى چۈشىنىشلىك! سار تاشپاقا

لەن بىلىدۇ، بىراق، ئۇ، يامغۇر شامالنىڭ بۇلۇتلارنى بىر يەرگە توپلاپ قويۇشى ئارقىسىدا ھاسىل بولغان، دەۋاتىدۇ ئۇ يەنە، ئادەملەر يامان ئىش قىلغانلىقى بىلەن تەڭرىنىڭ جازاسىغا ئۇچرىمايدۇ، ياخشى ئىش قىلغانلىقى بىلەنمۇ تەڭرىنىڭ ئاسرىشىغا مۇيەسسەر بولمايدۇ، دەيدۇ. يەنە، قانۇن دۇنيا پەيدا بولۇش بىلەنلا كىشىلەر ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان ئەمەس، بەلكى كىشىلەر ئۇنى ئۆزلىرى ئويلاپ تاپقان، دەيدۇ. ئۇ ھەتتا، پۈتۈن ئالەم غايەت زور كەتكەن مۇۋھۇم بوشلۇقتىن ۋە خىلمۇ - خىل ئۇششاق دانىچىلەردىن تەركىپ تاپقان، بۇ دانىچىلەر «ئاتوم» دېيىلىدۇ، دىدى. ساراڭدىن باشقا كىممۇ مۇشۇنداق ئويلايدۇ ھەم مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىدۇ؟......

ھىلىقى يىگىت سوزىنى تۈگەتمەيلا، بىر غەلىتە ئىش يۈز بېرىپتۇ: بىر تاشپاقا ئاسماندىن چۈشۈپ، توپ - توغرا ھىلىقى يىگىتنىڭ بېشىغا تېگىپتۇ. كىشىلەر بۇنىڭدىن ھاڭ - تاڭ قېلىپتۇ. كىشىلەر ئاسمانغا قارىغان ئىكەن، چوڭ بىر سار ئۇچۇپ كېتىۋاتقۇدەك.

— ۋاي خۇدايىمەي، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق! — دەپتۇ ھەممەيلەن تەڭلا، — سار ئىلاھىمىز زېۋسنىڭ خەۋەرچىسى ئىدى، بۇ يىگىت خۇدانىڭ زىتىغا تەگكەچكە، خۇدا ئۇنى جازالىدى.

كىشىلەر سوزلىگەن پېتى قېچىپ كېتىپتۇ. دوختۇر بۇ يىگىتنىڭ يارىسىنى تېڭىپ قويۇپ، ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ قويغاندىن كېيىن، دېموكرىتنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپتۇ.

بۇ چاغدا دېموكرىت پىلاتوننىڭ بىر شاگىرتى بىلەن كەسكىن مۇنازىرىلىشىۋاتقان ئىكەن.

گىنىڭ قارىنىنى يېرىپ كورگەن ئادەمنى ئەقلىدىن ئاداشقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن. بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن كىمنىڭ ئەقلىدىن ئازغانلىقىنى ئاندىن بىلدىم...

بۇلار كەسكىن مۇنازىرىلىشىۋاتقاندا، بىرسى باقىقا ئۇسۇپ كىرىپ، دېموكرىت پەۋقۇلئاددە سوتقا بېرىپ سوتقا تارتىلسۇن دىگەن بۇيرۇقنى ئوقتۇرۇپتۇ.

دوختۇر سوتقا دېموكرىت بىلەن بىللە بېرىش قارارىغا كېلىپتۇ. ئۇ كىشىلەرگە، دېموكرىتنىڭ ساراڭ ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭدا ئەيىپ يوقلۇغىنى، بەلكى ئۇنىڭ ئابدېرا قەلئەسىدىكى ئەڭ ئەقىللىق، ئەڭ بىلىملىك پەيلاسوپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمەكچى بولۇپتۇ.

دېموكرىت مىلاددىن ئىلگىرى 5 - ئەسىردە ئوتكەن، قەدىمقى يۇناننىڭ ئەڭ مەشھۇر ماتىرىيالىستىك پەيلاسوپى. ماددا مەڭگۇ مەۋجۇتتۇر، دىگەن شانلىق ئىدىيىنى دەل ئاشۇ كىشى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ 90 يىل ياشىغان، كوپ جايلارنى كورگەن، مىسىر ۋە شەرقتىكى ھەرقايسى جايلارغا بارغان، تەبىي پەنگە دائىر نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. ئەپسۇسكى، ھازىر ئۇنىڭ ھايۋانات ۋە ئوسۇملۇككە دائىر بايانلىرىنىڭ پارچىلىرىلا ساقلىنىپ قالغان.

گوشكە ئامراق، لېكىن تاشپاقا قېپىغا تۇرۇلۇپ كىرىۋالىغاچقا سار ئۇنى يېيەلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن سار تاشپاقىنى قاماللىغان پېتى ئاسمانغا كۆتىرىلىپ، ئۇنى يەنە يەرگە تاشلىۋەتكەن. سار تاشپاقىنى يەرگە تاشلاپ قېپىنى سۇندۇرۇپ راسا مەززە قىلماقچى بولغان. بىراق تاشپاقا، يۇرتدىشىمىزنىڭ بېشىغا چۈشۈپ، ئۇنىڭ بېشىنى يېرىۋەتتى!

— سىز ناھايىتى ئورۇنلۇق قىلىپ چۈشەندۈردىڭىز، — دەپ ماختاپتۇ دوختۇر، — مەن تېخى سىزنى ئەمدى ئىلاھ ياكى تەقدىرگە ئىلتىجا قىلىدىغان بولدى دەپ تونۇغان ئىدىم!

— تەقدىر دېگەن نەرسە ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس، ھەممە شەيئىنىڭ ئۆز سەۋەبلىرى بولىدۇ. دۇنيادا يوقلۇقتىن بار بولىدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق، ۋەيران بولغاندىن كېيىن يوق بولۇپ كېتىدىغان نەرسىمۇ يوق.

— سىز ھەقلىقسىز، — دەپتۇ دوختۇر، — ئەگەر مەنمۇ تىبابەتچىلىك جەھەتتە تەقدىرگە، ئىلاھنىڭ ھىممىتىنى يارىتىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن بولسام ئىدىم، ئۇ چاغدا دورا ئىزلىمەي، ئوپېراتسىيە قىلماي، ئىبادەتخانىلاردىكى راھىبلار-دەك ئەپسۇن ئوقۇپ قويسامla ئىش پۈتكەن بولاتتى. بىراق شۇنىسى ماڭا ھەممىدىن بەك ئېنىقكى، ئەپسۇننىڭ كېسەل داۋالاش ئۈچۈن ھېچقانداق پايدىسى يوق!

— نىمە، سىزمۇ خۇداسىزلىققا قوشۇلامسىز؟ — دەپ سوراپتۇ پىلاتوننىڭ شاگىرتى ھەيران بولۇپ دوختۇردىن، — سىزمۇ ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئىچ - باغرىنى يېرىپ كۆرۈشنى ئۇلۇغ ئىش ۋە ئۇچىغا چىققان ئەقلىلىق دەپ قارامسىز؟

— ھا، ھا، — قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ دوختۇر تويۇقسىزدىنلا، — مەن تېخى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئۇلۇ-

قۇلى بۇلۇپ، كېيىنكى چاغلاردا ئازات بولغان، ئۇنىڭ چىراي -
شەكلى سەت بولغان بىلەن، كارامەت ئەقىللىق ئىكەن. ئېزوپ
نۇرغۇن مەسەللەرنى يېزىپ، كىدىك قۇللارنىڭ ۋە توۋەن
قاتلام پۇقرالارنىڭ قۇلدار ئاقسوڭەكلەرنىڭ ھوكۇمرانـ
لىقىغا بولغان نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىنى ئەكس ئەتتۇر-
گەن، بۇ ئېزىلگۈچىلەرنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ۋە تۇرمۇش
غايىسىنى ئىپادىلىگەن. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان «بورە بىلەن قوزا»
دىن باشقا، يەنە نۇرغۇن قىزىق ھىكايىلەر بار.

«دىخان بىلەن يىلان» دىگەن ھىكايىدا مۇنداق دىيىلىدۇ:
قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، بىر دىخان توڭلاپ قالغان بىر يىـ
لاننى كورۇپتۇ، دىخاننىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ ئۇنى قوينىغا
سېلىپ ئىسسىتىپتۇ. ئۇ يىلان دىخاننىڭ قوينىدا ئىسسىپ تىرىلىپ
تۇ. يىلان تىرىلىپ ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇزىنى قۇتـ
قۇزغان دىخاننى چېقىپ ئولتۇرۇپتۇ. دىخان ئولۇش ئالدىدا:
"مەن يامانغا ياخشىلىق قىلغانلىقىم ئۈچۈن بېشىمغا مۇشۇ بالا
كەلدى" دەپتۇ. بۇ ھىكايە كىشىلەرگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى،
يىلان كەبى يامان ئادەملەرگە ھەرگىز رەھىم قىلماسلىق كېرەك.

«دىخان ئوغۇللىرىنىڭ ماجىراسى» دىگەن ھىكايە مۇنداق:
بىر دىخان بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى دائىم ئۇرۇشىدىكەن، دىخان
كوپ قېتىم نەسىھەت قىلسىمۇ ئۇنىڭىم بەرمەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن
ئۇ دىخان، بىر باغلام چىۋىقنى ئېلىپ بۇنى سۇندۇرۇڭلار، دەپ
ئوغۇللىرىغا بېرىپتۇ. ئوغۇللىرى ھەرقانچە كۆچەپمۇ سۇندۇرالماپتۇ.
دىخان چىۋىقنىڭ بېغىنى يېشىپ، ھەر بىر ئوغلىغا بىر تالدىن
چىۋىق تۇتقۇزۇپتۇ، ئوغۇللىرى ئۇنى ھېچ كۆچىمەيلا سۇنـ
دۇرۇۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، دىخان ئوغۇللىرىغا تەربىيە بېرىپتۇ:
— قاراڭلار، ئەگەر سىلەر بىر ياقىدىن باش چىقارساڭ

# ئېزوپ مەسەللىرى

«بورە بىلەن قوزا» دىگەن ھىكايىنى بىلەمسىز؟ بۇ ھىكايە مۇنداق:

كۇنلەرنىڭ بىرىدە، بورە بىلەن قوزا بىر ئېرىقتىن سۇ ئىچىشكە توغرا كېلىپتۇ. بورە قوزىنى يىيىشكە بانا تېپىش ئۈچۈن، سۇنى لېيىتىۋەتكەنلىگىڭ ئۈچۈن سۇ ئىچەلمىدىم، دەپ قوزىنى ئەيىپلەپتۇ.

— سەن سۇنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىدا تۇرساڭ، مەن تۆۋەن ئېقىمىدا تۇرسام، مەن قانداقمۇ يۇقۇرى ئېقىمنىڭ سۇيىنى لېيىتىۋېتىدىكەنمەن؟ — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ قوزا.

— سەن بۇلتۇر مېنىڭ دادامنى تىللايتىكەنسەن، — دەپتۇ غەزەپ بىلەن بىرىنچى ھىلىسى ئىشقا ئاشمىغان بورە.

— ئۇ چاغدا مەن تېخى تورۇلمىگەن، — دەپتۇ قوزا دەرھال ئۇزىنى ئاقلاپ.

— سەن ئۇزەڭنى قانچە ئاقلىغىنىڭ بىلەنمۇ مەن سېنى ساق قويمايمەن! — دەپتۇ بورە ياۋۇزلۇق بىلەن ھەممىدە ئېتىلىپ بېرىپ قوزىنى يەۋېتىپتۇ.

بۇ ھىكايە بىزگە يامان ئادەملەر ئەسكىلىك قىلىمەن دىسە، ھامان بانا تاپالايدىغانلىغىنى ئۇقتۇرىدۇ.

«بورە بىلەن قوزا» «ئېزوپ مەسەللىرى» دىكى بىر ھىكايە. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئېزوپ مىلادىدىن ئىلگىرى 6 — ئەسىردە ئۆتكەن، قەدىمقى يۇناندىكى مەلۇم بىر قۇلدارنىڭ

يىن، بىر يۇنانلىق شۇ چاغلاردا تارقىلىپ يۈرگەن 200 نەچچە ھېكايىنى توپلاپ، «ئېزوپ ھېكايىلىرى توپلىمى» دېگەن نام بىلەن كىتاب قىلىپ چىقارغان. ئەپسۇسكى، بۇ كىتاب كېيىن يوقاپ كەتكەن. مىلادى 1 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئازات قىلىنغان يەنە بىر يۇنانلىق قۇل ئاشۇ كىتابتىكى ماتېرىياللارغا ئاساسەن لاتىن يېزىقى بىلەن 100 نەچچە مەسەل يازغان؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە بىر ئادەم يۇنان يېزىقىدا 120 مەسەل يازغان. مىلادى 4 - ئەسىرگە كەلگەندە، يەنە بىر رىملىق لاتىن يېزىقىدا 42 مەسەل يازغان. كېيىنكى چاغلاردا، يەنە بەزىلەر نۇرغۇن ھىندىستان، ئەرەب ۋە خرىستىيان دىنى ھېكايىلىرىنى قوشقان، مۇشۇنداق نۇرغۇن قېتىملىق توپلاش - رەتلەش، ئۆزگەرتىپ يېزىش ۋە قوشۇش - قىسقارتىۋېتىشلار ئارقىلىق ھازىرقى 360 پارچە ھېكايىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئېزوپ مەسەللىرى» بارلىققا كەلگەن. بۇ مەسەللەرنىڭ بەزىلىرىنى ئېزوپ يازغان، بەزىلىرىنى ئۇنىڭ زامانداشلىرى ياكى كېيىنكى كىشىلەر يازغان، بۇنىڭغا بىر مۇنچە پۈچەك نەرسىلەرمۇ ئارىلىشىپ قالغان. لېكىن «ئېزوپ مەسەللىرى» دە، قانداقلا بولمىسۇن نۇرغۇن چوڭقۇر مەنىلىك ھېكايىلەر ساقلىنىپ قالغان، بۇلار بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىزگە ئىلھام ۋە تەربىيە بولماقتا.

لار، دۈشمەنلەر سىلەرنى يېڭەلمەيدۇ، ئەگەر ئىناق ئۇتمىسەڭلە،
ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ.

بۇ ھىكايە ئىتتىپاقلىق — كۈچ دېمەكتۇر، دېگەننى چۈ
شەندۈرۈپ بېرىدۇ.

باشقا مەسەللەردىمۇ بىر ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن: مەسلەن
«تاشپاقا بىلەن توشقاننىڭ مۇسابىقىسى» كىشىلەرنى مەغرۇر
لانماسلىققا ئۈندەيدۇ؛ «قاغا بىلەن تۈلكە» دە بەزىلەرنىڭ
شۆھرەتپەرەسلىكى مەسخىرە قىلىنغان؛ «تۈلكە بىلەن ئۈزۈم» د
ئىقتىدارسىزلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى بەزلىگەنلىكى مەسخىرە قىلىن
غان؛ «بۇتىنى چېقىۋاتقان ئادەم» دە خۇداغا بولغان گۇماد
ئىپادىلەنگەن؛ «بۆركۈت بىلەن ياچۇۋەك» تە ئەمگەكچىنىڭ ئە
قىل - پاراستى مەدھىيىلەنگەن ......

ئېزوپ نۇرغۇن مەسەللەرنى يېزىپ، قۇلدار ئاقسوڭەكلەر
نىڭ ھوكۇمرانلىقىغا تىل تەككۈزگەن، شۇڭا قۇلدارلار ۋە
ئاقسوڭەكلەر بارلىق ئاماللار بىلەن ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىل
غان. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، مىلادىدىن ئىلگىرى 560 - يىلى
بىر كۈنى، ئېزوپ ئىگەي دېڭىزى ياقىسىدىكى بىر ئىگىز گ
رانىت تاش ئۈستىگە يالاپ كېلىنگەن. ئۇلۇش ئالدىدا تۇرغان
ئېزوپ مەغرۇر ھالدا كوكرىكىنى كىرىپ تۇرغان، قەتئىي باش
ئەگمىگەن. ئاخىر قاتىللار ئۇنى تاغدىن ئىتتىرىۋەتكەن ......

ئېزوپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىجاد قىل
غان مەسەللەر خەلق ئارىسىدا ئىزچىل تارقىلىپ كەلگەن. بى
راق ئېزوپ ھايات چاغدا شۇنىڭدەك ئۇ ۋاپات بولغاندىن كې
يىنكى خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە، ئۇنىڭ مەسەللىرى كىتاپ
قىلىپ چىقىلمىغان. مىلادىدىن ئىلگىرى 3 - ئەسىرگە كەلگەندە،
يەنى ئېزوپ ۋاپات بولۇپ ئالاھەزەل 3 - 2 يۈز يىلدىن كې

تاڭ ئاتماستىن بۇرۇن باشلىرىغا گۈلتاج تاقىغان، رەڭگا-رەڭ كىيىنگەن كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىپ ئورۇن ئىگەللەيدىكەن. تىياتىر بايرىمى بولغاچقا، يەنە كېلىپ بىر قەدەر سۈرلۈك تىراگېدىيىلەر ئوينىلىدىغان بولغاچقا، ئاياللار، بالىلار، قۇللار ھەتتا مەھبۇسلارنىڭمۇ كېلىپ ئويۇن كۆرۈشىگە يول قويۇلىدىكەن. ئافىنا ھۆكۈمىتى مىلادىدىن ئىلگىرى 5-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ پۇقرالارغا ئويۇن كۆرۈش داسفودى تارقاتقاچقا، نامراتلارمۇ ئويۇن كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە ئىكەن.

تاڭ شەپىقى نۇر چاچقان چاغدا، تىياتىرخانىغا 14-15 مىڭ ئادەم توپلىنىپتۇ، بۇ شۇ زامانلاردىكى ئافىنا پۇقرالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك تەشكىل قىلىدىكەن. ئادەم ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن قالايمىقانچىلىق بولماپتۇ. چۈنكى قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە، تىياتىر كۆرۈش ئافىنالىقلارنىڭ مۇقەددەس ھوقۇقى بولۇپ، كىمكى باشقىلارنى قىستاپ، چىقىرىۋەتسە قاتتىق جازالىنىدىكەن.

— نېمە دېگەن كاتتا تىياتىرخانا بۇ! — دەپ ۋاقىرىۋېتىپتۇ بىر چەتئەللىك تىياتىرخانىغا كىرىپلا.

دەرۋەقە، بۇ ئافىنالىقلار پەخىرلەنگۈدەك يازلىق تىياتىرخانا ئىكەن. پۈتكۈل تىياتىرخانا تاغ باغرىغا يۆلەپ سېلىنغان بولۇپ، تاماشىچىلارنىڭ ئورنى يانتۇلاردىكى پەلەمپەيلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىكەن. پەس جايلىرى مەرمەر تاش ۋە ياغاچ ماتېرىياللاردىن ياسالغان، ئېگىز جايلىرى تۇغرىدىن-تۇغرا تاققا يانداپ ئويۇلغان، ئارىلىرىدا ئادەم ئۆتىدىغان يول قالدۇرۇلغان ئىكەن. ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى يەلپۈگۈچكە ئوخشاش يېرىم-يۇمىلاق شەكىلدە بولغاچقا، يۇمىلاق تىياتىرخانا دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. تاماشىچىلار ئورنىنىڭ ئالدى تەرىپى

# تىياتىر بايرىمى

قەدىمقى يۇنانلىقلار ئۇچۇن ئېينقاندا، بىر يىلنىڭ ئىدا
خوشال ئۆتىدىغان چاغلىرى تىياتىر بايرىمى مەزگىللىرى ئىكەن. ھە
يىلى 3 -، 4 - ئايلاردا يېڭى ئۈزۈم ھاراقلىرى بازارغا چىق
دىكەن. "ھاراق پىرى بايرىمى" ئۆتكۈزۈلۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا
ھەمىشە تىياتىر مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەن. ئافىنالىقلارلا ئەمەس
باشقا قەلئەلىك، ھەتتا چەتئەللىك دوستلارمۇ كېلىپ ئافىن
چوڭ تىياتىرخانىسىدا ئويۇن كورىدىكەن.

تىياتىرخانا ئافىنا شەھىرىدىكى بىرتاغ باغرىدا بولۇپ
قوللىرىغا كالتەك ئالغان چەتئەللىك قوللار تەرتىپ ساقلايدىكەن.



قەدىمقى يۇنان تىياترخانىسى

ناخشا ئەتىردىكى مۇڭلۇق ناخشا ئېيتىشقا باشلايدىكەن. سەھنىنىڭ پەردىسى بولمىغاچقا، ئەرتىسلەر سەھنىگە چىقىپ ئۆز ئورۇنلىرىنى تېپىپلا، ئويۇن قويۇشقا باشلايدىكەن.

— ۋاي، ئىككى ئەرتىس بار ئىكەن!

— كىيىملىرى ۋە ئۆتۈكى نېمە دېگەن ئېسىل - ھە! — دەپ چۇقان سېلىشىپتۇ تاماشىچىلار ئەرتىسلەر سەھنىگە چىققان ھامان.

بۇ ھەقىقەتەن يېڭىلىق بولۇپتۇ، چۈنكى بۇنىڭدىن ئىلگىرى سەھنىدە باشتىن - ئاخىر بىر ئەرتىس بولىدىكەن. ئۇ يۈزلىرىگە نىقاپ تارتىپ، نۆۋەت بىلەن بىرنەچچە رول ئېلىپ چىقىدىكەن ھەم ناخشا ئەتىردىنىڭ باشلىقى بىلەن دىيالوگلىشىدىكەن. دېمەك ئائىسكۇيلوس ئىككى ئەرتىس سەھنىگە چىقىپ، ئەرتىسلەر ئۆزئارا سۆزلىشىدىغان ئىشنى تۇنجى قېتىم ئىجات قىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلگىرى ئەرتىسلەر نىقاپ تارتىدىغان بولسىمۇ، لېكىن كىيىم - كېچەككە ئانچە دىققەت قىلمايدىكەن. بۇ قېتىم ئائىسكۇيلوس بىلەن يەنە بىر ئەرتىس چىرايلىق كىيىنگەن، ئىچىگە پاختا تىقىۋالغان ھەم ئىگىز پاشنىلىق ئۆتۈك كىيگەن ھالدا سەھنىگە چىققاچقا، ئۇلار ئىگىز ۋە گۈرۈي بولۇپ كۆرۈنۈپتۇ. بۇ يېڭىلىقتىن تاماشىچىلار ھەيران قېلىپتۇ، ئەلۋەتتە رازى بولۇپتۇ.

ئويۇن جىددىي داۋاملىشىپتۇ. تۇيۇقسىزلا بوران چىقىپ ئوت ئوغرىلاپ ئىنسانلارغا بەخت ئېلىپ كەلگەن پرومېتېي ياۋۇز ئوت خۇداسى تەرىپىدىن يالاپ ئېلىپ چىقىلىپتۇ. ئوت خۇداسى زېۋسنىڭ ئارزۇسى بويىچە پرومېتېينى قاقاس كاۋكاز تېغىنىڭ تىك قىياسىغا باغلاپ قويۇپتۇ، ھەركۈنى ئىلاھى بۈركۈت كېلىپ، ئۇنىڭ يۈرەك - باغرىنى چوقۇپتۇ. كېيىچە ئۇنىڭ

ناخشىچىلار ئەترىتى ناخشا ئېيتىدىغان يۇمىلاق مەيدان بولۇپ
يۇمىلاق مەيداننىڭ بىر چېتىدە. تاماشىچىلار ئورۇنلىرىنىڭ ئوتتۇ
لىقىدا ئەرتىسلەر ئويۇن قويىدىغان سەھنە بار ئىكەن. سەھنىنى
ئېگىزلىكى تاماشىچىلار ئورۇندۇقىنىڭ ئەڭ ئېگىز رەتىنىڭ ئېگىزلىك
بىلەن تەڭ بولغاچقا، ئەڭ كەينىدە ئولتۇرغان تاماشىچىلار
ئەرتىسلەرنىڭ ناخشىسىنى ئوچۇق ئاڭلىيالايدىكەن.

تىياتىر مۇسابىقىسى باشلىنىپ، بىرىنچى بولۇپ تىراگېد
يىچى شائىر ئاتسىكۇيلوس يازغان «پرومېتىي» ئوينىلىپتۇ.
بۇ تىياتىرنى ئاپتور ئەپسانىۋى ھېكايىگە ئاساسەن يازغا
بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق بىر ۋەقە ھېكايە قىلىنغان: گىگانت
ئادەم پرومېتىي باش خۇدا زېۋسنىڭ ئىلاھىي ئوتىنى ب
ئالەمدىكى كىشىلەرگە ئوغرىلاپ بەرگەن؛ ھەم ئىنسانلارغا تاماق
پىشۇرۇش، ئىسسىنىش ۋە مېتال ئېرىتىش، قورال - سايمان
ياساش قاتارلىقلارنى ئۆگىتىپ قويغان، شۇڭلاشقا زېۋسنىڭ قاتتىق
جازاسىغا ئۇچرىغان. لېكىن پرومېتىي باش ئەگمىگەن، ھەرخىل
ئازاپ - ئوقۇبەتكە چىدىغان. ئاخىرىدا، قەھرىمان ھېركۇلېسنىڭ
ياردىمى بىلەن ئازاتلىققا چىققان. مۇسابىقە توغرىسىدىكى
بەلگىلىمە بويىچە، بۇ بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ كېتىدىغان 3 تىيا-
تىردىن تەركىب تاپقان تىراگېدىيە بولۇپ، «ئۈچ قىسىملىق
ئەسەر» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئاپتور سەھنە ئەسىرى يېزىپلا
قالماي، بەلكى مۇزىكىسىنى ئۆزى ئىشلەيدىكەن، ئۆزى رېژىسسور-
لۇق قىلىپ، ئۆزى ئويناپ چىقىدىكەن.

ئوركېستىر مۇزىكا چېلىش بىلەن تەڭ پۈتۈن مەيدان
جىمجىتلىققا چۆكىدىكەن. ئوركېستىر دېگىنى، ئەمەلىيەتتە، ئىككى
مۇزىكىچى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى قوش نولۇق نەي، يەنە بىرى
چىلتار چالغان. ئۇلار مۇزىكا چالغان چاغدا، 12 كىشىلىك

تىياتىر بايرىمىدا، تىياتىرخانىدا بىر كۈندە ئۇدا نەچچە تىياتىر ئوينىلىدىكەن، ئارىلىقتا دەم ئېلىشمۇ بولمايدىكەن. ئەگەر ئويۇن كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرەلمىسە، تاماشىچىلار ئېلىپ كەلگەن يېمەك - ئىچمەكلىرىنى ئېلىپ، يەپ ئىچىپ ئولتۇرۇشىدىكەن ھەتتا سەھنىگە تاش ئاتىدىكەن. بەلگىلىمىگە ئاساسەن ئويۇنلار باھالىنىپ 3 دەرىجىگە ئايرىلىدىكەن: بىرىنچى دەرىجىلىكلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك، ئۈچىنچى دەرىجىلىكلىرى مۇۋاپپەقىيەتسىز دەپ باھالىنىدىكەن. بىرىنچى دەرىجىلىككە بىر قوي مۇكاپات بېرىلىدىكەن، تىياتىر تۈگىگەندىن كېيىن، تاماشىچىلار ئۆيلىرىگە قايتقىچە تىياتىرلاردىكى ئەڭ ياخشى ناخشىلارنى ئوقۇپ ماڭىدىكەن.

ئائىسكىيلوس مىلادىدىن ئىلگىرى 5 - ئەسىردە ئۆتكەن قەدىمقى يۇناندىكى ئەڭ مەشھۇر 3 تىراگېدىيىچىنىڭ بىرسى. ئۇ كىچىك چېغىدىن تارتىپلا ھەققانىيەت تۇيغۇسى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىغا ئىگە بولۇپ، ماراپون ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، پېرسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرغان. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە 70 تىراگېدىيە ۋە كومېدىيە يازغان، 13 قېتىم مۇكاپاتلانغان. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى دادىسى قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسەرلەرنى ئويناپ چىقىپ، 4 قېتىم غەلىبە قازانغان. ئەمما ئۇنىڭ تىراگېدىيىلىرىدىن ئاران 7 سىلا بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ قالغان، «چۈشەككە چۈشكەن پرومىتى» بۇنىڭ ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرىغا ئىگە مەشھۇر ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قەدىمقى يۇنان تىياتىرلىرى دۇنيا تىياتىر تارىخىدا شانلىق ئورۇن تۇتىدۇ. قەدىمقى يۇناننىڭ نۇرغۇن تىياتىرلىرى ھازىرمۇ ئۆزگەرتىپ ئوينىلىۋاتىدۇ. ھازىرقى زامان يۇنان تىياتىر بايرىمى 1938 - يىلدىن تارتىپ ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىغان. ھازىرقى، كۈندىمۇ ئافىنا شەھىرىدە دائىم قەدىمقى يۇنان تىياتىرلىرى ئوينىلىدۇ.



تىراگېدىيىدە تارتىلىدىغان نىقاپلار

يارىسى ساقايسا، تاڭ ئاتقاندا ئۇلارمۇ بۇركۇت كېلىپ يەنە چوقۇپتۇ، لېكىن پرومېتېي كوكرەك كېرىپ ھەرگىز باش ئەگمەپتۇ. دەريا خۇداسى تولپار مىنىپ ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇنى زېۋىس بىلەن يارىشىشقا دەۋەت قىلغاندا، ئۇ قەيسەرلىك بىلەن مۇنداق دەپتۇ:

— ياق، ھەرگىز ياراشمايمەن. زېۋسنىڭ خانلىق ھوقۇقى ئاغدۇرۇپ تاشلانمىغىچە، ئازاپ - ئوقۇبەتلىرىمنىڭ چېكى بولمايدۇ!

شۇ زامان تاماشىچىلار ئارىسىدىن قىزغىن ئالقىش سادالىرى كوتىرىلىپتۇ. كىشىلەر پرومېتېينىڭ بۇ مەردانە سوزلىرىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپتۇ.

ئاخىرىدا، قەھرىمان ھېركۇلىس سەھنىگە چىقىپتۇ. بۇ ۋاقىت چېغىدىلا ئىككى زەھەرلىك يىلاننى ئولتۇرگەن بۇ قەھرىمان ھىلىقى مۇقەددەس بۇركۇتنى ئولتۇرۇپ، ئاخىر پرومېتېينى قۇتقۇزۇپتۇ. تاماشىچىلار يەنە بىر قېتىم قىزغىن ئالقىش ياڭرىتىپ، زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇشقا جۇرئەت قىلغان، ئىنسانلارغا بەخت يارىتىش ئۇچۇن ئۇزىنىڭ بارلىقىنى قۇربان قىلىشتىن باش تارتمىغان پرومېتېينى مەدھىيىلەشىپتۇ.

قىلىشىپ سودا ـ سېتىق قىلىشۋاتقان ئىدى.

— يوق، بالام، بىز ئاۋال مۇقەددەس ئورمانغا بېرىپ ئىلاھىمىز زېۋۇسقا تاۋاپ قىلايلى، — بوۋاي سۆزلىگەن پېتى بالىنى يېتىلەپ بىر دوڭلۇككە قاراپ مېڭىپتۇ.

مۇقەددەس ئورمان تەرەپ زېۋۇس خۇداغا تاۋاپ قىلغۇچى- لار قوشۇنى بىلەن تولغان ئىكەن. كىشىلەر ئىس چىقىرىۋاتقان ئىسرىق سېپىسىغا قاراپ توپ ـ توپى بىلەن، تەرتىپلىك ھالدا كېتىشىۋاتقان ئىكەن. بوۋاي بالىنى باشلاپ، ئىسرىق سېپىسى ئالدىدا تەقۋادارلىق بىلەن ئىززىلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاندىن بىر قوي پۇتىنى چىقىرىپ ئوتقا تاشلاپتۇ.

— چوڭ دادا، ئاۋۇ نىمە؟ — دەپ سوراپتۇ بالا ئەت- راپتىكى كىچىك ئىمارەتلەر ۋە خاتىرە ھەيكەللىرىنى كۆرسىتىپ.

— ھە، ئۇ ھەرقايسى قەلئەلەر زېۋۇس خۇداغا ئاتىغان نەرسىلەرنى قويىدىغان ئامبار. ئاۋۇ خاتىرە ھەيكەللىرى بولسا، — دەپتۇ بوۋاي ھاياجان بىلەن، — ماھارەت كۆرس- تىشتە ئۇتۇپ چىققانلار ئۈچۈن تۇرغۇزۇلغان، بۇ نىمە دىگەن كاتتا شان ـ شوھرەت ـ ھە!

ئاندىن كېيىن بوۋاي بالىنى مۇقەددەس ئورماندىكى ئاساسلىق ئىمارەتكە — زېۋۇس ئىبادەتخانىسىغا باشلاپ كىرىپتۇ.

ئىبادەتخانىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپلا، بالا كۆز ئالدىدى- كى زېۋۇسنىڭ پۇتۇنلەي قىممەتلىك مەرۋايىت، ئالتۇن ۋە پىل چىشىدىن ياسالغان ھەيۋەتلىك ھەيكىلىنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قېتىپلا قېلىپتۇ.

— بالام، بۇ ھەيكەل بىز يۇنانلىقلارنىڭ پەخرى ـ ئىپتى- خارى ۋە شان ـ شەرىپى. بۇنى بىر كۆرمىگەن ئادەم ئۆمۈر

# ئولىمپىيىدىكى ماھارەت كورسىتىش يىغىنى

ھاۋا ئوچۇق ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. يۇناننىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان ئولىمپىيە شەھىرىدىكى دەريادا زىننەتلەنگەن نۇرغۇن كېمىلەر توختاپ كەتكەن ئىدى. بۇ كېمىلەرنىڭ بەزىلىرى يۇناننىڭ ھەرقايسى قەلئەلىرىدىن، بەزىلىرى قارا دېڭىز، ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىكى ۋە يىراق ئىسپانىيىدىكى يۇنان قەلئەلىرىدىن كەلگەن ئىدى. شەھەرنىڭ ئىچى - تېشى غۇژ - غۇژ ئادەملەرگە، ھارۋىلارغا تولغان ئىدى. كىشىلەر چىرايلىق ياسىنىۋېلىشقان بولۇپ، بۇلار ماھارەت كورسىتىش يىغىنىغا قاتنىشىدىغان تەنھەرىكەتچىلەر ۋە تاماشىچىلار ئىدى. ھەر 4 يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىيە ماھارەت كورسىتىش يىغىنى ئېچىلىش ئالدىدا تۇراتتى. بۇ تېچلىق بايرىمى ئىدى، چۈنكى ماھارەت كورسىتىش يىغىنى مەزگىلىدە ھەممە ئۇرۇش توختىتىلىشى كېرەك ئىدى.

— ئېخ، مۇقەددەس ماكان، مۇقەددەس ئولىمپىيىگە كەلدۇق! — دېدى ھاياجاندا بىر بوۋاي قىرغاققا چىقىپلا يېنىدىكى 10 ياشلارغا كىرگەن ئوغۇل بالىغا.

— ۋاي - ۋۇي ......، — قىرغاقتىكى رەڭگا - رەڭ مەنزىرىلەرنى كورگەن بالىنىڭ كوزلىرى ئالىچەكمەن بولۇپ، تىلى گەپكە كەلمەي قالدى. ھەممىلا يەرگە چېدىرلار تىكىلگەن، ئاددى ئۆيلەر سېلىنغان بولۇپ، كىشىلەر ۋار - ۋۇز

— ئۇلارنىڭ پۇقرالىق سالاھىيىتىنى تەكشۇرۇۋاتىدۇ.
ئەگەر يۇنانلىق بولمىسا، ياكى قۇل، جازالانغان كىشى بولسا،
ئۇنىڭ ماھارەت كورسىتىش ھوقۇقى بولمايدۇ.

مەيداندا بىر ئاز جىمجىتلىق ھوكۇم سۇرۇپتۇ. سوئال
قويىدىغانلارمۇ چىقماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن تەنھەركەتچىلەر بىر-
بىرلەپ قەسەم بېرىپتۇ، مۇراسىم شۇنىڭ بىلەن تاماملىنىپتۇ.

يۇگۇرۇش مۇسابىقىسى باشلىنىپتۇ. بەدەنلىرىگە زەيتۇن
يېغى سۇرتكەن تەنھەركەتچىلەر چەك تارتىش ئارقىلىق 5
گۇرۇپپىغا بولۇنۇپ، قىسقا مۇساپىلىق يۇگۇرۇش مۇسابىقىسىغا
چۇشۇپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن گۇرۇپپىلاردا ئۇتۇپ چىققۇچىلار ئارا
مۇسابىقە بولۇپتۇ. نەتىجىدە ياش بىر ئاقسوڭەك چېمپىيون
بولۇپ چىقىپتۇ. بەلگىلىمە بويىچە، بۇ قېتىمقى ئولىمپىيە بايرىمى
چېمپىيون بولغانلارنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىكەن.

— بۇ بىزنىڭ قەلئەدىن، — دەپتۇ ھاياجانلانغان
بوۋاي بالىنى باغرىغا چىڭ بېسىپ، — بۇ قەلئەمىزنى
مەڭگۇلۇك شوھرەتكە ئىگە قىلدى!

بۇ ئاساسلىق مۇسابىقىدىن كېيىن، يەنە ھەر خىل مۇساپە-
لىق يۇگۇرۇش مۇسابىقىلىرى ئوتكۇزۇلۇپتۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن
ھەممىدىن بەك ئالقىشلىنىدىغان چېلىش مۇسابىقىسى باشلىنىپتۇ:
چېلىشچىلار باشلىرىغا مىس قالپاق كىيگەن، بىلەكلىرىگە تومۇر
مىخلىق كەمەر باغلىغان بولۇپ، كىمكى قارشى تەرەپنى يەرگە
3 قېتىم يىقىتالىسا، شۇ غالىب ھېسابلىنىدىكەن. چېلىشتا يېڭىلىپ
يۇز - كوزلىرى قانغا مىلەنگەن بىرسىنىڭ مەيداندىن كوتىرىپ
ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەنلىكىنى كورگەن ھېلىقى بالا قورقىنىدىن
يۇزىنى چوڭ دادىسىنىڭ تىزىغا قويۇۋېلىپتۇ.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە، بوۋاي بالىنى باشلاپ يەنە

بويى ئارماندا قالىدۇ. بىز يۇنانلىقلار گۇلۇغ زىۋۇسقا تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن ھەر 4 يىلدا بىر قېتىم ماھارەت كۆرسىتىش يىغىنى ئۆتكۈزىمىز!

2 - كۈنى تاڭ ئاتماستىلا بوۋاي بالىسىنى ئويغىتىپ، ماھارەت كۆرسىتىش مەيدانىغا كېلىپتۇ. بۇ مەيدان تاغ باغرىغا ياسالغان تەنھەرىكەت مەيدانى بولۇپ، ئۇنىڭغا 40 مىڭ تاماشىچى سىغىدىكەن. ئۇلار كەلگەندە مەيدانغا ئادەم لىق توشقان ئىكەن.

كۈن چىقىش بىلەنلا، سىگنال ئاۋازى ياڭراپتۇ، تەنھەرىكەت مەيدانى شۇ زامات تىنچلىنىپتۇ. كىشىلەر توق قىزىل كىيىم كىيگەن رىياسەتچىلەر ۋە ماھارەت كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ باشلىقلىرىنىڭ مەيدانغا كىرگەنلىكىنى ھەمدە مەيدانىنى بىر ئايلىنىپ چىققانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شۇ ئەسنادا، مەيداندا قۇلاقنى پاڭ قىلىۋەتكۈدەك تەنتەنە سادالىرى كۆتۈرۈلۈپتۇ.

ئارقىدىنلا ئىككىنچى قېتىملىق سىگنال چېلىنىپتۇ. بىر جارچى سەھنىگە چىقىپ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپتۇ:

— يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىغا قاتنىشىدىغانلار مەيدانغا كىرسۇن!

تەنھەرىكەتچىلەر مەيدانغا كىرگەندىن كېيىن، جارچى رەتى بويىچە ھەربىر تەنھەرىكەتچىنىڭ ئىسمىنى، پەملىسىنى، قايسى شەھەردىن ئىكەنلىكىنى ۋە تۇغۇلغان يېرىنى ئوقۇپتۇ ھەمدە ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتناشقانلاردىن، بۇ تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ پۇقرالىق ھوقۇقىدىن گۇمانلىنىدىغانلار بارمۇ، دەپ سوراپتۇ.

— بۇ نېمە قىلغىنى؟ — دەپ سوراپتۇ بالا قىزىقىپ بوۋايدىن.

ھارۋا ۋە ئات چاپتۇرۇش مۇسابىقىسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، زېۋىس ئىبادەتخانىسى يېنىدا داغدۇغىلىق مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپتۇ، جارچى ھەرقايسى مۇسابىقە تۈرلىرى بويىچە ئۈتۈپ چىققۇچىلارنىڭ ئىسىم - پەمىلىسى، قاراشلىق قەلئەسى ۋە تۇغۇلغان يېرىنى ئوقۇپتۇ. رېپىرلەر ئۈتۈپ چىققۇچىلارنىڭ بېشىغا داغدۇغا بىلەن گۈل چەمبىرەك كىيدۈرۈپتۇ.

— بۇ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ بالا چۈشەنمەي.

— بالام، بۇ ئاددى گۈل چەمبىرەكنى سەل چاغلىما، — دەپتۇ جىددىي قىياپەتتە بوۋاي، — گۈلچەمبىرەكتىكى زەيتۇن دەرىخى شاخلىرى يۇرتىمىزدىكى زەيتۇن دەرىخىدىن كېسىپ كېلىنگەن. بۇ ئالتۇن ۋە مەرۋايىتتىنمۇ قىممەترەك. بۇنداق مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر مەڭگۈ كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بولىدۇ!

مۇكاپات تارقىتىلىپ بولغاندىن كېيىن نامايىش باشلىنىپتۇ. ھەممىنىڭ ئالدىدا رېپىرلەر، ئاندىن كېيىن مۇشۇ قېتىملىق ماھارەت كۆرسىتىش يىغىنىدا ئۈتۈپ چىققۇچىلار مېڭىپتۇ. ئۇلار رەڭگا - رەڭ كىيىم كىيگەن، باشلىرىغا زەيتۇن دەرىخىنىڭ شاخلىرىدىن ياسالغان گۈلچەمبىرەك تاقىغان، قوللىرىغا پالما دەرىخى شېخى تۇتقان ھالدا نامايىش قىلىپتۇ. ئۇلارنى راھىپلار، ئەلچىلەر ۋە ماھارەت كۆرسىتىش يىغىنىنىڭ خادىملىرى ئارىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. نەينىڭ تەڭكەش قىلىشى بىلەن، ئۇلار ناخشا توۋلىغان ھالدا ئاستا - ئاستا ئىلگىرىلەپتۇ. كىشىلەر شات - خۇراملىق ئىچىدە، ئۈتۈپ چىققۇچىلارغا تەنتەنە قىلىپتۇ ۋە گۈل چېچىپتۇ.

نامايىشچىلار قوشۇنى تۇيۇقسىزلا توختاپ قېلىپتۇ. ئەسلىدە ئۇلار ئىسرىق سۇپىسى ئالدىغا كېلىپ قالغان بولۇپ، بۇ يەردە

تەنھەركەت مەيدانىغا كېلىپتۇ. بۈگۈن دېسكا ئېتىش، نەيزە ئېتىش ۋە يىراققا سەكرەش مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىلىدىكەن. يىراققا سەكرەش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغان تەنھەركەتچىلەرنى رېپىرى مەخسۇس تەييارلانغان دوڭگە ئېلىپ كېلىپتۇ. ئۇلار نەشپۈت شەكىللىك يالىڭ تۇتقان ئىككى قولىنى ئالدىغا سۇنۇپ تۇرۇپتۇ. رېپىرى "سەكرەڭلار!" دەپ بۇيرۇق بېرىش بىلەن تەڭ، ئۇلار قوللىرىنى كەينىگە سىلكىگەن هالدا كۆچەپ تۇرۇپ سەكرەپتۇ. دېسكا ئېتىش مۇسابىقىسىغا قاتنىشىدىغان تەنھەركەتچىلەر ئوڭ قولىغا ئېغىر دېسكىنى ئېلىپ، بىرنەچچە قېتىم پىقىراپ، ئاندىن سول قولىنى ئوڭ تىزىغا تىرەپ، بەدىنىنى رۇسلاپ تۇرۇپ ئېتىپتۇ. نەيزە ئېتىشقا كەلسەك، بۇنىڭدا يىراققا ئېتىشلا ئەمەس، بەلكى قارىغا تەككۈزۈشمۇ مەقسەت قىلىنىدىكەن. مۇسابىقە نەتىجىسىدە، بۇ بىر نەچچە تۇر بويىچە يەنىلا ھىلىقى ياش ئاقسوڭەك ئۇتۇپ چىقىپتۇ.

— نېمە دېگەن كاتتا شەرەپ بۇ! — دەپ توختىماي ۋاقىراپتۇ بوۋاي.

ماھارەت كۆرستىش يىغىنىنىڭ ئاخىرقى كۈنى ھارۋا ۋە ئات چاپتۇرۇش مۇسابىقىسى بولۇپتۇ. 4 ئات قوشۇلغان ئۇرۇش ھارۋىسى چېپىش باشلانغان ئورۇندىكى خادىدىن 12 قېتىم ئايلىنىپتۇ. چەۋەندازلارنىڭ تىزگىننى قاتتىق تارتقان ھالدا ئايلىنىشلىرى كىشىلەرنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپتۇ. تۇيۇقسىزدىن بىر ئۇرۇش ھارۋىسى چەۋەندازنىڭ بىخەستىلىك قىلىشى بىلەن ئۆرۈلۈپ چۇشۇپ چۇل - چۇل بولۇپ كېتىپتۇ. ئاخىرقى مەنزىلگە ئاز قالغاندا، چەۋەندازلار سەكرەپ چۈشۈپ، تىزگىننى تۇتقان پېتى ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ئاتلار بىلەن بىللە چېپىپ ئاخىرقى نۇقتىغا بېرىپتۇ.

نى ئەكس ئەتتۇرىدۇ. دائىم ئۇرۇش بولۇپ تۇرغاچقا، جەڭچىلەردە قەيسەر روھ ۋە ساغلام بەدەن بولۇش تەلەپ قىلىنغان، شۇڭلاشقا تەنتەربىيە مەشىقى ۋە ماھارەت كۆرسىتىش مۇھىم ئىجتىمائىي ئىشلاردىن بولۇپ قالغان. بۇ پائالىيەت زېۋس خۇداغا تاۋاپ قىلىش بىلەن بىرلىشىپ، مىلادىدىن ئىلگىرى 8 - ئەسىرگە كەلگەندە، پۈتۈن يۇنان مىقياسىدىكى مۇسابىقە يىغىنى بولۇپ شەكىللەنگەن. بىرىنچى قېتىملىق ئولىمپىيە ماھارەت كۆرسىتىش يىغىنى مىلادىدىن ئىلگىرى 776 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، ھەر 4 يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن. بىرىنچى قېتىملىق يىغىندىكى ھەرىكەت تۈرى پەقەت 200 مېتىرغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدىنلا ئىبارەت بولغان، كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، ھەرىكەت تۈرلىرى بارا - بارا كۆپىيىپ، چېلىش، بوكسورلۇق قاتارلىقلار قوشۇلغان. لېكىن ئاياللار مۇسابىقىگە قاتنىشالمىغان، يەنە كېلىپ مۇسابىقىنىمۇ كۆرەلمىگەن. ئەگەر قايسى بىر ئايالنىڭ مۇسابىقە كۆرگەنلىكى بىلىنىپ قالسا، ئۇنى تىك ھاڭدىن غۇلىتىۋەتكەن. قەدىمقى ئولىمپىيە ماھارەت كۆرسىتىش يىغىنى مىلادى 4 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە يۇناننى بويسۇندۇرغان رىم پادىشاسى تەرىپىدىن مەنئى قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىش 1 مىڭ 500 يىل ئۈزۈلۈپ قالغان. 1894 - يىلى، خەلقارا تەنھەرىكەت يىغىنى ئونۋېرسال دۇنيا تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى دەپ ئاتاشنى قارار قىلغان. شۇنىڭدىن ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يۇناننىڭ ئافىنا شەھىرىدە 1 - قېتىملىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق تەنھەرىكەت يىغىنى يىغىن ئەزاسى بولغان دۆلەتلەردە نۆۋەت بويىچە 4 يىلدا بىر ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان بولغان. ھازىرقى ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ئەنە شۇ.

مۇسابىقىدە ئۇتۇپ چىققۇچىلار خۇداغا شۈكرى ئېيتىپ، تاۋاپ قىلىدىكەن. ئاخىرىدا، ئۇلار كاتتا بىر ئىمارەتكە كىرىپ كېتىپتۇ.

— قايتايلى، بالام، — دەپتۇ بوۋاي بالىنى تارتىپ، — بۇ ئىمارەت ئىچىدە كاتتا زىياپەت تەييارلاندى، بىراق، بۇ ئۇتۇپ چىققۇچىلار ۋە ئەمەلدارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، بىزنىڭ نىسۋىمىز يوق.

— ئۇنداقتا ماھارەت كۆرسىتىش يىغىنى ئاياقلىشىپتۇ-دە؟

— ياق، ئۇتۇپ چىققۇچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا بايرام تېخى تۈگىمىدى. ئۇلار ئۆز قەلئەلىرىگە قايتقاندا، كۆپچىلىك ئىنتايىن كەڭ كۆلەملىك تەبرىكلەش يىغىنى ئېچىپ ئۇلارنى قارشى ئالىدۇ. بۇ قېتىم بىزنىڭ قەلئەمىز ئالىي شۆھرەت قازاندى، بىز تېز قايتىپ، قەلئەمىزنىڭ قارشى ئېلىش يىغىنىغا قاتنىشايلى!

— ماھارەت كۆرسىتىش يىغىنىدا مۇكاپاتلىنىش نېمە دېگەن شەرەپلىك ئىش-ھە! — دەپتۇ ھىلىقى بالا ھەۋەس بىلەن.

— شۇنداق، ئۇ ئۆمۈر بويى كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ؛ قەلئە ئالدىدىكى ھەممە مەجبۇرىيەتلىرى كېچىرىم قىلىنىدۇ، تىياتىرخانىلاردا ئۇنىڭ ئۈچۈن پەخرى ئورۇن ئېلىپ قويۇلىدۇ، جامائەت سورۇنلىرىدا ئۇنىڭ ھەيكىلى تۇرغۇزۇلىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا ئۆمۈر بويى تۇرمۇش پۇلى بېرىلىپ تۇرىدۇ!

ئولىمپىيە ماھارەت كۆرسىتىش يىغىنىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى قەدىمقى يۇناندا تەنتەربىيە ھەركىتىنىڭ گۈللەپ راۋاجلانغانلىغ-

بىلدۈرۈپتۇ. لېكىن يۇناننىڭ ئەڭ چوڭ ئىككى قەلئەسى ـ ئافىنا بىلەن سپارتا قەتئىي قارشىلىق كۆرسەتكەن. ئافىنالىقلار پېرسىيە ئەلچىلىرىنى ئىگىز تاققا ئېلىپ چىقىپ چوڭقۇر ھاڭغا ئىتتىرىۋېتىپتۇ. سپارتالىقلار بولسا ئەلچىلەرنى قۇدۇق بېشىغا ئېلىپ بېرىپ قۇدۇقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۇنىڭ ئىچىدە توپىمۇ، سۇمۇ بار، قانچە لازىم بولسا شۇنچە ئال! — دەپ قۇدۇققا تاشلىۋېتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پېرسىيە پادىشاسى قاتتىق غەزەپكە كېلىپ ئۇرۇشتا ئەڭ تەجرىبىلىك بولغان پىشقەدەم سەركەردىلىرىنى چوڭ قوشۇنغا باشلامچى قىلىپ، 2 - قېتىم يۇنانغا يۈرۈش قىلدۇرۇپتۇ.

مىلادىدىن ئىلگىرى 490 - يىلى پېرسىيىنىڭ قۇدرەتلىك كېمە ئەترىدى ئېگەي دېڭىزىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئافىنا شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مارافون تۈزلەڭلىكىدە قۇرۇقلۇققا چىقىپتۇ.

ئافىنا ئاسمىنىنى مۇنقەرز بولۇش خەۋپى قاپلاپتۇ. ئافىنالىقلار يۈگۈرۈش ماھىرى پىلىپپىسنى خوشنا قەلئە سپارتاغا ياردەم سوراپ ئەۋەتىپتۇ. بۇ ئەلچى كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان سۈرئەت بىلەن، ئىككى كۈن ئىچىدە 150 كىلومېتىر يول يۈرۈپ سپارتاغا كېلىپتۇ. بىراق سپارتا ھۆكۈمرانى كونا ئۆرپ-ئادەتنى باھانە قىلىپ: "ھازىر بولمايدۇ، ئاسماندا تولۇن ئاي كۆرۈنگەندە ئاندىن ئەسكەر چىقىرىمىز" دەپ ئەسكەر چىقارغىلى ئۇنىمايدۇ! ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ئەسكەر چىقارغۇسى يوق ئىكەن.

يۈگۈرۈش ماھىرى بۇ كۆڭۈلسىز خەۋەرنى ئېلىپ ئافىناغا قايتىپ كېلىپتۇ. ئافىنا سەركەردىلىرى دەرھال پۈتۈن پۇقرالارنى تەشكىللەپ ئەسكەرلىككە ئېلىپتۇ، ھەتتا قۇللارنىمۇ ئېلىپتۇ. ئۇلار مەشھۇر لەشكەر بېشى مىلتىيادىسنىڭ باشچىلىقىدا مارافون

# مارافون

سىز بىلەمسىز؟ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا، بىر مۇسابىقە تۈرى بار، ئۇ "مارافون يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى" دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ مۇسابىقىدا يۈگۈرۈش ئارىلىقى 42 كىلومېتىر 195 مېتىر قىلىپ بەلگىلەنگەن. نېمە ئۈچۈن "مارافون يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى" دەپ ئاتىلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئارىلىقنى شۇنچىلىك قىلىپ بەلگىلەيدۇ؟ بىز بۇنىڭ تارىخىنى سۆزلەپ ئۆتەيلى.

مىلادىيەدىن ئىلگىرى 492 - يىلى ئەتىيازدا، ھازىرقى ئىران ئىگىزلىكىدىكى پېرسىيە ئىمپېرىيىسى كۆپلىگەن ئۇرۇش كېمىلىرى بىلەن يۇنانغا تاجاۋۇز قىلغان. بۇ تارىختا مەشھۇر بولغان يۇنان - پېرسىيە ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. پېرسىيە كېمە ئەترىتى كېتىۋاتقاندا تۇساتتىن قارا بوران چىقىپ كېتىپ، 300 ئۇرۇش كېمىسى دېڭىزغا غەرق بولۇپ كېتىپتۇ، 20 نەچچە مىڭ لەشكەر بېلىققا يەم بولۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ پېرسىيە قوشۇنلىرى ئۇرۇش قىلمايلا گۇم بولۇپتۇ.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان پېرسىيە پادىشاسى دەرغەزەپكە كېلىدۇ. ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا، يەنە يۇنانىنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىگە ئەلچى ئەۋەتىپ "توپا ۋە سۇ" تەلەپ قىلىپتۇ، ئۇنىڭ مەنىسى سىلەر ئەل بولۇڭلار دېگەندىن ئىبارەت ئىكەن. بەزى قەبىلىلەر پېرسىيە ئىمپېرىيىسىدىن قورقۇپ، دەرھال "توپا ۋە سۇ" تەقدىم قىلىپ ئەل بولىدىغانلىقىنى

يالماي، تەرەپ - تەرەپتىن قېچىپ كېمىلىرىگە چىقىۋېلىپتۇ.

ملتىيادىس بۇ غەلىبە خەۋىرىنى تېزدىن ئافىناغا يەتكۈزۈشنى، يەنىلا پىلىنىسقا تاپشۇرۇپتۇ. بۇ يۈگۈرۈش ماھىرى يارىلانغان بولسىمۇ، يەنىلا بۇ ۋەزىپىنى مەردانىلىق بىلەن قوبۇل قىلىپتۇ. ئۇ ئۇچقاندەك تېز چېپىپ مارافوندىن ئافىنانىڭ مەركىزى مەيدانىغا يۈگۈرۈپ بېرىپتۇ ۋە تەشنالىق بىلەن خەۋەر كۈتۈپ تۇرغان كىشىلەرگە "شاتلىنىڭلار، كۆپچىلىك، بىز غەلىبە قىلدۇق!" دەپتۇ - دە، يەرگە يىقىلىپ جان ئۈزۈپتۇ.

مارافون يۈگۈرۈشىنىڭ غەلىبىسى پۈتكۈل يۇناننى پىرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلاپ قالغان ھەمدە يۇنان يېرىم ئارىلىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

بۇ قېتىمقى يۈگۈرۈشنىڭ غەلىبىسىنى خاتىرىلەش ۋە قەھرىمان پىلىنىسنىڭ تۆھپىسىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن 1896 - يىلى ئافىنادا ئۆتكۈزۈلگەن 1 - قېتىملىق ئولىمپىك تەنھەركەت يىغىنىدا، بىر يېڭى مۇسابىقە تۈرىنى — مارافون يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىنى قوشۇش بەلگىلەنگەن. تەنھەركەتچىلەر مارافوندىن باشلاپ يۈگۈرۈپ، ئاساسىي جەھەتتىن ئەينى زاماندا پىلىنىس ماڭغان يول بىلەن ئافىناغا بارغان، پۈتۈن مۇساپە 40 كىلومېتىر 200 مېتىر كېلىدىكەن. 1920 - يىلى، بۇ ئارىلىقنى تەپسىلىي ئۆلچەشتە، 42 كىلومېتىر 195 مېتىر چىققان.

تۈزلەڭلىككە كېلىپ پېرسىيە قوشۇنلىرى بىلەن ئۆلۈم - كو-
رۇم جېڭى قىلىپتۇ.

ئافىنا قوشۇنىدا ئاران 10 مىڭ ئادەم بار ئىكەن، پېر-
سىيە قوشۇنىدا بولسا، ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، 100 مىڭ ئادەم
بولغان. كۈچلۈك دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن مىلتىيادىس
جەڭچىلەرگە:

— ئافىناغا قۇللۇق كىشىنى سىلىنامدۇ ياكى مەڭگۈ ئەر-
كىن تۇرامدۇ، بۇ سىلەرگە باغلىق! — دەپتۇ.

كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان بۇ سۆز جەڭچىلەرنىڭ جەڭ-
گىۋارلىقى ۋە جاسارىتىگە ئىلھام بولۇپتۇ.

جىددى جەڭ باشلىنىپتۇ. ئافىنا قوشۇنلىرى مارافوننىڭ
تاغلىق، ئېگىز جايلىرىنى ئىگەللەپتۇ. بۇ جاي ئۈچ تەرىپى
تاغلىق جىلغا بولۇپ، چوڭ يانتۇلۇق ئىكەن. شۇڭا بىر قاراپلا
تۈزلەڭلىككە جايلاشقان پېرسىيە قوشۇنلىرىنىڭ بارگاھىنى كۆر-
گىلى بولىدىكەن. بىر كۈنى تاڭ سەھەردە، مىلتىيادىس پۈتۈن
قوشۇنغا، ئۇچقاندەك ئېتىلىپ چۈشۈپ، دۈشمەن بارگاھىغا ھۇ-
جۇم قىلىشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ. بۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇم پېرسىيە قو-
شۇنلىرىغا ئىنتايىن تەسادىپىي تۇيۇلۇپتۇ. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەيلا
پېرسىيە قوشۇنلىرى ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئافىنا قوشۇنلىرى-
نىڭ مەركىزىي سېپىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپتۇ. ئافىنا قوشۇنلىرى ئۇ-
رۇشتا چېكىنىپتۇ، پېرسىيە قوشۇنلىرى قەدەممۇ - قەدەم قىستاپ
كېلىپتۇ. مۇشۇنداق جىددى پەيتتە، ئافىنا قوشۇنلىرى تۇيۇقسىزلا
تەرەپ - تەرەپتىن چۇقان كۆتۈرۈشۈپ، ئىككى يان تەرەپتىن
پېرسىيە قوشۇنىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپتۇ. پېرسىيە قوشۇنلىرى ئافى-
نا قوشۇنلىرىغا قوغلاپ زەربە بېرىدىمىز، دەپ سەپنى ئۇزارتىۋەت-
كەچكە، ھەر تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۇچراپ، بىر - بىرىگە قارى-

ۋەزىپە ئۆتەشكە بارىمىز، يەنى گۈزەل ھەم مەدەنىيەت سىستېمىسىنى
بويسۇندۇرۇشقا بارىمىز. ئۇ يەردە ئىدىك ئەرزان قۇللار، سانسىز-
لىغان ئالتۇن، كۈمۈش بار! ئەگەر بىز بارمىساق، بۇ جايى سىـ
پارتالىقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ! يۇقىرىلار، ئەزىمەتلىلەر!
ھازىر سەپىرىمىزگە ئاق يول تىلەش ۋە يۈرۈشىمىزنىڭ غەلىبە
قىلىشى ئۈچۈن، ئۇلۇغ خۇداغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلايلى!
بۇ سۆزنى قىلغان كىشى يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن-
غا لەشكەر بېشى بولغان باش سەركەردىلەرنىڭ بىرى — ئالك-
ىبىيادىس ئىكەن. ئۇ ياش، كېلىشكەن كىشى بولۇپ، قابىلى-
يەتلىك ـ بىلىملىك ئىكەن ۋە ئەينى زاماندىكى مەشھۇر پەيلا-
سوپ سوكراتنىڭ شاگىرتى بولغان ئىكەن. ئۇ سۆزلەپ بولغاندى-
ن كېيىن ئىسترتىق سۆيپەسەندىن ئىس كۆتىرىلىپتۇ، لەشكەر-
لەر ۋە سەركەردىلەر قەدىمىي ئۆرپ ـ ئادەت بويىچە ھاراق سې-
پ تاۋاپ قىلىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، كېمىلەردىن ۋە تىرغاقتىن
مەدھىيە ناخشىلىرى كۆتىرىلىپتۇ، كېمە ئەترىتىدىكى ئۇزۇن سەپ
بولۇپ، ئاستا ـ ئاستا پورتتىن چىقىپ دېڭىزغا قاراپ يول
ئېلىپتۇ.

ئۇنىڭدىن 16 يىل ئىلگىرى ئافىنا بىلەن سپارتا يونان-
غا خوجايىنلىق قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىپ ئۇرۇش قىلغان. بۇ
ئۇرۇش 10 يىل داۋام قىلغان. ھېچقايسى تەرەپ غەلىبە قىلال-
مىغاچقا، مىلادىدىن ئىلگىرى 421 ـ يىلى "50 يىللىق ئىتتى-
پاق كېلىشىمى" تۈزۈلگەن. 2 ـ يىلى ياش ئالكىبىيادىس
ئافىنا سەركەردىسى بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن، سىتسىلىيىگە
ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، سپارتاغا زەربە بېرىشكە كۈچىنىڭ يېرى-
چە قوتۇراتقۇلۇق قىلغان. ئالكىبىيادىسنىڭ نۇتقى-
نۇرغۇن ئادەملەرنى تەسىرلەندۈرگەن، ئاخىرىدا، يۇقىرىلار

## سىتسىلىيىگە يۈرۈش قىلىش

مىلادىيەدىن ئىلگىرى 415 - يىلى 6 - ئاينىڭ بىر كۈنى، تاڭ سەھەردە، ئافىنا شەرتىدىكى پورتنا تۇرۇۋاتقان نۇرغۇن ئۇرۇش كېمىلىرىدىن تەركىب تاپقان قوشۇن يەلكەن چىقىرىپ، سەپەرگە چىقىشقا تەييارلىنىپتۇ.

— دۇت ...... — تۇيۇقسىز سىگنال ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ھەممە يەرنى جىمجىتلىق بېسىپتۇ. 30 نەچچە ياشلىق بىر ھەربىي قوماندانلىق كېمىسىگە چىقىپ، جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن ۋاقىراپتۇ:

— ئافىنا پۇقرالىرى، ئەزىمەتلەر! بۈگۈن، بىز شەرەپلىك



يۇنان ئۇرۇش كېمىسى

نەچچە دانە پالاق ئورنىتىلغان. ئۇلار جە-
ۋەت بولۇپ، 150
نۇبىي ئىتالىيە بىلەن دېڭىز ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدىغان كىر-
كىراغا بارغاندىن كېيىن ئىتتىپاقداش قەلئەسىنىڭ كېمىلىرى
بىلەن قوشۇلۇپ، 134 دانە كېمىسى ۋە 50 پالاقلىق ئىككى
چوڭ كېمىسى بولغان چوڭ كېمە ئەترىتى بولۇپ شەكىللەن-
گەن. كېمىلەردە ئېغىر - يېنىك قوراللار بىلەن قوراللانغان
پىيادە لەشكەرلەر، ئاتلىق لەشكەرلەر، شۇنىڭدەك تاشچى، ياغاچ-
چى بولۇپ 30 نەچچە مىڭ ئادەم بار ئىكەن. ئۇنىڭدىن باش-
قا، 30 دانە سودا كېمىسىدە، ھەربى لاۋازىمەتلىكلەر جۇملى-
دىن كۆپلىگەن ئاشلىق ۋە قورغان سالىدىغان پۈتۈن يۇرۇشلۇق
سايمان بار ئىكەن. كېمە ئەترىتىنىڭ كەينىدە ئورغۇنلىغان تى-
جارەتكە چىققان سودا كېمىلىرى بار ئىكەن.
يىراققا يۇرۇش قىلغۇچى كېمە ئەترىتى ئادرىياتىك دې-
ڭىزىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىتالىيىنىڭ دېڭىز ياقىسىنى بويلاپ
غەربىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ يۈرگەن. ئانچە ئۇزاققا قالماي،
سىتسىلىيە ئارىلىغا كەلگەن ھەمدە ئارالنىڭ شەرقىي تەرىپىدىن
قۇرۇقلۇققا چىقىپ سىراكىئوس ئاتلىق ئەسكەرلىرى بىلەن تۇ-
تۇشقان. شۇ چاغدا تاسادىپىي بىر ۋەقە يۈز بەرگەن: ئافىنا
بىر دولەت كېمىسى ئەۋەتكەن، كېمىدىكىلەر پۇقرالار قۇرۇلتى-
يىنىڭ ئالكىبىيەدىس دەرھال ئافىناغا قايتىپ سوتقا تارتىلسۇن
دىگەن بۇيرۇغىنى ئېلىپ كەلگەن. ئەسلىدە ئالكىبىيەدىسنىڭ
سىياسىي رەقىبى گۇرۇھ ئافىنادا يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئامال
قىلىپ ئالكىبىيەدىسنىڭ خۇداغا تىل تەككۈزگەنلىكى ۋە خەلققە
قارشى تۇرۇش نىيىتىدە بولۇش جىنايىتىنى سۈرۈشتە قىلىش
توغرىسىدا پۇقرالار قۇرۇلتىيىغا قارار ماقۇللاتقۇزغان.
ئالكىبىيەدىس نائىلاج قوماندانلىق ھوقۇقىنى ئىككىنچى

قۇرۇلتىيى ئۇنىڭ يىراقتا يۈرۈش قىلىش پىلانىنى تەستىقلىغان شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ قېتىمقى يىراقتا يۈرۈش قىلىشتا لەشكەر بېشى قىلىپ تەيىنلەنگەن. نىكىئاس يىراقتا يۈرۈش قىلىشقا قارشى تۇرغان ھەتتا ئالكىبىيادېسنى نام - ئاتاق ۋە بايلىقنى دەپ قارامىلىق بىلەن يىراقتا يۈرۈش قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، دەپ ئەيىپلىگەن بولسىمۇ، لېكىن پۇقرالار قۇرۇلتىيى ئۇنىڭ ئالكىبىيادېس بىلەن بىرلىكتە يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنغا لەشكەر بېشى بولۇشىنى بەلگىلىگەن.

كېمە ئەترىتى سەپەرگە چىقىش ئالدىدا، ئافىنادا كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان بىر ۋەقە يۈز بەرگەن: بىر كۈنى كېچىدە، توت كوچىغا تۇرغۇزۇلغان نۇرغۇن ھېرمېس خۇدانىڭ خۇدا ھەيكەللىرىنىڭ يۈزى چوقۇپ تاشلانغان. ھېرمېس يۇنان قول سانائىتى ۋە سودا خۇداسى، شۇنداقلا دېڭىزچىلار ۋە سەيلى - ساياھەتچىلەرنىڭ پىرى ئىكەن. خۇراپاتلىققا ئىشىنىدىغانلار بۇ يىراقتا يۈرۈش قىلىشتىن ياخشىلىق كەلمەيدىغانلىقىنىڭ ئالامىتى دەپ قارىغان. خۇداغا تىل تەككۈزۈدىغان بۇنداق چوڭ ۋەقەنى سۈرۈشتۈرۈشكە توغرا كەلگەن. ئەمەلىيەتتە، بۇنى ئالكىبىيادېسنىڭ سىياسىي رەقىبلىرى قىلغان ئىكەن. ئالكىبىيادېس غەزەپكە كېلىپ بۇ ۋەقەنى دەرھال تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلغان، لېكىن سەپەرگە چىقىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈشكە بولمىغاچقا، يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن يەنىلا بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا يولغا چىققان.

كېمە ئەترىتى ئافىنادىن چىقىپ، پېلوپوننېس يېرىم ئارىلىنىڭ دېڭىز ياقىسىنى بويلاپ يۈرگەن. بۇ كېمە ئەترىتىدە 100 دانە ئۇرۇش كېمىسى بولۇپ، ھەر بىر كېمىنىڭ كەڭلىكى 6 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 40 نەچچە مېتىر، ئېگىزلىكى 3 قې-

كىئوسقا كېلىدىغان ياردەمنى ئۈزۈۋېتىش پىلانى مەغلۇپ بولغان. ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئافىنا كېمىلىرىدىكى پالاقچى قۇللار ۋە ياللانما دېڭىزچىلار قېچىشقا باشلىغان، كېمىلەردىكى ئوتۇن - ياغاچ ۋە سۇ ئازىيىپ كەتكەن. قورقۇنچاق نىكىئاس ئالدىراپ - تېنەپ ئافىنادىن ياردەم بېرىشنى ياكى ئۆزىنى ۋەزىيەتتىن ئېلىپ تاشلاشنى تەلەپ قىلغان.

سپارتا قوشۇن ئەۋەتىپ ئافىناغا 20 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان تىكىيە دىگەن يەرنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئافىنانىڭ بىخەتەرلىكى قاتتىق تەھدىتكە ئۇچرىغان. ئافىنا ناھايىتى خەتەرلىك ئەھۋالغا دۇچكەلگەن، بىراق سىتسىلىيىدە غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن، ئافىنا يەنىلا ئىككىنچى تۈركۈم يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننى ئەۋەتكەن.

بۇ رەت ئافىنا 72 دانە ئۇرۇش كېمىسىدە 8000 پىيادە لەشكەر كەلگەن. لېكىن بىر نەچچە رەت ئۇرۇش قىلىپ يەنىلا مەغلۇپ بولۇپ، ئاخىر نائىلاج قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرگەن. مىلادىدىن ئىلگىرى 413 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كېچىدە، ئافىنا ئۆز قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرگىلى تۇرغاندا ئاي تۇتۇلغان. نىكىئاس پالچىلارنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، ئۈچ توققۇز كۈندىن ئۆتكەندىن كېيىن چېكىنىشكە بۇيرۇق بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن سىراكىئوس ئۆزىنىڭ دېڭىز لەشكەرلىرىنى تەربىيىلەش ۋە ياخشىلاشقا ئۈلگۈرگەن. ئۇزاق ئۆتمەي، سىراكىئوس كېمە ئەتىرىدى ئافىنا كېمە ئەتىرىدىنى تېرە - پېرەڭ قىلىۋەتكەن.

ئافىنا قوشۇنلىرى ئۈمىتسىز قورۇقلۇق بىلەن چېكىنىشكە باشلىغان. 40 مىڭ لەشكەر يول ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز تۇردە سىراكىئوسنىڭ ئاتلىق لەشكەرلىرى ۋە يېنىك قوراللىق بىلەن

ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆز كېمىسىگە چۈشۈپ ھېلىقى دولەت كېمىسى بىلەن ئافىناغا قايتقان. لېكىن ئۇ يېرىم يولدا پۈرسەت تېپىپ قېچىپ كەتكەن، بۇ خەۋەر ئافىناغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، پۇقرالار قۇرۇلتىيى ئۇنىڭغا قارىسىدىن ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلغان ھەمدە ئۇنىڭ ھەممە مال - مۈلكىنى مۇسادىر قىلغان.

— مەن ئۆزەمنىڭ ھايات ئىكەنلىكىمنى ئۇلارغا بىلدۈرىمەن! — دېگەن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ئالكىبىيادىس بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن. ئۇ ئۆز ۋەتىنىنىڭ دۈشمىنى بولغان سپارتالىقلارنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان ھەمدە زەھەرخەندىلىك بىلەن سپارتالىقلارغا ئافىنانى يېڭىش توغرىسىدا سپارتا دەرھال سىراكئۇسقا ياردەمگە كېمە ئەترىدى ئەۋەتىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قۇرۇقلۇق قىسىملىرى ئەۋەتىپ ئافىنانىڭ يېنىدىكى تىكىيە دېگەن يەرنى ئىشغال قىلىش تەكلىۋىنى بەرگەن. سپارتالىقلار ئافىناغا ئەجەللىك زەربە بېرىدىغان بۇ ئىككى تەكلىپنى تامامەن ئىشقا ئاشۇرغان.

ئالكىبىيادىس كەتكەندىن كېيىن، سىتسىلىيىنىڭ ئۇرۇش ۋەزىيىتى ئافىناغا پايدىسىز تەرەپكە قاراپ يۈزلەنگەن. سپارتا دەرھال كېمە ئەترىدى ئەۋەتىپ سىراكئۇسقا ياردەم بەرگەن. نىكىئاس ئەسلىدە سىتسىلىيىگە يۈرۈش قىلىشقا قارشى بولغاچقا، ئۇنىڭ ھەركىتى ئاستا بولغان، ئارىسالدا بولۇپ قالغان، شۇڭا لەشكەرلەرگە سىراكئۇس شەھىرىنىڭ سىرتىدا بىر سېپىل سېلىشقىلا بۇيرۇق بەرگەن. سپارتانىڭ ياردەمگە كەلگەن قوشۇنلىرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، سىراكئۇس لەشكەرلىرى روھلىنىپ، ناھايىتى تېزلا بىر سېپىل سېلىپ ئۇلارنى قورشىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن نىكىئاسنىڭ قۇرۇقلۇق بىلەن سىرا-

27يىل داۋام قىلغان ئۇرۇش ئاشۇنداق ئاياقلاشقان. غەلىبە
ىلغۇچى تەرەپ سىپارتا پېلو پوننېس يېرىم ئارىلىدا بولغاچقا
ـەمدە بۇ يەرنى ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقىنىڭ نامى قىلغاچقا، بۇ قېتـ
ـىمقى ئۇرۇش تارىختا پېلوپـونېس ئۇرۇشى دەپ ئاتالـغان.
ـىراق، بۇ قېتىمقى ئۇرۇش سىپارتانىمۇ ئاجىزلاشتۇرغان، شۇنىڭ
ـىلەن پۈتكۈل يۇنان يېرىم ئارىلىدىكى قەلئەلەر ئۇزاققىچە زە-
ـىپلىشىش خەۋپى ئىچىدە تۇرغان. قەدىمقى يۇنان تارىخىدىـ
ـكى گۈللىنىش دەۋرى شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن كەلمەسكە كەتكەن.
ئۇزاقـقا قالماي، يۇنان ئاخىرى شىمال تەرەپتىكى كۈچلۈك
خوشنىسى ماكىدۇنىيە تەرىپىدىن بوي سۇندۇرۇلغان.

قوراللانغان پىيادە لەشكەرلىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، 1 - كۈنى 7 كىلومېتىر يول يۈرگەن، 2 - كۈنى ئاران كىلومېتىر يول يۈرگەن. 5 - كۈنىگە كەلگەندە ئافىنا قو[شۇ]نلىرىنىڭ ئاشلىقى تۈگەپ بىر كىلومېتىرمۇ يول يۈرەلمىگەن. بىر نەچچە كۈن قانلىق ئېلىشىشتىن كېيىن ئافىنا قوشۇن[ى]دىن ئاران 7000 ئادەم قالغان. نىكىئاس سىراكيۇس بىلەن سوھبەت قىلىشقا ئادەم ئەۋەتسە، سىراكيۇس رەت قىلغان. ئاخىر، نىكىئاس ئامالسىز تەسلىم بولغان. ئۇنى شەھەرگە يالاپ كىرىپلا ئۆلتۈرگەن. ئافىنالىق 7000 ئەسىرنىڭ كۆپچىلىكى قۇل قىلىپ سېتىلغان؛ قالغانلىرى تاش قېزىش مەيدانىغا ئېلىپ بېرىلىپ ئىشقا سېلىنغان، بىر يىلغا قالماي ھەممىسى چارچاپ ئۆلگەن.

سىتسىلىيىگە يۈرۈش قىلىش نەتىجىسىدە، ئافىنا ئەڭ خىل قۇرۇقلۇق لەشكەرلىرىدىن ۋە ھەممە كېمە ئەترىتىدىن ئايرىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئافىنا بىلەن سپارتا ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش يەنە ئون يىلغا يېقىن داۋاملاشقان بولسىمۇ، لېكىن سىتسىلىيىدىكى مەغلۇبىيەت ئافىنانىڭ چوقۇم ئاخىرقى ھېساپتا مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن.

دىگەندەك، مىلادىيىدىن ئىلگىرى 404 - يىلىغا كەلگەندە، سپارتا كېمە ئەترىتى ئافىنانى قامال قىلغان. 4 ئاي قامال قىلىنغاندىن كېيىن، ئافىنا شەھىرىدىكى ئاشلىق تۈگەپ، ئاخىر سپارتاغا تەسلىم بولغان. تەسلىم بولۇش شەرتلىرى: ئافىنا ئىلگىرى ئىشغال قىلغان بارلىق زېمىنلىرىدىن ۋاز كېچىش، مۇھاپىزەت ئۈچۈن 12 دانە كېمە ئېلىپ قالغاندىن سىرت، باشقا ھەممە كېمىسىنى سپارتاغا تاپشۇرۇپ بېرىش ھەمدە سپارتانى ئىتتىپاق خوجايىنى دەپ ئېتىراپ قىلىشتىن ئىبارەت بولغان.

پىنى يېشىپ كېلىپتۇ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا ئېلىمشى بىلەن ئېھرام ئالدىغا كەلگەندە نەچچە مىڭ ئادەم ئۇنى ئورىۋېلىپتۇ. سايامەتچى كۆنگە قاراپ، كۆننىڭ ئورنىنى ئولچەپتۇ، ئاندىن كېيىن ئالدىرىماي توكىدىن چۈشۈپ، كىشىلەر ھاسىل قىلغان دوگىلەكنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ تۇرۇپتۇ. ئاپتاپتا ئۇنىڭ ئۇزۇن سايىسى كورۇنۇپتۇ. ئۇ بىرنەچچە مىنۇتتا بىر قېتىم سايىسىنىڭ ئۇزۇنلۇغىنى ئولچەپتۇ، سايىسى ئۇنىڭ بويىغا تەڭ كەلگەندە، ئۇ ئېھرامنىڭ سايىسىنىڭ ئۇچىغا بىر بەلگە قويدۇرۇپتۇ، ئاندىن چىقىپ بېرىپ، ئېھرامنىڭ مەركىزى-دىن سايىنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئارىلىقىنى ئولچەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئېھرامنىڭ ھەقىقى ئېگىزلىگىنى تېزلا دەپ بېرىپتۇ.

— ئېھرامنىڭ ھەقىقى ئېگىزلىگى مۇشۇنچىلىك ئىكەنلىگىنى قانداق بىلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ چۈشەنەلمەي ئولتۇرغان فىرئون.

— بۇنىڭ ئۇسۇلى ناھايىتى ئاددى....، — سايامەتچى كىشىلەرگە قولىرى بىلەن ئىشارەتلەپ، "سايا = بوينىڭ ئېگىز-لىگى" دىگەن قائىدىنى "ئېھرام سايىسى = ئېھرام ئېگىزلىگى" قائىدىسى ئورنىدا ئىشلەتكەنلىگىدىكى ماتېماتىكىلىق قائىدى-لەرنى چۈشەندۈرۈپتۇ. شۇ چاغدا ئاپتاپ 45 گىرادۇسلۇق يونۇلۇش بويىچە يەر يۈزىگە چۈشۈپ، يەر ئۈستىدىكى ئېھرام-نىڭ سايىسى بىلەن ئېھرام چوققىسىغا تېگىپ چۈشكەن نۇر توپ - توغرا تەڭ يانلىق تىك 3 بۇلۇڭلۇق شەكىل ھاسىل قىلىپتۇ. بۇ ئۈچ بۇلۇڭلۇق شەكىلدە ئېھرامنىڭ ئېگىزلىگى بىلەن ئېھرامنىڭ سايىسى ئوخشاش ئۇزۇنلۇقتىكى ئىككى "يان" بولۇپ شەكىللىنىپتۇ.

— ئېھرام سايىسىنىڭ ئۇزۇنلۇغىنى ئولچەپ چىقسىلا

# ئىلمىي „ئەۋلىيا“ تىلىس

كىشىلەر مىسىردىكى چوڭ ئېھرامنىڭ سېلىنغىنىغا 1000 نەچچە يۈز يىل بولغاندىن كېيىنمۇ، ئۇنىڭ زادى قانچىلىك ئېگىز ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن. نۇرغۇن ماتېماتىكلار ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۇنداق ھېساپلاپمۇ، بۇنداق ھېساپلاپمۇ ئۇنىڭ ھەقىقى ئېگىزلىكىنى دەپ بېرەلمىگەن.

مىلادىيىدىن ئىلگىرى 6 - ئەسىردە، ئەتىيازنىڭ ئىللىق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، يۇنانلىق بىر ساياھەتچى بۇ ئېھرامنىڭ يېنىغا كەلگەن. كىشىلەر ئۇنى ھېساپ بىلىدۇ دەپ ئاڭلاپ، قەستەن: سورىغان:

— سىز ئېھرامنىڭ ئېگىزلىكىنى ھېساپلاپ چىقالامسىز؟

— ھېساپلاپ چىقماي. بۇ ئاسانلا ئىشقۇ!

ساياھەتچىنىڭ جاۋاۋىنى ئاڭلىغان كىشىلەر كۈلۈشكەن، لېكىن ئۇ ھودۇقماي تۇرۇپ سوزىنى داۋاملاشتۇرغان:

— بۇ ئىش ھەقىقەتەن ئاسان، ئەگەر ئىشەنمىسەڭلەر فىرئونلارنى چاقىرىپ كېلىڭلار، مەن شۇنىڭ ئالدىدىلا ھېساپلاپ بېرىمەن.

ئەتىسى كىشىلەر دېگەندەكلا فىرئوننى چاقىرىپ كېلىپتۇ، فىرئونغا ئەگىشىپ بىر تالاي ئەمەلدارلار بىللە كېلىشىپتۇ. يېزى دەرىخى سايىسىغا نەچچە مىڭ ئادەم توپلىنىپتۇ، ئۇلار ئۇنى، بۇنى دېيىشىپ پاراڭغا چۈشۈپتۇ. ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي ھېلىقى يۇنانلىق ساياھەتچى چىرايلىق جابدۇنغان بىر توگىگە مىنگەن

دۈرنىپ سۇ چېچىپ، ئوقيا ئېتىپ قۇياشنى ئۇتقۇزۇپ، يورۇق ئوقنى قايتۇرۇۋالماقچى بولغان. تېلىس بولسا "كۈننى غىدىلتە مەخلۇقنىڭ چىشلىگەن" لىگەندىكى سىرىنى يېشىپ، كۈن تۇتۇلۇشنىڭ سەۋەپلىرىنى بىلەلىگەن ھەمدە كۈن تۇتۇلۇشىنى ئالدىدىن خەۋەر قىلالىغان. بىر يىلى ئەتىيازدا، ئۇ خەلقى-ئالەم ئالدىدا 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كۈن قىسقا ۋاقىت قاراڭغۇلىشىدۇ، دەپ جاكالىغان. كوپچىلىك بۇنى ئاڭلاپ، ئۇنى مەسخىرە قىلىپ، بۇ "ساراڭ بولۇپ قىلىپتۇ" دېيىشكەن. كۈتۈلمىگەن يەردىن 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مىدىيالىقلار بىلەن لىدىيالىقلار كىچىك ئاسىيادا كەسكىن جەڭ قىلىۋاتقان كۈنگە توغرا كېلىپ قالغان. شۇ كۈنى ئەتىگەندە ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، ئاپئاپ كوزنى چاقنىتىپ تۇرغان. ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى قان توكۇپ ئېلىشىۋاتقاندا، كىمنىڭ يېڭىشى تايىن تاپمىغان ئەھۋالدا، تۇيۇقسىزلا قۇياش بارا - بارا سۇسلىشىپ بىر دەمدىن كېيىن جاھان قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن. ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئىككى تەرەپ خۇدانىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويغان ئوخشايمىز، دەپ دەرھال ناغرا چېلىپ لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپ چىقىپ، تېچلىق ئەھدىنامىسى تۈزگەن، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئۇلار ئۇرۇش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان. تېلىس بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئىختىيارسىز ھالدا قاقاقلاپ كۈلۈپ مۇنداق دېگەن:

— ئۇرۇشنىڭ توختىغىنى ھەقىقەتەن ياخشى بوپتۇ، بىراق بۇنىڭ كۈننىڭ تۇتۇلۇشى بىلەن نېمە ئالاقىسى بولسۇن؟

ئېھرامنىڭ ئېگىزلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ! — ساياھەتچىنى
سۆزىنى ئاياقلاشتۇرۇش بىلەن تەڭ، كىشىلەر قىزغىن ئالقىش
ياڭرىتىپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ تەقى - تۇرقىغا بويۇنىدىن
قارىشىپتۇ. بۇ ئەقىللىق ساياھەتچى زادى كىم؟ ئۇ ئەينى
زامانلاردىكى يۇناننىڭ ئۇلۇغ ئالىمى تىلېس ئىكەن.

تىلېس مىلادىدىن ئىلگىرى 7 - ئەسىردە (مىلادىدىن
ئىلگىرى 640 - يىللىرى) تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى
ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. تىلېس كىچىك چېغىدىلا شۇ چاغدىكى ئەڭ مەشھۇر ئالىم ۋە پەيلاسوپلاردىن
تەربىيە ئالغان. ئون نەچچە يىلدىن كېيىن ئۇ ئۆزىگە
دەرس بەرگەن ئۇستازلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىپ، چوڭقۇر بىلىم
ئۆزگىچە ئىجادىي پىكىرلىرى بىلەن يۇنانغا تونۇلغان.

تىلېس ئاسترونومىيىنى ياخشى تەتقىق قىلغان. ئۇ
كىشىلەرنىڭ قۇياش دىامېتىرى 1 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان
كىچىك يۇمىلاق جىسىم دىگەن كۆز قاراشلىرىغا قوشۇلمىغان.
ئۇ ئىنچىكە ھىساپلاپ، قۇياشنىڭ چوڭلۇغى كىشىنى ھەيران
قالدۇرىدۇ، ئۇنىڭ دىامېتىرى سېرىق يول چەمبىرىكى
(خۇاڭداۋ چەمبىرىكى)نىڭ 720 دە بىرىگە تەڭ كېلىدۇ،
دەپ ھىساپلىغان. ھازىرقى ئادەملەر ئەسۋاپلار ئارقىلىق ئۇل
چەپ ئۇنىڭ ھەقىقى دىامېتىرىنىڭ 8630000 ئىنگلىز لىسى
كېلىدىغانلىغىنى بىلدى، ئەلۋەتتە. بىراق، بۇنىڭدىن 2 مىڭ
نەچچە يۈز يىل بۇرۇن ئاشۇنداق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش
ھەقىقەتەن ئاددى گەپ ئەمەس.

شۇ زامانلاردا، كىشىلەر كۈن تۇتۇلۇش ھادىسىلىرىنى
ئانچە چۈشەنمەي، كۈننى غەلىتە مەخلۇق چىشلىۋېلىپتۇ دەپ
قاراشقان. ھەر قېتىم كۈن تۇتۇلغاندا، كىشىلەر ئاسمانغا

## مۇنازىرىچى

پۇقرالار قۇرۇلتىيى ئېچىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان 18 ياشلىق ئافىنا پۇقراسى دېموستېنىس ناھايىتى ھاياجانلىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ بۇرۇنلا ئۇزۇن نۇتۇق تەييارلاپتۇ ھەمدە ئۇنى نۇرغۇن قېتىم سۆزلەپ مەشىق قىلىپتۇ، ئۇ كۆڭلىدە، بۇ قېتىم ئاڭلىغۇچىلارنى تەسىرلەندۈرۈۋېتىمەن، دەپ ئويلاپتۇ. بىراق ئالدىنقى بىرنەچچە قېتىمدا، نۇتۇق سۆزلەپ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئويلاپ، كۆڭلى خاتىرجەم بولالماپتۇ.

قۇرۇلتاي ئاخىر ئېچىلىپتۇ. بۇ قېتىم دېموكراتىيە ۋە مۇستەبىتلىك دېگەن مەسىلە مۇنازىرىگە قويۇلۇپتۇ. دېموستېنىس ئۈستىگە سۈس سېرىق كىيىم، بېشىغا دەپنە دەرىخى گۈلىدىن ياسالغان گۈلتاج كىيگەن پېتى چوڭ — چوڭ قەدەم تاشلاپ سەھنىگە چىقىپتۇ.

— ھە، يەنە شۇ ئىكەنغۇ!..— ئاڭلىغۇچىلار ئارىسىدىن مەسخىرە قىلغان بوش ئاۋازلار ئاڭلىنىپتۇ. دېموستېنىسمۇ بۇنى ئاڭلاپتۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا غەيرەتلىنىپ ئۆز نۇتقىنى باشلاپتۇ:

— پۇقرالار، مەن ئافىنا دې... دېموكراتىيە تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش كېرەك... دېگەن تېما ئۈستىدە سۆزلەيمەن...— كۈتۈلمىگەن يەردىن دېموستېنىس بىرىنچى جۈملە سۆزىدىلا دۇدۇقلاپ، سۆزىنى تۈزۈك دېيەلمەپتۇ. شۇ زامان كۆپنىڭ بەدەنلىرى قىزىپ چېكىسىدىن مۇغاق تەر

تېلېس ئۆمرىدە تۇرغۇن ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلغان. مەسىلەن، ئۇ ھېچقانداق ئەسۋاپ ئىشلەتمەي تۇرۇپ بىر يىلنىڭ 365 كۈن بولىدىغانلىقىنى ھېساپلاپ چىققان. ئۇ نىل دەرياسىدا بولىدىغان قەرەللىك كەلكۈننى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مۇپەسسەل ماتېماتىكا نەزەرىيىسىنى يەكۈنلەپ چىققان. شۇڭا، يۇنانلىقلار ئۇنى ئىلمىي "ئەۋلىيا" دەپ مەدھىيىلەپ سىياسىي ئىسلاھاتچى سولون بىلەن بىر قاتاردا قويغان.

چۈشۈپ قالىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە دېموستېنېستا قىلچىمۇ ناتىق بولغۇدەك تالانت يوق ئىكەن. ئۇ تۇغما كېكەچ بولۇپ، ئاۋازى پەس ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۈرە قىسىدىغان ئادىتى بار ئىكەن؛ بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەت ئارقىسىدا، ئۇ غەزەپكە كېلىپ ئىككىنچى نۇتۇق سۆزلىمەسمەن دېگەن يەرگە كېلىپتۇ.

— يىگىت، نېمىدىن كۆڭلۈڭ يېرىم بولۇپ قالدى؟ — دەپتۇ دېموستېنېس بېشىنى سىلاپ كېتىۋاتسا ئالدى تەرەپتىن ئافىنالىق بىر ئەرتىس كېلىپ. ئۇ دېموستېنېسنىڭ پەرىشان ھالىتىنى كۆرۈپ، بۇنىڭغا چوقۇم بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

— ھەي، قارىمامسەن بۇ ئىشنىڭ قاملاشمىغىنىنى، بۈگۈنكى نۇتۇقتىمۇ مەغلۇپ بولدۇم! — دەپتۇ دېموستېنېس قوللىرىنى شىلتىپ سالپايغان ھالدا، — كىشىلەر مېنىڭ نۇتقىمنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى ئەسلا چۈشەنمەي تۇرۇپ، قۇسۇر چىقىرىشتى...

— ھە، شۇنداقمۇ؟ ھېچقىسى يوق، — دەپ تەسەللى بېرىپتۇ. ئەرتىس، — ھېچقىسى يوق، مەن ساڭا ياردەم قىلاي، قېنى، ئاۋال مۇنۇ بىر ئابزاسنى ئوقۇپ باق.

ئەرتىس تىراگېدىيە «پىرومېتېي»نى ئېچىپ، ئوقۇ دەپ بىر ئابزاسنى كۆرسىتىپتۇ.

دېموستېنېس ئوقۇپتۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەرتىس بىر قېتىم دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرىپتۇ. دېموستېنېس ئەرتىسنىڭ ئاھاڭدار ئاۋازى ۋە چىرايلىق قول ئىشارىتىنىڭ شۇنچە تەبىي چىقانلىقىدىن ھاڭ-تاڭ قېلىپتۇ، دېموستېنېس ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا يىپ ئىشىپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى سېزىپتۇ.

چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ تەمتىرىگەنسېرى، ئادىتى بويىچە ئىككى مۈرىسىنى قىسىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاڭلىغۇچىلار تىپىرلىشىپ كېتىپتۇ. ئاخىر ئۇنىڭ ئاۋازى پەسىيىپ كېتىپتۇ.

— بولدىلا يىگىت، سېنىڭ نىمە دەۋاتقانلىغىڭنى زادىلا ئۇقالمىدۇق...، — دەپ ۋاقىراپتۇ ئارقا تەرەپتە ئولتۇرغان بىرسى.

— قايتىپ بېرىدىپ ئاناڭدىن سۆزلەشنى ئۆگىنىپ كەل! — ئاڭلىغۇچىلار ئارىسىدىن كۈلكە كۆتىرىلىپتۇ.

دېموستىنىس نائىلاج بېشىنى سالغان پېتى سەھنىدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ تونۇش - بىلىشلەر كورۇپ قالمىسۇن دەپ، مەيداندىن چىقىپلا يۈزىنى يېپىپ ئىتتىك قەدەم تاشلاپ ئۆيىگە قايتىپتۇ.

بۇ يىگىت نۇتۇق سۆزلەشكە نىمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا ئامراق بولۇپ قالغان؟ ئەسلىدە ئۇ بالا چېغىدىلا سوتتا بىر مەشھۇر ناتىقنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئىكەن. ئۇ بۇ نۇتۇقنى ئاڭلاپ قاتتىق تەسىرلەنگەن. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، ئۇ مۇنازىرىۋازلىقنى تەتقىق قىلىشقا ھەۋەسلىنىپ، ناتىق بولۇشقا بەل باغلاپتۇ. لېكىن ئىش ئۇنداق ئاسان چۈشمەپتۇ. مۇنازىرىۋازلىق يۈكسەك دەرىجىدە راۋاج تاپقان ئافىنادا، مەيلى سوتتا، كوچىلاردا ۋە مەيدانلاردا بولسۇن، ياكى مەيلى پۇقرالار قۇرۇلتىيىدا بولسۇن، تەجرىبىلىك ناتىقلار دائىم مۇنازىرە قىلىشىپ تۇرىدىكەن. ئاڭلىغۇچىلارنىڭ تەلىۋى يۇقۇرى ئىكەن ھەمدە ئۇلار بەك قىيىنمال ئىكەن. نۇتۇق سۆزلىگۈچىلەرنىڭ بىرەر سۆزنى جايىدا ئىشلىتەلمەسلىكى، بىرەر يارىماس قول ئىشارىتى ۋە ھەرىكىتى كۈلكە - شاڭخو پەيدا قىلىدىكەن - دە، نۇتۇق سۆزلىگۈچىلەر ئۇسال ئەھۋالغا

يۇنان يېرىنى ئارىلىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى، يەنە كېلىپ
ئافىناغا قاراپ كېلىۋاتىدۇ... دىگەن دەھشەتلىك خەۋەر
ئافىنا شەھرىدە تارقىلىپتۇ.

پۈتۈن ئافىنادا قىيا - چىيا كوتىرىلىپتۇ، كوچىلاردا
مەشئەللەر يېقىلىپتۇ. بۇ جەڭدى پۇقرالار قۇرۇلتىيى چاقىرىش
توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش ئىكەن.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە، ئالاقزادە بولغان ئادەملەر پۇق-
رالار قۇرۇلتىيى مەيدانىغا كېلىپتۇ. رەئىس "ماكېدونىيە قوشۇن-
لىرى تاجاۋۇز قىلىپ كېلىپتۇ، قانداق قىلىمىز؟" دەپ سورىغاندا،
كىشىلەر كوزلىرىنى ناتىق دېموستېنىسقا تىكىپتۇ. چۈنكى
كىشىلەر ئۇنىڭ قىزغىن ۋەتەنپەرۋەر ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئۇنىڭ
پىلىپپوس II نىڭ قارا نىيىتى بارلىقىنى بۇرۇنلا كىشىلەرنىڭ
سەمىگە سالغانلىقىنى بىلىدىكەن.

دېموستېنىس يەنىلا ھىلىقى سىرىق كىيىمنى كىيگەن،
بېشىغا دەپنە دەرىخى گۈلىدىن ياسالغان گۈلتاج كىيگەن پېتى
سەھنىگە چىقىپتۇ. بىراق، بۇ قېتىم كىشىلەر ئۇنىڭغا مەسخىرە
نەزىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى ھورمەت ۋە ئۈمىت نەزىرى
بىلەن قاراپتۇ.

— پۇقرالار، تىنچ، تىنچ بولۇڭلار! دېموكراتىيە ئەنئەن-
سىگە ئىگە ئافىنالىقلار مۇستەبىت پىلىپپوس II گە باش ئىگەم-
دۇ؟ ياق، باش ئەگمەيدۇ! پۇقرالار، جاسارەتلىك بولۇشىمىز
كېرەك! ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە پىداكارلىق روھىغا ئىگە ئافىنالىق-
لار ياۋايى تاجاۋۇزچىلارغا ئەل بولامدۇ؟ ياق، ھەرگىز ئەل
بولمايدۇ! پۇقرالار، شەرەپلىك ئافىنالىقلار، ئىتتىپاقلىشايلى،
ھەركەتكە كېلەيلى، غەلىبىدىن ئۈمىت بار، غەلىبە كوز
ئالدىمىزدا!...

شۇنىڭدىن تارتىپ دېموستېنېس بۇ ئەرتىسىنى ئۇسناز تۇتۇپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەن تۇرۇپ، كەچ يېتىپ ئىخلاس بىلەن ئاۋاز چىقىرىشنى مەشق قىلىپتۇ ھەم ئاۋاز چىقىرىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپتۇ. ئۇ ئۇنلۇك دېكلاماتسىيە قىلىشقا ئادەت-لىنىپتۇ، ھەتتا تاغلارغا چىققاندا ياكى دېڭىز بويلىرىدا سەيلى قىلغاندىمۇ ئۆز ئاۋازى بىلەن شامالنىڭ گۈرۈلدەشلىرى ۋە سۇنىڭ شاۋقۇنلىرىنى بېسىپ چۈشۈشكە تىرىشىدىكەن. ئۇ كېكەچلىمەي ئاۋازىنى ئوچۇق چىقىرىش ئۈچۈن، شېغىل تاشنى ئاغزىغا سېلىۋېلىپ، ئاۋازىنى ئېنىق چىقىرىشنى مەشق قىلىپتۇ.

دېموستېنېس ئاۋاز چىقىرىشنى مەشق قىلىپلا قالماستىن، ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات جەھەتتىكى سەۋىيىسىنىمۇ تىرىشىپ ئۆستۈرۈپتۇ. ئۇ يۇنانىنىڭ شېئىر - قوشاقلىرىنى، ئەپسانىلىرىنى ئالاھىدە تەتقىق قىلىپتۇ، شۇ چاغلاردا ئېقىپ يۈرگەن تىرا-گېدىيە ۋە كومېدىيەلەرنى يادىلاپتۇ، يەنە بەزى مەشھۇر تارىخشۇناسلارنىڭ بەدىئى ئۇسلۇبىنى ئىنتايىن تەپسىلى تەتقىق قىلىپتۇ. شۇ چاغلاردا، چوڭ سورۇنلاردا دائىم نۇتۇق سۆزلەيدىغان ئافىنا پەيلاسوپى پىلاتوننى ھەممەيلەن ئۆزگىچە ئۇسلۇپقا ئىگە مەشھۇر ناتىق دەپ ئېتىراپ قىلىشقان ئىكەن. ئۇ ھەر قېتىم نۇتۇق سۆزلىگەندە دېموستېنېس بېرىپ ئاڭ-لاپتۇ ھەمدە بۇ مەشھۇر ناتىقنىڭ نۇتۇق سۆزلەش سەنئىتىنى پۇختا مۇلاھىزە قىلىپتۇ.

10 نەچچە يىل جاپالىق چېنىقىش ئارقىسىدا، دېموس-تېنېس ئاخىر مەقسىتىگە يېتىپتۇ. ئۇ 30 ياشقا كىرگەندە مۇنەۋۋەر ناتىق بولۇپ قېلىپتۇ.

مىلادىدىن ئىلگىرى 338 - يىلى بىر كۈنى كەچتە، ماكېدونىيە پادىشاسى پىلىپپوسII نۇرغۇن لەشكەر باشلاپ

ئەمەس، بەلكى سوھبەت ئېلىپ بارغىلى كەلگەنلىكىنى سىز قانداق بىلدىڭىز؟

— راست، ئېسچېنى جاۋاپ بەرسۇن! — دەپ ۋاقىرىشىپتۇ كىشىلەر بىر ئېغىزدىن. ئېسچېننىڭ يۈرىكى پوكۇلداپتۇ. ئالدىنقى كۈنى، پىلىپپوس II ئافىناغا ئوغرىلىقچە ئادەم كىرگۈزۈپ، كوپ پۇل خەجلەپ ئۇنى سېتىۋېلىپ بۈگۈنكى كۈندىكى پۇقرالار قۇرۇلتىيىدا نۇتۇق سوزلىتىپ، پىلىپپوس II نىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى ئاقلاتماقچى بولغان ئىكەن، شۇڭا، ئۇ تەمكىن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، كۈچىنىڭ بېرىچە ئۆز پىكرىنى ئاقلاپتۇ.

— پۇقرالار، ئۇنىڭ سوزىگە ئىشەنمەڭلار، — دەپ سوزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ دېموستېنېس، — شۇنى ئوچۇق كورۇپ تۇرۇپسىلەركى، ماكېدونىيىگە تەسلىم بولۇشنى تەشەببۇس قىلغانلار پۇلى بار بايلار. ماكېدونىيىلىكلەر كەلسە، بۇلار مال - مۈلكىنى ساقلاپ قالىدۇلا ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ باي بولۇپ كېتىدۇ! — ئۇ بىردەم توختىۋېلىپ جىددى تۇردە مۇنداق دەپتۇ، — ئافىنادىن ئىبارەت بۇ كېمە چوكۇپ كېتىشتىن بۇرۇن، كېمە ئۈستىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن ھەركەتكە كېلىپ ئۇنى قۇتقۇزۇپ قېلىشى كېرەك. لېكىن غايەت زور دولقۇن كېمە قىرغىقىغا ئۇرۇلسا، ھەممە ئادەم بىللە غەرق بولىدۇ - دە، ئۇ چاغدا تىرىشقان بىلەن ھېچ نەرسىگە دال بولمايدۇ.

دېموستېنېسنىڭ مۇنازىرىسى كىشىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇپتۇ. ماكېدونىيەپەرەس بىر نەچچە ئادەم سەھنىگە چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىپتۇ؛ تېخىمۇ كوپ ئادەم سەھنىگە چىقىپ ئۇنى قوللاپتۇ. يىغىن مەيدانىدىكىلەر قارشىلىق

دېموستېنىسنىڭ كىشىلەرگە ئىلھام بەخش ئېتىدىغان نۇتقى پۈتۈن مەيداندا ئالقىش قوزغاپتۇ. لېكىن شۇ ئەسنادا، ئېسچىنى دىگەن ناتىق سەھنىگە چىقىپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— سىلەر بۇنىڭ ئادەم قايمۇقتۇرىدىغان قۇتراتقۇ سۆز-لىرىگە ئىشەنمەڭلار، ئۇ سىلەرنى ئۆلۈم گىرداۋىغا ئىتتىرمەكچى بولۇۋاتىدۇ! پىلىپپوس II بۇ قېتىم بىزنى يۇتۇۋالغىلى ئەمەس، بەلكى بىز بىلەن سوھبەت ئېلىپ بارغىلى كەلدى...، — دەپتۇ.



دېموستېنىس (ئوڭدا) بىلەن ئېسچىنى

— جويلۇپسەن! — دەپ رەددىيە بېرىپتۇ دېموستېنىس شۇزامات، — پىلىپپوس ھەممىگە ئايان بولغان قارا نىيەت، يېقىندا، ئۇ ماكىدونىيە ئەترا-پىدىكى قەلئەلەرنى بېسىۋالدى. كىم ئۇنىڭغا قارشى تۇر-سا، ئۇ پۈتۈن شەھەر-دىكى خەلقنى قۇل قىلىۋالدى. پىلىپپوس II بۇرۇندىنلا پۈتۈن يۇنانىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش نىيىتىدە بولۇپ كەلدى. ئۇ ئافىنانىڭ ئەڭ خەتەرلىك دۈشمىنى! ئېسچىنى ئەپەندىدىن سوراپ باقايلىنچۇ: پىلىپپوسنىڭ تاجاۋۇز قىلغىلى

ئاخىرى قايتىپ كېلىپ، ماكېدونىيىگە قارشى ھەركەتلەرنى تەشكىللەپتۇ، كېيىن مەغلۇپ بولۇپ، ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. دېموستېنىس ئۆلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ماكېدونىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى «فىلىپپوس توغرىسىدىكى نۇتۇقلار توپلىمى» قىلىپ بېسىلىپ، ھەممە يەرگە تارقىلىپتۇ. بۇ مۇنازىرىچىنىڭ يالقۇنلۇق سۆزلىرى مىڭلىغان - مىليونلىغان كىتابخانلارنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى تىترىتىپ كەلمەكتە.

گۆرسەتكۈچىلەر بىلەن ماكېدونىيە پەرەسلەردىن ئىبارەت ئىك-كى تەرەپكە بۆلۈنۈپ، ئۆزئارا كەسكىن مۇنازىرىلىشىپتۇ. دېموستېنېس يارقىن نۇتقى ۋە مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان، قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە سۆزلىرى بىلەن ئافىنالىقلارنى قاتتىق تەسىرلەندۈرۈپتۇ. قۇرۇلتاي ئاخىر لەشكەر چىقىرىپ ماكېدونىيىگە قايتۇرما زەربە بېرىش توغرىسىدا قارار ماقۇل-لاپتۇ، ماكېدونىيىنى ھىمايە قىلغۇچىلار سوتقا تاپشۇرۇلۇپتۇ. ئەينى يىللاردا كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىدىن باش كۆتىرەلمەي سەھنىدىن چۈشۈپ كەتكەن ياش دېموستېنېس بولسا ئەمدىلىك-تە ئافىنادىكى مەشھۇر مۇنازىرىچى بولۇپ قېلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ماكېدونىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرغۇچىلار-نىڭ داھىسى بولۇپ سايلىنىپتۇ!

دېموستېنېس دەرھال دېڭىز ئارمىيىسىنى رەتكە سېلىشقا كىرىشىپتۇ. ئۇ تىياتىرخانىلاردا ئويۇن قويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلى-دىغان راسخوتنىڭ ھەممىسىنى ھەربىي راسخوت قىلىپتۇ ھەمدە يۇناندىكى نۇرغۇن قەلئەلەرنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارنى ئافىنا بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ماكېدونىيىگە قەتئىي قارشى تۇرۇش-قا چاقىرىپتۇ.

بىراق، ئافىنانىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۆلۈنۈش ئارقىسىدا، مىلادىدىن ئىلگىرى 338 - يىلى كارونىيە ئۇرۇشىدا ئافىنا قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولۇپتۇ. ماكېدونىيە پەرەسلەرنىڭ قوتراتقۇسى بىلەن ئافىنا پىلىپپوس II گە تەسلىم بولۇپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ، ئافىنا ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىقتىن مەھرۇم بولۇپتۇ، دېموستېنېس نائىلاج ئافىنادىن باشقا يۇرتقا سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. مىلادىدىن ئىلگىرى 323 - يىلى پىلىپپوس II نىڭ ئورنىغا دەسسىگەن ئالېكساندىر پادىشا ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ

ئالېكساندىر دادىسىنىڭ يېنىغا يۇ-
ئانىڭ 12 ياشلىق ئوغلى ئالېكساندىر دادىسىنىڭ يېنىغا يۇ-
گۈرۈپ كېلىپ، — بۇ بەك بەلەن ئات ئىكەن، بۇلار توخۇ
يۈرەك بولغاچقا، بۇ ئاتنى كوندۇرەلمەدى!
— سەن كوندۇرەلەمسەن؟ نېمىشقا كىچىك تۇرۇپ چوڭ-
لارنى مەسخىرە قىلىسەن؟
— ئىجازەت بەرسىڭىز، مەن چوقۇم كوندۇرەلەيمەن!
مەيداندىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۈلۈپتۇ. كۈتۈلمىگەن يەر-
دىن پادىشا ماقۇل بولۇپتۇ.
ئالېكساندىر باتۇرلۇق، بىلەن ئارغىماقنىڭ يېنىغا كېلىپ،
ئاتنىڭ تىزگىنىنى قولىغا ئېلىپ، ئاتنىڭ بېشىنى كۈن تەرەپكە
قارىتىپتۇ. چۈنكى باياتىن، ئۇ ئاتنىڭ ئۆز سايىسىدىن ئۈركى-
گەنلىكىگە دىققەت قىلغان ئىكەن. ئاندىن كېيىن ئۇ ئاتنى سى-
لاپتۇ ۋە ئاستا ئۈرۈپ قويۇپتۇ. ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئۇ بىرلا
سەكرەپ ئاتقا مىنىپتۇ. ئات شۇ زامان ئىككى پۇتلۇق بولۇپ
تىك تۇرۇپ چورۇلۇشكە باشلاپتۇ. بىراق ئات ھەرقانچە تىپچەك-
لىسىمۇ، ئۇ قېقىپ قويغاندەك مەزمۇت ئولتۇرۇپتۇ. تۇيۇقسىزلا
ئارغىماق قۇيۇندەك چېپىپ، ھايت - ھۇيت دېگۈچە كۆزدىن
غايىپ بولۇپتۇ. پادىشا ھەم مەيداندىكىلەر ھەي، چاتاق بولدى،
دەپ بەك ئەنسىرەپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن، قارىغۇدەك بولسا،
ئالېكساندىر چىپ - چىپ تەرگە چۆمگەن ئارغىماقنى چاپتۇ-
رۇپ كېلىۋاتقۇدەك، ئۇ ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتقان ھالدا بىما-
لال ئولتۇرغۇدەك، بۇ شاش ئاتمۇ يۇۋاشلىق بىلەن ئۇنىڭ باش-
قۇرۇشىغا ئىتائەت قىلىۋاتقۇدەك. مەيداندىكىلەر بۇ ھالنى كۆرۈپ
ھاڭ - تاڭ بولۇشۇپتۇ.
شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن فىلىپپوس II ئالېكساندىرغا تېخىمۇ
ئامراق بولۇپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنى تەربىيىلەشكە يۇنانىنىڭ مەش-

# ماكىدۇنىيىنىڭ ياش لەشكەر بېشى

ماكىدۇنىيە پادىشاسى پىلىپپوس II تېخى كوندۇرۇلمىگەن بىر شاش ئات سېتىۋېلىپ، شەھەر سىرتىدىكى مەيداندا ئۇنى كورۇپ باقماقچى بولۇپتۇ. ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى نۇرغۇن مۇلازىملارنىڭ ھەمراھلىقىدا، پادىشا ئات كوندۇرۇش مەيدانىغا كېلىپتۇ.

پادىشا سەھنىدە تۇرۇپ، پارقىراپ تۇرغان بىر شەمشەرنى قىنىدىن چىقىرىپ:

— بۇ ئاتنى كىم ئەڭ ئاۋال كوندۇرەلىسە، بۇ شەمشەرنى شۇنىڭغا بېرىمەن! — دەپتۇ.

— مەن! مەن! — 10 نەچچە چەۋەنداز تەڭلا ئوتتۇرىغا سەكرەپ چۈشۈپتۇ. پادىشا سەن ئاۋال سىناپ باق دەپ ياساۋۇللار باشلىقىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپتۇ.

ياساۋۇللار باشلىقى تىزگىننى چىڭ تۇتۇپ، سەكرەپ ئاتقا مىنىپتۇ. شۇ ئەسنادا ئات بىر كىشنەپتۇ - دە، بىرلا موگدەپ ياساۋۇللار باشلىقىنى يەرگە ئىتتىۋېتىپتۇ.

پۈتۈن مەيداندىن كۈلكە كوتىرىلىپتۇ. ئارقىدىنلا يەنە بىر چەۋەنداز مەيدانغا چۈشۈپتۇ، بىراق ئۇ تېخىمۇ قاتتىق يىقىلىپتۇ. مۇنەۋۋەر چەۋەندازلارنىڭ ھەممىسى كارغا كەلمەپتۇ. پادىشا شەمشەرنى قىنىغا تىقىپ:

— ئاتنى ئېلىپ كېتىڭلار! — دەپتۇ مەيۇس ھالدا.

— دادا، تاقەت قىلىڭ ...، — دەپتۇ تۇيۇقسىزلا پادى-

دونىيە قوشۇنلىرىنىڭ مۇئاۋىن لەشكەر بېشى قىلىپ تەيىنلىنىپتۇ.

ماكېدونىيە قوشۇنلىرى يۇناننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى كارونىيە شەھىرىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، يۇنان قەلئەلىرىنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىغا دۇچ كېلىپتۇ. شۇ جايدا ئىككى تەرەپ ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپتۇ. ماكېدونىيە قوشۇنلىرى تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن تۆت چاسا سەپ تۈزۈپتۇ. لەشكەرلەر ئۇزۇنلۇقى 16 رەت كېلىدىغان ئۇزۇن سەپ بولۇپ، ھەر بىر لەشكەر پۈتۈن بەدىنىنى ياپىدىغان قالقان ۋە ئۇزۇنلۇقى 5 مېتىر كېلىدىغان نەيزە بىلەن قوراللىنىپتۇ. ئارقا رەتتىكى لەشكەرلەر نەيزىلىرىنى ئالدى رەتتىكى لەشكەرلەرنىڭ مۈرىسىگە قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالدى رەتتىكى نەچچە رەت لەشكەرلەر ئالدىغا چىقىپ تۇرغان نەيزىلەر بىلەن قوغدىلىپتۇ، پۈتكۈل تۆت چاسا سەپ بىر گەۋدە بولۇپ ھەرىكەت قىلىپتۇ. تۆت چاسا سەپ ئوڭ - سول ئىككى قاناتقا ئايرىلىپتۇ، فىلىپپوس II ئۆزى ئوڭ قاناتقا، ئالېكساندىر سول قاناتقا قوماندانلىق قىلىپتۇ.



ئالېكساندىر

ئىككى تەرەپ ھەل قىلغۇچ جەڭدە ئۇزاق تىركەشسىمۇ كىم يېڭىپ، كىم يېڭىلىدىغانلىقى تايىن تاپماپتۇ، لېكىن ئالېكساندىر ھەممىدىن بۇرۇن غەلىبە قازىنىپتۇ. ئۇ قوماندانلىق قىلغان سول قانات قوشۇن ئەينى زاماندا ئالەمدە تەڭدىشى يوق دەپ ئاتالغان تېبېسلىقلارنىڭ "مۇقەددەس قوشۇن"لىرىغا ئەجەللىك زەربە بېرىپتۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇنىڭ دادىسى فىلىپپوس II

ھۆر ئالىمى ۋە پەيلاسوپى ئارىستوتېلنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ كېلىپتۇ. ئارىستوتېل ئوقۇغۇچىسىنى يۇناننىڭ مەدەنىيىتىنى سۆيىدىغان ۋە ھورمەتلەيدىغان قىلىپ تەربىيىلەشكە تىرىشىپتۇ. ئالېكساندىر ئۇلۇغ گومېرنىڭ داستانلىرىنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇنىڭ ياستۇغى ئاستىدا دائىم «ئىلىيادا» داستانى تۇرىدىكەن. ئۇ پۈتۈن ئەس - يادى بىلەن داستاندىكى قەھرىمان ئاخىللېسنى ئۈلگە قىلىپ، ماكېدونىيە ئۈچۈن ئۇلۇغ خىزمەتلەرنى كۆرسىتىشنى ئويلاپتۇ.

مىلادىدىن ئىلگىرى 338 - يىلى 8 - ئايدا، پادىشا پىلىپپوس II پۈتۈن يۇناننى ئۆز ئىلكىگە ئېلىش قارارىغا كېلىپتۇ. مۇشۇ مەقسەت بىلەن ئۇ بىر خىل يېڭى سەپ تۈزۈش ئۇسۇلىنى ("ماكېدونىيىچە توت چاسا سەپ" ئۇسۇلىنى) تېپىپ چىقىپتۇ. جەڭگە ئاتلىنىش ئالدىدا، پىلىپپوس II ئالېكساندىرغا مۇنداق دەپتۇ:

— مەن قېرىپ قالدىم، ئەمدى كۆپ ئۇرۇشقا قاتنىشالمايمەن! ئىشلىرىمغا ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن يېڭى سەپ تۈزۈش ئۇسۇلىنى ئوبدان مەشق قىلىپ ئۆگىنىۋال.

— دادا، نىمە ئۈچۈن ماگا ئازراق ئوتتۇنۇپ بەرمەيسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئالېكساندىر.

— بۇ نىمە دېگىنىڭ؟

— بۇ قېتىم ئافىناغا ھۇجۇم قىلسىز، كەلگۈسىدە يەنە پېرسىيىگە، ھىندىستانغا ھۇجۇم قىلسىگىز...... ھەممە ئۇرۇشنى سىز قىلىپ بولسىگىز، ماگا قايسى ئۇرۇش قالىدۇ؟

— يارايسەن! — دەپ كۈلۈپتۇ پىلىپپوس II، — ياخشى گەپ، بۇ قېتىم مەن بىلەن بىرگە بار!

شۇ چاغدا ئەمدىلا 18 ياشقا كىرگەن ئالېكساندىر ماكې-

رىپ، — راست گەپ قىلساڭ، چوڭ تارتۇقلايمەن!
— خوپ، — دەپتۇ پەۋقۇلئاددە ئەلچى تىترەپ تۇرۇپ، —
ئافىنالىقلار پادىشانىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، خوپ بولدى دە-
يىشتى. دېموستېنېس ھېيتلىق كىيىملىرىنى كىيىپ، بېشىغا گۈل
تاج كىيىپ، ئافىنادا ئېچىلغان يىغىندا، بۇ "خۇش خەۋەر" نى
تەبرىكلەپ سۆزلىدى. ئۇ ھەتتا ئالىيلىرىنى "كىچىك بالا" دەپ
ھاقارەت قىلدى......

— ھا، ھا، ھا، ھا، — ئالېكساندىر قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ، —
مەن چوڭ بولۇپ قالدىم. مېنىڭ قوشۇنلىرىم شەھەر تۈۋىگە بار-
غاندا، ئۇلار مېنىڭ كارامىتىمنى كۆرىدۇ! — دەپتۇ - دە،
شەمشەرىنى قىنىدىن چىقىرىپ ۋاقىراپتۇ، — قېنى، سەپەرگە
تەييارلىنىڭلار!

ئۇزاق قالماي، ئالېكساندىرنىڭ قوشۇنلىرى ھېچكىمگە
تۇيدۇرماي تېبىس شەھىرىنىڭ يېنىغا كېلىپتۇ. بۇ چاغدا، تېبىس
ماكېدونىيىگە ئاشكارا قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن قوزغىلاڭ كو-
تىرىشكە باشلىغان ئىكەن. ئالېكساندىر تېبىس شەھىرىنى مۇھا-
سىرە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ دەرھال قوزغىلاڭچى-
لارنىڭ داھىسىنى تاپشۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپتۇ. تېبىسلىق-
لار بۇ تەلەپنى رەت قىلىپتۇ ھەمدە يۇنان ئالىمى ئارىستوتېل-
نىڭ تەربىيىسىنى ئالغان ئالېكساندىرنىڭ يۇنانىنىڭ بۇ ئەڭ
قەدىمىي شەھەرلىك شەھىرىنى ۋەيران قىلىۋەتمەسلىكىنى ئۈمىت
قىلىپتۇ. بىراق، ئالېكساندىر تېبىس شەھىرىنى يەنىلا خارابىغا
ئايلاندۇرۇپتۇ، پۈتۈن شەھەر ئاھالىسىنى قۇل قىلىپ سېتىپتۇ،
بىرەر تارىخىي ئاسارە- ئەتىقە ياكى بىرەر مەشھۇر ئالىمغىمۇ رە-
ھىم قىلماپتۇ. ئافىنانىڭ تەسلىم بولۇش تەرەپدارلىرىنىڭ كاتتى-
ۋېشى ئېسچىنى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ ئالېكساندىر بىلەن

تەرەپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپتۇ. بىرلەشمە قوشۇن ماكېدونىيە قوشۇنلىرىنىڭ سەپلىرىنى بوسۇپ ئۆتۈپ، ئۇنى قىستاپ بېرىپتۇ، لېكىن بىرلەشمە قوشۇن غەلىبىدىن ئەسەنكىرەپ كېتىپتۇ ۋە قوشۇن قوماندانى:

— كەينىمدىن يۈرۈڭلار، ماكېدونىيە قوشۇنلىرىنى قوغلاپ چىقىرايلى! — دەپ ۋاقىراپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاتاكىغا ئۆتۈپ ئۆز قوشۇنىنى چېچىۋېتىپتۇ. ئېگىز دۆڭدە بۇ ئۇرۇشنى كۆرۈپ تۇرغان ئالېكساندىر كەسكىن ھالدا:

— ئۇلار غەلىبە قىلالمايدۇ! — دەپتۇ. ئۇ دادىسىغا ياردەملىشىپ سەپنى ئوڭلاپ، بىرلەشمە قوشۇنغا ئېتىلىپتۇ. نەتىجىدە بىرلەشمە قوشۇن مەغلۇپ بولۇپ، پىلىپپوس II ئومۇمىي يۈزلۈك غەلىبىگە ئېرىشىپتۇ. بۇ جەڭ يۇنانلىقلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەپتۇ. 2-يىلى، پىلىپپوس II كودىنس دېگەن كەنتتە پۈتۈن يۇنان يىغىنى چاقىرىپ ئۆزىنى پۈتۈن يۇناننىڭ ئالىي لەشكەر بېشى دەپ جاكالاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ماكېدونىيىنىڭ يۇنان قەبىلىلىرى ئىچىدىكى رەھبەرلىك ئورنى تىكلىنىپتۇ.

مىلادىدىن ئىلگىرى 336-يىلى، پىلىپپوس II قىزىنىڭ توي مەرىكىسىگە قاتنىشىۋاتقاندا سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، ئالېكساندىر پادىشاھلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپتۇ. بۇ چاغدا، ئۇ ئاران 20 ياشقا كىرگەن ئىكەن.

بىر كۈنى، ئالېكساندىر ئەمدىلا ئافىنادىن كەلگەن پەۋقۇلئاددە ئەلچىنى قوبۇل قىلىپ، دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ يەردە قانداق ئىنكاسلارنىڭ بارلىقىنى سوراپتۇ. پەۋقۇلئاددە ئەلچى دۇدۇقلاپ ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ.

— راست گەپ قىلمايدىغان بولساڭ بېشىڭدىن ئاگاھ بول! — دەپ ۋاقىراپتۇ ئالېكساندىر شەمشەرنى قىنىدىن چىقى-

چۈشەنمىگەن بىر سەركەردە.

— ئۈمىت! — دەپتۇ ئالېكساندىر، — ئۆزەمگە ئۈمىتنى قالدۇردۇم، ئۇ ماڭا پۈتمەس - تۈگىمەس بايلىق ئاتا قىلىدۇ!

سەركەردىلەر بۇ ياش پادىشانىڭ ئىرادىسىدىن تەسىرلىنىپتۇ، ئۇلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن شۇنداق قىلىپتۇ، شەرققە بېرىپ تېخىمۇ كۆپ بايلىق تېپىشقا تەييارلىنىپتۇ.

سەپەر ئۈستىدە، يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن كىچىك ئاسىيادىكى بىر قەدىمىي شەھەرنى ئىشغال قىلىپتۇ، بىرسى ئالېكساندىرنى رىۋايەتتىكى خانىنىڭ ئۇرۇش ھارۋىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەكلىپ قىلىپتۇ. بۇ ھارۋىدا ھارۋىنىڭ شوتىسىغا ئات قوشۇشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر تاسما بولۇپ، غەلىتە تۈگۈن قىلىپ چىگىپ قويۇلغان ئىكەن. ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، پادىشا، بۇ تۈگۈننى كىم يېشەلىسە، شۇ چوقۇم پۈتۈن ئاسىيانى ئىشغال قىلالايدۇ، دەپ بىشارەت قىلغان ئىكەن. ئالېكساندىر تۈگۈننى يېشىپ باقماقچى بولۇپ يېشەلمەپتۇ. بىراق ئۇ ھېچ پىسەنت قىلماي، دادىسى بەرگەن ھېلىقى شەمشەرنى ئېلىپ تۈگۈننى كېسىپ ئىككى پارچە قىلىۋېتىپتۇ - دە، شەمشەرنى ئوينىتىپ ۋاقىراپتۇ:

— تۈگۈن بىلەن چاتىقىمىز نىمە، ئاسىيا شەمشىرىم ئالدىدا تىز پۈكسۇن!

كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ كەچۈرۈم قىلىشىنى ۋە بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىشىنى تەلەپ قىلغاندا، ئالېكساندىر ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ، كۈلۈپ قويۇپ سۆزلەپتۇ:

— سىلەر مېنى "كىچىك بالا" دەپسىلەرغۇ؟ يەنە نىمە ئۈچۈن مېنى ئىزلەپ كەلدىڭلار؟

— ئۇنداق ئەمەس، ئۇنداق دېيىشكە بېشىمىز نەچچە، بۇ دېموستېنېسنىڭ جۆيلۈپ قىلغان سۆزلىرى، — دەپتۇ ئېلچى بېشىنى سىلىپ تۇرۇپ، — پۈتۈن ئافىنا شەھىرىمىز ئاھالىلىرىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى قارشى ئالىدۇ......

— مېنى قارشى ئالىدىغان بولساڭلار ياخشى گەپ، — دەپتۇ پىسەنت قىلماي ئالېكساندىر، — مۇنداق بولسۇن، دادامنىڭ ئۇسۇلى بويىچە كورىنىستا يىغىۋاشتىن پۈتۈن يۇنان يىغىنىنى چاقىرايلى!

بىر ئايدىن كېيىن، كورىنىس يىغىنى يەنە چاقىرىلىپتۇ. يۇناننىڭ ھەرقايسى قەلئەلىرىدىن كەلگەنلەر ئالېكساندىر پادىشا بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. ئالېكساندىر ئۆزىنى يۇنان — ماكېدونىيە بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ ئالىي لەشكەر بېشى دەپ جاكالاپتۇ.

شۇنىڭدىن تارتىپ ئالېكساندىرنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قارا نىيىتى بارغانسېرى ئۆرەپ كېتىپتۇ. مىلادىيەدىن ئىلگىرى 334 - يىلى ئەتىيازدا، ئالېكساندىر ئۆزى 35 مىڭ لەشكەر ۋە 160 ئۇرۇش كېمىسىنى باشلاپ، شەرقتىكى پېرسىيىگە يۈرۈش قىلىشنى باشلاپتۇ. ئۇ سەپەرگە ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى بارلىق يەر - مۈلكىنى، كىرىمىنى، قۇللىرىنى ۋە چارۋىلىرىنى باشقىلارغا بۆلۈپ بېرىپتۇ.

— ئالىيلىرى، ئۆزلىرى بارلىق مال - مۈلۈكلىرىنى بۆلۈپ بېرىۋەتتىلە. ئۆزلىرىگە نىمە قالىدى؟ — دەپ سوراپتۇ

ئەملىيەتتە، بۇ بىر بانايى - سەۋەپ ئىكەن. ماكىدۇنىيە لەشكەرلىرى يۇرتىدىن چىقىپ يىراققا سەپەر قىلغانىدىن بۇيان، ئېغىر جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتقان، تالاپەت ئېغىر بولغان. ھىندىستاننىڭ ئىسسىقى، بوران - چاچقۇنى ۋە كېسەللىكلىرىگە چىداش قىيىن بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇرتىدىن يىراقلاپ كەتكەنچە، ھەممىيلەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى سېغىنغان. شۇڭا، سىرسىيە سەركەردىسى ماكىدۇنىيە لەشكەرلىرىنى ھاقارەتلىگەندىن كېيىن، لەشكەرلەردىكى نارازىلىق پارتلاپ چىققان.

شۇ كۈنلەردە، ئالېكساندىر بەزگەك بولۇپ قىلىپ چېدىرىدا دەم ئېلىۋاتقان ئىكەن. ئۇ بۇنى ئاڭلاپ، دەرھال چېدىرىدىن چىقىپ، بىر تاش ئۇرۇندۇقنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چىقىپ، ئەگىشىپراق سوزلەپتۇ:

— ئەزىمەتلەر! قېرىنداشلار! مەن سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلارغا قايتىش ئارزۇيۇڭلارغا سوغاق سۇ سەپمەكچى ئەمەسمەن. مېنىڭچە بولسىغۇ نەگە بارساڭلار مەيلىڭلار ئىدى، بىراق، ئويلاپ كورۇڭلار، مۇشۇنداق كېتىپ قالساڭلار، ماڭا قانداق يۈز كېلەلەيسىلەر؟— سوزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇنىڭ ئۈنى بوغۇلۇپتۇ،— مەن سىلەر بىلەن بىر داستىخاندا تاماق يەيمەن، بىر يەردە ئۇخلايمەن. قاراپ بېقىڭلار، بەدىنىمنىڭ يارا بولمىغان يېرى يوق، بەدىنىمدە ھەممە قورال - ياراقنىڭ ئىزى بار. بەزىلىرىڭلار كېسەل بولۇپ قالدىڭلار، مەنمۇ كېسەل بولۇپ قالدىم. بۇلار نىمە ئۈچۈن؟ ھەممىسى سىلەر ئۈچۈن، سىلەرنىڭ شوھرىتىڭلار ئۈچۈن، سىلەرنىڭ بايلىقىڭلار ئۈچۈنغۇ!

ھەممەيلەن جىمجىت بولۇپ كېتىپتۇ. ئالېكساندىر سوزىنىڭ ئۈنۈم بەرگەنلىكىنى كورۇپ، روھلىنىپ، توختىماي ئوزىنىڭ توھپىلىرىنى سوزلىگىلى تۇرۇپتۇ. ئۇ يۇنانىنى بېسىۋالغانىدىن كې-

# ئالېكساندىرنىڭ ئۆلۈمى

مىلادىدىن ئىلگىرى 327 - يىلى، ئالېكساندىرنىڭ يىراقـقا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنى پىرسىيىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلىپتۇ. قوشۇن ھىندى دەرياسىنىڭ بىر تارماق ئېقىنىغا كەلگەندە، تۇيۇقسىزلا لەشكەرلەر ئارىسىدا تopىلاڭ كوتىرىلىپتۇ. ئۇلار توپ - توپى بىلەن ئالېكساندىرنىڭ چېدىرى ئالدىغا كېلىپ، قورال - ياراقلىرىنى تاشلاپ، باشلىـرىنى سىلىپ يىغلاپ، ھىندىستاندىن ۋەتەنگە قايتىپ كېتىشكە ئىجازەت سوراپتۇ.

بۇ ۋەقە مۇنداق باشلانغان ئىكەن: ئالېكساندىر پىرسىيىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، پىرسىيە پادىشاسىنىڭ ھەشەمەتلىك تۇرمۇشىنى بەك ياقتۇرغان. ئۇ پىرسىيە پادىشاسىنىڭ خوتۇنى ۋە قىزىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان، پىرسىيىلىكلەرنى "ئالېكساندىرـنىڭ تۇققىنى" دەپ ئاتىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن پىرسـىيىلىكلەرنى ماكېدونىيە لەشكەرلىرىگە كوماندىر قىلىپ تەيىنلـگەن. شۇ كۈنى بىر پىرسىيە سەركەردىسى ماكېدونىيە سەركەردىسى بىلەن تاكاللىشىپ قالغاندا، ماكېدونىيىلىكلەرنى خالىغانچە ھاـقارەتلىگەن، بۇ ھال ماكېدونىيە لەشكەرلىرىنىڭ غەزىپىنى قوزـغىغان. لەشكەرلەر ئالېكساندىر ئۆزگىرىپ كەتتى، ماكېدونىيىـلىكلەرنى كېرەك قىلمايدىغان بولدى، دەپ ھېسابلاپ، قوشۇنـدىن ئايرىلىپ ۋەتەنگە قايتىپ كېتىشنى ئارقا - ئارقىدىن تەلەپ قىلغان.

ئەسلىرىدىن چىقارمىغانلىقى، ئۇلار پىرسىيىنىڭ بىر جاۋ شەھ-
رىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، نۇرغۇن بايلىقلارنى قولغا چۈ-
شۈرگەن. بۇ بايلىقلار 3000 تۆگە ۋە 2000 خېچىر - ئات
بىلەن توشۇلغان. بىراق، بۇنىڭ ئازغىنا بىر قىسمىلا لەشكەر-
لەرگە تەككەن......

ئالېكساندىر سوزلەپ بولۇپ، ھالسىزلىقتىن چىقىان چى-
رايىدىكى تەرلەرنى قولياغلىقى بىلەن ئېرتىپ، لەشكەرلەر-
نىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇلارنى سويگەن ھەمدە يەردىكى قورال -
ياراقلارنى ئېلىپ ئۇلارغا تۇتقۇزغان. بىر نەچچە لەشكەر تە-
سىرلىنىپ، ئۇنى سويگەندىن كېيىن چېدىرلىرىغا قايتىپ كەت-
كەن. لېكىن كوپچىلىكى يەنىلا لام - جىم دىمەي جىم تۇرۇ-
ۋالغان. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئالېكساندىر ئامال قى-
لالماي بىر قىسىم ياشانغان ۋە ياردار - مېيىپ لەشكەرلەر-
نىڭ ماكېدونىيىگە قايتىپ كېتىشىگە ماقۇل بولغان.

لېكىن، بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا 10 نەچچە مىڭ ئادەم
كېتىپ قالغان. ئالېكساندىر لەشكەرلەرنىڭ رايىنى تىزگىنلەش
ئۈچۈن، بۇ قېتىمقى چاتاق چىقىرىشقا باشلامچىلىق قىلغان ما-
كېدونىيە سەركەردىسىگە ۋە 10 نەچچە لەشكەرگە ئۆلۈم جازا-
سى بەرگەن. نەتىجىدە، لەشكەرلەر تېخىمۇ نارازى بولۇپ،
داۋاملىق يۈرۈش قىلىشقا ئۇنىمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئالېكساندىر
سەركەردىلەر يىغىنى چاقىرىپ، سەركەردىلەرگە لەشكەرلەرنى قات-
تىق تىزگىنلەشنى تاپشۇرغان. بىراق يىغىندا سەركەردىلەرنىڭ
كوپچىلىكى ۋەتەنگە قايتىشنى تەشەببۇس قىلغان. مۇشۇنداق
ئەھۋالدا، ئالېكساندىر قايتىشقا بۇيرۇق بېرىشكە مەجبۇر بولغان.

قوشۇن ھىندى دەرياسىنى بويلاپ غەربىي جەنۇپ تەرەپ-
كە قاراپ چېكىنگەن. بىرنەچچە ئاي ھەربىي يۈرۈش قىلىپ

يىن، قانداق قىلىپ ئۇلارنى باشلاپ ماكېدونىيە تېررىتورىيىسىدىن 50 ھەسسە چوڭ كېلىدىغان پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنى بېسىۋالغانلىقىنى، نەچچە يۈزمىڭ پېرسىيە لەشكىرىنى يوقاتقانلىقىنى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە قانداق قىلىپ مىسىرنى بويسۇندۇرغانلىقى، مىسىر راھىبلىرى ئۇنى "قۇياش خۇداسىنىڭ ئوغلى" دەپ ئاتىغانلىقىنى؛ قانداق قىلىپ شەرقتىكى مەشھۇر شەھەر بابىلنى بېسىۋېلىپ "بابىل ۋە ئالەم پادىشاسى" دەپ ئاتالغانلىقىنى...... ئەسلەپ ئوتۇپتۇ.

لەشكەرلەر ئالېكساندىرنىڭ بۇ سۆزلىرىنىڭ كۆپلىرى راست ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپتۇ. راستلا ئۇ ئەتەي ئىرادىلىك، پاراسەتلىك ۋە جاسارەتلىك بولۇپ، ئۇرۇشتا كارامەت خىزمەتلەر كۆرسەتكەن، شەرقتە ھىندى دەرياسىدىن تارتىپ، غەرپتە سەھرايى كەبىرگىچە بولغان كەڭ رايونلاردا ماكېدونىيە ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان. بىراق، ئۇ چوڭ ئىشلارنى قىلىشتا ئامراق بولۇپ، لەشكەرلەرنىڭ ھېرىش - چارچاشلىرى ۋە ئۆلۈش - تىرىلىشىگە قارىماي، ئۇدا ئۇرۇش قوزغىغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ مىجەزى ئەسكى بولۇپ، كىشىلەرگە رەھىمسىزلەرچە مۇئامىلە قىلغان. ئۇ ئۆزىگە قارشى چىققان قوماندانىنى ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرگەن، يەنە بۇ قوماندانىنىڭ دادىسىنى — ماكېدونىيە قوشۇنىدىكى ئەڭ ئابرويلۇق پېشقەدەم سەركەردىنىمۇ ئۆلتۈرگەن؛ ئۇ زىياپەت ئۈستىدە، ئۆزىگە سادىق بولغان بىر لەشكەر بېشىنى ئوينىغاندەكلا ئۆلتۈرۈۋەتكەن؛ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭ بىلەن بىللە يىراققا يۈرۈش قىلىپ كەلگەن تارىخچىنى ئۆلتۈرگەن، چۈنكى بۇ تارىخچى ئۇنىڭ شەرقنىڭ يۈكۈنۈپ باش ئۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانماقچى بولغانلىقىغا ئاشكارا قارشى چىققان. لەشكەرلەر يەنە شۇنى

بىر كۈنى، ئالېكساندىر ئادەتتىكىدەك ھەرقايسى خۇدا-
لارغا ئاتاپ ياغ پۇرۇتۇپ، خۇدالارنىڭ ئۇنىڭغا ياخشى ئامەت
ئاتا قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىپتۇ. شۇ ئاخشىمى ئۇ بىر يېقىن
ۋستى بىلەن ھاراق ئىچىپ بەزمە قىلىپتۇ، ئاندىن يۇيۇنۇپتۇ.
ۇيۇقسىزلا ئۇ قىزىپ كېتىپ، شۇ ياتقىنىچە قوپالماپتۇ. لېكىن،
ۇ يەنە ھەر كۈنى سەركەردىلەرنى چاقىرىپ، ھەربىي يۈرۈشنى
انداق باشلاش توغرىسىدا يولييورۇق بېرىپ تۇرۇپتۇ. بىر نەچچە
ۈنگە قالمايلا، ئۇنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ، سۆزلىيەلمەس بولۇپ
يلىپتۇ. لېكىن ئۇ يەنىلا كۆز ئىشارىتى بىلەن سەركەردىلەرنى
اۋاملىق غەرپكە يۈرۈش قىلىشقا ئۈندەپتۇ. ئۆلۈش ئالدىدا،
ىنىڭ دەپنە مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈش مەزگىلىدە، كاتتا ھەربىي
ۇسابىقە ئۆتكۈزۈڭلار، دەپ ۋەسىيەت قالدۇرۇپتۇ. شۇ يىلى
ئالېكساندىر ئەمدىلا 33 ياشقا كىرگەن ئىكەن.
ئالېكساندىر ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېقىنلىرى ھوقۇق
تارتىشىش يولىدا كەسكىن كۈرەشلەرنى ئېلىپ بارغان. ئانچە
ئۇزاق ئۆتمەي ئالېكساندىر بويى سۇندۇرغان زېمىندا بىر قان-
چە يېڭى دۆلەت بارلىققا كەلگەن، تېررىتورىيىسى ياۋروپا،
ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىن ئىبارەت 3 قىتئە زېمىنىغا سوزۇلغان
ماكېدونىيە پادىشالىقى شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن پارچىلىنىپ كەتكەن.

قوشۇن ھىندى دەرياسىنىڭ ئەرەپ دېڭىزىغا قۇيۇلىدىغان ئې-
غىزىغا كەلگەن. بۇ يەردە نەزىر - چىراق ۋە زىياپەت قىلغان-
دىن كېيىن، قوشۇن ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، بىر يولى دېڭىز
ئارقىلىق غەرپكە قاراپ يولغا چىققان، بىر يولى چۆل - جە-
زىرىلەر ئارقىلىق بابىلغا قاراپ يولغا چىققان.

ئالېكساندىر بىر يول قوشۇننى باشلاپ، پايانسىز كەتكەن چۆل - جەزىرىگە كىرگەن. ھاۋا بەك ئىسسىق بولغانلىقى، ئاچلىق - ئۇسسۇزلۇق تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر خىل كېسەللىك يامراپ كەتكەنلىكى، يىلان، چايان چاقىدىغانلىقى، يەنە دائىم دۈشمەنلەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغانلىقى تۈپەيلىدىن، ھەربىي يۈرۈش ئىنتايىن ئاستا بولغان، ئادەم، ئات - ئۇلاق چىقىمى ئېغىر بولغان. لەشكەرلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى جۇل - جۇل بولۇپ كېتىپ، يالىڭاياق يۈرگەن؛ يارىدار كېسەللەر ۋە سەپتىن چۈشۈپ قالغانلار چۆل - جەزىرىلەردە قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ ئاستا - ئاستا ئۆلۈپ كەتكەن. بىر مۇنچە لەش-كەرلەر يىراققا يۈرۈش قىلغانغا ئاشكارا نارازىلىق بىلدۈرگەن، ھەتتا توپىلاڭ ئۇيۇشتۇرغان. مىلادىدىن ئىلگىرى 325 - يىلىغا كەلگەندە، قېلىپ قالغان قىسىملار بابىلغا يېتىپ كەلگەن، ئۇن يىل داۋام قىلغان ماكېدونىيە يىراققا يۈرۈشى شۇنىڭ بىلەن ئاياقلاشقان.

ئالېكساندىر بابىلغا كەلگەندىن كېيىن، بابىلون شەھىرىنى ماكېدونىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ يېڭى پايتەختى قىلغان. ئۇ يەنە غەرپكە يۈرۈش قىلىپ شىمالىي ئافرىقا ۋە ئىتالىيىنى بوي-سۇندۇرۇشنى ئويلىغان. مىلادىدىن ئىلگىرى 323 - يىلى يازدا، ئۇنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلىش تەييارلىقى پۈتكەن، بىراق ئۇ-نىڭ ئۆلۈمىمۇ يېقىنلىشىپ قالغان.

— بۇ ناھايىتى ئاددى گەپ، — دەپتۇ ئارىستوتېل ئورنىدىن تۇرۇپ ساقاللىرىنى سىلىغان ھالدا ۋە ئىككى قەدەم مېڭىۋېتىپ، — بىز يۇنانلىقلاردا، ھەمىيانىڭ يانچۇقۇڭدا بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇلۇڭ ھەمىيانىڭدا بولسا، پۇلۇڭ چوقۇم چونتىكىڭدە بولغان بولىدۇ، دېگەن بىر قىزىق ماقال بار. بۇ ئىنتايىن مۇكەممەل بولغان «ئۈچ باسقۇچلۇق يەكۈن» ئەمەسمۇ؟

— ئۆزلىرى راستلا ئۇلۇغ پەيلاسوپ ئىكەنلا، — دەپتۇ ياشلار بىردەك.

— بىراق، — دەپتۇ ئارىستوتېل تەمكىن ھالدا، — پەيلاسوپلارنىڭ ئاقىۋىتى، كۆپىنچە، پاجىئەلىك بولىدۇ.

— پاجىئەلىك؟ — ھەيران قېلىپتۇ ياشلار.

— سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار، — دەپتۇ ئارىستوتېل بارغانچە تەمكىن تەلەپپۇز بىلەن ئافىنا شەھەر سېپىلىگە قاراپ تۇرۇپ، — مېنىڭ ئۇستازىم پلاتون سىتسىلىيىگە بېرىپ ئۇ جاينىڭ پادىشاسىنى سىياسىنى ئىسلاھ قىلىشقا دەۋەت قىلغانلىقى ئۈچۈن قۇل قىلىپ سېتىۋېتىلگەن. ئۇستازىمنىڭ ئۇستازى سوكرات خۇداسىزلىقنى تەشۋىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، ئاخىرى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن!

ياشلار ئۈن چىقارماي ئاڭلاپتۇ، بىر ياش تۇيۇقسىزلا ۋاقىرىۋېتىپتۇ:

— مۇئەللىم، ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرى چوقۇم ئۇستازلىرىنىڭ تەقدىرىگە ئوخشىمايدۇ، چۈنكى ئۆزلىرى بۈگۈنكى كۈندە ئالەمنى بىرلىككە كەلتۈرگەن يۇنان ماكېدونىيە پادىشاسى ئالېكساندىرنىڭ ئۇستازى - دە ......

— ياق، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپتۇ ئارىستوتېل، — ئالېكساندىر ئالىيلىرى ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا ۋاپات بولدى!

# ئارىستوتېل

مىلادىدىن ئىلگىرى 323 - يىلى ھاۋا ئىللىق ئەتىگەنلىكى، 60 ياشلارغا كىرگەن بىر بوۋاي، ئافىنانىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى ئورمانلىقتا ئايلىنىپ يۈرەتتى.

بۇ سالاپەتلىك، كېلىشكەن بوۋاي گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىسىنى پەيزى قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى ئون نەچچە ياشمۇ بىمالال سەيلى قىلىپ يۈرەتتى. ئۇلار جىلغىدىكى ئېرىق بويىغا كېلىپ، رەتسىز تاشلاردا ئولتۇرۇپ چوڭقۇر پەلسەپۋى مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.

بۇ پىشقەدەم ئالىم پۈتۈن يۇناندا مەشھۇر بولغان ئۇلۇغ پەيلاسوپ ئارىستوتېل ئىكەن. ھېلىقى ياشلار ئۇ ئاچقان لۇكىئان بىلىم يۇرتىنىڭ يۇقۇرى سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىكەن. ئارىستوتېل ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەنزىرىلىك جايلارغا بېرىپ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەركىن مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشىنى تەشەببۇس قىلىدىكەن، ئۆزىمۇ بىر تەرەپتىن ئايلىنىپ يۈرۈپ، بىر تەرەپتىن دەرس ئۆتۈشكە ئامراق ئىكەن، شۇڭا كىشىلەر بۇ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى "ئەركىن ئىلمىي ئېقىمدىكىلەر" دەپ ئاتاشقان.

— مۇئەللىم، "ئۈچ باسقۇچلۇق يەكۈن"نى سۆزلەپ بەرسىلە، لوگىكىدىكى بۇ سوئال بەك قىيىن ئىكەن. چوڭ ئالدىنقى شەرت، كىچىك ئالدىنقى شەرت يەكۈن دېگەندۇ، ئىشقىلىپ تەس ئىكەن ......، — دەپتۇ بىر ياش سەممىي ھالدا.

بىرلىرى كېرەك، دەپ پەرمان چىقارغان. ئارىستوتېل بىلىم بىرىندا بىئولوگىيە تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىپ، دائىم ھەرخىل ھايۋانلارنى ئوپېراتسىيە قىلغان. سانسىز قېتىملىق ئوپېراتسىيە ئارقىلىق، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار مۇنداق بىر قانۇنىيەتنى بايقىغان: ھايۋانات قانچە تەرەققى تاپقان بولسا، ئۇنىڭ ئورگا-نىزمىنىڭ فۇنكسىيىسى شۇنچە مۇرەككەپ بولىدىكەن.

ئارىستوتېل دەرستىن سىرت ۋاقىتلاردا يەنە نۇرغۇن پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇ، شەكىل بىلەن ماددا بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدۇ، دەپ قارىغان ھەمدە ئۇستازى پلاتوننىڭ چىنلىقنى "ئىنسان ئىدرىكى" دىگەن ئىدىيالىستىك نۇقتىنەزىرىگە قوشۇل-مىغان. ئۇ يەنە ھايات ۋە دۇنيا — ھەركەت دىمەكتۇر، ھەركەت بولمىسا زامان، ماكان ۋە ماددىمۇ بولمايدۇ، دەپ قارىغان. بۇلاردا مەلۇم دىيالېكتىك نۇقتىنەزەر بار. ئۇ يازغان «قورال، نەزىرىيىسى» دىگەن كىتاپ دۇنيا بويىچە مۇكەممەل بولغان تۇنجى لوگىكا ئەسىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئارىستوتېل ئۇلۇك ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا قارشى تۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئېلىپ چىقىپ ئايلىنىپ يۈرۈپ دەرس ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلغان. بۈگۈن، ئادەتتىكى چاغلاردىكىگە ئوخشاش يۇقۇرى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنى باشلاپ شەھەر سىرتىغا چىقىپ دەرس ئۆتۈپتۇ ۋە پەلسەپە مەسىلىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپتۇ.

غۇر - غۇر شامال يىراقتىن كېلىۋاتقان ئاتنىڭ چاپقان ئاۋازىنى ئېلىپ كېلىپتۇ.

— كىم كەلگەندۇ؟ — ئوقۇغۇچىلار قارىسا، بىر ئوقۇ-غۇچى ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىكەن.

— مۇئەللىم، تۇتسىلا! — دەپتۇ ھىلىقى ئوقۇغۇچى سەك

ئەسلىدە، ئارىستوتېل ئائىلىسى بويىچە ماكېدونىيە خان جەمەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىكەن. ئۇنىڭ دادىسى خان ئوردىسىنىڭ دوختۇرى، ئۆزى بولسا ماكېدونىيە شاھزادىسى ئالېكساندىرنىڭ ئۇستازى ئىكەن. ئالېكساندىر تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئارىستوتېل ئافىناغا كېلىپ مەكتەپ ئاچقان. ئۇ ئالدى بىلەن ياش ئوقۇغۇچىلارغا "ئەقلىي تەربىيە، ئەخلاقىي تەربىيە ۋە جىسمانىي تەربىيە" ئېلىپ بېرىشنى ھەممىدە يىللىقلارغا ئايرىپ ئوقۇتۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ دۆلەتنىڭ 7 ياشتىن 14 ياشقىچە بولغان بالىلارغا باشلانغۇچ مەكتەپ ئېچىپ بېرىپ، ئۇلارغا گىمناستىكا، تىل، ھېساپ، رەسىم ۋە ناخشا ئۆگىتىشنى؛ 14 ياشتىن 21 ياشقىچە بولغان ياش ئۆسمۈرلەرگە ئوتتۇرا مەكتەپ ئېچىپ بېرىپ، ئۇلارغا تارىخ، ماتېماتىكا ۋە پەلسەپە ئۆگىتىشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ جىسمانىي تەربىيە ساغلام بەدەن كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشنى، ئەخلاقىي تەربىيە ئېتىخارلىق ۋە باتۇر، ئوچۇق كۆڭۈل مىجەز يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ دەپ قارىغان. ئۇ يەنە ياشلار ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مۇنەۋۋەرلىرىنى داۋاملىق تەربىيىلەشنى تەشەببۇس قىلغان. شۇڭا، ئۇ لوكېيان بىلىم يۇرتىنى ئاچقان.

ئارىستوتېلنىڭ مەكتەپ ئېچىشىنى پادىشا ئالېكساندىر تازا قوللىغان، ئۇ، ئىلگىر - كېيىن بولۇپ 160 مىڭ تىللا راسخوت ئاجرىتىپ بەرگەن. ئارىستوتېل بىلىم يۇرتىدا ياۋروپا بويىچە تۇنجى كۇتۇپخانە قۇرۇپ، تەبىي پەن ۋە قانۇنغا دائىر نۇرغۇن كىتاپلارنى ساقلىغان.

ئالېكساندىر يەنە پۈتۈن مەملىكەتكە، ئوۋچىلار ۋە بېلىقچىلار غەلىتە ھايۋانلارنى تۇتۇۋالسا ئارىستوتېلغا ئېلىپ كېلىپ

# يەتتە چوڭ مۆجىزە

دۇنيا بىناكارلىق تارىخىدا، قەدىمقى يۇنان قۇرۇلۇش-
لىرىنى دۇنيادا تېپىلمايدىغان تەۋەررۈك دىسە بولىدۇ. ئۇ كۆلىمى-
نىڭ ھەيۋەتلىكلىكى، نەقىشلىرىنىڭ نەپىسلىكى، شەكلىنىڭ گۈزەل-
لىكى بىلەن ئالەمگە مەشھۇر. بۇنىڭدىن 2000 نەچچە يۈز يىل
ئىلگىرى فىنىكىلىق بىر يازغۇچى شېئىرىي تىل ئارقىلىق دۇنيا-
دىكى يەتتە چوڭ مۆجىزىنى — شۇ زامانلاردا دۇنيادا ئەڭ
كۆركەم بولغان يەتتە چوڭ
ئىمارەتنى مەدھىيىلىگەن
ۋە تەسۋىرلىگەن. بۇ يەت-
تە چوڭ مۆجىزىدىن، يۇ-
قۇرىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆت-
كەن مىسىر ئېھراملىرى ۋە
بابىلدىكى مۇئەللەق باغ-
چىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەم-
مىسىنى قەدىمقى يۇنانلىقلار
مىلادىدىن ئىلگىرى 6-
ئەسىردىن مىلادىدىن ئىل-
گىرى 3-ئەسىرگىچە بولغان
ئارىلىقتا ئىنشا قىلغان
بولۇپ، بۇلاردا قەدىمقى
يۇنانىنىڭ بىناكارلىق تېخ-
نىكىسى ۋە نەققاشچىلىق



زېۋس

رەپ ئاتتىن چۈشۈپ ۋە تېزگىن بىلەن قامچىنى ئارىستوتېلغا تۇتقۇزۇپتۇ.

— نىمە ئىش بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ ئارىستوتېل تەمكىن ھالدا.

— چاتاق بولدى! ئۇلار ئۇزلىرىنى تۇتۇش ئۇچۇن كېلىۋاتىدۇ! چاققان قاچىسلا!

— ھودۇقماي سوزلە!

— مۇئەللىم، ئالېكساندىر ئالسلىرى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئافىنالىقلار غالجىرلىق بىلەن ماكىدۇنىيىنىڭ ئىرادە قىلىشىغا قارشى تۇردى. ئۇلار ئۇزلىرىنى ئالېكساندىرنىڭ ئۇستازى دەپ پاش قىلىشتى. ھازىر ئۇلار ئۇزلىرىنى تۇتۇشقا كېلىۋاتىدۇ، تېز قېچىپ كەتسىلە!

— ھەي، ئەركىن ئىلمى ئېقىمنى ئىجات قىلغان مەن، ئاخىر بېرىپ ئەركىن بولالمايدىغان بولۇپتىمەن - دە! — دەپ ئۇھ تارتىپتۇ ئارىستوتېل.

ئارىستوتېل نائىلاج ئۇز يۇرتى — جوپىيە ئارىلىنىڭ كالكاس دىگەن شەھرىگە پانا ئىزلەپ قېچىپ كېتىپتۇ. 2 - يىلى يازدا، قەدىمقى يۇنانىنىڭ بۇ ئەڭ ئۇلۇغ پەيلاسوپى ئېچىنىشلىق ھالدا ئولۇپ كېتىپتۇ.

لامنىڭ هەيكىلى چوشۇرۇلگەن، ئاستىغا غەلىبە ئىلاھەسى
ەن، بەرى سفىنكسنىڭ هەيكىلى ئويۇلغان، يەنە ئايال ئاي
ۇداسى ۋە قۇياش خۇداسىنىڭ مەغرۇرلۇق ئايال خۇداسىنىڭ
زىنى ئۇلتۇرگەنلىكى توغرىسىدىكى ھېكايە تەسۋىرلەنگەن.

زېۋس خۇدانىڭ هەيكىلى مىلادىدىن ئىلگىرى 450 - يىلى
الغان بولۇپ، مىلادىدىن ئىلگىرى 3 - ئەسىرگە كەلگەندە
قىممەتلىك هەيكەل بۇزۇپ تاشلانغان، زىننەت ئۈچۈن ئىش-
لىگەن ئالتۇن، مەرۋايىت، گوهەرلەر قالدۇرماي ئوغرىلانغان،
ەتتا هەيكەلنىڭ بويى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن قارىياغاچمۇ
وغرىلىنىپ چەتئەللەرگە سېتىۋېتىلگەن.

ئېگەي دېڭىزى بىلەن يۇنانىنى ئايرىپ تۇرىدىغان كىچىك
ئاسىيا يېرىم ئارىلىدا! مائۇسولۇس قەۋرىسى قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ.

مائۇسولۇس يۇنان قەلئەلىرىدىن بولغان كارىيە قەلئەسىنىڭ
پادىشاسى ئىكەن. ئۇ مىلادىدىن ئىلگىرى 395 - يىلى خارلى-
كارنائۇسنى پايتەخت قىلغاندىن كېيىن، ئۇزىنىڭ قەۋرىسىنى
سېلىشقا تۇتۇش قىلىش مەقسىدە بۇيرۇق بەرگەن. مىلادىدىن
ئىلگىرى 353 - يىلى بۇ پادىشا ئۆلگەن چاغدىمۇ بۇ قەۋرە
پۈتمىگەن، خانىش داۋاملىق تۇردە ئۇنىڭ قۇرۇلۇشىغا رىيا-
سەتچىلىك قىلغان.

بۇ قەۋرە تۆت چاسا بولۇپ، ناھايىتى كاتتا قىلىپ ياسالغان.
ئۇزۇنلۇقى 39 مېتىر، كەڭلىكى 33 مېتىر، ئېگىزلىكى 50 مېتىر
كېلىدىكەن. قەۋرىنىڭ ئۆلى ناھايىتى ئېگىز بولۇپ، پۈتۈنلەي ئاق
مەرمەردىن ياسالغان، كارامەت نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەنگەن ئىكەن.
ئۆلى ئۈستىگە جەمئى 36 دانە تۈۋرۈك قويۇلغان بولۇپ، ئالامەت
ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈمبەز سېلىنغان.
گۈمبەز ئۈستىگە يەنە پادىشا مائۇسولۇس بىلەن خانىش ئار-

سەنئەتىنىڭ يۈكسەك مۇۋەپپەقىيەتلىرى مەركەزلىك نامايەن قىلىنغان،

ئالدى بىلەن گەپنى يۇنان يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدىكى ئولۇمپىيە تېغىدىن باشلايلى، بۇ تاغدا تۇرۇپ قارايدىغان بولساق، ئۇ يەردىكى غايەت زور زېۋس خۇدانىڭ ھەيكىلىنىڭ قەد كۆتىرىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز.

زېۋس يۇنانلىقلارنىڭ نەزىرىدە "خۇدالار پىشۋاسى" بولۇپ، ئۇ خۇدالارنىڭ ۋە ئادەملەرنىڭ ھەممە ئىشىنى باش-قۇرىدىكەنمىش. ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئولۇمپىيە تېغىدا تۇرىدىكەن. يۇنانلىقلار ئافنادىكى ئەڭ مەشھۇر نەققاش پىدىيا-نى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ بۇ ھەيكەلنى ياساتقۇزغان. ئۇ توپ - توغرا 8 يىل ئىشلەپ، ئاخىر ئېگىزلىكى 15 مېتىر كېلىدىغان بۇ غايەت زور ھەيكەلنى پۈتتۈرگەن. زېۋس خۇدا ھەيكىلى قارىياغاچتىن ئويۇلغان بولۇپ، بويىنىڭ ئېگىز-لىكى 12 مېتىر، ئۇلى 3 مېتىر، قارا مەرمەردىن ياسالغان. تۆت ئەتراپىدىكى تاممۇ مەرمەردىن ياسالغان، بۇ مەرمەرلەر ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ پاروس ئارىلىدىن قېزىپ كېلىنگەن.

زېۋس خۇدانىڭ ھەيكىلىگە كىيدۈرۈلگەن كىيىملەر-نىڭ ھەممىسى ئالتۇن ياپراقلاردىن ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا مەرۋايىت ۋە گۆھەر قوندۇرۇلغان. بەدىنىنىڭ ئوچۇق قالغان قىسمى پىل چىشىدىن. ئىككى كۆزى گۆھەردىن ياسالغان، بېشىدىكى تاجمۇ ئالتۇندىن ياسالغان. ھەيكەلنىڭ ئوڭ قولىغا غەلىبە خۇداسى تۇتقۇزۇلغان؛ سول قولىغا ھوقۇق سىمۋولى بولغان "زاكون تايىقى" تۇتقۇزۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەيۋەت-لىك ۋە كىشىلەر تەپ تارتىدىغان بىر بۈركۈت ئويۇلغان. ھەي-كەل ئولتۇرغۇزۇلغان ئورۇندۇق ئالتۇن بىلەن ئورالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەتىياز، ياز، قىش دەپ ئاتالغان ئاچا - سىڭىل 3

قا تەرىپىگە ئىككى رەت تاش تۈۋرۈك قويۇلغان، ھەربىر
تە 9 دانە تۈۋرۈك بار ئىكەن، ھەر بىر تۈۋرۈكنىڭ ئۇلىغا
ۋم بويى كېلىدىغان مېتال قويۇلغان ئىكەن. تۈۋرۈكلەرگە ھەرخىل
سانىۋى ھېكايىلەر تەسۋىرلەنگەن نەقىشلەر ئويۇلغان بولۇپ،
ـايىتى يۇقۇرى بەدىئى قىممىتىگە ئىگە ئىكەن. ئەپ
ىكى، بۇ ئايال خۇدا ئىبادەتخانىسى مىلادىدىن ئىلگىرى
ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئۇرۇشتا ۋەيران قىلىنغاچقا، ھازىر ئۇ-
ڭ ئەسلى قىياپىتىنى كۆرۈشىمىزگە ئىمكانىيەت قالمىغان.
ئېگەي دېڭىزىدىن جەنۇپقا قاراپ ماڭسا، ئوتتۇرا دېڭىزغا
رىدۇ. بۇ ئىككى دېڭىز ئارىلىقىدا رودې دېگەن ئارال بار،
ئارالدا ئالتۇندەك چاقناپ تۇرىدىغان قۇياش خۇداسىنىڭ
ايەت زور ھەيكىلى قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ.

مىلادىدىن ئىلگىرى 4 - ئەسىردە، رودې ئارىلى ئوتتۇرا
ڭىزنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى بېرىش - كېلىش ناھايىتى تە-
رەققىي قىلغان قاتناش مەركىزى بولۇپ قالغان. بۇ جايدا سودا
تەرەققىي قىلغان بولۇپلا قالماستىن، نەققاشچىلىق سەنئىتىمۇ
ناھايىتى تەرەققىي قىلغان، ئارالنىڭ ھەممىلا يېرىدە خۇدالار
ھەيكىلى ئويۇلغان دېيىشكە بولىدۇ، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ
يەردىكى غايەت زور تىپتىكى ھەيكەل يۈز نەچچىگە يېتىدىكەن.
مىلادىدىن ئىلگىرى 292 - يىلى رودېلىقلار ماكېدونىيىلىكلەرنى
يەڭگەن، غەلىبىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، ئولجا ئالغان قورال -
ياراقلارنى ئېرىتىپ، يۇناننىڭ مەشھۇر ھەيكەلتارىچى كارۇسنى
قۇياش خۇداسىنىڭ ھەيكىلىنى ياساشقا تەكلىپ قىلغان. كارۇس
توپ - توغرا 12 - يىل ئىشلەپ، مىلادىدىن ئىلگىرى 280-
يىلىغا كەلگەندە ئاندىن بۇ غايەت زور مېتال ھەيكەلنى
پۈتتۈرگەن.

ئېفېسىيە چوشكەن 4 ئاتلىق هارۋىنىڭ ھەيكىلى قوندۇرۇلغان، ھەيكەلنىڭ ئېگىزلىگى 4 مېتىر بولۇپ، خوددى تىرىك ئادەمدەك كۆرۈنىدۇ.

مائۇسولۇس قەۋرىسى قەدىمقى يۇنانىنىڭ نازۇك ئادەم ھەيكىلى سەنئىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ئۇ مىلادىدىن ئىلگىرى 262 - يىلى بۇزۇۋېتىلگەن. كېيىنكى چاغلاردا كىشىلەر ئۇنىڭ ئورنىنى قازغاندا، قەۋرە ئىچىدىكى لەخمە ۋە ئىچكى قەۋرىنى قەۋرىدىكى پادىشانىڭ تاشتىن ياسالغان كېپىنىنى ئۇچراتقان.

مائۇسولۇس قەۋرىسىگە يېقىن جايدا، ئېگەي دېڭىزى ساھىلىدا ئىنتايىن ھەيۋەتلىك بولغان ئايال خودا ئارتېمىس ئىبادەتخانىسى بار.

ئارتېمىس يۇنانلىقلار بەك ھۆرمەت قىلىدىغان خودا بولۇپ، ئۇ ھەم ئاي خوداسى، ھەم ئوۋچىلىق خوداسى ئىكەن. بۇ جايدا ئەسلىدە بىر ئايال خودا ئىبادەتخانىسى بولۇپ، بەكمۇ ئاددى ئىكەن، پەقەت ئىچى كاۋاك بىر دەرەخ غولىغا بىر دانە كىچىك ھەيكەل قويۇلغان ئىكەن، مىلادىدىن ئىلگىرى 560 - يىلى كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلىغا جايلاشقان، يۇنان قەلئەلىرىدىن بولغان ئېپېسوسنىڭ پادىشاسى بۇ ئايال خودانى خاتىرىلەش ئۈچۈن بۇ ئايال خودا ئىبادەتخانىسىنى سالدۇرغان.

يېڭى سېلىنغان ئايال خودا ئىبادەتخانىسىنىڭ ئۇزۇنلۇغى 126 مېتىر، كەڭلىگى 65 مېتىر كېلىدىكەن. ئاستىدا 10 پەلەمپەي بولۇپ، تۆت ئەتراپىغا 127 دانە تۈۋرۈك قويۇلغان ئىكەن. ھەربىر تۈۋرۈكنىڭ ئېگىزلىگى 23 مېتىر كېلىدىكەن، بۇ ئىبادەتخانا تۆت چاسا مەرمەر بىلەن يېپىلغان بولۇپ، بەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدىكەن. ئىبادەتخانا ئالدىغا ئۈچ رەت تاش تۈۋرۈك قويۇلغان، ھەر بىر رەتتە 8 تۈۋرۈك بار ئىكەن؛ ئىبادەتخانىنىڭ

...لاپ، ملادىدىن ئىلگىرى 280 - يىلىغا كەلگەندە ئاندىن
...تنۇرگەن. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن دېڭىزدا قاتنايدىغان كېمىلەرگە
...ماياك ئېنىق يۇنۇلۇش كورسىتىپ بەرگەن.

بۇ ماياك مۇنارىنىڭ ئېگىزلىكى 120 مېتىرچە بولۇپ،
...مى 4 قەۋەت ئىكەن. ئاستى تۆت چاسا ئۇل بولۇپ، ئېگىز-
...كى ئالاھەزەل 70 مېتىر كېلىدىكەن؛ ئىككىنچى قەۋىتى
...بۇرجەكلىك مۇنار تىپى بولۇپ، ئېگىزلىكى 38 مېتىر ئىكەن،
ئىككى قەۋىتىنىڭ دەرىزىسى بار ئىكەن. ئۈچىنچى قەۋىتى
...ومۇلاق مۇنار بولۇپ، ئۇنىڭغا يېرىمى ئادەم، يېرىمى بېلىق
...ۋدانىڭ ھەيكىلى ئورنىتىلغان ئىكەن. ئەڭ ئۈستى قەۋىتى
...يگنال ئويى بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەيۋەتلىك، قولىدا بېلىق سان-
...جغۇچ تۇتقان دېڭىز خۇداسى ھەيكىلى ئورنىتىلغان ئىكەن. مۇنار-
...نىڭ ئۈچىغا شۇتا بىلەن چىقىلى بولىدىكەن.

ئالېكساندرىيە پورتىدىكى ماياك مۇنارىنىڭ ئىككى ئالاھىدىلىكى
...بار: بىرسى، مەرمەردىن ياسالغان مۇنار قۇرۇلمىسىنىڭ پۇختا بولۇشى



ئالېكساندرىيە پورتىدىكى ماياك مۇنارى

بۇ قۇياش خۇداسىنىڭ ھەيكىلى زادى قانداق بولغىدى؟ بۇ ھەقتە ئەزەلدىنلا ئىككى خىل پىكىر بولۇپ كەلگەن. بىر خىل پىكىردىكىلەر، بۇ ھەيكەلنىڭ ئېگىزلىكى 32 مېتىر، ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ مەرمەردىن ياسالغان ئۇل ئۈستىگە تۇرغۇزۇلغان، بېشىغا نۇر چاقناپ تۇرىدىغان ئالتۇن تاج كىيدۈرۈلگەن، ئوڭ قولىغا مەشئەل تۇتقۇزۇلغان، نۇرلىنىپ تۇرغان ئىككى كۆزى دېڭىزغا قاراپ تۇرغان، دەپ ھېساپلىغان. يەنە بىر خىل پىكىردىكىلەر، ھەيكەلنىڭ ئېگىزلىكى 46 مېتىر بولۇپ، ئىككى پۇتىنى كېرىپ پورت ئېغىزىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا دەسسەپ تۇرغان، پورتقا كىرىپ - چىققان كېمىلەر ئۇنىڭ چاتىرىقىدىن ئۆتۈپ تۇرغان، دەپ ھېساپلىغان. ھەر خىل پىكىرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەپ، بۇ قۇياش خۇداسى ھەيكىلىنىڭ ئۆمرى بەك قىسقا بولغانلىقىدىن ئىبارەت. ھەيكەل پۈتۈپ يېرىم ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن يەر تەۋرەپ، بۇ ھەيكەل ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، پارچىلىنىپ كەتكەن مېتال پارچىلىرىنى سودىگەرلەر چەتئەللەرگە سېتىۋەتكەن.

ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە، يۇنان يېرىم ئارىلىنىڭ ئۇدۇلىدا ئالېكساندىرىيە پورتى بار بولۇپ، بۇ پورتتا بۇلۇتقا تاقىشىدىغان ماياك مۇنارى بار، مەشھۇر ئالېكساندىرىيە ماياك مۇنارى ئەنە شۇ.

ئالېكساندىرىيە شەھىرى نىل دەرياسىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئوتتۇرا دېڭىز بويىغا جايلاشقان بولۇپ، مىسىرنىڭ ئەڭ چوڭ دېڭىز پورتى. دېڭىزدا پارس دېگەن بىر كىچىك ئارال بولۇپ، ئۇنى بىر كىلومېتىر كېلىدىغان قاش ئالېكساندىرىيە شەھىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. يۇناندىكى ماكىدونىيىلىكلەر مىسىرنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، پارس ئارىلىدا ماياك مۇنارى سېلىشقا كىرىشكەن. ئۇلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 20 يىل

# „بورە بالىسى» ۋە رىم شەهرى

يۇناندىن كېيىن ئوتتۇرا دېڭىزغا رىم خوجايىنلىق قىل
ان. قەدىمقى رىمنىڭ پايتەختى هازىرقى ئىتالىيىنىڭ رىم
ەهرى بولغان. بىز رىم مۇزېيىغا كىرىدىغان بولساق، ناهاي-
ى غەلىتە بولغان بىر مىس هەيكەلنى كۆرىمىز: بىر چىشى
ورە چىشلىرىنى هىڭگايتىپ، تۈيغۇن هالدا ئالدى تەرەپكە
قاراپ تۇرىدۇ، ئاستىدا ئىككى ئوغۇل بوۋاق بۇ چىشى بور-
نى ئىمۋاتىدۇ. بۇ مىس هەيكەلگە 400 نەچچە يىل بولغان
بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا قەدىمقى رىۋايەت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.
بۇ ۋەقە مىلادىدىن ئىلگىرى 8 - ئەسىرلەردە يۈز بەرگەن.
ئۇ چاغلاردا ئىتالىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى تىبىر
دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان ئېغىزى بويلىرىدا، تروياددىن



بۆرىدىن سۈت ئىمۋاتقان بالىلارنىڭ
هەيكىلى

سەرگەردان بولۇپ كەلگەن
بىر تۈركۈم كىشىلەر ئولتۇ-
راقلاشقان ئىكەن. تىبىر دەر-
ياسىنىڭ ئىككى قىرغىقى
ئورمانلىق بولۇپ، بۇ جاي
ئاپتاپ ياخشى چۈشىدىغان،
مۇنبەت يەر ئىكەن. كىش-
لەر دېڭىز ياقىسىدا ئالبا-
لونگا دېگەن بىر شەهەر-
نى بىنا قىلغان.

ئۈچۈن، مەرمەرنىڭ چەكلىرى پۈتۈنلەي قوغۇشۇن بىلەن تۇتاش تۇرۇلغان؛ يەنە بىرسى، سىگنال چىرىغىنى يىراقتىكى كېمىلەرنىڭ كۆرەلىشى ئۈچۈن مۇنارنىڭ ئۈچىغا يوغان ئوچاق ئورنىتىلغان، ھەركۈنى كېچىسى ئوچاقتا لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈپ تۇرغان، ئوتنىڭ نۇرى غايەت زور مىس ئەينەك بىلەن قايتقاچقا، 50 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دېڭىز يۈزىنىمۇ يورۇتۇپ تۇرغان.

ئالېكساندرىيە پورتىدىكى ماياك مۇنارى شۇ زامانلاردا دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز مۇنار بولۇپ، 1600 يىلغىچە ئىشلىتىلگەن. يەتتە چوڭ موجىزىنىڭ ئالتىسى خان-پادىشالارنىڭ باغچىسى، قەۋرىسى ياكى خۇداغا تاۋاپ قىلىدىغان ھەيكەل، پەقەت ئالېكساندرىيە پورتىدىكى ماياك مۇنارىلا خەلققە بەخت ئاتا قىلىدىغان بىردىن-بىر قۇرۇلۇش ھېسابلىنىدۇ.

ىلى تۇرۇپتۇ.
دەل شۇ چاغدا، بىر چىشى بورە دەريا بويىغا سۇ ئىچ-
لى كېلىپتۇ. ئۇ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بالىلارنىڭ قېشىغا
لىپتۇ. دىمىسىمۇ تازا غەلىتە ئىش بولۇپتۇ، بورە بۇ بىچارە
شكىزەك بالىغا زىيان يەتكۈزۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى
رىۋانلىق بىلەن بېشىنى ئېگىپ، ئۇزۇن تىلى بىلەن بالىلار-
ى يالاپتۇ ھەمدە ئۆز سۈتى بىلەن بېقىپتۇ.
بۇ غەلىتە ئىشنى بىر چارۋىچى بىلىپ قېلىپتۇ. ئۇ بۇ قوش-
ىزەك بالىنى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ بېقىپتۇ ھەمدە بىرسىگە
ومۇل، بىرسىگە رېمۇس دەپ ئات قويۇپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي
ۇ چارۋىچى بۇ قوشكىزەك بالىنىڭ دەل يېڭى پادىشا تەر-
يىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ھېلىقى ئايال راھىبەنىڭ بالىلىرى ئىكەن-
لىكىنى ئۇقۇپتۇ. بالىلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى دەپ، بۇ سىرنى
ئاشكارا قىلماسلىق قارارىغا كېلىپتۇ.
ئاكا - ئۇكا چوڭ بولغاندىن كېيىن، ياخشى ماھارەت
ئۆگىنىپ، بارا - بارا كىشىلەرگە يېقىپ قېلىپتۇ. چارۋىچىلار،
سەرگەردانلار، ھەتتا قاچقان قۇللار ئارقا - ئارقىدىن ئۇلار-
نىڭ قېشىغا توپلىنىپتۇ. بىر كۈنى، ئۇلار بىلەن يەنە بىر تۇر-
كۈم چارۋىچىلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش بولۇپ، رېمۇسنى
قارشى تەرەپ تۇتۇۋېلىپ، بىر بوۋاينىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.
بوۋاي قەددى - قامىتى كېلىشكەن بۇ بالىنى كۆرۈپ، ھاڭ-
تاڭ قېلىپتۇ - دە، قىزىقىپ سوراپتۇ:
— يىگىت، قانداق ئائىلىدىن كېلىپ چىققانلىقىڭىزنى،
شۇنىڭدەك ئاتا - ئانىڭىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ماڭا ئېيتىپ
بەرسىڭىز قانداق؟
رېمۇس مېھرى ئىسسىق بۇ بوۋاينىڭ ئۆزىگە قەست

ئالبالونگا پادىشاسىنىڭ ئامۇلىيۇس دىگەن بىر ئىنىسى بار ئىكەن. ئۇنىڭ مىجەزى ئۇسال، نىيىتى يامان ئىكەن، ئۇ ئاخىرى ئاكىسىنىڭ ھوكۇمرانلىق ھوقۇقىنى قولغا ئېلىپتۇ. ئامۇلىيۇس ھوقۇق تۇتقاندىن كىيىن، ئاكامنىڭ پۇشتى ئىنتىقام ئالىدۇ دەپ ئەنسىرەپ، ئاكىسىنىڭ ئىككى نەۋرىسىنى بۇيرۇق بىرىپ ئۆلتۈرۈۋىتىپتۇ ھەمدە قىز نەۋرىسىنى راھىبە بولۇشقا زورلاپتۇ. شۇ زامانلاردىكى بەلگىلىمە بويىچە، راھىبە بولغانلار توي قىلالمايدىكەن. ئامۇلىيۇس، مۇشۇنداق قىلسام، ئاكامنىڭ پۇشتلىرىنى قۇرۇتۇۋىتىمەن ـ دە، مىنىڭدىن ئىنتىقام ئالىدىغانلار چىقمايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

بىراق، ئۇزاق ئۆتمەي ھىلىقى راھىبە بولغان قىز نەۋرىسى قوشكىزەك ئوغۇل تۇغىدى دىگەن قورقۇنچلۇق خەۋەر كىلىپتۇ. ئامۇلىيۇس شۇ زامان راھىبە بولغان قىز نەۋرىسىنى ئۆلتۈرۈۋىتىش ھەمدە ھىلىقى 2 بالىنى تىپىپ دەرياسىغا تاشلىۋىتىشكە بۇيرۇق بىرىپتۇ.

بىر قۇل بۇيرۇققا بىنائەن بالىلارنى دەرياغا تاشلىماقچى بولۇپتۇ. ئۇ بالىلارنى سىۋەتكە سىلىپ پالاتىيۇم دىگەن دوڭگە ئېلىپ كىلىپتۇ. بۇ چاغدا تىبىر دەرياسىغا كەلكۈن كەلگەن بولۇپ، دەريا سۈيى توختىماي ئۇرلەۋاتقان ئىكەن. قۇل سىۋەتنى دەريانىڭ قىرغىقىدىكى دوڭدە قويۇپ كىتىپتۇ. ئۇ دەريا سۈيى يەنە ئازراق ئۇرلىسە بالىلارنى ئېقىتىپ كىتىدۇ ـ دە، بالىلار ئۆلىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

دىگەندەك دەريا سۈيى ناھايىتى تىز ئۇلغىيىپتۇ، بىراق بالىلارنى ئېقىتىپ كىتەلمەپتۇ، چۈنكى سىۋەتنىڭ بىنى دەريا بويىدىكى دەرەخ شىخىغا ئىلىنىپ قىلىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي دەريا سۈيى پەسلەپتۇ، قوشكىزەك بالا يەرگە چۈشۈپ ئىسكە، ئىسكە دەپ

بىلەن ھاكىمىيەتنى بوۋىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ.

قوشكېزەك ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن بۇ ئىشلارنى
لىپ بولغاندىن كېيىن، بوۋىسىنىڭ قېشىدا قالماي، ئۆز ئەت-
پىغا ئۇيۇشقان نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن بىللە يېڭى شەھەر
تا قىلىش قارارىغا كېلىپتۇ. تىبىر دەرياسىنىڭ سۈيى پەسەي-
ندە ئۆزلىرى قېلىپ قالغان جاينى يەنى پالاتىئوم دوڭلۈگىنى يېڭى
ەھەرنىڭ ئورنى قىلىپ بەلگىلەپتۇ.

لېكىن، بۇ شەھەرنى كىمنىڭ نامى بىلەن ئاتاش كېرەك؟
ەھەر خەندىكىنى نەدىن باشلاش كېرەك؟ كىم بۇ يەرگە
ۆكۈمران بولۇش كېرەك؟ بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئاكا - ئۇكا
ككىيلەن ئوتتۇرىسىدا تالاش - تارتىش پەيدا بولۇپتۇ. ئاخىر
ككىسى ئۇچۇپ كەلگەن قۇشلارغا قاراپ تەلەي سىناپ بې-
ىشقا پۈتۈشۈپتۇ. ئىككىسى بىر يەردە ئولتۇرۇپ ياخشىلىق
كۈتۈپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن رېمۇس ئالدى بىلەن ئۇچۇپ
كېلىۋاتقان ئالتە قۇرغۇينى كۆرۈپتۇ؛ بىراق، ھايت - ھۇيت
دىگىچە چاقماق ۋە گۈلدۈرماما ئاۋازى ئىچىدە 12 قۇرغۇي
رومۇلنىڭ قېشىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ. رېمۇس ئەۋلىيا قۇش
ئاۋال ماڭا كۆرۈندى، مەن ئۇتتۇم دەپتۇ، رومۇل، مەن ھۆكۈم-
ران، چۈنكى مېنىڭ قېشىمدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن ئەۋلىيا قۇش
ھەممىدىن كۆپ، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تالاش - تارتىش تېخ-
مۇ ئۇلغىيىپتۇ ....

رومۇل يېڭى شەھەرنى چۆرىدەيدىغان خەندەكنى كولاشقا
باشلاپتۇ. رېمۇس ئۇنى مەسخىرە قىلىپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە
رومۇلنىڭ خەندىكى ۋە قاشتىن ئاتلاپ ئۆتۈپتۇ. رومۇل تاقەت
قىلىپ تۇرالماي، غەزەپكە كېلىپ ئۆز قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈپتۇ
جەسەتكە دەسسەپ تۇرۇپ:

قىلمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ بەمالال ھالدا مۇنداق دەپتۇ:
— ئاكام رومۇل بىلەن مەن قوشكېزەك ئاكا - ئۇكا بىزنىڭ كېلىپ چىقىشىمىز تازا بىر سىر، بېشىمىغا ھايات - ماماتى مىنۇتلىرى كەلگەن بىر پەيتتە بۇنى سىزگە دەۋاتىمەن. ئاڭلىساق، بىز تۇغۇلۇپلا قۇشلار ۋە ياۋايى ھايۋانلارغا تاشلاپ بېرىلگەن ئىكەنمىز، بىراق قۇشلار ۋە ياۋايى ھايۋانلار بىزنى يېيىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى بىزنى بېقىپتۇ. بىز دەريا بويىدا ياتقان چاغدا، چىشى بورە ئۆز سۈتى بىلەن بىزنى باققان ئىكەن ......

بوۋاي بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھوشىدىن كېتىشكە تاس قېلىپتۇ، ئەسلىدە بۇ بوۋاي تەختتىن چۈشۈرۈۋېتىلگەن ئالبالونگا نىڭ ياۋۇز ئىنىسى تەرىپىدىن تىبىر دەرياسىغا تاشلىۋېتىلگەن نەۋرىسى ئىكەن! ئۇ ئىختىيارسىز ئىتتىلىپ بېرىپ رېمۇسنى مەھكەم قۇچاقلاپتۇ ھەم يىغلاپ تۇرۇپ:
— بالام! جېنىم بالام! — دەپ ۋاقىراپتۇ.
ئەمدى گەپنى پادىچىدىن ئاڭلايمىز. قوشكېزەك ئاكا - ئۇكىنى بېقىپ چوڭ قىلغان پادىچى خەقنىڭ رېمۇسنى تۇتۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاكا - ئۇكا ئىككىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتماي - تېمىتماي رومۇلغا دەپتۇ. رومۇل بۇنى ئاڭلاپ، دەرھال لەشكەر تارتىپ ئالبالونگىغا يۈرۈش قىلىپتۇ. ئۇ چاياندەك ئىچىدە زەھەر قاينايدىغان ئامۇلىيۇسنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆز ئانىسى ۋە تاغىسى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشقا بەل باغلاپتۇ. يول بويى ئامۇلىيۇستىن بىزار بولغان كىشىلەر ئارقا - ئارقىدىن ئۇنىڭ توپىغا قوشۇلۇپتۇ. رېمۇسنىڭ ماسلىشىپ بېرىشى بىلەن، قوزغىلاڭچى قوشۇن ئاخىر ئامۇلىيۇسنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئاكا - ئۇكا

كېتىپتۇ. سابىنلىقلار ئۈچۈن بۇ چوڭ ئاھانەت بولۇپتۇ، ئۇلار
غەزەپ ئىچىدە رىم شەھىرىدىن چىقىپ كېتىپتۇ - دە، لەۋزىدە
تۇرمىغان رىملىقلاردىن ئىنتىقام ئېلىشقا قەسەم ئىچىپتۇ. شۇنىڭ
بىلەن رىملىقلار بىلەن سابىنلىقلار ئوتتۇرىسىدا قىرغىن
باشلىنىپتۇ.
سابىنلىقلار ئەلەمگە ماھىر قەبىلە ئىكەن. ئارىدىن ئۇزاق
ئۆتمەي، ئۆزلىرىنىڭ ئاقساقىلىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، زور قوشۇن
باشلاپ رىم شەھىرىگە قىستاپ كېلىپتۇ. شەھەر يېنىدىكى
ئىككى دوڭلۇق ئوتتۇرىسىدىكى جىلغىدا، رىملىقلار بىلەن
سابىنلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەل قىلغۇچ جەڭ بولۇپتۇ. جەڭ
ئىنتايىن كەسكىن بولۇپتۇ، تۇركۇم - تۇركۇم باتۇرلار قىلىچ،
نەيزە ئوقيا ئاستىدا دۈم چۈشۈپتۇ، جەڭ مەيدانىنى قان ھىدى
بىر ئېلىپتۇ.
تۇيۇقسىزدىن بىر كارامەت يۈز بېرىپتۇ: جاراڭ - جۇرۇڭ
قىلىچ ئاۋازى ۋە شۇۋ - شۇۋ ئوق - يا ئاۋازى ئىچىدە ئاياللارنىڭ
ھۆكىرەپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئارقىدىنلا دوڭلۇكتىن
سانسىزلىغان ئىلگىرى بۇلاپ كېتىلگەن سابىنلىق ئاياللار چۈشۈپ-
تۇ. ئۇلار چاچلىرى چۇۋۇلغان، كۆزلىرىدىن تارام - تارام
ياش ئاققان، قۇچاقلىرىدا ئەمچەكتىكى بالىلىرىنى كۆتەرگەن
ھالدا، بىر - بىرىنى قىرىۋاتقان باتۇرلار ئارىسىغا ئېتىلىپ
كېلىپ، دادىلىرى، قېرىنداشلىرى بىلەن ئەرلىرىنىڭ قىرغىنىنى
توختىتىشنى، بالىلىرىنى يېتىم، ئۆزلىرىنى تۇل قىلىپ قويماسلى-
غىنى ئۆتۈنۈپ سوراپتۇ.
رىملىقلار بىلەن سابىنلىقلارنىڭ قولىدىكى قىلىچ ۋە
كامالەك يەرگە چۈشۈپتۇ. ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشى باتۇرلارنى
تەسىرلەندۈرۈپتۇ، ئاخىر قىرغىنچىلىق توختاپتۇ. ئىككى تەرەپ

— كىمكى شەھەرنىڭ سېپىلىدىن ئۇتۇشكە جۇرئەت قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولىدۇ! — دەپ ۋاقىراپتۇ. ھېچكىم رومۇلغا تېگىشكە جۇرئەت قىلالماپتۇ، رومۇل يېڭى شەھەرنىڭ ئالىي ھوكۇمرانى بولۇپ قېلىپتۇ. بۇ يېڭى شەھەر رومۇلنىڭ نامى بىلەن روم شەھىرى دەپ ئاتىلىپتۇ. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ ۋەقە مىلادىدىن ئىلگىرى 753 - يىل 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى يۈز بەرگەن بولۇپ، قەدىمقى رىملىقلار بۇ كۈننى دولەت قۇرۇلغان خاتىرە كۈنى قىلغان ئىكەن.

رىم شەھىرى بارغانسېرى تەرەققى قىلىپتۇ، بىراق شەھەردە خوتۇن - قىزلار ناھايىتى ئاز ئىكەن. رومۇل ئاھالىنى كوپەيتىش ئۇچۇن، بىر تەرەپتىن، قاچقۇنلار ياكى باشقا شەھەرلەردىن سۇرگۇن قىلىنغانلارنى رىمدا ئولتۇراقلىشىشقا قوبۇل قىلىپتۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، يېقىن ئەتراپتىكى قەبىلىلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلاردىن قىزلىرىنى رىم شەھىرىگە ياتلىق قىلىشنى سوراپتۇ. بىراق، خوشنا قەبىلىلەر ئۇنىڭ بۇ تەلىۋىنى رەت قىلىپتۇ.

چېچەن رومۇل ھىيلە ئىشلىتىش قارارىغا كېلىپتۇ. ئۇ خوشنا قەبىلىلەرگە يېقىندا رىم شەھىرىدە كاتتا مەرىكە ئوتكۇزۇلىدۇ، كوپچىلىكنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشىنى تەكلىپ قىلىمەن، دەپ جاكالاپتۇ. مەرىكە كۈنى يېتىپ كېلىپتۇ، شەھەر قاينام - تاشقىنلىققا چومۇپتۇ. شۇ كۈنى سابىنلىقلار قەبىلىسىدىن ئالاھىدە كوپ ئادەم كېلىپتۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە كوپچىلىگى خوتۇنلىرى، قىزلىرىنى بىرگە ئېلىپ كېلىپتۇ. كىشىلەرنىڭ دىققىتى قىزىق ئويۇنلارغا مەركەزلەشكەن چاغدا، رومۇل بەلگە بېرىپتۇ. ھايت - ھۇيت دېگىچە، رىم ياشلىرى مېھمانلار ئارىسىغا ئېتىلىپ بېرىپ، ھەر بىرسى بىردىن سابىنلىق قىزنى تۇتۇپ ئويلىرىگە ئېلىپ

## فاشىست تايىفى

فاشىست دېگەن سوز تىلغا ئېلىنىسىلا، كىشىلەرنىڭ كوز ئالدىغا ئىتالىيىلىك موسولىنى ۋە گېرمانىيىلىك گىتلېرنىڭ ۋەھشىلىكلىرى كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، فاشىست دېگەن سوز قەدىمىي سوز بولۇپ، بۇ سوز مىلادىيىدىن ئىلگىرى 6 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن تارتىپلا ئىشلىتىلىشكە باشلىغان.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، رومۇل رىمغا ھوكۇمرانلىق قىلغاندىن ھىساپلىغاندا، 200 يىلدىن كېيىن، ھوقۇق سېرۋىئۇس دېگەن ئادەمنىڭ قولىغا ئوتكەن. ئۇ رىملىقلارنى مال - مۇلكىنىڭ ئاز - كوپلۇكىگە قاراپ بەش تەبىقىگە ئايرىغان؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 100 كىشىلىك بىغىن تەسىس قىلىپ، دولەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغان. بۇ يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ كوپچىلىگى بىرىنچى تەبىقىدىكى كاتتا بايلاردىن بولغان. شۇنىڭ بىلەن رىمنىڭ سىياسى تۈزۈلمىسى بارا - بارا قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دولەتكە ئوتكەن.

سېرۋىئۇسنىڭ ئاچكوز، مىجەزى يامان بىر قىزى بار ئىكەن. يالغۇز ئەمەس، جۇپتى بار، دېگەندەك ئۇنىڭ كۈيۈغلى تاركۇنىئۇسمۇ قارا نىيەت ئادەم ئىكەن. ئەر - خوتۇن مەسلىھەتلىشىپ سېرۋىئۇستىن پادىشالىقنى تارتىۋالماقچى بولۇپتۇ.

بىر كۇنى تاركۇنىئۇس پەيىت كەلدى دەپ قاراپ، شۇ زامانلاردا پادىشالار كىيىدىغان قىزىل ئوتۇك ۋە قىزىل خالاتنى كىيىپ، بىر تۇركۇم قوراللىق ياساۋۇللارنى باشلاپ، رىم

نىلڭ ئاقساقاللىرى تېچلىق شەرتنامىسى تۈزلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئىپتىۋارەن بۇ ئىككى قەبىلە قوشۇلۇپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلاد رىم شەھرىدە ياشاپتۇ......

ئەمەلىيەتتە، ئەڭ دەسلەپكى رىم شەھىرى بىرلىشىش، يېقىن ئەتراپتىكى كەنتلەرنى قوشۇۋېلىش ئۈستىگە ئارقىلىق بارا - بارا شەكىللەنگەن. كېيىنكى چاغلاردا رىم دەپ ئاتالغان جاي تېبىر دەرياسىنىڭ سول ياقىسىدا بولۇپ، دېڭىزغا ئارىلىقى 25 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ جايلارنىڭ يېرى مۇنبەت، تۈزلۈك زىرائەتلەرنى تېرىشقا باپ، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەپلىك بولغان. تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرى 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىپتىدائىي كەنتلەر توپى پەيدا بولغان. ئۈزلۈكسىز قوشۇلۇش ئارقىسىدا مىلادىدىن ئىلگىرى 4 - ، 5 - ئەسىرلەرگە كەلگەندە، ئاندىن سېپىل سېلىنغان، مەيدان ياسالغان، شۇنىڭ بىلەن پەيدىن - پەي دەسلەپكى رىم شەكىللەنگەن. يۇقىرىدا ئېيتىلغىنى بىر رىۋايەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا رىملىقلارنىڭ ئۆز تارىخىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى بايان قىلىنغان، رىملىقلارنىڭ بوۋىلىرىنىڭ تەسلىكتە ئىگىلىك يارات- قانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، شۇڭا بۇ رىم خەلقى ئارىسىدا ئۈزاققىچە تارقىلىپ كەلگەن.

خىزمەت كۆرسىتىشكە ھەۋەس قىلىدىكەن، شۇڭا بارغانلا يېرىدە ئۇرۇش قىلىپتۇ ھەمدە كەڭ تۈردە قۇرۇلۇش قىلىپ ئۆز شەھەرىنى زىننەتلەپتۇ. ئۇزدا داۋام قىلغان ئۇرۇش، ئېغىر ئالۋاڭ-ياساق ۋە قانلىق قىرغىنچىلىق كىشىلەرنىڭ ئومۇمى يۈزلۈك نارازىلىقىنى قوزغاپتۇ.

تاركۇنىئۇس رىمدىكى ئەڭ باي بىر ئاقسۆڭەككە ۋە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپتۇ، پەقەت ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى روكىنى قالدۇرۇپ قويۇپتۇ. روكى ئاستا-ئاستا چوڭ بولۇپ، ئاخىر تاركۇنىئۇسنىڭ دادىسى ۋە ئاكىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. پۇرسەت تېپىپ ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن ساراڭ بولۇۋېلىپتۇ. تاركونىئۇس ئۇنىڭ ساراڭلىقىغا شەكسىز ئىشىنىپ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماپتۇ.

تاركۇنىئۇسنىڭ ئوغلى بىر كۈنى دادىسىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، خەلقى-ئالەم ئالدىدا رىمدىكى بىر مەرتىۋىلىك ئايالنى بوزەك قىلىپ، كۆپچىلىكنىڭ غەزىۋىنى قوزغاپتۇ. كىشىلەر تاركۇنىئۇس ئائىلىسىنىڭ زالىملىقى، ياۋۇزلۇقىغا چىش-تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ، تەرەپ-تەرەپتىن قورال ئېلىپ تاركۇنىئۇسقا قارشى چىقىپتۇ. روكى ساراڭ بولۇۋېلىشنى ئاياقلاشتۇرۇپتۇ. ئۇ خەلق قۇرۇلتىيىدا نۇتۇق سۆزلەپ، تاركۇنىئۇسنىڭ قېيىناتىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكى، ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ھارۋىنى ئۆز دادىسىنىڭ جەسىتىدىن ھەيدەپ ئۆتكەنلىكى، شۇنىڭدەك خەلققە خىلمۇ-خىل ئازاپ-ئوقۇبەتلەرنى سالغانلىقى قاتارلىق جىنايەتلىرىنى بىر-بىرلەپ پاش قىلىپتۇ. كۆپچىلىك روكىنى قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى قىلىپ سايلاپتۇ. خەلق قۇرۇلتىيى تاركۇنىئۇسنى ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىشنى ھەمدە ئۇنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىنى رىمدىن قوغلاپ چىقىرىشنى

شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى مەيدانغا كېلىپ، كورەڭلىگەن ھالدا ئاقساقاللار مەھكىمىسىگە كىرىپ پادىشانىڭ تەختىراۋىنىدا ئولتۇرۇپتۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان سىرۋىئۇس غەزىۋى ئۆرلەپ، پاي-پاسلاپ كېلىپ ئەيىپلەپتۇ:

— تاركۇنىئۇس، بۇ نىمە قىلغىنىڭ؟ مەن ھايات تۇرۇپ سەن قانداقسىگە تەختىراۋاقتا ئولتۇرىسەن؟

ئۇ سوزلەپ بولۇپ، پەلەمپەيگە چىقىپ تاركۇنىئۇسنى تەختىراۋاقتىن سورەپ چۈشمەكچى بولۇپتۇ.

تاركۇنىئۇس مىيىقىدا كۈلۈپتۇ-دە، سىرۋىئۇسنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ، ئۇنى قاتتىق ئىتتىرىۋېتىپتۇ. سىرۋىئۇس ئورنىدىن تۇراي دەپ تۇرسا، تاركۇنىئۇسنىڭ چوماقچىلىرى ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇنى شۇ يەردىلا ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ ھەمدە جەسەتنى كوچىغا تاشلىۋېتىپتۇ.

بۇ قىلغىنى ئۈچۈن تاركۇنىئۇسنىڭ خوتۇنى بىرىنچى بولۇپ كېلىپ تەبرىكلەپتۇ. خوتۇنى ھارۋىغا چۈشۈپ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەچە ھارۋىكەش تۇيۇقسىزلا ھاڭ-تاڭ بولۇپ ھارۋىنى توختىتىپتۇ، ئەسلىدە يول ئۈستىدە سىرۋىئۇسنىڭ جەس-دى تۇرغان ئىكەن. تاركۇنىئۇسنىڭ خوتۇنى ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ ھارۋىكەشكە ھارۋىنى دادىسىنىڭ جەسەدى ئۈستىدىن ھەيدەپ ئۆتۈشكە بۇيرۇق قىلىپتۇ.

تاركۇنىئۇس پادىشا بولغاندىن كېيىن ئىنتايىن زالىملىق قىلىپ ھەممىگە ئۆزى خوجايىنلىق قىلىپتۇ. بىراق، باشقىلارنىڭ ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن ئۆزىگە تاقابىل تۇرۇشىدىن بەك قورقۇپتۇ، شۇڭا تولىمۇ گۇمانخور بولۇپ قېلىپ، ھەدىسىلا ئۆزى ياقتۇرمايدىغانلارنى رەھىمسىز ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۇ ھەربى

نىڭ ھاكىمدارلارنىڭ بۇيرۇغىغا پىكرى بولسا، خەلق قوزغۇلىڭ-
ىدا ئوتتۇرىغا قويالايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاقسا-
قاللار مەھكىمىسىمۇ غايەت زور رول ئوينايدىكەن. ئاقساقاللار
مەھكىمىسىدىكى 300 نەپەر ئاقساقال خىزمەتتىن چىق-
كىنگەن ھاكىمدار ۋە ئورۇقداشلار ئىچىدىكى موتىۋەرلەردىن
تەركىپ تاپقان ئىكەن، ئاقساقاللار مەھكىمىسى دۆلەتنىڭ مالىيە،
دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى ۋە ئىشغال قىلىنغان رايونلارنىڭ ئىش-
لىرىنى باشقۇرىدىكەن، ھەممە قانۇنلارنى تەستىقلايدىكەن،
خىزمەتچىلەرنى سايلايدىكەن. ھاكىمدارلار بىلەن ئاقساقاللار
مەھكىمىسىنىڭ ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ئاقسۆڭەكلەر ئىچىدىن
سايلىنىدىكەن، شۇنداق قىلىپ رىم ئاقسۆڭەكلەر ھۆكۈمرانلى-
قىدىكى جۇمھۇرىيەت بولۇپ قالغان. جۇمھۇرىيەتنىڭ تۇنجى
ھاكىمدارى تاركۇنىئۇسنى ئاغدۇرۇۋېتىشتە زور خىزمەت كور-
سەتكەن كىشى روكى ئىكەن.

ھېلىقى جىنايەتچى چىقىدىن ئاشقان تاركۇنىئۇس قوغلى-
ۋېتىلگەندىن كېيىن، قولىدىن كەتكەن ھوقۇقنى قايتۇرۇۋېلىش
قەستىدە بولۇپ يۈرگەن ئىكەن، ئۇنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى
كۈچى يېتەرلىك بولمىغاچقا، رىمنىڭ بەزى ئاقسۆڭەك
ياشلىرىنى جۇمھۇرىيەتكە قارشى چىقىشقا قۇترىتقان. بۇ ئاق-
سۆڭەك ياشلار تاركۇنىئۇس لەشكەر تارتىپ كەلگەن چاغدا
رىم شەھىرىنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئېچىپ بېرىپ ئىچكى جەھەت-
تىن ماسلىشىشقا ماقۇل بولغان، لېكىن تاركۇنىئۇسنىڭ سۇيىقەستى
ئەمەلگە ئاشمىغان، ھوشيار پۇقرالار جۇمھۇرىيەتكە ياردەملىشىپ
بۇ سۇيىقەستنى ئېچىپ تاشلىغان. توپىلاڭغا قاتناشقان ئاقسۆڭەك
ياشلار قولغا ئېلىنغان.

بەختكە قارشى بۇ ئاقسۆڭەك ياشلار ئىچىدە روكىنىڭ ئىككى

قاراز قىلىپتۇ. بۇ چاغدا تاركۇنشۇس شەھەر سىرتىدىكى بار-
گاھتا ئىكەن، شەھەردە ۋەقە بولغانلىقىنى ئاڭلاپ دەرھال
قايتىپتۇ. روكى بىر ئەترەت پىدائىيلارنى باشلاپ باتۇرلۇق
بىلەن ھۇجۇم قىلىپتۇ، تاركۇنشۇس چۆچۈپ قالغان دۈشمەنگە
قارىماي قېچىپتۇ. ئىسيانچىلارغا قارىغاندا، بۇ ۋەقە مىلادىدىن
ئىلگىرى 510 - يىلى يۈز بەرگەن ئىكەن.

رىملىقلار تاركۇنشۇسنى قوغلىۋەتكەندىن كېيىن يېڭى پادىشا
تۇرغۇزماسلىقنى بەلگىلەپتۇ. شۇنىڭدەك، تەنتەنىلىك تۇردە، شەخ-
سى مۇستەبىتلىك قىلغۇچىلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، دەپ
جاكالاپتۇ. ئۇلار ئىككى باشلىق سايلاپ پادىشانىڭ ئورنىغا
دەسسىتىپتۇ، بۇلارنى دەسلەپتە ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدار دەپ
ئاتاپتۇ، كېيىن ھاكىمدار دەپ ئاتاپتۇ. بۇنداق ئەمەلدارلار-
نىڭ مائاشى يوق ئىكەن، لېكىن ناھايىتى يۇقىرى ئابرويىدىن
بەھرىمەن بولىدىكەن، رىملىقلار، ھەتتا يىللارنىڭ نامىنى
شۇلارنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتايدىكەن.

ھاكىمدارنىڭ 12 ياساۋۇلى بار ئىكەن. ياساۋۇللارنىڭ
مۈرىسىدە بىر باغلام ئادەم ئۇرىدىغان تاياق بار ئىكەن، بۇ
تاياقنىڭ ئارىسىغا بىر پالتا قىستۇرۇلغان ئىكەن، بۇ دۆلەتنىڭ
ئالىي ئەمەلدارىنىڭ ھوقۇقىنىڭ سىمۋولى ئىكەن. بۇنداق تاياق
"فاشىست" دەپ ئاتالغان. ھاكىمدار ئادەتتە رىمنىڭ ھۆكۈمرانى
ۋە قازىسى بولىدىكەن. ئۇرۇش ۋاقتىدا رىم قوشۇنلىرىنىڭ
لەشكەر بېشى بولىدىكەن. بىراق ئۇلارنىڭ ھوقۇقى چەكلەن-
گەن ئىكەن: ئىككى ھاكىمدارنىڭ ھوقۇقى تەڭلا ئىكەن،
بىرسى يەنە بىرسىنىڭ بۇيرۇقىنى ھەر قانداق چاغدا بىكار
قىلالايدىكەن؛ ھاكىمدار بولۇش مۇددىتى بىر يىللا بولۇپ،
مۇددىتى توشقاندىن كېيىن ئاددىي پۇقرا بولىدىكەن؛ كىشىلەر-

پالتىسنى چىقىرىپ، شۇ يەردىلا بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپتۇ. مۇشۇ ئىشلار بولۇۋاتقاندا، روكى ئورۇندۇقتا بىمالال ئولتۇرۇپ، ئۇتكۇر كوزى بىلەن نەزەر سېلىپتۇ، ھەتتا بېشىنى مىدىرلىتىپمۇ قويماپتۇ.

ئەمدى نوۋەت يەنە بىر ھاكىمدار ئوزىنىڭ ئىككى جىيەن بالىسىنى سوراق قىلىش ۋە ئۇلارغا ھوكۇم قىلىشقا كېلىپتۇ. بۇ ھاكىمداردا روكىغا ئوخشاش مۇستەھكەم ئىرادە ۋە ئادالەت يولىدا قوۋم - قېرىنداشلىرىدىن كېچىش جاسارىتى بولمىغاچقا، ئىككى نەۋرىسىنى ئولۇم جازاسى ئورنىدا رىمدىن قوغلىۋېتىشنى تەكلىپ قىلىپتۇ.

— ياق، — دەپتۇ روكى قىلچىمۇ تەۋرەنمەي، — بۇ ئىككى خائىننىمۇ ئاۋال "فاشىست" بىلەن دۇمبالاپ، ئاندىن بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىش كېرەك!

كىشىلەر روكىنىڭ ھوكمىنى قەتئىي ھىمايە قىلىپتۇ، ياساۋۇللار بۇ ھوكۇمنى شۇ زامانلا بىجا كەلتۇرۇپتۇ. ھەلىقى شەخسى مەنپەئەتنى دەپ تۇققانلىرىغا يان باسقان ھاكىمدار روكىنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن رىمدىن قوغلىنىپتۇ.

ئوغلى ۋە يەنە بىر ھاكىمدارنىڭ ئىككى جىيەن بالىسى بار ئىكەن. رىملىقلار بۇ ئىككى ھاكىمدارنىڭ تۇققانلىرى ئىچىدىن چىققان ۋەتەن خائىنلىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشقا دىققەت - نەزىرى بىلەن قاراپ تۇرۇپتۇ.

بۇ ئىككى ھاكىمدار پۈتۈن شەھەر خەلقىنى مەركىزىي مەيدانغا يىغىپ ۋەتەن خائىنلىرىنى خەلقى ئالەم ئالدىدا ئۆزلىرى سوراق قىلىپتۇ.

ئاۋال روتىي ئىككى ئوغلىنىڭ ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلغان جىنايەتلىرىنى سوراق قىلىپتۇ. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ئۆزلىرىنىڭ سۈيىقەستلىك ھەركەتلەرگە قاتناشقانلىقىنى ئىقرار قىلىپ، يىغلاپ تۇرۇپ دادىسىدىن كەچۈرۈم سوراپتۇ. كىشىلەر جىددى قىياپەتتە روتىنىڭ ھۆكمىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

— بۇ ئىككىسى جۇمھۇرىيەتكە قارشى تۇرۇشتەك ئېغىر جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزدى، — دەپتۇ روتىي جاراڭلىق ئاھاڭ بىلەن ھۆكۈم قىلىپ، — «فاشىست» تايىقى بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈش كېرەك! — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ، يېنىدا تۇرغان ياساۋۇلغا قاراپ قول ئىشارىتى قىلىپتۇ.


فاشىست تايىقى

ياساۋۇل دەرھال مۇرىسىدىن تا-ياقنى — «فاشىست» نى ئېلىپ، بۇ ئىككى جىنايەتچىنى گوشلىرى تىت-ما - تىتما بولۇپ كەتكىچە دۇمبا-لاپتۇ، ئاندىن كېيىن ئۇلارنى يۇكۇندۇرۇپ، «فاشىست» تىكى

مى تۈزگەن ئىكەن. ئۇلار گائۇللارنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، رىمدىن ياردەم سوراپتۇ.

رىم ئاقساقاللار مەھكىمىسى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، گائۇللارنىڭ ئاقساقىلى بورىن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلار-نىڭ لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرۈشنى تەلەپ قىلىشقا ئۈچ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ، لېكىن بۇ تەلەپ رەت قىلىنىپتۇ. ئەتىسى، بۇ ئۈچ ئەلچى دىپلوماتىيە قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، كروسىنلارنىڭ گائۇللارغا ھۇجۇم قىلىشىغا ياردەملىشىپتۇ. بۇ ئەلچىلەرنىڭ بىرسى تېخى گائۇللارنىڭ بىر ئاقساقىلىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چوڭ چاتاق چىقىپتۇ.

گائۇللارنىڭ ئاقساقىلى بورىن دەرھال بىرقانچە ئىگىز بويلۇق ئادەم تاللاپ ئەلچى قىلىپ، رىم ئاقساقاللار مەھكىمە-سىگە ئەۋەتىپ ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ ھەمدە ھېلىقى ئۈچ رىم ئەل-چىسىنى ئۆزلىرىنىڭ جازالىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپتۇ. رىم تەرەپ بۇ تەلەپنى رەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ ئۈچ ئەلچىنى كېيىنكى يىللىق ھەربىي خەلق پاسبانلىرى قىلىپ سايلاپتۇ. بۇ بىر خىل جىسمانىي جەھەتتە دەخلى - تە-رۇز قىلغىلى* بولمايدىغان ئالاھىدە ئەمەل بولۇپ، ھوقۇقى ناھايىتى زور ئىكەن، بۇنداق ئەمەلدىكىلەر ھەتتا ئاق-ساقاللار مەھكىمىسى ياكى ھاكىمدارلارنىڭ قارارلىرىنى ئىنكار قىلىۋېتەلەيدىكەن. بورىن بۇنى ماڭا قىلىنغان ھاقارەت دەپ قاراپ، 70 مىڭ لەشكەر باشلاپ رىمغا ھۇجۇم باشلاپتۇ.

گائۇللار ناھايىتى تېز يۈرۈپ، رىمغا يېقىن جايدىكى ئارىپ دەرياسىنىڭ تىبىر دەرياسىغا قويۇلىدىغان جايىدا رىم قوشۇنلىرى بىلەن كەسكىن جەڭ قىلىپتۇ. گائۇللار باتۇرلۇق بى-لەن جەڭ قىلىپ، يالاڭئاش ئاتاكىغا ئۆتۈپ، رىم قوشۇنلىرىنىڭ

# ئاق غازنىڭ توھپىسى

بىر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، رىمنىڭ ئىچكى شەھىرىدىكى كاپىتولى دوڭلۈكىدىن بىر توپ تاۋاپ قىلغۇچىلار ئاستا - ئاستا چۈشۈپتۇ. سەپ ئىچىدە بىرسى گۈلچەمبىرەك بىلەن زىننەتلەن-گەن بىر قەپەزنى كۆتىرىۋالغان ئىكەن، قەپەزدە بويىنىغا چىراي-لىق بويۇن چەمبىرىكى ئېسىلغان، ئۈستىگە رەڭلىك لېنتىلار ئارتىلغان، بىر ئاق غاز بار ئىكەن. كىشىلەر غازنى كۆرۈپلا تەنتەنە قىلىپ غازغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپتۇ.

رىملىقلار نېمە ئۈچۈن ئاق غازغا شۇنچىۋالا ھۆرمەت قىلىدۇ؟ بۇنىڭدا رىمنىڭ ھايات - ماماتىغا ئالاقىدار بولغان بىر ھېكايە بار.

مىلادىيىدىن ئىلگىرى 4 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا رىم خېلى قۇدرەت تاپقان ئىكەن. ئۇ ئىتالىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى بېسىۋ-ۋالغان، نۇرغۇن قەبىلىلەر ئۇنىڭ ھوكۇمرانلىقىنى ئېتىراپ قىل-غان ئىكەن، لېكىن ئۇنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى گائۇل-لار توختاۋسىز تۇردە جەنۇپقا قاراپ تاجاۋۇز قىلىپ تۇرۇپتۇ. گائۇللارنىڭ بويى پاكار بولۇپ، تېنى تەمبەل، چېچى پاخما ئىكەن، كەشتىلىك كىيىم كىيىدىكەن، بويىنىغا ئالتۇن چەمبىرەك ئاسىدىكەن، جەڭدە بەك باتۇر بولۇپ، يارىلانسىمۇ قېشىنىدىن ئايرىلمايدىكەن. كېيىن، ئۇلار كروسىن شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپتۇ، كروسىن رىمنىڭ غەربىي شىمالىغا ئالاھەزەل 200 كىلومېتىر كې-لىدىغان جايدا بولۇپ، يېقىندا رىم بىلەن ئىتتىپاق شەرتنامى-

كائۇللار ھەيران بولۇپ، بۇلار ھەيكەل بولسا كېرەك دەپ ئويـ
لىغان. كائۇللاردىن بىرسى ئاۋايلاپ، بىر ئاقساقالنىڭ ئېڭەكىنى
سىلىغان ھەم ئۇنىڭ ئۇزۇن ساقىلىنى تارتقان ئىكەن، بۇ ئاقـ
ساقال تۇيۇقسىزدىن مۇقەددەس ھاسىسى بىلەن كائۇلنىڭ
بېشىغا غەزەپ بىلەن سالغان، كائۇللار بۇنىڭ تىرىك ئادەم
ئىكەنلىكىنى بىلىپ، خەنجەر تىقىپ ئۆلتۈرگەن. باشقا كائۇللار
مەيداندىكى ئاقساقاللارنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىغان. ئانـ
دىن كېيىن بۇلاش ۋە ئوت قويۇشقا كىرىشىپ، بىر نەچچە كۈن
ئىچىدە رىم شەھىرىنى خارابىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن.

كائۇللار رىمغا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، شەھەرنى تولۇق
ئىشغال قىلالمىغان. چۈنكى شەھەر ئىچىدىكى شەھەر — كاپىتو-
لى دوڭلۈكى يەنىلا رىملىقلارنىڭ قولىدا ئىكەن، بۇ دوڭلۈكنىڭ
يارلىرى ناھايىتى تىك بولۇپ، بىر تەرىپى ھاڭ ئىكەن، بۇ دوڭلۈك
مۇداپىئەلىنىشكە ئەپلىك بولۇپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىش تەس
ئىكەن. كائۇللار كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلىپ مەغلۇپ بولغاندىن
كېيىن، تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇزاق مۇددەت قورشاپ، ئا-
چارچىلىق تەھدىدى بىلەن رىملىقلارنى تەسلىم قىلىش قارا-
رىغا كەلگەن.

كاپىتولى دوڭلۈكى قورشاۋ ئىچىدە قالغان بولسىمۇ، لېكىن
شەھەر سىرتىدىكى ياردەمگە كەلگەن لەشكەرلەر يەنىلا ئامال
قىلىپ دوڭلۈكتىكى ئاقساقاللار بىلەن ئالاقە باغلاپتۇ. بىر با-
تۇر يىگىت تۈن كېچىدە دوڭلۈكنىڭ ھاڭ تەرىپىگە كېلىپتۇ. كا-
ئۇللار بۇ جايدىن يامىشىپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس دەپ قا-
راپ پوس قويمىغان ئىكەن. بۇ يىگىت ھاڭغا دوملاپ چۈشۈش
خەۋپىگە قارىماي، يارغا يامىشىپ چىقىپتۇ. بەختكە قارشى كا-
ئۇللاردىن بىر نەچچىسى يار تېگىدىن ھېلىقى يى

سول قانىتىنى دەرياغا كىرگۈزۈۋېتىپتۇ. بىر قىسىم رىم لەشكەر-لىرى رەسۋا بولۇپ، قېچىپ شەھەرگە كىرىۋېلىپتۇ، پاتىپاراقچە-لىقتا شەھەر دەرۋازىلىرىنى ئېتىشنىمۇ ئۇنتۇپتۇ.

مەغرۇر رىم قوشۇنلىرى ھېچقاچان مۇنداق قاتتىق مەغلۇ-بىيەتكە ئۇچرىمىغان ئىكەن. كېيىن، ئارىپ دەرياسى بويىدا مەغ-لۇپ بولغان كۈننى — مىلادىدىن ئىلگىرى 390 - يىل 7 - ئاينىڭ 18 كۈننى دۆلەتكە ھاقارەت كەلگەن كۈن قىلىپ بەلگىلىگەن.

تېرە - پېرەك بولغان قوشۇن شەھەرگە كىرىۋالغاندىن كېيىن، بىر قىسىم ئاھالە شەھەرنىڭ باشقا دەرۋازىلىرىدىن سىرتقا چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن، بىر قىسىم قوشۇن ۋە ياش ئاقساقاللار ئىچكى شەھەردىكى كاپىتولىندىكى دوگىلۇككە سېلىن-غان قورۇلىنى چىڭ ساقلاپ ياردەمگە كېلىدىغان لەشكەرلەرنى كۈتۈشنى قارار قىلغان. ئالاھەزەل يۈزدەك ياشانغان ئاقساقال دوگىلۇككە چىقىپ پانالىنىشنى خالىمىغان، ئۇلار ھېيىتلىق كىيىم-لىرىنى كىيىپ، مەركىزىي مەيدانغا كېلىپ، پىل چىشىدىن ياسال-غان يۇمۇلاق بەندىگىدە ئولتۇرۇپ شەھەر ئۈچۈن قۇربان بو-لۇشقا تەييارلانغان.

2 - كۈنى، گائۇللار ئوچۇق شەھەر دەرۋازىلىرى ئارقىلىق ھېچقانداق توسالغۇسىزلا رىم شەھىرىگە بېسىپ كىر-گەن. كوچىلاردا بىرمۇ ئادەم قالمىغان، ھەممە ئىشىكلەر ئېتىل-گەن بولۇپ، رىم بىر ئۆلۈك شەھەردەك بولۇپ قالغان ئىكەن. ئۇلار مەركىزىي مەيدانغا ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇزۇن مۇقەددەس ھاسا تۇتقان نۇرغۇن بوۋايلارنىڭ ئۇ يەردە قىمىرلىماي ئولتۇرغانلىقىنى كورگەن. گائۇللار ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلسە بىرسىمۇ ئورنىدىن تۇرمىغان، بىرسىنىڭمۇ چىرايى ئۆزگەرمىگەن. بۇنى كورگەن



رىم لەشكەرلىرى

باشقا نەرسىلەر بىلەن گائۇللارنى جىلغىغا چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. شۇ-
نىڭ بىلەن دۆلەت ئامان قىلىپتۇ.
جايـغا
تاڭ ئاتقاندا، دۆلەتنى ساقـلاپ ياتقۇچىلار بىر
توپلىنىپتۇ. زىرەك، باتۇر مەللىس ۇس بىر كۆنلۈك ئوزۇقلۇق ۋە
مەي بىلەن مۇكاپاتلىنىپتۇ، كېيىنچە يەنە "كاپىتولىدىكى مەلىس-
مۇس" دىگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە بولۇپتۇ. شۇ كېچىسى دۆگ-
لۈكنىڭ قاراۋۇللۇق ئىشىغا مەسئۇل بولغان كوماندىرغا ئۆلۈم
جازاسى بېرىلىپ، ھاڭدىن ئىتتىرىۋېتىلىپتۇ.
ئاي قورشىغان.
گائۇللار كاپىتولىدىكى دۆگلۈكنى 7
رىملىقلار ھەر خىل ئازاپلارنى چەككەن بولسىمۇ، لېكىن باش-
تىن - ئاخىر دۆگلۈكنى ساقلاپ قالغان، كېيىن گائۇللارمۇ
بەرداشلىق بېرەلمەي قالغان، ئىككى تەرەپ سوھبەت ئارقىلىق
گائۇللار 1000 سەر ئالتۇن تولەم ئېلىپ رىمدىن چېكىنىپ
چىقىپ كەتكەن.
ئاق غازلارنىڭ غاقىلدىشى ئارقىسىدا كاپىتولى دۆگلۈكى

كەت يامشىپ چىققاندا قالغان ئىزلارنى تەسادىپىي كۆرۈپ قىلىپتۇ. شۇ كېچىسى بورىن ئەك چەبدەس، ئەك باتۇر گائۇللارنى تالالاپ، ھىلىقى يىگىت يامشىپ چىققان يول بىلەن يامشىپ چىقىپ دوگىلۆكنى بىر يولىلا ئالماقچى بولۇپتۇ.

بەش بارماقنى كورگىلى بولمايدىغان قاراڭغۇ كېچىدە، گائۇللار قولنى قولغا تۇتۇپ، ئاۋايلاپ تۇيدۇرماي يامشىپ چىقىپتۇ. دوگىلۆكتە جىمجىتلىق ھوكۇم سۈرگەن بولۇپ، ياساۋۇللارلا ئەمەس، ھەتتا ئىتلارمۇ گائۇللارنىڭ تىۋىشىنى سەزمەپتۇ. گائۇللار دوگىلۆككە چىقاي دەپ قالغاندا، تۇيۇقسىزلا "غاق - غاق - غاق" دىگەن غاز ئاۋازلىرى جىمجىتلىقنى بۇزۇۋېتىپتۇ. بۇ، غازلار رىملىقلار دوگىلۆكتىكى ئايال خۇدا ئىبادەتخانىسىغا سەدىقە ئۈچۈن بەرگەن غازلار ئىكەن. دوگىلۆكتە يىمەكلىك ناھايىتى قىس ئىكەن، شۇڭا كوپچىلىك ئۇلارنى باققان بولسىمۇ، تويغىچە دان بېرەلمەپتۇ، قوسقى ئېچىپ كەتكەن بۇ غازلار تولىمۇ بىارام بولۇپتۇ، يەنە كېلىپ ئۇگاي ئۈركۈيدىغان بولۇپ قېلىپتۇ. شۇڭا گائۇللارنىڭ يېقىنلىشىپ قالغان تىۋىشىنى ئاڭلاپلا غاقىلداپ كېتىپتۇ.

ئاق غازلارنىڭ غاقىلدىشى ۋەزىپىسىدىن چېكىنگەن ھاكىمدار مەللىئۇسنى ئويغىتىۋېتىپتۇ. ئۇ ئۇچقاندەك چېپىپ يارنىڭ قېشىغا بېرىپ بىرىنچى بولۇپ چوققىغا چىققان گائۇللۇقنى نەيزە، قالقان بىلەن ئىتتىرىپ ھاڭغا چۈشۈرۈۋېتىپتۇ، كەينىدىنلا خەنجەرنى ئىككىنچى گائۇللۇقنىڭ كوكرىكىگە سانچىپتۇ. مۇللاق ئېتىپ چۈشكەن گائۇللار يەنە بىرنەچچە گائۇللۇقنى دومىلىتىۋېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ مەللىئۇس ۋاقىت جەھەتتە ئۇتۇۋېلىپتۇ. ئاق غازلارنىڭ غاقىلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان رىم لەشكەرلىرى كەينى - كەينىدىن يېتىپ كېلىپ، ئۇزۇن نەيزە، تاش ۋە

# ئۇرۇش پىلىغا ئوت بىلەن ھۇجۇم قىلىش

مىلادىدىن ئىلگىرى 282 - يىلى بىر كۈنى 10 دانە كېمىدىن تەركىب تاپقان رىم كېمە ئەترىدى ئادرىياتىك دېڭىزىدا ئاستا كېتىۋاتقان ئىكەن. كېمە ئەترىدى ئىتالىيىنىڭ جەنۇبىدىكى تارېنتۇم قولتۇغىغا كىرگەندە، تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچراپتۇ. يۇنان شەھرى تارېنتۇمدىن كوپلىگەن كېمە ئەۋەتىپ رىم كېمە ئەترىدىنى قورشىۋېلىپتۇ، ھەممە 5 كېمىنى تارتىۋېلىپتۇ، كېمىچىلەرنىڭ بىر قىسمىنى قىرىپ، بىر قىسمىنى قول قىلىپ سېتىپتۇ، رىم كېمە ئەترىدىنىڭ باشلىقى جەڭدە ئۆلۈپتۇ.

بۇ چاغدا، رىم ئىتالىيىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شىمالىي قىسمىنى بوي سۇندۇرۇپ بولغان بولۇپ، ئۇز تەسىر كۈچىنى جەنۇبىي ئىتالىيىگە سىڭدۈرمەكچى بولۇپ تۇرغان ئىكەن. تارېنتۇمنىڭ ئىغۋاگەرچىلىكى رىم ئۈچۈن دەستەك بولۇپ بېرىپتۇ. 2 - يىلى، رىم تارېنتۇمغا ئۇرۇش ئېلان قىلىپتۇ.

كائۇللار ھۇجۇم قىلىپ، رىم قولىدىن كېتىشكە تاس قالغاندىن بۇيان، رىم ھەربىي جەھەتتە چوڭ ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىپتۇ. ئىلگىرى ھەربىي خىزمەت ئوتەيدىغانلار قورال - ياراق، ئوزۇق - تۈلۈكنى ئوزلىرى تەييارلىغان، قوشۇنمۇ لەشكەرلەرنىڭ مال - مۈلكىنىڭ ئاز - كوپلۈكىگە قاراپ سەپكە تىزىلغان ئىكەن: پۇلى بار، قورال - يارىغى ياخشىراقلىرى بىرىنچى رەتكە تىزىلغان، نامراتلىرى، قورال - ياراقلىرى ناچارراقلىرى ئارقا رەتكە تىزىلغان. ئەمدىلىكتە بولسا قورال - ياراق

قەد كوتىرىپ تۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر قوالىدىن. كەتمەسگەن. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن "ئاق غازلار رىمنى قۇتقۇزۇپ قالدى" دىگەن سوز رىملىقلاردا ماقال بولۇپ قالغان. ئاق غازلارنىڭ توھپىسىنى خاتىرىلەش ئۇچۇن، ھەر يىلى كۇنلەرنىڭ بىرىدە، رىملىقلار داغدۇغىلىق تۇردە ئاق غاز كوتىرىپ نامايىش قىلغان ھەمدە ئاق غازنى "مۇقەددەس غاز" دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭ شەنىگە تەنتەنە قىلىپ ھورمەت بىلدۇرگەن.

مەجبۇر بولغان.



پۇرۇس

پۇرۇس ھەربىي ئىشلاردا ناھايىتى ئىقتىدارلىق لەشكەر بېشى بولۇپ، ئالېكساندىرنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرىنىڭ ۋارىسى دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، ئوتتۇرا دېڭىز رايونىدا چوڭ دولەت بەرپا قىلىشقا مەپتۇن بولۇپ يۈرگەن ئىكەن، شۇڭا تارىنتۇمنىڭ تەلىۋىگە ماقۇل بولغان. مىلادىدىن ئىلگىرى 280 - يىلى باش باھاردا، پۇرۇس لەشكەر تارتىپ جەنۇبىي ئىتالىيىگە كەلگەن. ئۇنىڭ قوشۇنىدا ئېغىر قورال-لار بىلەن قوراللانغان 20 مىڭ پىيادە لەشكەر، 2000 مەرگەن ۋە 3000 ئاتلىق لەشكەر بار ئىكەن، ئۇنىڭدىن باشقا ئىتالىيە زېمىنىدا تۇنجى قېتىم پەيدا بولغان 20 دانە ئۇرۇش پىلى بار ئىكەن. بۇ پىللار كوندۇرۇلگەن پىللار ئىكەن. جەڭ قىلغاندا ئۇنى پىل باشقۇرغۇچى باشقۇرغان، پىلنىڭ ئۈستىدە ئۇزۇن نەيزە تۇتقان 4 لەشكەر ئۆرە تۇرغان، ھۇجۇمغا ئۆتكەندە ئۇ ناھايىتى زور ھەيۋە كۆرسەتكەن.

تارىنتۇمنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ھېراكىيە شەھىرى تۈۋىدە، رىم جۇنتۇەنى بىلەن پۇرۇس قوشۇنى ئوتتۇرىسىدا 1 - قېتىملىق جەڭ بولغان. جەڭ ناھايىتى كەسكىن بولغان. تەربىيە كۆرگەن ۋە باتۇر رىم لەشكەرلىرى پۇختا ئويۇشتۇرۇلغان، قورال - ياراقلىرى ئېسىل بولغان پۇرۇس لەشكەرلىرىنىڭ

ىمۇ، ئۇزۇق - تۈلۈكىمۇ دۆلەت بېرىدىغان بولغان. سەپكە قىزىشتا بولسا لەشكەرلەرنىڭ يېشى ۋە تەربىيىلىنىش دەرىجىسى ھىساپقا ئېلىنغان: بىرىنچى رەتتە، ياش نەيزىچىلەر تۇرغان؛ ئىككىنچى رەتتە، تەجرىبىلىكرەك بولغان ئاساسلىق لەشكەرلەر تۇرغان؛ ئۈچىنچى رەتتە. ئەڭ تەجرىبىلىك پىشقەدەم لەشكەرلەر تۇرغان. جەڭ باشلانغاندا، ئاۋال بىرىنچى رەتتىكى لەشكەرلەر دۈشمەنگە قارىتىپ نەيزە ئاتقان. 2 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بۇنداق نەيزىلەرنىڭ ئۇچىغا ئۈچلۈك ئۆتكۈر تۆمۈر ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇ دۈشمەنلەرنىڭ قالقان ۋە ساۋۇتلىرىنى تېشىۋېتەلەيدىكەن. ئەگەر دۈشمەنلەر تەرسالىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتسە، ئىككىنچى رەتتىكى ئاساسلىق لەشكەرلەر ئالدىنقى سەپكە ئۆتۈپ، مۇستەھكەم سەپ تۈزۈپ، ئىككى بىسلىق خەنجەر ۋە قىلىچ بىلەن قوچاقلاشما جەڭ قىلىدىكەن. ئەگەر يەنىلا غەلىبە قازىنالمىسا، ئۈچىنچى رەتتىكى پىشقەدەم لەشكەرلەرنى سالىدىكەن. قوشۇن نەدە تۇرمىسۇن، ھەتتا بىر كېچە قونسىمۇ ئاكوپ كولاپ ئىستىھكام سېلىپ، دۈشمەننىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىدىكەن. قوشۇندا ئىنتىزام قاتتىق بولغان، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلمىغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن. ئەگەر پۈتۈن سەپ بويىچە قاچقانلار بولسا، ئۇلارنى بۇيرۇق بىلەن تىزىلدۇرۇپ، رېتى بويىچە ساناتقۇزۇپ، ھەر ئونىنچى ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى بەرگەن. سەركەردە بولامدۇ، لەشكەر بولامدۇ، خىزمەت كۆرسەتسە تارتۇقلىغان. لەشكەر بېشى چوڭ غەلىبە قازانغان بولسا، رىمغا قايتقاندا زەپەر مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن. جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك بولغان رىم قوشۇنلىرىنىڭ زەربىسى ئارقىسىدا تارېنتوم قوشۇنلىرى ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇپ، يۇناننىڭ ئېپىرۇس قەبىلىسىنىڭ پادىشاسى پۇرروستىن ياردەم سوراشقا

لوم شەھىرىنىڭ يېنىدا ئىككى قوشۇن ئوتتۇرىسىدا ئىككىنچى قېتىملىق جەڭ بولغان.

رىملىقلار بۇ جايغا 70 مىڭ لەشكەر توپلىغان ھەمدە بىر خىل ئۇرۇش ھارۋىسى كەشپ قىلغان. ھارۋىغا پىل بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئوت، ئۇزۇن نەيزە قاچىلىغان. چۈنكى ئۇلار ھايۋانلارنىڭ ئوتتىن قورقىدىغانلىقىنى بىلىدىكەن. لەشكەرلەر يېلىم يالىتىلغان ئۇزۇن نەيزىلەرگە ئوت تۇتاشتۇرۇپ، نەيزىلىرىنى ئويناتقان. رىملىقلار ئورمان كۆپ بىر ئوي - دوڭ جايدا سەپ تۈزگەن، بۇ جاي ئۇلارغا تولىمۇ ئەپلىك بولغان. 1 - كۈندىكى جەڭدە رىملىقلار غەلىبە قىلغان، چۈنكى پۇرۇس ئۆزىنىڭ نەيزىچىلىرىنى، ئاتلىق لەشكەرلىرىنى ۋە پىللىرىنى نوبدان ئىشقا سالالمىغان. لېكىن 2 - كۈنى،



ئۇرۇش پىلى

شىددەتلىك ھۇجۇمغا بەرداشلىق بەرگەن. يەتتە قېتىم ئېلىشىپ ھېچقايىسى تەرەپ يېڭەلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن پۈروس ئاتلىق لەشكەرلەرگە قوماندانلىق قىلىپ ئاتاكىغا ئۆتكەن ھەمدە ئۇرۇش پىلىلىرىنى جەڭگە سالغان. رىملىقلار ئىلگىرى پىلىنىڭ ئېتىنى سودىگەرلەر ۋە سەيلە - ساھەتچىلەرنىڭ ئاغزىدىنلا ئاڭلىغان ئىكەن، بۇ قېتىم كېلەڭسىز ئۇرۇش پىلىلىرىدىنى كۆرۈپ قورقۇپ قېتىپلا قالغان. ئۈركىگەن ئاتلار ھەر ياققا چاپقان، لەشكەرلەر ئارقا - ئارقىدىن قاچقان. پىل، ئاتلىق لەشكەرلەر ۋە پىيادە لەشكەرلەرنىڭ نوۋەتلىشىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈشى ئارقىسىدا، رىم جۇڭتۈەنى تېزلا تىرە - پىرەك بولۇپ كەتكەن. بۇ قېتىمقى جەڭدە رىم لەشكەرلىرىدىن 7000 ئادەم تالاپەتكە ئۇچرىغان، 2000 ئادەم ئەسىرگە چۈشكەن. لېكىن رىملىقلار ھودۇقۇپ قالمىغان. پۈروس قوشۇنلىرى رىم شەھىرىگە نەچچە 10 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا باستۇرۇپ كەلگەندە، رىم ئاقساقاللار مەھكىمىسى "دىكتاتۇر" (مۇستەبىت ئەمەلدار) تەيىنلىگەن. بۇ دولەت جىددى ھالەتتە تۇرغاندا ئاقساقاللار مەھكىمىسى ئىسىملىك كۆرسىتىپ، ھاكىمدار ۋەزىپىگە تەيىنلەيدىغان خىزمەت ئىكەن، ئۇنداقلارنىڭ خىزمەت ئۆتەش مۇددىتى 6 ئايدىن ئېشىپ كەتمەيدىكەن، ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىل ئىچىدە ھوقۇقى پەقەت چەكلەنمەيدىكەن. دىكتاتۇرنىڭ قوماندانلىقىدا، رىم لەشكەرلىرى تاجاۋۇزچىلارغا باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن. پۈروس ئۆزىنىڭ يالغۇز ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتكەنلىكىنى، غەلىبىدىن ئۈمىت يوقلۇقىنى سېزىپ، لەشكەرلەرنى چېكىندۈرۈپ، تارېنتۇمدا قىشلاشقا قايتقان.

2 - يىلى 4 - ئايدا، پۈروس يەنە لەشكەر باشلاپ رىمغا ھۇجۇم قىلغان. تارېنتۇمنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئۇسكۇ-

كەرلىرىنى دەسسەپ چەيلىگەن. رىملىقلار پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ قوغلاپ زەربە بېرىپ، پۇروسنىڭ بارگاھىنى بىر يولىلا ئىشغال قىلىۋالغان، 1000 دىن ئارتۇق ئەسىرنى ۋە 4 دانە پىلنى قولغا چۈشۈرگەن. پۇروس ئاتلىق لەشكەرلەرنىڭ ياساۋۇللىغىدا قېچىپ كەتكەن. شۇ يىلى كۈزدە، ئۇ ئۆزىنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى باشلاپ دېڭىزدىن ئۆتۈپ يۇنانغا كەتكەن. 3 يىلدىن كېيىن، ئۇ بىر قېتىملىق كوچا ئۇرۇشىدا ئۆلگەن.

پۇروس ئۆلگەن يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرى 272-يىلى)، رىم جەنۇبىي ئىتالىيىنى بويسۇندۇرغان. يەنە بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن پۈتكۈل ئىتالىيە رىمنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەن.

پۇرۇس ئۆستىلىق بىلەن رىملىقلارنى ئورمانلىقتىن بىر تۈزلەڭ-لىككە ئېلىپ چىققان. بۇنداقتا ئۇنىڭ زىچ پىيادە لەشكەرلەر سېپىنى ئىشقا سېلىشى ھەمدە ئاتلىق لەشكەرلەر بىلەن پىللار-دىن تولۇق پايدىلىنىشى مۇمكىن بولغان. نەتىجىدە، رىملىقلار يەنە مەغلۇپ بولغان.

بۇ جەڭدە رىم تەرەپ 6000 ئادەم زىيان تارتقان، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇلارنىڭ ھاكىمدارىمۇ بار ئىكەن. پۇرۇسمۇ ئىنتايىن كۆپ زىيان تارتقان: 3500 ئادەم ئۆلگەن، ئۆزىمۇ يېنىك يارىلانغان. ئۇ بۇ زىيانلارنى ئىتالىيىدە تولدۇ-رۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلگەن. شۇڭا جەڭ ئاياقلاشقاندا كۆپچىلىك ئۇنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلىگەندە، ئۇ ئۇھ تارتىپ:

— ئەگەر يەنە بىر قېتىم مۇشۇنداق غەلىبە قىلىدىغان بولساق، ھېچكىم مەن بىلەن بىللە ۋەتەنگە قايتالمىغان بولاتتى! — دىگەن.

شۇنىڭدىن تارتىپ، "پۇرۇسچە غەلىبە" دىگەن سۆز ئەمەلىيەتتە مەغلۇپ بولۇشقا ئاز قالغان غەلىبىنى كۆرسىتىدىغان سۆز بولۇپ قالغان.

مىلادىدىن ئىلگىرى 275 - يىلى پۇرۇس بىلەن رىملىق-لار ئوتتۇرىسىدا، بېنېۋېنتۇم شەھرىگە يېقىن جايدا ئاخىرقى قېتىملىق چوڭ جەڭ بولغان. پۇرۇس ياخشىراق جاينى ئىگەل-لەشكە تىرىشىپ، لەشكەرلەرگە كېچىدە يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇق بەرگەن، بىراق بەختكە قارشى ئۇلار يولدىن ئازغان. رىملىق-لارنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، ئۆز قوشۇنلىرىنى ئورۇنلاشتۇ-رۇۋالغان. بۇ قېتىمقى جەڭدە پۇرۇس مەغلۇپ بولۇپ رەسۋاسى چىققان. رىم مەرگەنلىرى پىلغا قارىتىپ ئوتلۇق ئوق - يانى ياغدۇ-رۇۋەتكەن، پىل ئەسەبىلەرچە ئارقىغا قېچىپ، پۇرۇسنىڭ لەش-

لېكىن بىزدە قۇدرەتلىك دېڭىز ئارمىيىسى بولمىسا، ئۇ چاغدا قۇرۇقلۇقتا كەلتۈرگەن غەلىبىمىز يوققا چىقىدۇ!

— ئاڭلىشىمىزچە كارتاگېنىڭ دېڭىز ئارمىيىسى بەك يامانمىش، بىز بولساق كېمە ياساشقا ئەمدى كىرىشىۋاتىمىز ......

— شۇنى دېمەمسەن، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىز كېمە ياساش بىلەن بىر ۋاقىتتا پالاقچىلارنى يېتىشتۈرۈشىمىز كېرەك. كېمە ياسىلىپ بولغاندا، بىزدە ئۇستا پالاقچىلارمۇ بولىدۇ. بىر ئۇرۇش كېمىسىدە 150 نەچچە پالاقچى بولمىسا بولمايدۇ، ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ماسلاشمىسا ئۇرۇشتا زىيان تارتىدىغان گەپ. بۇ ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس!

— بىراق، — دېگەن بىر پالاقچى ئەندىشە بىلەن، — كارتاگېنلىقلارنىڭ ئۇرۇش كېمىلىرىدە پالاق بەش قەۋەت بولىدۇ، ئۇلارنىڭ دېڭىزدا جەڭ قىلىش تەجرىبىسى كۆپ، بىز بولساق ......

— نېمىدىن قورقىسەن؟ — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى ئۈزۈۋەتكەن سەركەردە، — بىز ياساۋاتقان كېمىلەردىمۇ بەش قەۋەت پالاق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ...... — ئۇ سىرلىق كۈلگەن، — بىزنىڭ كېمىلىرىمىزدە يېڭى قۇروللار بار، كارتاگېنلىقلارنى چوقۇم يېڭەلەيمىز. بولدى، داۋاملىق مەشىق قىلايلى!

شۇنداق قىلىپ رىم بىر يىل ۋاقىت ئىچىدىلا يېڭى كېمە ئەترىتى قۇرۇپ چىققان، 30 مىڭ پالاقچىنىمۇ يېتىشتۈرۈپ چىققان. مىلادىيىدىن ئىلگىرى 260 - يىلى رىم كېمە ئەترىتى دېڭىزدىن ئۆتۈپ جەنۇبقا قاراپ يۈرۈپ، سىتسىلىيە ئارىلىنى قارارلاپ ماڭغان. ئۇزاق ئۆتمەي، ئارالنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى دېڭىزدا كارتاگېنلىقلارنىڭ كېمە ئەترىتى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان.

# قاغا شەكىلىنىڭ ئۇرۇش كېمىسى

ئىتالىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بىپايان كەتكەن دېڭىز ساھىلىدە سانسىزلىغان ئۇزۇن بەندىگىلەر قويۇلغان ئىدى. ھەر بىر بەندىگىدە بىر نەچچە ئادەم ئولتۇراتتى. بۇلار ياش، قاۋۇل يىگىتلەر بولۇپ، يالىڭاچ ھالدا قولىرىدىكى ئۇزۇن پالاق بىلەن كېمە ھەيدەشنى ئۆگەنمەكتە ئىدى.

بۇ يىگىتلەرنىڭ يەلكىسى پىژغىرىم ئاپتاپتا قارىداپ كەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ تەنلىرىدىن ئاققان تەرلەر ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە يەرگە سىڭىپ كېتەتتى. بەزىلەر ھالسىزلىنىپ بەرداشلىق بېرەلمەي پالاق ئۇرۇش سۈرئىتىنى ئاستىلىتاتتى.

— ھەي، يىگىتلەر غەيرەت قىلىڭلار! مېنىڭ كوماندامنى ئاڭلاڭلار، بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت ......، — دەيتتى بىر رىم سەركەردىسى. ئۇ بىر تەرەپتىن كوماندا بېرىپ، بىر تەرەپتىن يىگىتلەرنىڭ پالاق ئۇرۇش ھەركىتىنى تۈزەتمەكتە ئىدى.

— بېگىم، — دېدى دەم ئېلىش ۋاقتىدا بىر پالاقچى، — پالاق ئۇرۇشنى كېمىلەرنى ياساپ بولغاندىن كېيىن مەشىق قىلساق بولمامدۇ؟

— ياق، ئۇ چاغدا ئۈلگۈرەلمەيمىز، — دېدى سەركەردە ئالدىراپ قولىنى سىلكىپ، — سىتسىلىيە ئارىلى بىز رىملىقلارغا بەك مۇھىم. بىز گارتاگېنلىقلار (ھازىرقى تۇنىس) نىڭ ئۇ يەرگە خوجايىنلىق قىلىشىغا ھەرگىز يول قويمايمىز! بىز سىتسىلىيىنىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلغان بولساقمۇ،

يەنىلا بۇيرۇق بەرگەن:

— ئۇنىڭ بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، كېمىلىرىمىزگە بۇيرۇق يەتكۈز، سۈرئەتنى تېزلىتىپ، ئۇزىنى ئۇرسۇن!

گارتاگىپ ئۇرۇش كېمىلىرى ھېچ نەرسىگە قارىماي ئاخىر بېرىپ رىم ئۇرۇش كېمىلىرىگە شىددەت بىلەن ئۇرۇلغان. ئىككى تەرەپنىڭ كېمىلىرى يېقىنلاشقان چاغدا، ھەممەيلەن تاش ۋە نەيزە ئېتىشقان، ئوق - يا ياغدۇرۇشقان. لېكىن غەلىتە يېرى شۇ بولغانكى، گارتاگىپ كېمىلىرى ئۇزىنى ئۇرۇپ كەلگەندە رىم ئۇرۇش كېمىلىرى ئۇزىنى چەتكە ئالمايلا قالماستىن، بەلكى يېقىنلىشىپ بېرىۋەرگەن ھەمدە ھېلىقى كېمە بېشىغا ئېسىپ قويغان كىچىك كوۋرۇكىنى تاشلىغان. ھايت - ھۇيت دېگۈچە بۇ كىچىك كوۋرۇكلەر گارتاگىپ كېمىلىرىنى ئىلىۋالغان.

— قىرىڭلار! ھۇررا! — رىم لەشكەرلىرى بىر تەرەپتىن چۇقان كوتىرىپ، بىر تەرەپتىن، كىچىك كوۋرۇكلەر ئارقىلىق ئۇچقاندەك دۈشمەن كېمىلىرىنىڭ سۇپىلىرىغا ئېتىلىپ چىققان. شۇ زامات دېڭىز ئۇرۇشى قۇرۇقلۇق ئۇرۇشىغا ئايلانغان، گارتاگىپ كېمىلىرىدە قىلىچ خەنجەرلەر پارقىرىغان، قانلار چاچرىغان.

گارتاگېلىقلار رىم دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ بۇ يېڭى تاكتىكىسىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىكەن، ئۇلار بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا 50 دانە ئۇرۇش كېمىسىنى زىيان تارتقان. قالغان كېمىلىرى تىكىۋەتكەن.

— "قاغا" غەلىبە قىلدى! ياشىسۇن "قاغا"! — دەپ تەنتەنە قىلغان رىم لەشكەرلىرى.

ئەسلىدە، رىملىقلار يېڭىدىن قۇرۇلغان كېمە ئەترىدىنىڭ قاندىقلا بولمىسۇن تەجرىبىسىزلىكىنى مولچەرلەپ، ئۇزلىرىنىڭ قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلىش ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلىش لازىملىقىنى ھېس قىلغان، شۇڭا ھەر بىر كېمىنىڭ ئۈستىگە بىر

گارتاگېلىقلار قورۇقلۇقتىكى جەڭدە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن دېڭىز ئارمىيىسى جەھەتتە ئىزچىل تۇردە ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەپ كەلگەن. شۇڭلاشقا ئۇلار رىم كېمە ئەتردىنى ئۇدۇلدىن چىققاندىمۇ قىلچە ھودۇقمىغان.

— جەمئى قانچە كېمە ئىكەن؟ — دەپ سورىغان گارتاگې دېڭىز ئارمىيىسى قوماندانى.

— بەش قەۋەتلىك كېمىدىن 100 دانە، 3 قەۋەتلىك كېمىدىن 20 دانە ئىكەن، — دەپ جاۋاپ بەرگەن كۆزەتچى.

— 120 دانە ئىكەنغۇ! — دىگەن قوماندان پىسەنت قىلماي، — بۇيرۇغۇمنى يەتكۈز: دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشقا 130 دانە كېمە چىقسۇن!

— قوماندان قانداق سەپ تۈزىمىز؟ — دەپ سورىغان ئالاقچى ئاستا.

قوماندان دەرھال جاۋاپ قايتۇرمىغان. ئۇ كېمە سۇپىسىغا چىقىپ، رىم كېمە ئەتردىگە سەپسېلىپ، قاقاقلاپ كۈلگەن ھەمدە:

— ساپلا قوپال كېمىلەرئىكەنغۇ! بۇ كېمىلەرگە تاقابىل تۇرۇشقا ھېچقانداق سەپ تۈزۈشنىڭ ھاجىتى يوق، ئېتىلىپ بېرىپ دېڭىزغا غەرق قىلىۋەتسىلا بولىدى!

ئىككى تەرەپ كېمىلىرى بارا - بارا يېقىنلاشقان. كۆزەتچى قوماندانغا دوكلات قىلغان:

— خەۋەر تاپقايلا قوماندان: دۈشمەننىڭ ھەر بىر كېمىسىنىڭ بېشىدا بىر كىچىك كوۋرۈك تۇرىدۇ!

قوماندان قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، زەڭ سېلىپ قاراپمۇ ئۇنىڭ نىمىگە ئىشلىتىلىدىغانلىغىنى ئۇقالماي، خودۇكلىنىپ قالغان؛ لېكىن رىم ئۇرۇش كېمىلىرىنى كۆزگە ئىلماسلىق ئارقىسىدا

نا گېمە ئەترىدى ھەيۋەت بىلەن ئافرىقىغا قاراپ يولغا چىققان. يول ئۈستىدە رىم كېمە ئەترىدى 350 دانە ئۇرۇش كېمىسى، 150 مىڭ كىشىدىن تەركىپ تاپقان كارتاگې كېمە ئەترىدى بىلەن كەسكىن جەڭ قىلغان. "قاغا" شەكىللىك ئۇرۇش كېمىسىنىڭ قۇدرىتى بىلەن رىم كېمە ئەترىدى يەنە غەلىبە قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن رىملىقلار غەلىبىلىك تۈردە ئافرىقىدا قۇرۇقلۇققا چىقىپ، كارتاگې شەھىرىنى قورشىۋالغان.

لېكىن رىملىقلار كارتاگې شەھىرىنى ئالالمىغان. ئىككىنچى يىلى يازدا، رىم قوشۇنلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىشكە نۇرغۇن كېمە ئەۋەتكەن. بەختكە قارشى قايتىش سەپىرىدە دەھشەتلىك بورانغا ئۇچراپ، 280 نەچچە ئۇرۇش كېمىسى، 25 مىڭ لەشكەر ۋە 70 مىڭ پالاقچى دېڭىزغا غەرق بولغان.

مىلادىدىن ئىلگىرى 241 - يىلى 3 - ئايدا، رىم يېڭىۋاشتىن كېمە ئەترىدى قۇرۇپ، سىتسىلىيە ئارىلىنىڭ غەربىدىكى دېڭىزدا يەنە بىر قېتىم كارتاگېنىڭ 120 دانە ئۇرۇش كېمىسىنى چوكۇرۇۋەتكەن. بۇ چاغدا كارتاگې دۆلىتىدە قوزغىلاڭ بولغان، ئىچكى - تاشقى قىيىنچىلىق ئارقىسىدا رىم بىلەن يارىشىشنى تەلەپ قىلغان. كارتاگې رىمغا كۆپلىگەن تولەم تولىگەن ھەم سىتسىلىيە ئارىلىنى ئايرىپ بەرگەن. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، سىتسىلىيە ئارىلى رىمنىڭ بىر مەمۇرى ئولكىسى بولۇپ قالغان. كارتاگې بۇرۇن فىنىكلارنىڭ مۇستەملىكىسى بولغانلىقى، رىملىقلار بولسا فىنىكلارنى "پونى" دەپ ئاتايدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ قېتىمقى ئۇرۇش تارىختا پونى ئۇرۇشى دەپ ئاتالغان. بۇ ئۇرۇش ئىلگىرى - كېيىن ئۈچ قېتىم ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، جەمى 118 يىل داۋام قىلغان.

كىچىك ئاسما كۆۋرۈك جايلاشتۇرغان. بۇنداق كۆۋرۈكنىڭ ئىككى تەرىپىدە رىشاتكىسى بولۇپ، ئۇچىدا ئىلمىكى بار ئىكەن. دۈشمەن كېمىسىگە يېقىنلاشقاندا، ئىلمەك دۈشمەن كېمىسىنى ئىلىۋېلىپ، پىيادە لەشكەرلەرنىڭ دۈشمەن كېمىسىگە ئېتىلىپ چىقىپ ئېلىشىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن پىيادە لەشكەرلەرنىڭ نەيزىۋازلىق قىلىشتىكى ھەيۋىسى تولۇق جارى بولغان. ئاسما كۆۋرۈكتىكى ئىلمەك ئۇچلۇق بولۇپ، قاغىنىڭ تۇمشۇغىغا بەك ئوخشايدىكەن، شۇڭا ئۇنى "قاغا" دەپ ئاتىغان. ھىلىقى رىم سەركەردىسى دېگەن "يېڭى قۇرۇلما" ئاشۇ ئىكەن.

"قاغا" شەكىللىك ئۇرۇش كېمىسىنىڭ كارتاگې دېڭىز ئارمىيىسىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغانلىق خەۋىرى رىمغا يېتىپ كەلگەندە پۈتۈن شەھەر خوشاللىق تەنتەنىسىگە چۆمگەن. بۇ قېتىمقى دېڭىز ئۇرۇشىنىڭ شانلىق غەلىبىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، رىم مەيدانىغا مەرمەر تاشتىن ياسالغان بىر چوڭ تۈۋرۈك ئورنىتىلىپ، ئۇنىڭغا ئەسىر ئېلىنغان كارتاگې كېمى-سىنىڭ بېشى قوندۇرۇلغان؛ بۇ قېتىمقى جەڭگە قوماندانلىق قىلغان ھاكىمدار مىسلىسىز شۆھرەت قازانغان: ئاقساقاللار مەھكىمىسى ئۇ نەگە بارسا ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەرلەندۈ-رۈش ئۈچۈن، بىر مەشئەلچى ۋە ئىككى سۇنايچىنىڭ ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇپ يۈرۈشىنى قارار قىلغان.

رىملىقلار "قاغا" شەكىللىك كېمىنىڭ تەڭداشسىزلىقىغا ئىشىنىپ، بۇنىڭ بىلەن ئافرىقىنى بوي سۇندۇرۇپ، كارتاگې تېررىتورىيىسىنى بېسىۋېلىشنى قارار قىلغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرى 256 - يىلى يازدا، 330 دانە ئۇرۇش كېمىسى، 40 مىڭ پىيادە لەشكەر ۋە 100 مىڭ پالاقچىدىن تەركىب تاپقان كات-

6000 ئاتلىق لەشكەر باشلاپ كاننايىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولغان. لېكىن، كارتاگېلىقلار ئاللىقاچان شەھەر سىرتىدىكى تۆزلەڭلىكتە بارگاھ قۇرۇۋالغان.

رىمنىڭ ئىككى ھاكىمدارى ئوتتۇرىسىدا بۇ قېتىمقى ئۇرۇش توغرىسىدا ناھايىتى زور پىكىر ئىختىلاپلىرى تۇغۇلغان. بىرسى كارتاگېلىقلار بىلەن ئۇلۇم - كورۇم جېڭىنى ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان، يەنە بىرى بولسا ئۇرۇش قىلىشتا ئالدى بىلەن ئېھتىياتچان بولۇشنى تەشەببۇس قىلغان. 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى لەشكەر بېشى نوۋەتچىلىكى ۋارروغا كەلگەن. ئۇ قوشۇنغا ئۆزى قوماندانلىق قىلىدىغان كۈندە كارتاگېلىقلار بىلەن ئۇلۇم - كورۇم جېڭى قىلىش قارارىغا كەلگەن. تاڭ سەھەردە، ئۇ لەشكەرلەرگە قوماندانلىق قىلىپ ئائۇفىرۇس دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى كەڭ تۈزلەڭلىككە بېرىپ، 80 مىڭ پىيادە لەشكەرنى 70 قاتار قىلىپ، مەركىزىي جايغا زىچ سەپ تۈزۈپ، ئىككى تەرەپكە ئاتلىق لەشكەرلەرنى قويۇپ، ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچ بىلەن دۈشمەنگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ بىراقلا غەلىبە قىلماقچى بولغان.

ئەمدى كارتاگېلىقلارنىڭ تۈزگەن سېپىگە قاراپ باقايلى. ھاننىبالنىڭ لەشكەرلىرى 40 مىڭ بولۇپ، رىملىقلارنىڭ يېرىمىغا تەڭ كەلگەن، ئاتلىق لەشكەرلىرى رىملىقلارنىڭكىگە قارىغاندا 8000 ى كوپ بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمى ئەسكىرىي كۈچ جەھەتتە ناچار ئەھۋالدا تۇرغان. ئۇ ئۇرۇش مەيدانى دېڭىزغا 5 كىلومېتىر كېلىدىغان بولۇپ، دېڭىزدا چۈش ۋاقتىدا دائىم قاتتىق شەرق شامىلى چىقىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىدىكەن. شۇڭا ئۇ شەرق شامىلىغا كەينىنى قىلىپ تۇرىدىغان سەپنى تاللىغان ھەمدە جەڭدىن بۇرۇن بىر جىلغىغا بىر قوشۇننى بوكتۇرمە

# كانناي ئۇرۇشى

بۇ مىلادىدىن ئىلگىرى 3 - ئەسىردە بولغان ئاز ساندىكىلەرنىڭ كۆپ ساندىكىلەرنى يېڭىشىنىڭ مەشھۇر بىر مىسالى: ئىككىنچى قېتىملىق پۇنىي ئۇرۇش مەزگىلىدە، گارتاگې 50 مىڭ لەشكەر بىلەن كاننايدا رىمنىڭ 80 مىڭ لەشكىرىنى قورشاپ يوقىتىپ، شانلىق غەلىبىگە ئېرىشكەن.

گارتاگې رىم بىلەن ئاھانەتلىك تېچلىق شەرتنامىسى تۈزگەندىن كېيىن، ئىنتىقام ئېلىش كويىدا بولۇپ يۈرگەن. 23 يىلدىن كېيىن، گارتاگېنىڭ يېڭى لەشكەر بېشى ھاننىبال لەشكەر باشلاپ، تۇيۇقسىز رىم زېمىنى ئىتالىيىدە پەيدا بولغان ھەمدە مىلادىدىن ئىلگىرى 216 - يىلى ئەتىيازدا ئادرىياتىك دېڭىزى بويىدىكى كاننايىنى — رىمنىڭ مۇھىم ئاشلىق ماكانىنى بېسىۋالغان. شۇ يىلى سايلانغان رىمنىڭ ئىككى ھاكىمدارى — ۋاررو بىلەن پائۇلۇس 80 مىڭ پىيادە لەشكەر،




كانناي ئۇرۇشىنىڭ ئىشارەتلىك خەرىتىسى

قوشۇنلىرىنىڭ چوخچىيىپ چىقىپ قالغان قىسمى ئارقىغا چېكىنىپ كەتكەن. رىملىقلار ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى گارتاگېنىڭ سېپىنىڭ ئىككى ئۇچى شۇنچە يىغىلغان. بۇ ھاننىبالنىڭ رىملىقلارنى "تاغار"غا سولاش ھىلىسى ئىكەن. رىملىقلار "تاغار" غا خېلى ئىچكىرىلەپ كىرگەن چاغدا، ھاننىبال ئۆزىنىڭ قابىل پىيادە لەشكەرلىرى ۋە ئاتلىق لەشكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلىپ تېزلىك بىلەن دۈشمەن لەشكەرلىرىنى ئىككى ياقتىن قىستاپ كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھىلىقى 500 نەپەر خىل پىيادە لەشكەرلەرگە بەلگە بەرگەن، لېكىن بۇ 500 پىيادە لەشكەر خۇددى قاچقۇنلاردەك تېرە - پېرەڭ بولۇپ رىملىقلار تەرەپكە قاراپ چاپقان. رىملىقلار بۇلار تەسلىم بولغىلى كەلدى دەپ قاراپ ئۇلارنىڭ قىلىچ ۋە قالقانلىرىنى يىغىۋالغان، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى قورالسىزلاندۇردۇق دەپ ھېساپلاپ، ئۇزلىرىنىڭ ئارقا سېپىگە ئاپىرىپ قويغان.

چۈش بولاي دېگەندە دېڭىزدا قاتتىق شەرق شامىلى كۆتىرىلگەندە، چاڭ - توزاڭ يەر - جاھاننى بىر ئالغان. چاڭ - توزاڭ ھەدەپ "تاغار" غا كىرىۋاتقان رىم لەشكەرلىرىنىڭ كۆزىنى ئاچالماس قىلىپ قويغان. كۆزلىرىنى ئاچالمىغاچقا لەشكەرلەر بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ، ئۆز - ئۆزىدىن نۇرغۇن يارىلانغان، شۇنىڭ بىلەن، ھايت - ھۇيت دېگۈچە سەپ بۇزۇلۇپ كەتكەن. گارتاگېلىقلار شامالغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغاچقا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دۈشمەننى كۆپلەپ قىرغان.

رىملىقلار تازا قالايمىقان بولۇپ كەتكەن چاغدا، ئارقا سېپىگە ئاپىرىپ قويغان ھىلىقى 500 نەپەر قابىل گارتاگې پىيادە لەشكەرلىرى قوينىدىن خەنجەرلىرىنى چىقىرىپ، رىم

قىلىپ، ئۇلارغا ئۇرۇش بولۇۋاتقاندا شەرق شامىلى چىقىسا دۈشمەننىڭ ئارقا تەرەپتىكى قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىشىنى بۇيرۇغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە 500 نەپەر قابىل پىيادە لەشكەرگە قولىغا ئادەتتە ئۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان قىلىچ ئالغاندىن باشقا ئىچىگە بىردىن خەنجەر يوشۇرۇپ، بەلگە بېرىلگەن ھامان ھەركەت قىلىشقا بۇيرۇق بەرگەن.

ھانىبال غەلىتىلا بىر سەپ تۈزگەن: دەل ئوتتۇرىسىغا جەڭگىۋارلىقى ئاجىزراق پىيادە لەشكەرلەردىن 20 مىڭىنى ئوغاق شەكلىدە تىزىپ، چوخچىيىپ تۇرغان تەرىپىنى دۈشمەنگە قاراتقان، ئىككى تەرەپكە جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك پىيادە لەشكەرلەرنى قويغان، ئوغاق شەكىللىك سەپنىڭ ئىككى چېتىگە خىل ئاتلىق لەشكەرلەرنى قويغان.

ئىككى تەرەپ سەپ تۈزۈپ قويۇلغاندىن كېيىن، قوماندانلار ئاتلىق ئايلىنىپ، ھەرقايسىسى ئۆز لەشكەرلىرىگە ئىلھام بەرگەن.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 8 لەردىن ئۆتكەندە، كەڭ جەڭ مەيدانىدا قۇلاقنى يارغۇدەك سىگناللار چېلىنغان. ئارقىدىنلا 100 نەچچە مىڭ ئادەم دالىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ چۇقان كۆتەرگەن. غايەت زور كۆلەملىك قانلىق قىرغىنچىلىق باشلانغان.

رىم پىيادە لەشكەرلىرى ھە دېگەندىلا قويۇق سەپ بولۇپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن كارتاگې پىيادە لەشكەرلىرىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلغان. خۇددى ھانىبال پەرەز قىلغاندەك ئۇزىنىڭ 20 مىڭ ئاجىز پىيادە لەشكەرلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي ئارقىغا قاراپ چېكىنگەن. شۇنىڭ بىلەن ئوغاق شەكىللىك سەپ ئېگىلىپ، ئەسلىدە رىم

2 ئايالنى تىرىك كۆمگەن......

يەنە 70 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ھەربىي كۈچى ئەسلىگە كەلگەن رىم ئۈچىنچى قېتىملىق پۇنىك ئۇرۇشىدا كارتاگېنى كۆچىنى ئۈزۈل - كېسىل تار - مار قىلغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرى 146 - يىلى ئەتىيازدا، 6 كېچە - كۈندۈز كەسكىن جەڭ قىلىش ئارقىسىدا، كارتاگې شەھىرى رىم قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان، 85 مىڭ كارتاگېلىق ئۇرۇشتا ئۆلگەن. مىلادىيىدىن ئىلگىرى 9 - ئەسىردە بىنا قىلىنغان بۇ ئاۋات شەھەر بۇلاڭ - تالاڭدا قۇپ - قۇرۇق قىلىپ قويۇلغان، 6 كېچە - كۈندۈز كۆيۈپ تۈپ - تۈز يەرگە ئايلىنىپ كەتكەن. قېلىپ قالغان 50 مىڭ ئادەمنىڭ ھەممىسى قۇل قىلىپ سېتىلغان، كارتاگېغا قاراشلىق رايونلار رىمنىڭ ئافرىقا ئۆلكىسى بولۇپ قالغان. شۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، مىسىر ۋە سۈرىيىدىن باشقا، ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىكى جايلارنىڭ ھەممىسى رىمنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتكەن.

لەشكەرلىرىگە ئېتىلغان. جىلغىدا بوكتۇرمە قىلىنغان قوشۇنمۇ ئېتىلىپ چىقىپ ئۇلارغا ماسلىشىپ رىملىقلارنى قىرغان. ئارقىدىنلا كارتاگې ئاتلىق لەشكەرلىرى ئۇچقاندەك ئايلىنىپ كېلىپ، "تاغار" نىڭ ئاغزىنى مەھكەم ئەتكەن. شۇنىڭ بىلەن رىملىقلارنى قورشىۋالغان. رىملىقلارنىڭ ئەسكىرىي كۈچى كوپ بولسىمۇ، ئالدى سەپتىكىلىرى توسالغۇغا ئۇچرىغاچقا، شەرقىقە قاراپ ھۇجۇم قىلىشقا ئامال قىلالمىغان، ئىككى قانىتىغا بولسا كارتاگېنىڭ خىل پىيادە لەشكەرلىرى قىسىپ ھۇجۇم قىلغان، ئارقا سېپى توساپ قويۇلغان، ئوتتۇرىدىكى ئەسكىرىي كۈچى بىر كاللەك خېمىردەك بولۇپ قېلىپ ھەركەت ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولغان، شۇنىڭ بىلەن رىملىقلار پۈتۈنلەي ھاننىبالنىڭ قورقۇنچلۇق توزىقىغا چۈشۈپ قالغان.

بۇ قېتىمقى قىرغىنچىلىق توپ - توغرا 12 سائەت داۋام قىلىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاياقلاشقان. رىمنىڭ 80 مىڭ لەشكىرىدىن 54 مىڭى ئۆلگەن، 18 مىڭى ئەسىرگە چۈشكەن، ھاكىمدار پائۇلۇس ۋە قوشۇنىنىڭ ھەممە سەركەردىلىرى ئۆلگەن، ھەل قىلغۇچ جەڭگە قوماندانلىق قىلغۇچى ۋاررو قالدۇق قوشۇنلارنى باشلاپ قېچىپ كەتكەن. ھاننىبال جەمى 6000 ئادەم زىيان تارتقان.

ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىگەن. كاننايدا قاتتىق مەغلۇپ بولغان خەۋەر رىمغا يېتىپ كەلگەن، ئاقساقاللار مەھكىمىسى جىددى تەدبىر قوللىنىپ دىكتاتۇر تەيىنلىگەن. 17 ياشتىن ئاشقان ياشلارنىڭ ھەممىسى لەشكەرلىككە ئېلىنىدۇ دەپ جاكالىغان، دولەت خۇسۇسى خوجايىنلاردىن 8000 ياش قۇل سېتىۋېلىپ، ئىككى قوشۇن تەشكىل قىلغان؛ خۇداغا تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن ۋەھشىيانە مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، 2 ئەر ۋە

رىنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنلىرى ساردىن ئارىلىنى
بوي سۇندۇرغاندىن كېيىن، ئارالدىكى كۆپلىگەن ئاھالىنى ئەر-
زان باھادا قۇل قىلىپ ساتقان، شۇڭا شۇ زامانلاردا ئەڭ پۇل-
غا يارىمايدىغان نەرسىلەرنى "ساردىنلىقلارغا ئوخشاش ئەرزان
ئىكەن" دەيدىغان گەپ تارقالغان.

— ئۆزلىرى ساردىنلارنى دەۋاتىلا، بىراق بۇلار ئىسكىز
بويلۇق گائۇللار، قامەتلىك گېرمانىلار ...... ئۇنىڭ ئۈستىگە
بۇ يىل مال باھاسى ئۆستى، بىر كالىنىمۇ 7 تالانتقا ئالىدۇ!

ئۇلار بىرمەھەل سودىلاشقاندىن كېيىن، ئاخىر پۈتۈ-
شۈپتۇ.

قىزىل كىيىملىك پالۋان كراسس دىگەن ئاقسۆڭەكنىڭ
قۇل باشقۇرغۇچىسى ئىكەن. كراسس رىم شەھرىدىكى كاتتا
باي بولۇپ، ئۇنىڭ 20 مىڭ قۇلى بار ئىكەن. ئۇنىڭ شۇنچە
كۆپ قۇلى تۇرۇقلۇق يەنە نىمشقا قۇل سېتىۋالىدۇ؟ ئەسلىدە،
مىلادىدىن ئىلگىرى 3 - ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىن تار-
تىپ، گىلادىئاتورلۇقتىن ئىبارەت بۇ ۋەھشى كۆڭۈل ئېچىش ئۇ-
سۇلى رىمغا تارقالغان. ھەر ھېيت - ئايەم، بايرام - مەركە
كۈنلىردە گىلادىئاتورلۇق مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەن. بۇ قاۋۇل
قۇللار گىلادىئاتور قىلىشقا سېتىلغان. ئۇلار تەربىيىلەنگەندىن
كېيىن چوڭ تىياتىرخانىلاردا ياكى ئوچۇق سورۇنلاردا ئۆزئارا
ئېلىشقان، ياكى ياۋايى ھايۋانلار بىلەن ئېلىشقان، ئۇلارنىڭ
قان ئاققۇزۇشى ۋە قۇربان بولۇش بەدىلىگە قۇلدارلار كۆڭۈل
ئاچقان. بەزىدە بىر قېتىملىق ئېلىشىش ئۈچۈن نەچچە 100
جۈپ قۇل ۋە مىڭلاپ ياۋايى ھايۋانلار مەيدانغا چىقىرىلغان.
كراسس ئۆزىنىڭ بايلىقىنى كۆز - كوز قىلىش ئۈچۈن ئۆزى-
نىڭ تۇغۇلغان كۈنى كاتتا ئېلىشىش كېچىلىكى ئۆتكۈزمەكچى

# ئىچىنىشلىق گىلادىئاتورلار

جەنۇبىي ئىگەي دېڭىزىدىكى بىر كىچىك ئارالدا — دېلوس ئارىلىدا يىل بويى بازار قىزىپ تۇراتتى. بۇ بازار رىمدىكى ئەڭ چوڭ قۇل بازىرى بولۇپ، كۈنىگە مىڭلاپ قۇل سېتىلىپ، رىمنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا توشۇلۇپ تۇراتتى.

قومۇلۇقتا قاتار - قاتار ئۈستى ئوچۇق سۇپىلار سېلىنغان بولۇپ، قۇل سودىگەرلىرى توپ - توپ قۇللارنى بۇ سۇپىلارغا ھەيدەپ چىقىرىدىكەن، بۇ قۇللارنىڭ 10 نەچچىسىنى بىر قاتارغا تىزىدىكەن، ھەممىسىنىڭ يوتىسىغا ھاك سۈرتۈلگەن، بويىنىغا كىچىك تاختا ئېسىلغان بولۇپ، تاختىغا قۇلنىڭ كېلىپ چىقىشى، يېشى، ئىقتىدارى يېزىلىدىكەن، بەزىلىرىگە قۇلنىڭ باھاسىمۇ يېزىپ قويۇلىدىكەن.

قىزىل كىيىم كىيگەن بىر پالۋان سۇپا يېنىغا كېلىپتۇ. قۇللارنىڭ كوكرىكىگە مۇشتلاپ كورۇپتۇ، ئاغزىنى ئاچدۇرۇپ چىشىغا قاراپتۇ ھەمدە ئۇيان - بۇيان يۈگۈرتۈپ ۋە سەكرىتىپ بېقىپتۇ، قوللىرىنى كوتەرگۈزۈپتۇ. ئاخىرىدا:

— قانچە پۇل؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھە، ئەرزان، ئەرزان، ھەر بىرى 6 تالانت (قەدىمقى يۇنانىنىڭ ئېغىرلىق بىرلىكى ۋە مېتال پۇلنىڭ نامى)، — دەپتۇ ئادەم سودىگىرى ھىجىيىپ تۇرۇپ.

— پاھ، بەك قىممەت ئىكەن، مەن بۇلتۇر سېتىۋالغان ساردىنىلىقلارنىڭ باھاسى 3 تالانتقىمۇ يەتمەيتتى! — ئەسلىدە



رىمدىكى يۇمۇلاق ماھارەت كۆرسىتىش مەيدانىنىڭ خارابىسى

يېڭىدىن سېتىۋېلىنغان گىلادىئاتورلار بىلەن ئەسلىدىكى گىلادىئاتورلار گىلادىئاتورلۇق مەكتىۋىگە ئېلىپ بېرىلىپتۇ. بۇ يەردە، گىلادىئاتورلار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قاتتىق نازارىتى ئاستىدا كۈن بويى نەيزىۋازلىق ۋە چېلىشىشنى مەشق قىلىدىكەن، كېچىسى بولسا ئۇلار قېچىپ كەتمىسۇن ياكى تىل بىرىكتۈرۈۋالمىسۇن دەپ ئايرىم - ئايرىم قەپەزلەرگە سولاپ قويۇلىدىكەن.

ئېلىشىش ماھارىتى كۆرسىتىش ۋاقتى يېتىپ كېلىپتۇ. رىم شەھىرىدىكى غايەت زور يۇمۇلاق ماھارەت كۆرسىتىش مەيدانى چىرايلىق زىننەتلىنىپتۇ. بۇ كاتتا بىنانىڭ سىرتقى تەرىپى 3 قەۋەتلىك، ئەتراپى تۈۋرۈكلەر بىلەن ئورالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا 50 مىڭ تاماشىچى پاتىدىكەن. ماھارەت كۆرسىتىدىغان جايىنى سۇ قۇيۇپ كول قىلىپ، دېڭىز جېڭى ماھارىتىنى كۆرسەتكىلى بولىدىكەن، شۇڭا بۇنى كىشىلەر "سۇ - قورۇقلۇق

بولغان ھەممە پۈتۈن شەھەردىكى بارلىق بايلارنى ئىشتىراك قىلىپ تاماشا كورۇشكە تەكلىپ قىلغان، شۇڭا بىر يىل بۇرۇن مەملىكەتنىڭ ھەرقايىسى جايلىرىدىكى قۇل بازارلىرىغا ئادەم ئەۋەتىپ قاۋۇل گىلادىاتور تاللىغان.

قىزىل كىيىملىك پالۋان بۇ قېتىم 200 قۇل تاللاپتۇ ۋە ئۇ قۇللارنى كېمىگە سېلىپ دەرھال يولغا چىقىشنى بۇيرۇپتۇ، بىراق، ئۇشتۇمتۇتلا ئالى دىگەن قۇلنىڭ ئىنىسىنى باشلاپ قېچىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارنى تۇتۇپ كېلىپتۇ. قىزىل كىيىملىك پالۋان ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۇلارنىڭ بويىنىغا تومۇر زەنجىر باغلاپ، ئۇنىڭغا "مىنى تۇتۇڭلار، مىنى قاچۇرۇۋەتمەڭلار" دىگەن سوزنى ۋە خوجايىن گىراسسىنىڭ ئىسمىنى ئويۇپ قويۇپتۇ ھەممە ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم سولاپ قويۇپتۇ. يول ئۇستىدە بىر قۇل ئاغرىپ قالغاندا، قىزىل كىيىملىك پالۋان: "ئالدىرىما، مەن كېسىلىكنى داۋالاپ قويىمەن" دەپتۇ - دە، كېمە بىر قاقاس ئارالغا كەلگەندە، كېسەل بولۇپ قالغان قۇلنى بۇ يەردە "دوختۇرلار ئىلاھى" بار، "كېسىلىكنى داۋالاپ قويىدۇ" دىگەن بانا بىلەن ئارالغا تاشلاپ كېتىپتۇ، ئەمىلىيەتتە ئۇنى زەھەرلىك يىلان ۋە ياۋۇز بۆركۈتلەرگە يەم قىلىپ بېرىپتۇ.



قۇللارنىڭ بويۇن چەمبىرىگى

جانلىنىپ كېتىپتۇ. ياشانغان ئاقسوڭەكلەر گلادىئاتورلارنىڭ بوي-تۇرقى، ھەركىتى، قوراللىرى ۋە تۇرۇشى ئۈستىدە قوللىرىنى شىلتىپ پاراڭغا چۈشۈپتۇ، بەزىلىرى راستىلا دو تىكىشىپتۇ.

ئالى بىلەن ئۇنىڭ رەقىبى مەيدانىدا 2 - 1 مىنۇت تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەھشەتلىك تۇردە ئېلىشىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار قالقان بىلەن ئۆزىنى قوغداپ پۇرسەت تېپىپ قولىدىكى قورالنى رەقىبىگە سانچىپتۇ. تۇيۇقسىزلا ئالىغا خەنجەر تېگىپ مۇرىسىدىن قان ئاققىلى تۇرغان. تاماشىچىلار دەرھال "بەللى! بەللى!" "يەنە بىرنى تىق، يەنە بىرنى تىق!" دەپ ئەسەبىلەرچە ۋاقىرىغان. كوپ قان ئېقىپ كەتكەچكە ئالى بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاستا - ئاستا ئارقىسىغا چېكىنگەن. رەقىبى بۇ ئەھۋالنى كورۇپ ئىككىلىنىپ قالغان، بىراق توت ئەتراپتىن كوتىرىلگەن چۇقان ئۇلارنى ئالىغا قەدەم تاشلاشقا مەجبۇرلىغان. بىر ئازدىن كېيىن ئالىغا يەنە بىر خەنجەر ئۇرۇلۇپ يىقىلغان. ئۇ يىقىلىپ چۈشكەن بولسىمۇ دەرھال جان ئۈزمىگەن، رەقىبىمۇ ھۇجۇم قىلىشتىن توختىغان.

بۇ چاغدا، سەھنىدە بىر ئايال داخان ئورنىدىن تۇرغان، مەيداندىكىلەرنىڭ دىققەت - نەزىرى ئۇنىڭغا مەركەزلەشكەن. ئەمدى مەغلۇپ بولغۇچىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان پەيت يېتىپ كەلگەن. بەلگىلىمە بويىچە، ئەگەر بۇ ئايال داخان باشمالتىقىنى يۇقۇرىغا قاراتسا مەغلۇپ بولغۇچىنىڭ جېنى ساقلىنىپ قالىدىكەن. ئەگەر ئۇ باشمالتىقىنى تۆۋەنگە قاراتسا مەغلۇپ بولغۇچى شۇ يەردىلا ئولتۇرۇلىدىكەن. بۇ ئايال داخان ئېلىشىشنى ئانچە قىزىمىدى دەپ قارىدىمۇ - نىمە، بۇ رەت ئۇ باشمالتىقىنى تۆۋەنگە قاراتقان. تاماشىچىلارنىڭ تەنتەنە ساداسى ئىچىدە ئالى شۇ زامانلا قانغا مىلەنگەن ئورنىدا ئولتۇرۇلگەن. ئاندىن كېيىن

تىياتىرخانىسى" دەپمۇ ئاتىشىدىكەن. بۇ جاينىڭ ئىزى هازىرغى-
چە رىم شەھىرىدە ساقلانماقتا.

شۇ ئاخشىمى سۈتتەك ئايدىڭ بولغان، سانسىزلىغان مەش-
ئەللەر مەيداننى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەن. مەيدانغا ئادەم لىق
تولۇپ، بىرمۇ بوش ئورۇن قالمىغان. ئويۇن كورۇش سەھنىسى-
نىڭ ئاستى تەرىپىدە پەخرى تاماشىچىلار ئۈچۈن تەييارلانغان
ئىگىز ئورۇن بار ئىكەن، ئۈستى قەۋىتى بولسا ئاقساقاللار ۋە
چەتئەللىك مېھمانلارغا مەخسۇس تەييارلانغان ئورۇن ئىكەن.
ئۇنىڭدىن بىرئاز يىراق جايدا چەۋاندازلار ئولتۇرىدىغان ئو-
رۇندۇقلار بار ئىكەن. ئۇنىڭ يۇقۇرىسى پەلەمپەيلىك، ئادەم
ئوتىدىغان يولى بولغان ئادەتتىكى ئورۇن ئىكەن. ئەڭ يۇقۇ-
رىسى ئاياللارنىڭ ئورنى بولۇپ، تاملىرىغا ئەتىر پۇركۇپ
تۇرىدىغان ناسىۋىلار ئورنىتىلغان ئىكەن.

كىراسىس ماھارەت كورسىتىش باشلانسۇن دەپ جاكالاپتۇ.
قارا ئىس پۇرقۇپ تۇرغان دېۋىرقاي مەشئەللەرنىڭ يورۇغىدا،
قولىدا تومۇر كوسەي تۇتقان رېپىرى 2 گىلادىياتورنىڭ ئىش-
كەللىرىنى بوشىتىپ مەيدانغا ئىتتىرىپ كىرگۈزۈپتۇ. بۇ ئىككىيلەن
بېشىغا دوبۇلغا كىيگەن، يۈز چۈمپەردىسى، ساۋۇت تاقىغان، قولىغا
قالقان ئالغان هالدا كىرىپ كېلىپتۇ، بىرسى ئۇزۇن قىلىچ، بىرسى
خەنجەر تۇتقان. ئۇزۇن قىلىچ تۇتقىنى دەل ھىلىقى قاچقان
قۇل ئالى ئىكەن.

— هىم، ئۇزۇن قىلىچ ئالغىنىنىڭ بويى ئىگىز ئىكەن،
ئۇ چوقۇم يېڭىپ چىقىدۇ!

— خەنجەر ئالغىنىمۇ پاكار ئەمەس ئىكەن. بوي - تۇرقى
پەرقلەنمەيدىكەن، ئوتتۇشۇمەنكى، بۇ ئېلىشىش تازا قىزىيدۇ!

گىلادىياتورلار مەيدانغا چىققاندىن كېيىن تاماشىچىلار

زىيانكەشلىككە ئۇچرايدىغان ھەمدە ھالى ئەڭ ئېچىنىشلىق بولغىنى گىلادىياتورلار بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، لېكىن ئېزىلىش ئېغىر بولغانسېرى قارشىلىقمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرى 2 - ئەسىردىن تارتىپ، رىمنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۈزلۈكسىز تۈردە قۇللارنىڭ چوڭ قوزغىلاڭلىرى پارتلاپ تۇرغان. گىلادىياتور قۇللار ئىچىدىن تىللاردا داستان بولغۇدەك ئۇرغۇن قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى مەيدانغا كەلگەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر بولغىنى سپارتاك قوزغىلىڭى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

رىپەرى قىپ ـ قىزىل قىزارغان تومۇر كوسەيىنى ئۇنىڭ بەدىنىـ
گە باسقان، ئۇنىڭ مۇسكۇللىرىنىڭ قىلچە مىدىرلىمىغانلىقى، ئۇـ
نىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئىسپاتلىغان، شۇ چاغدىلا ئاندىن ئۇنىڭ
جەسىدى سورەپ ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن.

جەسەتنى سورەپ غالىپ كەلگۈچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەنـ
دە، تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ يۈز چىمپەردىسى چۈشۈپ كەتكەن.
غالىپ كەلگۈچى شۇنداق قاراپلا قاتتىق چوچۈپ كەتكەن،
ئۆلگۈچى ئەسلىدە ئۆز ئاكىسى ئالى ئىكەن! ئۇنىڭ كوزلىرى
شۇ زامان قاراڭغۇلىشىپ ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالغان. شۇ
چاغدا، كراسسىس يەنە بىرسى بىلەن ئېلىشسۇن، ئۇ راست قەھ
رىمانمۇ قاراپ باقايلى، دەپ جاكالىغان. ئۇنىڭ سوزى تۈگىشىگىلا
يەنە بىر گىلادىياتور ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەن. ئالىنىڭ ئىنىسى
ئاكىسىنىڭ قانغا مىلەنگەن جەسىدىنى كورۇپ، قاتتىق ھەسرەتـ
لىنىپ كەتكەن، شۇڭا رەقىبى قىلىچىنى كوتىرىشتىن بۇرۇن،
خەنجەرنى ئۆز كوكسىگە سالغان ......

— ھوي لەقۋا، ھوي لەقۋا! — دەپ ۋاقىرىغان سەھنـ
دىكىلەر. كراسسىنىڭمۇ پەيزى ئۇچۇپ، 2 جەسەتنى دەرھال
ئېلىپ چىقىپ كېتىپ ئېلىشىشنى داۋاملاشتۇرۇشنى بۇيرۇغان.

گۇرۇپپىلار بويىچە ئېلىشىش باشلانغان. ئاۋال 10 نەچچـ
چە، نەچچە 10 ئادەم توپ بويىچە ئېلىشقان، ئاخىرىدا 300 جۈپ
گىلادىياتور قوللىنىڭ چوڭ ئېلىشىشى بولغان. ئىس ـ تۈتەك ئاسـ
تىدا ۋە مەشئەللەر يورۇغى ئىچىدە گىلادىياتورلارنىڭ دات ـ
پەرياتلىرى بىلەن تاماشىلارنىڭ چۇقانلىرى قوشۇلۇپ كەتكەن.
مەيدان قان بىلەن بويالغان ......

ئېلىشىش رىم ئاقسوڭەكلىرى ئۈچۈن بىر خىل ۋەھشىي
ھەم دەھشەتلىك «ئويۇن» بولغان. قۇللار ئىچىدە ئەڭ ئېغىر

تائىن دۈشمەنگە سىر بىرىپ قويغان. سىپارتاك كەسكىن
ىارارغا كېلىپ گىلادىئاتورلارنى باشلاپ ھەركەت قوللانغان،
ەتىجىدە 78 ئادەم يولۋاس ئېغىزىدىن قۇتۇلالىغان.
سىپارتاك بۇ گىلادىئاتورلارنى باشلاپ ۋېزۇۋىي تېغىغا
چىققاندىن كېيىن، بۇ تاغنىڭ تىك قىيالىق تاغ ئېگەنلىكىنى،
تاغ چوققىسىغا چىقىشلى بولىدىغان بىر چىغىر يولىدىن باشقا
ەمەلا تەرىپى تىك غار ئېكەنلىكىنى بايقىغان. شۇنىڭ بىلەن
بۇ تاغدا بارگاھ تۈزۈپ، يېقىن ئەتراپتىكى قۇلدارلارنىڭ
.اچىلىرىغا ئۈزلۈكسىز تۈردە ھۇجۇم قىلغان. بۇ چاغدا ئىتا-
ىيىدە ئۇدا ئاچارچىلىق بولۇپ، قۇللار تەرەپ - تەرەپتىن
قېچىپ كېلىپ ئۇنىڭ توپىغا قوشۇلغان، ھەتتا بىر قىسىم ۋەي-
يران بولغان دېھقانلارمۇ كېلىپ قوشۇلغان. ئارىدىن ئۇزاق
ئۆتمەيلا قوزغىلاڭچىلار كۆپىيىپ 10 مىڭ كىشىگە يەتكەن.
10 گىلادىئاتور
رىم ئاقساقاللار مەھكىمىسى نەچچە
قېچىپ كەتكەنلىكىگە دەسلەپتە ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىگەن.
كېيىن ئۇلارنىڭ ئادەم سانى كۆپىيىپ ھەيۋىسى ئاشقانلىقىنى كۆرۈپ،
باستۇرۇش ئۈچۈن 3000 سەركەردە ۋە لەشكەرلەر بىلەن مە-
مۇرى ئەمەلدار كلودىيىنى ئەۋەتكەن. كلودىي تاغ چوققىسىغا
چىقىدىغان بىردىن - بىر چىغىر يولنى قامال قىلىپ، قوزغى-
لاڭچىلارنى ئاچلىقتىن ئۆلتۈرمەكچى بولغان. سىپارتاك خەۋپ-
تىن قورقماي، جەڭچىلەرگە:
— جەڭ قىلىپ ئۆلسەك ئۆلىمىزكى، ئاچ قېلىپ ئۆلمەيمىز! —
دېگەن. يىمەكلىك تۈگىسە ئوت-چۆپ بىلەن قوساق باققان.
بىر كۈنى، سىپارتاك جەڭچىلەرنىڭ ياۋا تال
چىۋىقلاردىن قالقان توقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇنىڭدىن
تاغدىن چۈشىدىغان ئاسما شوتا ياساش مۇمكىنمىدۇ؟ دەپ ئويلى-

# سپارتاك قوزغىلىڭى

"ئەركىنلىك ئۈچۈن جەڭ قىلىپ ئۆلسەم ئۆلىمەنكى، بايلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىشى ئۈچۈن ھەرگىز جېنىمنى ئاتمايمەن!" بۇ، بۇنىڭدىن 2000 نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى ئۆتكەن قۇللار قوزغىلىڭىنىڭ داھىسى سپارتاكنىڭ مەردانە قەسىمى.

مىلادىدىن ئىلگىرى 73 - يىلى يازدا، رىمنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى كاپۇيە شەھىرىدىكى بىر گىلادىئاتورلار مەكتىپىدە بىر قوزغىلاڭ بولغان. گىلادىئاتورلار قوللىرىغا قىڭراق، زىغ ۋە ھەر خىل ئۈچلۈق توخماق ئېلىپ، قاراۋۇللارنى ئۆلتۈرۈپ، پۇختا قاراۋۇللۇق قىلىنىدىغان مەكتەپتىن بوسۇپ چىقىپ، شەھەرنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى ۋېزۇۋىي يانار تېغىغا قاراپ چاپقان. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنى قەدىمقى رىم تارىخىدىكى ئىنتايىن مەشھۇر قەھرىمان سپارتاك ئۇيۇشتۇرغان.

سپارتاك فراكىيىلىك بولۇپ، بىر قېتىم رىم تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا بەختكە قارشى ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ، گىلادىئاتورلار مەكتىپىگە سېتىلغان. سپارتاك نەچچە قېتىم قاچماقچى بولغان، بىراق قېچىپ كېتەلمىگەن! شۇنىڭ بىلەن ئۇ بارلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ گىلادىئاتورلار ئارىسىدا تەرغىبات ۋە ئالاقىلىشىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان. ئۇ 200 دىن ئارتۇق گىلادىئاتور بىلەن ئالاقە باغلاپ قوزغىلاڭ قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان چاغدا، تۇيۇقسىزدىن بىر

قساقاللار مەھكىمىسى ۋارىنىي دىگەن مەمۇرى ئەمەلدارنى
ۋەتكەن ئىكەن، ئۇ 12 مىڭچە كىشىدىن تەركىپ تاپقان
ككى قوشۇننى باشلاپ، قوزغىلاڭچى قوشۇننى قوغلاپ كىلى
تقان ئىكەن.
قوزغىلاڭچى قوشۇن تاغ باغرىدا ھوكۇمەت لەشكەرلىرى
بلەن جەڭ قىلغان. ئۇلار بىر كۇن ئىچىدىلا نەچچە مىڭ
وكۇمەت لەشكىرىنى يوقاتقان. بىراق قوزغىلاڭچى قوشۇن
ەك چارچاپ كەتكەچكە بىر دوڭگە قامىلىپ قالغان. ۋارىنىي
وشالىنىپ، ئاقساقاللار مەھكىمىسىگە خۇش خەۋەر يەتكۇزمەكچى
ولغان. بىراق قوزغىلاڭچى قوشۇن خەۋپتىن قوتۇلۇشنىڭ
وبدان چارىسىنى تاپقان: شۇ كۇنى ئاخشامدا، قوزغىلاڭچى
وشۇن دۇشمەن تاشلاپ كەتكەن جەسەتلەرنى قوزۇقلارغا تىك
ۇرغۇزۇپ باغلاپ، يىنىغا گۇلخان ياققان يىراقتىن قارىسا،
ۇلار پوستەك كورۇنگەن؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاز سان
دىكى ئادەملەرنى كاناي قىلىشقا بەلگىلىگەن: بۇنىڭ بىلەن
قوزغىلاڭچى قوشۇن يەنىلا دوڭدە قامىلىپ قالغاندەك ھىسنى
پەيدا قىلماقچى بولغان. ئاندىن كىيىن قوزغىلاڭچى قوشۇن
قاراڭغۇدا تاغدىن چۇشۇشكە باشلىغان. بۇ ئىشلار تولىمۇ راست
تەك ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ھەركەتمۇ ئىنتايىن چاققان بولۇپ،
قىلچە شەپە چىقارمىغان، دۇشمەن قوشۇنلىرى قوزغىلاڭچى قو-
شۇننىڭ چىكىنگەنلىگىنى زادىلا سەزمىگەن. شۇنداق قىلىپ،
قوزغىلاڭچى قوشۇن دۇشمەننىڭ بۇرنى ئاستىدىكى تاغ يولىنى
بويلاپ، مۇھاسىرىدىن چىقىپ كەتكەن. تاڭ ئاتقاندا، ۋارىنىي
ئالدامچىلىقنى چۇشكەنلىگىنى سىزىپ، دەرھال لەشكەر تارتىپ
ئارقىدىن قوغلىغان. يىرىم يولدا قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ بوك
نۇرمە قىسىملىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، قاتتىق چىقىم تارت

غان ـ دە، جەڭچىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشكەن، بۇ ئوي ھەممەيلەنگە ياققان. ناھايىتى تېزلا سانسىزلىغان ئاسما شوتا تەييارلانغان.

يېرىم كېچىدە ھەممە يەرنى تۇتەك باسقان، گۆكسىرەپ شامال چىققان. تاغ ئاستىدىكى رىم قوشۇنلىرى شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن. سىپارتاك جەڭچىلەرنى باشلاپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان جاسارەت ۋە غەيرەت بىلەن ئاسما شوتىغا ئېسىلىپ تىك غاردىن تۇيدۇرماي چۈشكەن ۋە تېز سۈرئەت بىلەن ئايلىنىپ دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتكەن.

— ھۇررا! — سىپارتاكنىڭ بۇيرۇغى بىلەن تەڭ قوزغىلاڭچى قوشۇن دۈشمەن بارگاھىغا ئاچ يولۋاستەك ئېتىلىپ بېرىپ، دۈشمەنلەرنى سۈرۈپ ـ توقاي قىلىپ، تېرە ـ پېرەڭ قىلىۋەتكەن. كلودىي ئۆلە ـ تىرىلىشىگە قارىماي، ئىگەرسىز بىر ئاتقا مىنىپ تىكىۋەتكەن.

تۇنجى جەڭنىڭ غەلىبىسى قوزغىلاڭچى قوشۇننى روھلاندۇرۇۋەتكەن. سىپارتاك بىلەن قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ سەركەردىلىرى تەھلىل قىلىش ئارقىسىدا، دۈشمەن كۈچلۈك، ئۆزى ئاجىز ئەھۋالدا رىم دۆلىتىنىڭ ئىچكى جايلىرىدا ھاكىمىيەت قۇرۇش بەك تەس دېگەن يەرگە كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئالپىس تېغىدىن ئۆتۈپ ئىتالىيە زېمىنىدىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئىتالىيىنىڭ شىمالىي قىسمىغا قاراپ يۈرۈش قىلغان.

قوزغىلاڭچى قوشۇن يول ئۈستىدە كېتىۋېتىپ بىر دوگلۈككە كەلگەن. سىپارتاك ئارقىسىغا قارىغۇدەك بولسا چۇمۇلىدەك كوپ ئاتلىق لەشكەرلەر ئۇلارنى قوغلاپ كېلىۋاتقان ئىكەن. ئەسلىدە، كلودىي مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، رىم

ئادەم چىقمىغان. ئۇيان ئىنتىرىپ، بۇيان ئىنتىرىپ چوڭ قول-
دار كراسسنى ھاكىمدار قىلىپ سايلىغان. ئاقساقاللار مەھكىمىسى
ئۇنى قوزغىلاڭچى قوشۇننى باستۇرغۇچى قوشۇننىڭ لەشكەرلەر
بېشى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا "دىكتاتۇر" دىگەن نامنى بەر-
گەن ھەمدە ئۇنىڭغا 6 جۇنتۇەن لەشكەر بەرگەن. كراسس خەۋپ-
تىن قۇتۇلۇش،* قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئۇستۇرۇش ئۈچۈن
ۋەھشى بولغان "ئوندىن بىر ئۇسۇلى" نى ئەسلىگە كەلتۈرىدى-
غانلىقىنى جاكالىغان. ئۇ ئالدىنقى سەپتىن قاچقان 500 لەشكەر-
نى تۇتۇپ كېلىپ سازايى قىلىپ، 10 ئادەمنى بىر گۇرۇپپا
قىلىپ، جەمى 50 گۇرۇپپىغا ئايرىغان، چەك تاشلاپ ھەر بىر
گۇرۇپپىدىن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەن. ئومۇمەن چەك چىققان
ئادەم كەڭ لەشكەرلەر ئالدىدىلا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن.

كراسس قوشۇننى تەرتىپكە سالغاندىن كېيىن سپارتاك
قا شىددەتلىك ئېتىلغان. قوزغىلاڭچى قوشۇن كراسس بىلەن
بىر يىلدىن كۆپرەك ئېلىشقان ۋە نۇرغۇن قېتىم غەلىبە قىلغان.
لېكىن كۈچ جەھەتتىكى چوڭ پەرق ۋە ئىچكى بولۇنۇش
ئارقىسىدا، ئاخىر ئىتالىيىنىڭ جەنۇبىدىكى كاپۇيىدە دۈشمەن
تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغان.

مىلادىدىن ئىلگىرى 71 - يىلى باش كۈز كۈنلىرىنىڭ
بىرىدە، سپارتاك دۈشمەن بىلەن ھايات - ماماتلىق جېڭى
قىلغان. قوزغىلاڭچى قوشۇن دۈشمەنلەرنى باتۇرلۇق بىلەن
قىرغان، كەچ كىرگەندە 60 نەچچە مىڭ قوزغىلاڭچى قول
مەردانىلىق بىلەن قۇربان بولغان. سپارتاك ۋە 10 مىڭغا
يېقىن قوزغىلاڭچى قورشىۋېلىنغان. جەڭ بارغانسېرى دەھشەت-
لەشكەن. نۇرغۇن قوزغىلاڭچى جەڭچى ئېغىر يارىلانغان، لېكىن
ئۇلار ئۆزۈن نەيزىلىرىنى خەنجەر ۋە پالتىلىرىنى چىڭ تۇتۇپ،

قان، ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچى قىسىملىرى ۋە ئېتى قوزغىلاڭچى قوشۇن تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنغان.

مىلادىدىن ئىلگىرى 72 - يىلى سىپارتاك قوشۇنلىرى دۈشمەننىڭ مۇھاسىرە قىلىشى، قوغلاپ زەربە بېرىشى ۋە توساپ زەربە بېرىشى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، داۋاملىق شىمالغا يۈرۈش قىلغان، ئاردىن ئۆزاق ئۆتمەي ئالپىس تېغىغا يېقىنلاشقان. بۇ چاغدا قوزغىلاڭچى قوشۇن كوپىيىپ 120 مىڭ كىشىگە يەتكەن. قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىختىلاپ پەيدا بولۇپ، بەزى داھىلار ئەسلىدىكى تاغدىن ئۆتۈپ شىمالغا يۈرۈش قىلىش پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، لەشكەر تارتىپ جەنۇپقا يۈرۈش قىلىپ، رىمنىڭ پايتەختىگە ھۇجۇم قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىدا بولۇنۇش پەيدا بولغان. بىر قوشۇن بولۇنۇپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن رىم قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تارمار قىلىنغان. باشقا قوزغىلاڭچى قوشۇن سىپارتاكنىڭ يېتەكچىلىكىدە داۋاملىق شىمالغا يۈرۈش قىلغان لېكىن ئالپىس تېغى يىل بويى قار كەتمەيدىغان، ھاۋاسى ئوسال تاغ بولغاچقا، قوشۇننىڭ تاغدىن ئوتۇشى بەك تەسكە چۈشكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىمالدىكى ھاللىق دېخانلاردىن قوللىغۇچىلارنى تېپىش تەس بولغان، شۇڭا سىپارتاك ئەسلى پىلانىنى ئۆزگەرتىش قارارىغا كەلگەن. ئۇ بۇيرۇق بېرىپ، بارلىق ئارتۇق مەنقۇلاتىنى تاشلاتقۇزۇۋەتكەن، كېرەك بولمايدىغان ئاتلارنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن. ئاندىن لەشكەر تارتىپ جەنۇپقا قاراپ يۈرۈش قىلغان.

رىم ئاقساقاللار مەھكىمىسى قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ جەنۇپقا قاراپ يۈرۈش قىلغان خەۋىرىنى ئاڭلاپ تېرە - پېرەك بولۇپ كەتكەن، شۇ يىلى ھاكىمدار بولۇشنى خالايدىغان بىرمۇ

كىنەيلى! — بىر جەڭچى بىر ئات ئېلىپ كېلىپ، سىپارتاك
تىن قۇللارنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن دەرھال ئاتقا مىنىپ مۇھاسىرە-
ى بۇزۇپ چىقىپ كېتىشىنى ئىلتىجا قىلغان. سىپارتاك
وزى بىلەن ھەر جاي - ھەر جايدا جەڭ قىلىپ، ئۆلۈم -
ۆرۈمدە بىللە بولغان سەپداشلىرىغا قاراپ قاتتىق تەسىرلەن-
گەن. ئۇ جەسۇرلۇق بىلەن خەنجىرىنى چىقىرىپ،
ۋاقىرىغان:

— بۇ قېتىمقى جەڭدە غەلىبە قىلساق، دۈشمەن ئاتلىرى-
نى ئولجا ئالىمىز؛ ئەگەر مەغلۇپ بولساق، بۇ ئاتنى نىمە
قىلىمىز! ئۇ سوزىنى تۈگىتىپلا خەنجەرنى تىقىپ ئاتنى
ئۆلتۈرگەن.

شۇ ئەسنادا، كراسس رىم لەشكەرلىرىگە قوماندانلىق
قىلىپ يەنە ھۇجۇم قىلغان، دۈشمەن قوشۇنلىرى خۇددى قارا
بۇلۇتتەك باستۇرۇپ كەلگەن. سىپارتاك توت تەرەپتىن كەلگەن
ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرغان، يوتىسىدىكى يارا تۈپەيلىدىن ئۇ پۇخ-
تا تۇرالماي، بىر تىزلاپ ئولتۇرۇپ، بىر قولىدا قالقان، بىر
قولىدا قىلىچ تۇتۇپ دۈشمەن بىلەن داۋاملىق جەڭ قىلغان. ئاخىر
بەدىنىگە نەچچە 10 نەيزە - قىلىچ سانجىلىپ، دەرمانسىزلىنىپ
يىقىلىپ چۈشۈپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

سىپارتاك رەھبەرلىك قىلغان بۇ قېتىملىق سەلتەنەتلىك
زور قۇللار قوزغىلىڭى بەختكە قارشى مەغلۇپ بولغان. ۋەھشى
كراسس ئەسىرگە چۈشكەن 6000 قوزغىلاڭچى قۇلنى
كاپۇيدىن تارتىپ رىمغىچە بولغان يولدىكى كىرىستقا مىخلاپ
ئۆلتۈرگەن. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ پۈتكۈل
ئىتالىيە يېرىم ئارىلىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، رىم قۇلدارلىرى-

دەرغەزەپ بىلەن قايتا - قايتا مۇھاسىرىسىنى بۇزۇشقا ئىتىلغان.

بۇ چاغدا رىم لەشكەرلىرى قويۇق سەپ تۈزۈپ، قوزغىلاڭچى قوشۇنغا قىستاپ كەلگەن ھەمدە قوزغىلاڭچى قوشۇنغا قارىتىپ يامغۇردەك تاش ۋە ئوق - يا ياغدۇرغان. سپارتاك



سپارتاك

قارامتۇل ئارغىماققا مىنىپ، قولىغا ئۈزۈن نەيزە ئېلىپ، ئۇلۇمگە قارىماي سانسىزلىغان رىم لەشكەرلىرىنى قىرغان. ئۇ جالالات كراسسىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى ئىزلەۋاتقاندا، تۇيۇقسىز ئارقا تەرەپتىن كەلگەن رىم جوڭگۈەنى ئۇنىڭغا نەيزە سانچىغان. سپارتاكنىڭ يوتىسى يارىلىنىپ ئاتتىن دوملاپ چۈشكەن، جەڭچىلەر دەرھال ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى قۇتقۇزغان.

— چاققان ئاتقا مىندۈرۈپ مۇھاسىرىنى بۇزۇپ چىقىپ

# كايزا

پايانسىز كەتكەن كەڭ دىڭىز، جەمجەت دىڭىز يۈزىدە 3 پالاقلىق ئىككى كېمە ئاستا - ئاستا 2 پالاقلىق يېڭىنىڭ كېمىگە يېقىنلىشىپ كەلگەن.

— توختا! توختا! بولمىسا ھەممىڭنى بېلىققا يەم قىلىمەن! — دەپ ۋاقىرىغان 3 پالاقلىق كېمىدىكى بىر پالۋان.

يېڭىنىڭ كېمە توختىغان. ئۇنى قوغلاپ كەلگەن ئىككى كېمە يېقىنلاشقان. خەنجەر، نەيزە - قىلىچ تۇتقان ئون نەچچە ئادەم يېڭىنىڭ كېمىگە چىققان. بۇلارنىڭ قاراقچىلار ئىكەنلىكىدە شىك يوق ئىكەن.

قاراقچىلار كېمىنى ئاختۇرۇپ پۇلغا يارايدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز كېمىسىگە توشۇغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەسىر ئالغان ئادەملەرگە تاقابىل تۇرۇشقا كىرىشكەن. ئەسىرلەر ئىچىدىكى چىرايلىق كىيىنگەن، تەقىي - تۇرقى سىپا يە بىر يىگىت ھەملىقى پالۋاننىڭ دىققىتىنى قوزغىغان.

— ياھ، ئەھۋالدىن قارىغاندا سەن گاداي ئەمەستەك تۇرىسەن، — دىگەن پالۋان قىلىچىنى ئوينىتىپ، — ئېيتە، ئۆز ئىدرىكىڭلىكىڭ ئۈچۈن قانچىلىك پۇل چىقىرىسەن؟

يىگىت دىڭىزغا قارىۋېلىپ، ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمىغان. پالۋان قىلىچىنى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە تاقاپ، ئۇنىڭغا ھەيۋە قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن غايەت زور مىقداردا پۇل تۆلىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

نىڭ ھوكۇمرانلىقىغا قاتتىق زەربە بەرگەن. قەھرىمان سپارتاك ئۇزىگە خاس جەڭگىۋارلىق، ئاجايىپ تەشكىللەش تالانتى ۋە ئالىجاناپ ئىدىيە پەزىلىتى بىلەن ماركسنىڭ قەدىمقى زامان دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ شانلىق ئەرباپ دەپ تەرىپلىشىگە، لېنىننىڭ تەخمىنەن 2000 يىلدىن ئىلگىرىكى ئەڭ چوڭ قۇللار قوزغىلىڭىنىڭ ئەڭ مەشھۇر قەھرىمانى دەپ ماختىشىغا مۇيەسسەر بولغان.

چىققان، ياش چاغلىرىدا ئالى هوقۇقا ئىگە بولۇشىنى ئارزۇ
قىلىپ يۈرگەن. بىر كۈنى، ئۇ بىر نەچچە دوستى بىلەن
بىر كەمبەغەللەر مەلىسىدىن ئوتۇپ كېتىۋاتقاندا، بىرسى
ئۇنىڭغا: "بۇ خىلۋەت جايدا سىز بىلەن ئورۇن تالىشىدىغانلار
بوقتۇ؟" دەپ چاخچاق قىلغاندا، كايزا جىددى قىياپەتتە: "مەن
بۇ يەردە سۇلتان بولسام بولمەنكى، رىمدا ئۇلتان بولۇشنى
خالىمايمەن!" دىگەن. بىراق، سىياسى جەھەتتە هە دىگەندىلا
كايزانىڭ ئوشۇغى ئالچا قوپمىغان. ئۇ چاغدا رىمغا چوڭ
مۇستەبىت سوللا هوكۇمرانلىق قىلىپ تۇرغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە
سوللانىڭ سىياسى رەقىبىنىڭ قىزى كايزانىڭ خوتۇنى ئىكەن.
سوللا كايزانى خوتۇنى بىلەن ئاجرىشىپ كېتىشكە قايتا -
قايتا دەۋەت قىلغان. كايزا رىمدىن چىقىپ كېتىشكە رازى بول-
غانكى، سوللانىڭ بۇيرۇغىغا بوي سۇنمىغان. سوللا ئۆلگەندىن
كېيىنلا كايزا ئاندىن باش هاپىز بولۇپ سايلانغان، ئۇنىڭدىن
كېيىن ئىسپانىيە ئۆلكىسىنىڭ باش ۋالىسى بولغان. مىلادىدىن
ئىلگىرى 60 - يىلى كايزا سىپارتاك قوزغىلىڭىنى ۋەھ-
شىلەرچە باستۇرغان پومپېي ۋە كراسس بىلەن ئىتتىپاق
تۈزگەن. بۇ رىم تارىخىدا مەشھۇر بولغان تۇنجى "ئۈچلەر
هاكىمىيتى" بولۇپ هىساپلىنىدۇ. 2 - يىلى كايزا هاكىم-
دار بولۇپ سايلانغان. يەنە بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن كاي-
زا پومپېينىڭ قوللىشى بىلەن گاللىيە ئۆلكىسىنىڭ باش ۋا-
لىسى بولغان.

ئۇ چاغلاردا گاللىيە ئاساسەن، ئالپس تېغىنى چېگرا قىل-
غان بولۇپ، تاغنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى قىسمى تاشقى گاللىيە،
جەنۇبىي قىسمى ئىچكى گاللىيە دەپ ئايرىلغان. تاشقى گاللىيە هازىرقى
فرانسىيە، بېلگىيە قاتارلىق جايلارنى؛ ئىچكى گاللىيە هازىرقى

— بۇ پۇل بەك ئاز بولۇپ قالمىدىمۇ؟ — دېگەن ياش يىگىت ھېچ بىر ئىش بولمىغاندەك. — سىلەر مېنى ئەسىر ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن بۇ ساندىن بىر ھەسسىچە كوپ پۇل ئېلىشىڭلار كېرەك! مۇنداق بولسۇن، مېنى رەنىگە تۇتۇپ تۇرۇڭلار، باشقىلار بېرىپ بۇ پۇلنى ئېلىپ كەلسۇن!

شۇنداق قىلىپ، يىگىت رەند ھىساۋىدا قاراقچىلارنىڭ قىشىدا قالغان. ئۇ ئۆزىنىڭ خەۋپ ئىچىدە تۇرغانلىقىغا قىلچىمۇ ئەندىشە قىلمىغان، ھەر كۈنى ئۆز شېئىرلىرىنى ئوقىغان، ھەتتا كولكىلىك گەپلەرنى قىلغان، ئۇخلىغان چاغلىرىدا قاراقچىلارنىڭ جىمجىت تۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. بىر كۈنى ھېلىقى پالۋانغا دوق قىلىپ مۇنداق دېگەن:

— مەن ساڭا ۋەدە بېرىمەنكى، مەن ئەركىنلىككە ئېرىشكەن ھامان، سەنلەرنى دەرھال قولغا ئالىمەن ھەمدە ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن، ھەممىڭنىڭ بېشنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن!

پالۋان بۇ ساراڭ بولۇپ قىلىپتۇ دەپ قاقاقلاپ كۇلگەن.

40 كۈن ئۆتۈپ كەتكەن. قاراقچىلار ئاخىر پۇلنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ۋەدىسىدە تۇرۇپ يىگىتنى قويۇپ بەرگەن. بۇ يىگىت ئەركىنلىككە ئېرىشكەندىن كېيىن، تېزدىن بىر نەچچە كېمە تەييارلاپ قاراقچىلارنىڭ كەينىدىن قوغلىغان. ئۇزۇن ئۆتمەيلا قاراقچىلارنىڭ كېمىسىگە يېتىشۋېلىپ، پۇلنى قايتۇرۇۋالغان ھەمدە ئۆز ۋەدىسىدە تۇرۇپ ھەممە قاراقچىنى قىرىپ تاشلىغان. بۇ يىگىت قەدىمقى رىم جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى مەشھۇر لەشكەر بېشى ۋە سىياسىئون كايىزا ئىكەن. كېيىن غەرب خان - پادىشالىرى ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۆزلىرىنىڭ ئۇنۋانى قىلىۋالغان.

كايىزا رىمدىكى ئاتاقلىق ئاقسوڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ

ي سۇندۇرۇپ، 800 دىن ئارتۇق شەھەرنى بېسىۋالغان، 2 مىل-
ن ئادەمنى قىرغان ۋە ئەسىر ئالغان، نەتىجىدە گاللىيىنىڭ
نۇن زېمىنى رىمنىڭ بىر ئۆلكىسى بولۇپ قالغان.

كايزانىڭ غەلىبىسىگە پومپېينىڭ تارلىقى كەلگەن. بۇ چاغدا
راسس ئۆلۈپ بولغان ئىكەن، پومپېي ئۆزىنىڭ ھاكىمدارلىق
رنىدىن پايدىلىنىپ، قانۇن ئىلان قىلىپ، كايزانىڭ گاللىيىگە
ش ۋالى بولۇش مۇددىتىنى ئۇزارتىشقا يول قويمىغان. شۇنىڭ
لەن، كايزا - پومپېي ئىتتىپاقى بۇزۇلغان.

مىلادىدىن ئىلگىرى 49 - يىلنىڭ باشلىرىدا، كايزا لەش-
ەرلىرىنى باشلاپ ئىتالىيىگە قايتقان، پومپېي بولسا رىمدىن قې-
چىپ چىقىپ كەتكەن. ئىككىنچى يىلى يازدا، كايزا بىلەن پومپېي
يۇناندا ئۆلۈم - كۆرۈم جېڭى قىلغان. كايزا لەشكەرلىرى
ئۆزىنىڭكىدىن بىر ھەسسە كۆپ بولغان پومپېينى يەڭگەن. پوم-
پېي كېيىنچە چۆچۈپ مىسىرغا قېچىپ كەتكەن، بىراق قىرغاققا
چىقىش بىلەن تەڭ ئۆلتۈرۈلگەن.

3 يىلدىن كېيىن، كايزا غەلىبە بىلەن ئىتالىيىگە قايتىپ
كەلگەن. رىمدا ئۇنىڭ زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىك-
لەپ مىسلىسىز كەڭ كۆلەملىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈلگەن. نامايىشچىلار
قوشۇنى 2800 دىن ئارتۇق ئالتۇن تاج كۆتىرىپ
شەھەرگە كىرگەن، بۇ ئالتۇن تاجلارنىڭ ئېغىرلىقى 20 نەچ-
چە مىڭ قاداق كېلىدىكەن. ئۇنىڭ كەينىدىن پىيادە لەشكەر-
لەر، ئاتلىق لەشكەرلەر ۋە پىل قاتناشقان كەڭ كۆلەملىك
ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈلگەن. رىمنىڭ مەيدان ۋە كوچىلىرىغا
كۆرۈلمىگەن جوزىلار قويۇلۇپ، پۇقرالار پۇخادىن چىققۇچە
يەپ - ئىچىشكەن. ھەر بىر پۇقرا، كۆپ نەرسىلەر بىلەن
ئارتۇقلانغان، ھەر بىر لەشكەر غايەت كۆپ ئالتۇن - كۆمۈش

ئىتالىينىڭ شىمالىي قىسمىنى ئۇز ئىچىگە ئالغان. كايزا ۋالى بولغان چاغدا گاللىيە ئۆلكىلىك مەمۇرىيەت ئىچكى گاللىيىنىلا باشقۇرغان. ئۇ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مال - مۈلۈك ۋە قۇلغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، پۈتۈن گاللىيىنى بوي سۇندۇرۇش قارارىغا كەلگەن.

تاشقى گاللىيىنىڭ يېرى مۇنبەت، چىقىدىغان نەرسىلىرى كۆپ بولسىمۇ، بۇ يەردىكى مىللەتلەر قەھرىمان، قابىل بولغاچقا تاقابىل تۇرۇش تەس بولغان. ئۇلار چاچ - ساقاللىرىنى قويۇ-ۋېتىپ، چاچلىرىنى قىزىل بوياپ ئورىۋالغان، جەڭ قىلغان چاغلاردا، ھايۋان مۈڭگۈزى قادالغان قالپاق كىيىدىغان بولۇپ، ئەلپازى ناھايىتى قورقۇنچلۇق بولغان. نۇرغۇن گائۇللارنىڭ ھويلىلىرى-نىڭ تاملىرىغا ئۇز رەقىپلىرىنىڭ كېسىلگەن باشلىرى ئېسىپ قويۇلغان. بۇ ئۇي ئىگىسىنىڭ باتۇرلۇغىنىڭ بەلگىسى ئىكەن. گائۇللار ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھايات چېغىدىكى ھەممە نەرسىلىرى جۇملىدىن ياخشى كۆرىدىغان زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى، چارۋىلىرى ھەتتا قۇللىرى كويدۇرۇلۇپ بىرگە كو-مۈلگەن. خۇداغا ئاتاپ نەزىر - چىراق قىلىۋەتكەن. ھەر خىل قىممەتلىك نەرسىلىرى — ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان زىن-نەت بۇيۇملىرى، قىممەتلىك قورال - ياراقلىرى يەرگە چېچىۋې-تىلگەن. بۇ نەرسىلەرگە قارايدىغان ئادەم بولمىسىمۇ ھېچكىم ئۇنىڭغا قول تەككۈزەلمىگەن.

كايزا ئىچكى گاللىيىگە بارغاندىن كېيىن، دەرھال ئۆز تەسىرىنى تاشقى گاللىيىگە سىڭدۈرۈشكە تۇتۇش قىلغان. ئۇ بىر تەرەپتىن قورالىلىق جازا يۈرۈشى قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، گاللىيىدىكى قەبىلىلەرنى بىر - بىرىنى قىرغىن قىلىشقا كۈشكۈرتكەن. 10 يىلغا قالماي، ئۇ 300 قەبىلىنى

لارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ھالاكىتىنى تېزلەتكەن.

ملادىدىن ئىلگىرى 44 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - ۈنى كايزا ئاقساقاللار مەھكىمىسىگە مەجلىسكە بارغان. ئۇنىڭغا ـادىق بولغان بىر كىشى بىرسىنىڭ ئۇنى قەستلەپ ئۆلتۈرمەكچى ـولۇۋاتقانلىقىنى تاختايغا يېزىپ ئۇنىڭغا بەرگەن. بىراق، ئۇ ـخەتنى كورمەيلا كېگەش سارىيىغا كىرىپ ئۆز ئورنىدا ئولتۇر- ـان. بىر قاتىل ئۇنىڭدىن بىر ئىشنى سورايمەن دەپ، ئۇنىڭ ـىزىل يېپىنچىسىنى ئېچىپ بويىنىنى يالىڭاچلىغان - دە، باشقا ـاتىللار كېلىپ خەنجەر تىققان. ئاخىر ئۇنىڭغا 23 خەنجەر تىقىلىپ، ئۇ، پومپېي ھەيكىلىنىڭ ئاستىغا دومىلاپ چۈشۈپ جان ئۈزگەن.



كايزانىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

لەر بىلەن تارتۇقلانغان. يۇمۇلاق قىياتىرخانىدا ۋەھشى كوڭۇل ئېچىش ئويۇشتۇرۇلغان: نەچچە مىڭ گىلادىئاتور ئۆز-ئارا ئېلىشقان ۋە نۇرغۇن ياۋايى هايۋانلار بىلەن ئېلىشقان.

خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن ئاقساللار مەھكىمىسى كايىزاغا چەكسىز شەرەپلىك بولغان "ۋەتەن ئاتىسى" دېگەن نامنى بەرگەن. كايىزا ئۆمۈرلۈك دىكتاتۇر، ئۆمۈرلۈك خەلق پاسبانى ۋە 10 يىللىق هاكىمدار دەپ جاكالانغان. مەيدانىدا، ئىبادەتخانىلاردا ئۇنىڭ هەيكىلى تۇرغۇزۇلغان، ئۇنىڭ باش رەسمى قۇيما پۇلغا چۈشۈرۈلگەن. ئۇ جىسمانى جەھەتتە دەخلى-تەرۇزسىز هىساپلانغان. قانۇندا، ئۇ ئالتۇن پىل چىشىدا ياسالغان تەختىراۋاقتا ئولتۇرۇپ ئىشلەيدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. رىمنىڭ هەممە شەھەرلىرىدە، ئۇنىڭ غەلىبە قىلغان كۈننى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن تەبرىكلەش يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلۈشى زورۇر بولغان. ئالى مەمۇرى ئەمەلدار ئىش ئۆتكۈزۈۋالغان چاغدا، كايىزانىڭ بۇيرۇغىغا هەرگىز قارشى تۇرمايمەن، دەپ قەسەم ئىچىشى شەرت ئىكەن. ئاقساقاللار مەھكىمىسىنىڭ ئەزالىرى كوپىيىپ 900 گە يەتكەن، بۇلارنىڭ هەممىسى كايىزانى هىمايە قىلىدىغانلاردىن ئىكەن ...... بۇ ئەھۋاللار رىم تارىخىدا بولۇپ باقمىغان، بۇ رىمنىڭ جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنىڭ تامامەن بۇزۇلغانلىقىدىن دېرەك بەرگەن.

كايىزا ئاددى پۇقرالارنىڭ قوللىشى بىلەن تەختكە چىققان. بىراق، ئۇ ئالى هوقۇقنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئاددى پۇقرالارغا ئاسىيلىق قىلغان: هەقسىز نان ئالىدىغان پۇقرالارنىڭ سانىنى كۆپلەپ قىسقارتىۋەتكەن، ئۈستىكارلارنىڭ كەسىپداشلار تەشكىلاتىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇ يەنە بىر قېتىم كەڭ كۆلەملىك يىراقتا يۇرۇش قىلىشقا تەييارلانغان.

ىلىڭ ئىسسىملىكى يېزىلغان ئېلانلار چاپلانغان: ئۇمۇمەن "ئو-
ۇمى دۈشمەن" دەپ جاكالانغانلارنى ئۆلتۈرگەنلەر، ئۆلتۈرۈلگۈ-
ىنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەلسە، غايەت زور پۇل بىلەن تارتۇقلى-
ىدۇ؛ ئەگەر قۇللاردىن "ئومۇمى دۈشمەن" نى ئۆلتۈرگەنلەر
ولسا مۇكاپات بېرىلگەندىن باشقا، يەنە ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكى
ەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. كىمكى "ئومۇمى دۈشمەن" نى يوشۇرسا،
ئومۇمى دۈشمەن" گە ئوخشاش جازالىنىدۇ.
بىر بوۋاي ئېلاننى ئوقۇپ بولۇپ ئارقا - ئارقىدىن مۇن-
داق دىگەن:
— هەي، يەنە ئادەم ئۆلتۈرۈلىدىغان بولۇپتۇ، ئادەم ئۆل-
تۈرۈلىدىغان بولۇپتۇ! نىمە دىگەن قورقۇنچلۇق ئىش، نىمە دىگەن
ۋەھىمە!
بوۋاينىڭ يېنىدا تۇرغان بىر موماي باش چايقاپ مۇنداق
دىگەن:
— تۈگمەس ئاپەت! ئاڭلىشىمچە، بۈگۈندىن 2 كۈن
بۇرۇن شەھەردە نۇرغۇن غەلىتە ئىشلار يۈز بەرگەنمىش: كالا
زۇۋانغا كەلگەنمىش، ئەمدىلا تۇرەلگەن بوۋاق سوزلىگەنمىش،
چىلبۇرىلەر هۇۋلىشىپ مەيداندىن ئۆتكەنمىش. بۇلار يامانلىق-
نىڭ ئالامەتلىرى! ئاللا كېرىم يەنە بىزنىڭ جاجىمىزنى بېرىدىـ
غان بولۇپتۇ!
— ئېلانغا ئىسمى قويىغان ئوكتاۋىيان دىگەن كىم؟ — دەپ
سورىغان سەھرالىق بىرەيلەن.
— ئوكتاۋىيان؟ — دىگەن بوۋاي هاڭ - تاڭ بولۇپ، —
سەن ئوكتاۋىياننىمۇ بىلمەمسەن؟ ئۇ كايزانىڭ جىيەن نەۋرىسى!
كايزا ئۆز مىراسلىرىنىڭ كوپ قىسمىنى ئۇنىڭغا بەرگەن، تېخى
ئۇنى ئوغۇل قىلىپ بېقىۋالغان. ئۇ بۇ يىل ئەمدىلا 20 ياشقا

# دولەت باشلىقى ئوكتاۋىيان

ملادىدىن ئىلگىرى 43 - يىللى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئەتىگەنلىكى، رىمدا تۇيۇقسىزلا ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىنغان.



ئوكتاۋىيان

پۈتۈن شەھەرنىڭ ھەممە دەرۋازىلىرىدا، كوچىلاردا، مەيداندا، دەريا كېچىكلىرى ۋە تاغ چوققىلىرىدا قورال ۋە ھەربىي بايراق تۇتقان لەشكەرلەر قىم - قىم بولۇپ كەتكەن؛ ھەتتا شەھەر سىرتىدىكى يورتلاردا، زەيلىك - كوللەردە، ئومۇمەن ئادەم ئۆتەلەيدىغان ياكى يوشۇرۇنالايدىغان جايلارنىڭ ھەممىسىگە پوست قويۇلغان.

شەھەرنىڭ ھەممىلا يېرىگە "ئومۇمىي دۈشمەن" دەپ جاكالانغانلار-

ئىسىملىگىنى ئېلان قىلغان يەنە بىرسى بولۇپ، ئۇ ھاكىمدار ئانتونى ئىكەن. مىلادىدىن ئىلگىرى 42 - يىلى، ئانتونى رىمنىڭ شەرقىي ئۆلكىسىنىڭ باش ۋالىيسى بولۇپ، مىسىرغا بارغان. كېيىن ئۇ يەردىن كىشى ھەيران قالىدىغان خەۋەرلەر كەلگەن.

— باش ۋالىي ئانتونى مىسىرنىڭ ئايال پادىشاسىغا كۆيۈپ قېلىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپتۇ!

— ئاڭلىشىمىزچە، باش ۋالىي خوتۇنىنى "خانىش" قىلىپ بېكىتكەنمىش، ھەتتا، مەن ھەممە نىل دەرياسىنىڭ چايانىنىڭ، (ئايال پادىشانىڭ) گېپىنى ئاڭلايمەن، دەپ جاكالىغانمىش!

— بۇ تېخى ھېچگەپ ئەمەس. باش ۋالىي رىمنىڭ شەرقتىكى نۇرغۇن ئۆلكىلىرىنى بۇ ھازازۇل خوتۇنىنىڭ ئوغلىغا سوغا قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى جاكالىغانمىش!

بۇ خەۋەرلەر رىم تورىلىرىنىڭ غەزىۋىنى قوزغىغان. ئۇلار ئوكتاۋىيانىنى ھىمايە قىلىپ، ئانتونىغا قارشى تۇرۇشنى قارار قىلغان. ئاقساقاللار مەھكىمىسى بىلەن خەلق قۇرۇلتىيى ئانتونىنى ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلغانلىقىنى ئېلان قىلغان ھەمدە ئانتونى ۋە مىسىر ئاياك پادىشاسىغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلىشنى قارار قىلغان. جازا يۈرۈشى قىلغۇچى بۇ قوشۇنغا ئوكتاۋىيان قوماندان بولغان.

مىلادىدىن ئىلگىرى 31 - يىل 9 - ئايدا، جازا يۈرۈشى قىلغۇچى قوشۇنلارنىڭ كېمە ئەترىتى بىلەن ئانتونى ۋە مىسىر ئاياك پادىشاسىنىڭ كېمە ئەترىتى يۇناننىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى دېڭىز يۈزىدە جەڭ قىلغان. ئىككى تەرەپنىڭ كېمىلىرىنىڭ سانى ئاساسەن ئوخشاش ئىكەن. غەلىبە ياكى مەغلۇبىيەت تېخى تايىن تاپمىغان چاغدا، مىسىرنىڭ 60 دانە كېمىسى تۇيۇقسىزلا مىسىر ئاياك پادىشاسىدىن دەرھال مىسىرغا

كىرگەن بولسىمۇ ھاكىمدار بولدى!

سوز ئارىسىدا، بىر يۈز بېگى بىر قولىدا قىلىچ، بىر قولىدا چىپ - چىپ قان ئېقىپ تۇرغان ئادەم بېشىنى كوتەرگەن پېتى كەلگەن.

— تېز بولۇڭلار! — دىگەن ئۇ كەينىدىكى لەشكەرلەرنى چاقىرىپ، — ئومۇمى دۈشمەنلەر قېچىپ كەتمىسۇن! ئۇلارنىڭ بېشىنى كېسىپ تارتۇق ئالايلى!

ھەقىقەتەن ئىسمى «ئومۇمى دۈشمەن» قاتارىغا تىزىلغانلار قېچىپ قۇتۇلالمىغان. بۇلارنىڭ كوپچىلىگى ئوكتاۋىسيان تەرەپدارلىرىنىڭ سياسى رەقىبى ۋە كايزانى ئولتۇرگەن ئاقساقاللار تەرەپدارى بولغان ئاقسوڭەكلەر ئىكەن، يەنە بەزىلىرى ئوكتاۋىيان تەرەپدارلىرىنىڭ شەخسى دۈشمەنلىرى ۋە ئادەتتىكى بايلار ئىكەن. لەشكەرلەر ۋە پاترونلۇق قىلغۇچىلار ھەممە جايلاردا پايلاقچىلىق قىلغان. تارتۇق ئېلىشنى ئارزۇ قىلغانلار ھەممە يەردە ئۇلارنى ئىزلىگەن. قۇدۇقتا، ئازگالدا، مورىدا، كېسەكلەر دوۋىسىگە يۇشۇرۇنمىسۇن ياكى تىز پۇكۇپ يىغلاپ يالۋۇرمىسۇن ھېچنەرسە دال بولمىغان. ھاقارەتلىنىشنى خالىمىغان بەزى «ئومۇمى دۈشمەن» ئاچلىق ئېلان قىلغان، ئوزىنى ئولتۇرۇۋالغان، ئوزىنى دەرياغا تاشلىغان، ئوتقا تاشلىغان ياكى ئوزىنى قوغداش يولىدا ئولگەن. بالىسى دادىسىنى پاش قىلىدىغان، خوتۇنى ئېرىنى ساتىدىغان ياكى قۇللار خوجايىنلىرىنى قوغداپ بىرگە ئولىدىغان ئەھۋاللارمۇ كورۇلگەن.

بۇ قېتىمقى دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقتا ئولتۇرۇلگەن ۋە مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغان ئاقساقال 300 گە، چەۋەنداز 2000 غا يەتكەن.

ئوكتاۋىيان بىلەن بىللە ئىمزا قويۇپ «ئومۇمى دۈشمەن»

شۇ سەۋەپتىن، بىز رىملىقلارنىڭ مەڭگۈ تېپچ ياشىشىمىز ئۈچۈن ئىبادەتخانىنىڭ ئىشىگى ھازىردىن ئېتىۋارەن ئېتىۋېتىلسۇن دەپ بۇيرۇق بېرىمەن!

ئوكتاۋىيانىنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن تەڭ كىشىلەر ئارىسىدا تىنتەنە سادالىرى كوتىرىلگەن. كاتتا دىنىي مۇراسىمدىن كېيىن، يانۇس ئىبادەتخانىسىنىڭ يوغان، ئېغىر ئىشىگى ئاستا تاقالغان. ئوكتاۋىيانىنىڭ رىملىقلارغا "مەڭگۈ تېپچ تۇرمۇش ئاتا قىلدىشى" مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە؛ بىراق، شۇنىڭدىن كېيىن رىمدا 200 يىل تېپچلىق ھوكۇم سۈرگەن.

ئاقساقاللار مەھكىمىسى كايزاغا بەرگەن شوھرەتنىڭ ھەممىسىنى ئوكتاۋىيانغىمۇ بەرگەن. ئوكتاۋىيان ھاكىمدار، باش ھاپىز ۋە خەلق پاسىبانى بولغان، "ۋەتەن ئاتىسى" دىگەن نامغا ئىگە بولغان. مىلادىدىن ئىلگىرى 27 - يىلى ئاقساقاللار مەھكىمىسى ئۇنىڭغا يەنە "ئاۋگۇستۇس" دەپ نام بەرگەن. "ئاۋگۇستۇس" دىگەن سوز لاتىنچىدە "مۇقەددەس"، "ھورمەتلىك" دىگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. كېيىنكى چاغلاردا بۇ سوز غەرپ خان - پادىشالىرىنىڭ بىر خىل ئۇنۋانى بولۇپ قالغان. ئوكتاۋىيانغا يەنە "ئاقساقاللار مەھكىمىسىنىڭ باش پۇقراسى" (دولەت باشلىقى) دىگەن ۋە مارشال پەخرى ناملار بېرىلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ رىمنىڭ مەمۇرىي، ھەربى، ئەدلىيە ۋە دىنى چوڭ ھوقۇقلىرىنى تەنھا تۇتۇپ تۇرغان. "دولەت باشلىقى" دىگەن سوزنى شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن دۇنيا ئەللىرى رەسمىي قوللانغان. ئۇ چاغدا ئوكتاۋىيان 36 ياش ئىكەن.

ئوكتاۋىيان رىمغا 43 يىل ھوكۇمرانلىق قىلغان. بۇ دەۋر قەدىمقى رىمنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەڭ بېيىغان دەۋرى ھەمدە قەدىمقى رىمنىڭ ئەدەبىيات جەھەتتىكى "ئالتۇن دەۋرى"

قايتىشلار دىگەن بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغان. ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئانتونىمۇ ئۆز كېمىلىرىگە قوماندانلىق قىلىپ مىسىر تەرەپكە قاراپ قاچقان. ئانتونىنىڭ قېلىپ قالغان نۇغۇن كېمىسى قوماندانلىقتىن ئايرىلىپ قالغاچقا يېڭىلىپ تەسلىم بولغان.

2 - يىلى يازدا، ئوكتاۋىيان مىسىرنىڭ پايتەختىگە لەشكەر تارتىپ كىرگەن. ئانتونىنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرى كەينى - كەينىدىن تەسلىم بولغان. ئانتونى ئۈمىتسىزلىك ئىچىدە ئۆزىگە خەنجەر سېلىپ ئۆلۈۋالغان، مىسىرنىڭ ئايال پادىشاسىمۇ ئۇردىدا ئۆزىنى زەھەرلىك يىلانغا چاقتۇرۇپ ئۆلۈۋالغان.

ئوكتاۋىيان رىمغا قايتقاندا، كايزاغا ئوخشاش ئۇلۇغ ئەرباپ بولۇپ قالغان. ئوكتاۋىيان رىملىقلارغا تىنچلىق ئاتا قىلماقچى بولۇپ، پۇقرالارغا 2 - كۇنى يانوس ئىبادەتخانىسىغا بېرىشنى چاقىرىق قىلغان.

2 - كۇنى تاڭ سەھەردە، رىملىقلار تەرەپ - تەرەپتىن يانوس ئىبادەتخانىسىغا قاراپ يول ئالغان. كۈن چىققان مەزگىلدە ئوكتاۋىيان مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ياساۋۇللىقىدا ئىبادەتخانا ئالدىغا كەلگەن.

ئوكتاۋىيان بىر دۆڭگە چىقىپ، ئىككى قولىنى كۆتىرىپ تەنتەنە قىلغۇچىلارنى تىنچلاندۇرغان، ئاندىن كېيىن ۋاقىراپ سۆزلىگەن:

— پۇقرالار! سىلەرگە مەلۇم، يانوس ئىبادەتخانىسىدا بىزنىڭ غازات خۇدايىمىز مارشنىڭ ھەيكىلى بار. ئۇرۇش بولغان چاغلاردا ئۇلۇغ غازات خۇداسى بىزگە مەدەت قىلسۇن دەپ ئىبادەتخانىنىڭ ئىشىگىنى ئېچىۋېتىمىز. توپ - توغرا 200 يىلدىن بۇيان ئىبادەتخانىنىڭ ئىشىگى ئوچۇق تۇرۇپ كەلدى. ھازىر ئۇرۇش ئاياقلىشىپ، تىنچلىق يېتىپ كەلدى.

# سۈرگۈن قىلىنغان شائىر

كۈز كۈنلىرىنىڭ گۈگۈم چۈشكەن بىر كەچلىكى 4 چاقلىق بىر ھارۋا رىمدىكى بىر كاتتا ئىمارەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىغان. ھارۋا كېلىپ توختىشى بىلەن تەك قورادىكى كىشىلەر پاتىپاراق بولۇپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆيدىن ئايالنىڭ يىغا ئاۋازى چىققان.

بۇ كاتتا ئىمارەتنىڭ خوجايىنى رىمدىكى ئەڭ مەشھۇر شائىرلاردىن بىرى بولغان ئوۋىدىئۇس ئىكەن. ئۇ 50 ياشلارغا كىرگەن، قامەتلىك كىشى بولۇپ، چورىسىگە جىگەررەڭ جىلتەك تۇتۇلغان چەۋەندازلار كىيىمىنى كىيگەن ھالدا، كۇتۇپخانىسىدا ئۇيان- بۇيان ماڭغان. ئۇ ئاياللارنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ، تۇيۇقسىز توختىغان، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قايغۇ- ھەسرەت نۇرى چاقنىغان. ئۇ بۇ ئازادە ئۆي بىلەن مەڭگۈ خەيرلىشىش ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغان.

ئوۋىدىئۇس ئىزچىل تۇردە رىملىقلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن شائىر ئىكەن. ياشلار ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى يادقا ئوقۇيالىغانلىقلىرى بىلەن پەخىرلىنىدىكەن، تۆرەلەر، ۋەزىرلەر ئۇنى دائىم مېھمانغا چاقىرىپ تۇرىدىكەن، رىمدىكى ئەڭ مەشھۇر زاتلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى يوقلاپ تۇرىدىكەن. ئوۋىدىئۇس ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى دولەت باشلىغى ئوكتاۋىيانىڭ ئوردىسىغا چىق بارغان ئىكەن......

بولغان. ئوكتاۋىيان باشلاپ بەرگەن دولەت باشلىقى سىياسىسى، ئەملىيەتتە رىمنىڭ پادىشالىق تۈزۈمىنىڭ باشلىنىشى بولغان. ئۇ گەرچە ئۆزىنى پادىشا دەپ ئاتىمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ تۇنجى پادىشاسى بولغان. جۇمھۇرىيەت تونىغا ئورالغان بۇنداق مۇستەبىتلىك تاكى مىلادى 3 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا دىئوكلېتىئانۇس ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا، ئاندىن ئاشكارا ھالدا پادىشالىق - مۇستەبىتلىك تۈزۈمگە ئۆزگەرتىلگەن.

ۋۇللەپ ياشنىغان دۇنيا بارلىققا كەلدى: ئېچىلمىغان تىڭدىن
ئالما ۋە بۇغداي باشاقلىرى ئۇسۇپ چىقتى؛ دەريالاردا سۈت
ئاقتى، كاۋچۇك دەرىخىدىن سىرىق ھەسەل تامچىدى. كىشىلەر
خاتىرجەم بەختلىك ياشىدى، ئۇرۇش دىگەننىڭ نىمە ئىكەن-
لىكىنى بىلمىدى، بۇ ئىنسانىيەتنىڭ "ئالتۇن دەۋرى".
كېيىن باش خۇدا يۇپىتېر (رىم ئەپسانىلىرىدىكى ئالى
خۇدا، يەنى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى باش خۇدا زېۋىس) بۇ
دۇنياغا ھوكۇمرانلىق قىلدى. ئۇ بىر يىلنى ئەتىياز، ياز،
كۈز ۋە قىش دەپ 4 پەسىلگە ئايرىدى. كىشىلەر سوغاقتىن
ساقلىنىش ئۈچۈن، تاغ ئۆڭكۈرلىرىگە كىردى، ئوزۇقلۇق
تېپىش ئۈچۈن جاپالىق ئەمگەكلەرنى قىلدى. بۇ "كۈمۈش
دەۋر". ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇش پەيدا بولۇپ، ئىنسانلار
"مىس دەۋرى"گە قەدەم قويدى. بىراق ئەڭ قورقۇنچلۇق
بولغان "قارا تومۇر دەۋرى" يېتىپ كەلدى. ئىلگىرى خۇددى
ھاۋا ۋە ئاپتاپ ھەممە ئادەمگە تەئەللۇق بولغىنىدەك،
يەرشارىمۇ ھەممە ئادەمگە تەئەللۇق ئىدى؛ ئەمدى
لىكتە ئۇ نۇرغۇن رايونلارغا بولۇنۇپ كەتتى. كىشىلەر يەر
شارىنىڭ ئىچىگە كىرىپ قاتتىق تومۇر ۋە زىياندىش ئالتۇن
قازىدىغان بولدى. ئىنسانلار بايلىقنى دەپ سەممىيەت ۋە
نومۇس دىگەننى ئۇنتۇدى، ۋەزىيەتكە يارىشا ئالدامچىلىق ۋە
ۋە مەككارلىق، زورلۇق ۋە بۇلاڭ - تالاڭ پەيدا بولدى...
ئوۋىدىئۇس ئۇزم تارتىۋالغاندىن كېيىن شېئىر قول يازمى-
لىرىنى داۋاملىق ۋاراقلىغان، يەنە بىر ئاجايىپ ھىكايە
كۆزىنىڭ ئالدىدا ئايان بولغان:
قۇياش خۇداسى ھېراكېس ھەر كۈنى 4 ئاتلىق ئالتۇن
ھارۋىغا چۈشۈپ سامادا شەرقتىن غەرپكە قاراپ پەرۋاز قىلدى،
ئەتىگەن چىقىپ كەچ قايتتى، دۇنيانى نۇر بىلەن يورۇتتى

بىراق، ھازىر بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈش بولۇپ قالغان. ئوكتاۋىيان ئۇنى يىراق قارا دېڭىز بويىغا سۈرگۈن قىلىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە رىمغا كېلىشكە مەڭگۈ رۇخسەت قىلماسلىق توغرىسىدا تۇيۇقسىز بۇيرۇق چۈشۈرگەن. ئۇنى سۈرگۈن قىلىشنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى دۆلەت باشلىقىنىڭ قەدىمقى ئەخلاق ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارزۇسىغا خىلاپ كەلگەنمىش. بۈگۈن، يەنى مىلادى 8 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئۇيىدە تۇرىدىغان ئاخىرقى كۈنى ئىكەن. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىغان ھارۋا ئۇنى رىمدىن ئېلىپ كېتىشكە كەلگەن ھارۋا ئىكەن.

ئوۋىدىئۇس خەت شىرەسى ئالدىغا كەلگەن، شىرە ئۈستىدە بىر تالاي سامان قەغەز، قوي تېرىسىدىن ياسالغان قەغەز ۋە لاك بىلەن سىرلانغان كىچىك تاختا بار بولۇپ، بۇلار ئۇنىڭ قول يازمىلىرى ئىكەن. گۇ نىچچە باغلام سامان قەغەزنى قولىغا ئېلىپ، ئۈستىدىكى "شەكىل ئۆزگىرىش" دېگەن خەتلەرگە سەپسىلىپ قارىغان. بۇ ئېپىك داستان جەمئى 15 توم، 12 مىڭ مىسرا بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن يۈرەك قېنى سىڭدۈرۈلگەن، ئۆزى ئەڭ مەمنۇن بولغان ئەسىرى ئىكەن. داستان قەدىمقى يۇنان، رىم ئەپسانىلىرىدىن 250 ھېكايىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئەلمىساقتىن تارتىپ ئۆزى ياشاپ كەلگەن رىم دەۋرىگىچە بولغان ئەھۋاللارنى مەزمۇن قىلغان ئىكەن. ئۇ داستاننى بىر بەت، بىر بەتتىن ۋاراقلىغاندا، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا مۇنداق ئاجايىپ بىر ئەپسانىۋى دۇنيا ئايان بولغان.

خۇنۇك دۇنيادا بولغان تۇنجى ئۆزگىرىشتىن كېيىن.

تۇنى ئۇنىڭغا ئۇزىنى ئېتىپ ھەم دەرت - ئەلەمنى ئىچىگە يۇتۇپ، — ياق، بىز ئەر - خوتۇن ئورپېۋسلاردەك بىرگە بولۇشىمىز كېرەك!

— مەن بىلەن خوشلاش! دولەت باشلىقىغا ئېيتىپ قوي، مېنى سۆزگۈن قىلىشى ئادىل بولمىدى!

— ياق، مەنمۇ سەن بىلەن بىللە بارىمەن! مەن سۆزرگۈن قىلىنغان ئايال مەھبۇس بولۇپ باراي، ئالەمنىڭ ئۇ چېتىگە بارساممۇ مەيلى! — خوتۇنى ھۇشىدىن كېتىپ ئوۋىدىۇسنىڭ قۇچىقىغا يىقىلغان.

ئوۋىدىۇس قەتئىي نىيەتكە كېلىپ خوتۇنىنى ئىتتىرىۋەتكەن - دە، ئىشىكتىن ئېتىلىپ چىقىپ 4 چاقلىق ھارۋىغا چىققان.

ھارۋا ئوۋىدىۇسنى تىبىر دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قويۇلدىغان ئېغىزىغا ئېلىپ بارغان. ئۇزاق مۇددەتلىك خەتەرلىك سەۋەپلەر ئارقىلىق ئۇ ئاخىر سۆرگۈن قىلىنغان دومىيە شەھرىگە يېتىپ بارغان.

ئوۋىدىۇس يىراق دومىيە شەھرىدە شۇ جاينىڭ يەرلىك تىلىنى ئۆگەنگەن ھەمدە شۇ تىلدا شېئىر يازغان. ئۇ سۆرگۈندە بولغان 9 يىل ئىچىدە، يەنە «مۇڭلۇق ناخشىلار»، «پونتۇستىن كەلگەن مەكتۇپلار» دېگەن ئىككى شېئىرلار توپلىمىنى يېزىپ، ئوز يۇرتىنى سېغىنىش ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلىگەن. مىلادى 17 - يىلى، ئوۋىدىۇس ئۇزىنىڭ پاجىئەلىك ھاياتىنى ئاياقلاشتۇرۇپ دومىيدە خارلىنىپ ئولۇپ كەتكەن.

ھەمدە ئىنسانلار ئارىسىدىكى ھەممە پائالىيەتنى كۆزەتتى، بىر كۈنى ئۇنىڭ ئوغلى پائېتون ئاشۇ 4 ئاتلىق ئالتۇن ھاۋىغا چىقىپ سايا ھەتكە چىقتى، بىراق ئۇ ھارۋا ھەيدەشكە ئۇستا بولمىغاچقا يەرشارىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغىلى تاس قالدى. بۇ ئىشنى ھەممىگە قادىر باش خۇدا يۇپىتېر بىلىپ قېلىپ چاقماق بىلەن پائېتوننى ئۆلتۈردى....

ئوۋىدىئۇس ئارگىنالغا قارىمايمۇ بۇ كارامەت ئىسىل شېئىرلارنى يادقا ئوقۇيالايتتى. ھازىر ئۇ بېشىغا كەلگەن پىشكەللىكنى ۋاقتىنچە ئۇنتۇپ، ئاخىرقى بىر ئابىزاس سۆزنى ئۈنلۈك قىلىپ ئوقىغان:

— مەن ئەسىرىمنى يېزىپ تۈگەتتىم. بۇ يۇپىتېرنىڭ غەزىۋى، ئوتى، خەنجىرى شۇنىڭدەك باشقا ھەر قانداق گۇم بولغان دەۋرنىڭ نەرسىلىرى بىلەن يوقىتالايدىغان كىتاپ ئەمەس. رىم ھوكۇمرانلىقىدا بولۇۋاتقان بارلىق جايلاردىكى خەلقلەر بۇنى ھەممە يەردە دېكلاماتسىيە قىلغۇسى! — ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ، ئۆزىچە پىچىرلىغان، — بىراق، ھازىر ئۇنىڭ نىمە كېرىكى؟

ئوۋىدىئۇس ئوتنى ئوچۇپ قالاي دېگەن ئوچاقنىڭ يېنىغا بېرىپ، قولىدىكى ئورگىناللارنى بىر - بىرلەپ ئوچاققا تاشلىماقچى بولغان.

خوتۇنى ئېرىنىڭ ئورگىنالنى كۆيدۈرۈۋەتمەكچى بولغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال بېرىپ ئورگىناللارنى تارتىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن ئاخىر بۇ داستاننىڭ ئورگىناللىرى كۆيدۈرۈلمىگەن. ئوۋىدىئۇس ئۆزىنىڭ بۇ يەردىن دەرھال كەتمەكچى ئىكەنلىكىنى خوتۇنىغا ئېيتقان.

— بىز ئاخىر مۇشۇنداق ئايرىلىمىزمۇ؟ — دېگەن خو-

# قانخور نېرو

مىلادى 54 - يىلىنىڭ بىر كۈنى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ 78 ياشلىق پادىشاسى تويۇقسىز ئۆلۈپ قالىغان. ئۇوردا ئەھ ۋالىدىن خەۋەردار كىشىلەر پادىشانى ئۇنىڭ ياش خوتۇنى ئاگىرىپىنا زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى دىگەن گەپلەرنى تارقاتقان.

ئاگىرىپىنا نىمە ئۈچۈن ئۆز ئېرىنى ئۆلتۈرىدۇ؟ ئەسلى دە، ئۇ پادىشانىڭ جىيەن قىزى بولۇپ، بىر قېتىم ياتلىق بولغان ھەمدە نېرو ئاتلىق بىر ئوغۇل تۇققان ئىكەن. پادىشا ئۈچىنچى خوتۇنى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنى ئەمرىگە ئالغان. ئاگىرىپىنا ھوقۇق مەستانىسى ئىكەن، ئۇ خانىش بولغاندىن كېيىن، پادىشانى پادىشا ۋارىسىنى بىكار قىلىشقا كۈشكۈرتۈپ، ئۆز ئوغلى نېرونى پادىشا ۋارىسى قىلدۇرغان، كېيىن، ئۇ پادىشانىڭ پۇشايمان قىلىپ قالغانلىقىنى سېزىپ قېلىپ، زەھەرلىك ۋاستىنى ئىشقا سالغان.



نېرو

پادىشا جان ئۈزگەندە، ئاگىرىپىنا دەرھال مۇلازىملار، ئوردا دوختۇرلىرىغا پادىشانىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرىنى سىرتقا چىقارماسلىققا

شائىر ئوۋىدىئۇسنىڭ تەقدىرى تەتۈر كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يازغان شېئىرلار، بولۇپمۇ «ئۆزگىرىش» ئۆلمەس ئەسەر ھېساپلىنىدۇ. كېيىنكى چاغلاردا، ياۋروپانىڭ ئەدىپلىرى، رەسساملىرى ۋە ھەيكەلتىراشلىرى، كوپىنچە، بۇ ئۇلۇغ شېئىردى ئەسەردىن ۋەقەلىك ئېلىپ، نۇرغۇن نادىر ئەسەرلەرنى ئىجات قىلغان.

ھسىنانىسى قىلىپ تەربىيىلىگەن، شۇڭا ئۇ ۋەھشى، زالىم،
موتۇق مەنپەئەت دىسە جان بېرىدىغان بولۇپ يېتىشكەن. ئۇ
پادىشا بولغاندىن كېيىن، ئانىسىنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقى ئۇنىڭ
ئەركىنلىكىنى چۈشەپ قويغانلىقىنى ھېس قىلغان. شۇنىڭ بىلەن
ئانا ـ بالا ئۇتتۇرىسىدا توقۇنۇش پەيدا بولغان.

— ئاڭلىسام سەن خوتۇنىڭنى ياراتمايدىكەنسەن، —
سورىغان ئاگرىپىنا بىر كۈنى نېرودىن، — بىر پەس دىدەك
بىلەن ئويناپ يۈرگىدەكسەن، بۇ راستمۇ؟ ئاگاھلاندۇرۇپ
قويايكى، ساڭا خانىشنى مەن ئۆز قولۇم بىلەن تاللاپ بەر-
گەن، مەن سېنىڭ ئۇنى بوزەك قىلىشىڭغا يول قويمايمەن!

ئۇ ئەسلىدە نېرونى كونتۇرۇل قىلىش ئۈچۈن، پادىشا-
نىڭ بۇرۇنقى خوتۇنىدىن بولغان قىزىنى ئۆزى ئىگىدارچىلىق
قىلىپ نېروغا ئېلىپ بەرگەن، بىراق نېرونىڭ ئۇنىڭغا كۆڭلى
چۈشمىگەن. ئۇنىڭ ئۇستازى بىلەن بىرۇس ئاگرىپىنانىڭ
ھازازۇللىقىدىن نارازى بولۇپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ نېروغا
چىرايلىق بىر دىدەكنى ئېلىپ كېلىپ بەرگەن. بۇ ئىش ئاگرى-
پىنانىڭ غەزىۋىنى قوزغىغان.

— مەن كىمنى ياخشى كۆرسەم شۇنى ئالىمەن، —
نېرو ئانىسىنىڭ تەھدىتىگە پىسەنت قىلماپتۇ، — مەن كىچىك
بالا ئەمەس، پادىشا. مەن ھەممىنى بەلگىلەيمەن!

— سەن تېخى ئاناڭغا يانغىدەك بولدۇڭما! — دەپتۇ
ئاگرىپىنا ئەلپازىنى بۇزۇپ، — ئەگەر سەن يەنە مېنىڭ
گېپىمگە كىرمەي، ئۇستازىڭ ۋە بىرۇس بىلەن بىر قەرەپتە
تۇرىدىغان بولساڭ، ئۇ چاغدا مەن ئاكاڭنىڭ قېشىغا كېتىمەن!

ئاخىرقى سۆز نېرونىڭ دىققىتىنى تارتقان. ئاگرىپىنانىڭ
«ئاكاڭ» دىگىنى ئۆزى پادىشانى كۆشكۈرتۈپ پادىشا ۋارىسى

بۇيرۇق بەرگەن ھەمدە مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنىڭ باشلىقى بىرۇسنى چاقىرتقان.

— پادىشانىڭ كېسىلى ناھايىتى ئېغىر، سەن بىلەمسەن؟

— ھە... — بىرۇس ئەجەپلىنىپتۇ، چۈنكى پادىشانىڭ سالامەتلىكى ناھايىتى ياخشى ئىكەن. ئۇ خانىشنىڭ غەرىزىنى چۈشەنمىگەچكە، دەرھال نىمە دەپ جاۋاپ بېرىشنى ئۇخماي تۇرۇپ قىلىپتۇ.

— ئەگەر پادىشا بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچرىسا، سەن خان جەمەتىگە داۋاملىق سادىق بولالامسەن؟ — ئاگرىپىنا-نىڭ كۆزلىرىدىن شۇملۇق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ ئۇنى جاۋاپ بېرىشكە قىستاپتۇ.

— ئەلا... ۋەتتە! — بىرۇس ئەمدىلا خانىشنىڭ غەرەزىنى چۈشىنىپ ئېنىق جاۋاپ بېرىپتۇ، — ئەگەر پادىشا بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچرىسا، مۇھاپىزەتچى قوشۇن، ئەلۋەتتە خانىشقا سادىق بولىدۇ، نېرو شاھزادىنىڭ پادىشا بولۇشىنى ھىمايە قىلىدۇ. خاتىرجەم بولسىلا خانىش!

ئاگرىپىنا كۈلۈمسىرەپ، مۇلايىم ھالدا:

— ئەگەر بۇنداق بولىدىغان بولسا، شاھزادە سىزنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ، — دەپتۇ، بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇ تۇيۇقسىزلا قايغۇلۇق قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، — سەن دەرھال ئاق ساقاللار مەھكىمىسىگە خەۋەر قىل، پادىشا ئالىلىرى ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى!

بىرۇسنىڭ ياردىمى بىلەن ئاقساقاللار مەھكىمىسى نېروغا رەسمىيەت بويىچە ھەممە ئۇنۋانلىرىنى بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن 17 ياشقا كىرگەن نېرو پادىشا بولۇپتۇ.

ئاگرىپىنا نېرونى كىچىك چېغىدىن تارتىپلا ھوقۇق

نېرو تەختكە چىقىپ 7 - يىلى رىم شەھىرىدە چوڭ
ت ئاپىتى يۈز بېرىپتۇ. ئوت ئۇلغىيىپ توپ - توغرا 6
ن كويۇپ، شەھەردىكى 14 رايوندىن پەقەت 4 رايونلا
پتۇ. نۇرغۇن ئادەملەر ئۆلۈپتۇ، تېخىمۇ نۇرغۇن ئادەملەر
كانسىز قىلىپتۇ. كىشىلەر ئارىسىدا، پادىشا يېڭى رىم شەھىرى
ىلىش ھەم ئوت تاماشىسى قىلىش مەقسىدىدە بۇيرۇق بېرىپ
وت قويدۇرغان ئىكەن، دىگەن سوزلەر تارىلىپتۇ. ئوت ۋە-
سىدىن كېيىن، نېرو يەنە بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ گۇمانلىق
نگەنلەرنى ئۆلتۈرۈپتۇ ھەمدە جەمىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىن
كەلگەن خرىستىيان مۇرىتلىرىغا ھەدەپ زىيانكەشلىك قىلىپتۇ.
رىمدا يۈز بەرگەن چوڭ ئوت ۋەقەسى ۋە نېرونىڭ
دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق قىلىشى ئارقىسىدا، كىشىلەر بارغان-
سېرى نېرودىن نارازى بولغان. نېرو بولسا داۋاملىق تۈردە
ئەيشى - ئىشرەتلىك، كەيپى - ساپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈ-
ۋەرگەن. ئۇ ھەشەمەتلىك خان سارىيى سالدۇرغان، ئەسەبىلىك
بىلەن مۇزىكا ۋە تىياتىرغا مەستانە بولۇپ، ئاشكارا تۈردە
سەھنىلەردە ناخشىچىلار، شائىرلار ۋە چالغۇچىلارنىڭ رولى-
رىنى ئېلىپ چىققان، ھەتتا يۇناننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا
بېرىپ ئەرتىس ۋە مۇزىكانتلارنىڭ ماھارەت كورسىتىش مۇسا-
بىقىسىگە قاتناشقان. ئۇ زامانلاردا، ئويۇن قويغاندا، راست
قىرىشىش ۋە ئۆلتۈرۈشلەرنى سەھنىگە ئېلىپ چىقىش تەلەپ
قىلىنغان: "ئۆلتۈرۈلىدىغان مەھبۇس"نىڭ رولىنى قۇللار ئېلىپ
چىققان. ئۇ يەنە يېڭى ھېيت - ئايەم، بايراملارنى بەلگىلەپ،
كۆپ مىقداردا سوغا بېرىش ۋە تارتۇقلاش ئارقىلىق دۆلەت
غەزىنىسىنى قۇرۇغداپ قويغان، ئۆلكىلەرنىڭ باج - سېلىقىنى
ھەدەپ ئېغىرلاشتۇرغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا قارشى تۇر-

لىغىدىن قالدۇرۇپ قويغان ھىلىقى شاھزادە ئىكەن. نېرو ئانىسىنىڭ راستلا ئاكىسىنىڭ پادىشالىقىنى تارتىۋېلىشىنى قوللىشىدىن قورقۇپ، بۇيرۇق بېرىپ ئاكىسىنى مەخپىي ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، ئانا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تېخىمۇ يامانلىشىپ كەتكەن.

نېرو 19 ياشقا كىرگەندە، ئۇ يەنە بىر ئىسىلزادە خېنىمغا كۆيۈپ قېلىپ، ئۆز خوتۇنى بىلەن ئاجرىشىپ كەتمەكچى بولغان. ئاگرىپىنا بارلىق كۈچى بىلەن قارشى تۇرغان، شۇنىڭ بىلەن نېرو ئانىسىغا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتكەن. ئاخىرىدا، نېرو ئۆز ئانىسىغا زەھەرلىك قولىنى سالغان: ئاگرىپىنا كېمىگە چۈشۈپ دەريادىن ئۆتۈۋاتقان چاغدا، ئۇ ئادەم ئەۋەتىپ كېمىنى ئاغدۇرۇۋېتىپ، ئانىسىنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان؛ بىراق باشقىلار ئانىسىنى قۇتقۇزۇۋالغان، كېيىن ئۇ يەنە قوشۇن ئەۋەتىپ ئۆز ئانىسىنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن!

شۇنىڭدىن كېيىن، نېرو خوتۇنى بىلەن ئاجرىشىپ، ئۇنى بىر ئارالغا سۈرگۈن قىلغان. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىمۇ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن. نېرو ھىلىقى ئىسىلزادە خېنىمنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى ئېرى بىلەن ئاجرىشىشقا قىستىغان. بىراق ئىسىلزادە خېنىمنىڭ كۆڭلىمۇ تەس بولغان، ئۇ ھامىلىدار بولۇپ قالغاندا، ۋەھشى نېرو ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇ ھەتتا ئۇنى تىزگىنلىمەكچى بولغان ئۇستازىنىمۇ بوش قويمىغان. بۇ ئۇستازى ئۇنىڭ يېنىدىن كېتىپ قالغان بولسىمۇ، نېرو يەنىلا ئۇنى ئۆلۈۋېلىشقا بۇيرۇغان. شۇنىڭدىن تارتىپ، ئۇ ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىماي، تەپ تارتماستىن ئويۇن كورۇش، بۇزۇپ ـ چېچىش ۋە بۇزۇقچىلىقلارغا بەنت بولۇپ كەتكەن.

# ئەيسانىڭ رىۋايەتلىرى

بۇنىڭدىن 1900 يىل ئىلگىرى، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقى تەرەپلىرىدە ياشايدىغان يەھۇدىيلەر ئارىسىدا مۇنداق بىر ھېكايە تارقالغان ئىكەن.

ئېرۇسالىم شەھىرىدە مارىيە ئاتلىق بىر قىز بار ئىكەن. ئۇ يىگىتى بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشكەندىن كېيىن ياتلىق بولمايلا ھامىلدار بولۇپ قېلىپتۇ. ئۇنىڭ سويگىنى يۇسۇپ ئۇنىڭ بىلەن يېنىشىپ كەتمەكچى بولۇپتۇ. بىر كۈنى كېچىدە يۇسۇپ بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە، ئاللاتالانىڭ ئەلچىسى ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ: "مارىيە ئاللانىڭ تەسىرلەندۈرۈشى بىلەن ھامىلـدار بولغان. ئۇنىڭ قوسىقىدىكى بالا ئاللاتالانىڭ ئوغلى، ئۇنىڭ ئىسمى ئەيسا، ئۇ ئالەمدىكى پۇقرالارنى ئازاپتىن قۇتـقۇزۇش ئۈچۈن تۆرەلگەن." يۇسۇپ بۇ چۈشكە چوقۇنۇپتۇ - دە، مارىيەنى ئەمرىگە ئېلىپتۇ، ئۇزاق ئۆتمەي مارىيە بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ، ئۇنىڭغا ئەيسا دەپ ئات قويۇپتۇ.

ئەيسا تۇغۇلغان كۈنى بىر يورۇق يۇلتۇز ئېرۇسالىم شەھەـرىگە چۈشۈپتۇ. شەرقتىكى بىرنەچچە دوكتۇر بۇنى كۆرگەندىن كېيىن، ئىختىيارسىز ھالدا "قۇتقۇزغۇچى ئىگەم خىرىستوس چۈشتى!" دەپ چوقان سېلىشىپتۇ.

ئەسلىدە، يەھۇدىيلەرنىڭ ئۆز دىنى — يەھۇدى دىنى بار ئىكەن. ئۇلار ئۆز خۇداسى يەھۋاغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇپ، يەتتە كۈن ئىچىدە خۇدانىڭ ئالەمنى بىنا قىلغانلىقىغا، يەنى

دىغانلار تېخىمۇ كۆپەيگەن.

مىلادى 68 - يىلى، ئىسپانىيە ۋە گاللىيە ئۆلكىلىرىنىڭ باش ۋالىلىرى نېروننىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىقىشنى چاقىرىق قىلىپ، قوزغىلاڭ كۆتەرگەن؛ كېيىن مۇھا-پىزەتچى قوشۇنمۇ نېروغا ئاسىيلىق قىلغان. رىم ئاقساقاللار مەھكىمىسى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، نېروننىڭ پادىشالىق ئورنىنى بىكار قىلىپ، ئۇنى قانۇنسىز ئەمەس دەپ جاكالى-غان. كىشىلەر تەرىپىدىن تۇكۇرۇپ تاشلانغان قانخور پادىشا نېرو ئالدىراپ - تېنەپ رىمدىن قېچىپ چىقىپ كەتكەن. ئۇزاققا قالماي، ئۇ شەھەر رايونىدىكى داچىدا ئۆزىنى ئۆل-تۈرۋالغان. ئۆلۈشتىن بۇرۇن تېخى توختىماي "نىمە دىگەن ئۇلۇغ بىر سەنئەتكار ئۆلىدىغان بولدى - ھە!" دەپ ھەسرەت چەككەن.

ئىچەپتۇ، ئاخىر ئۇنىڭ بېشىدا غايەت زور نۇر چەمبىرەك پەيدا بولۇپتۇ، خەلقلەر قاراڭغۇلۇقتىمۇ ئۇنى ئوچۇق كۆرۈپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئەيسا ئۆزىنى خۇدانىڭ ئوغلى دەپ ئاتاپ، بارغانلا يېرىدە دىن تارقىتىپتۇ ھەمدە بىر مۇنچە مۇخلىس قوبۇل قىلىپتۇ.

ئەيساغا ئەگەشكەنلەر بارغانسېرى كۆپىيىپتۇ، ئەيسا ئىگىز تاققا چىقىپ ئۇلارغا ۋەز ئېيتىپتۇ:

— خالايىق، ئاڭلاڭلاركى، كەمتەر بولغانلار بەختلىك بولىدۇ، جەننەت شۇلارغا مەنسۇپ بولىدۇ؛ ئېناق ئۆتكەنلەر بەختلىك بولىدۇ، ئۇلار خۇدانىڭ ئوغۇللىرى دەپ ئاتىلىدۇ؛ ھاقارەتلەنگەنلەر، بوزەك قىلىنغانلار بەختلىك بولىدۇ، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن خۇدا تەرەپىدىن تارتۇقلىنىدۇ؛ ئۇمۇمەن باشقىلارغا ئۆچمەنلىك قىلغانلار چوقۇم خۇدا تەرىپىدىن جازالىنىدۇ! — ئەيسا بىر دەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن تەكىتلەپ تۇرۇپ سۆزنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، — شۇنىمۇ ئاڭلاڭلاركى، ئۆز دۈشمەنلىڭلارنى سۆيۈڭلار، يامان ئادەملەر بىلەن قارشىلاشماڭلار. بىرسى ئوڭ كاچىتىڭلارغا بىر تەستەك سالسا، سول كاچىتىڭلارنى تۇتۇپ بېرىڭلار؛ بىرسى چاپىنىڭلارنى بۇلسا، كۆينىكىڭلارنىمۇ سېلىپ بېرىڭلار ......

ئەيسا تاغدىن چۈشۈپ تۇرسا موخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىرسى ئۇنى تاۋاپ قىلغىلى كېلىپتۇ. ئەيسا ئۇنى شۇنداق سىلىغان ئىكەن، موخاۋ كېسىلى بىلەن ئاغرىغان ھېلىقى كىشى شۇ زامات ساقىيىپتۇ. ئەيسا مۇخلىسى پېترۇسنىڭ ئۆيىگە بارسا، ئۇنىڭ قېينانىسى قىزىپ يېتىپ قالغان ئىكەن. ئەيسا قولى بىلەن سىلىغان ئىكەن، ئۇنىڭ قىزىتمىسى شۇ زامان يېنىپتۇ.

ئەيسا مۇخلىسلىرىنى باشلاپ دېڭىز سەپىرىگە چىقىپتۇ. تو-

بىرىنچى كۈنى ئاسمان، يەر، كۈندۈز ۋە كېچىنى؛ ئىككىنچى كۈنى ھاۋا ۋە سۇنى؛ ئۈچىنچى كۈنى دەل - دەرەخ، كۆكتات ۋە مېۋە - چىۋىنى؛ 4 - كۈنى قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى؛ 5 - كۈنى بېلىق، ھايۋانات ۋە ھەر خىل جانلىقلارنى؛ 6 - كۈنى ئۆز سىياقىدا ئادەملەرنى ياراتقانلىقىغا ۋە يەتتىنچى كۈنى دەم ئالغانلىقىغا ئىشەنگەن. خۇدا ئىنسانىيەتنىڭ بەك ئازاپ - ئوقۇبەت چېكىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىنسانلارنى ئازاپ - ئوقۇبەت ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئوغلىنى — قۇتقۇزغۇچى ئىگەم خىرىستوسنى ئىنسانلار ئارىسىغا چۈشۈرمەكچى بولغانمىش.

دوكتۇرلار شاد - خۇراملىق ئىچىدە شەھەرگە كىرىپ مارىيەنى قۇتلۇقلاپتۇ. بىراق، بۇ ئىشنى ئىرۇسالىمنىڭ ھۆكۈمرانى بىلىپ قېلىپتۇ. ئۇ بۇ ئىش كىشىلەرنى قەستەن قايمۇقتۇرىدىغان ئىش دەپ ھىساپلاپتۇ. مۇشۇنداق ئەپسانىلارنىڭ مەنبەسىنى ئۈزۈل - كېسىل قۇرۇتۇۋېتىش ئۈچۈن، ئۇ پۈتۈن شەھەردىكى 2 ياشتىن تۆۋەن بوۋاقلارنى قالدۇرماي قىرىپ تاشلاشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ. يۈسۈپ ۋە مارىيە بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، كېچىلەپ ئەيسانى ئېلىپ مىسىرغا قېچىپ كېتىپتۇ.

ئەيسا چوڭ بولغاندىن كېيىن پۈتۈن ئوتتۇرا شەرقنى ئايلىنىپ چىقىپتۇ. بىر كۈنى، ئۇ ئىئوردانىيە دەرياسى بويىغا كەلگەندە، ئىيوخان دېگەن بىر دىندار بىر تەرەپتىن ئايەت ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن ئەيسانى سۇغا چىلاپ غۇسلى قىلدۇرۇپتۇ. غۇسلى قىلسا خۇدادىن جان ئاغان بولىمىش.

ئەيسا غۇسلى قىلغاندىن كېيىن، يەنە ھەر خىل سىناقلاردىن ئۆتۈپتۇ، مەسىلەن، ئۇ 40 كۈن تاماق يېمەپتۇ ۋە سۇ

— خۇداغا چىن كۆڭلۈڭدىن ئىشەنسەڭ، تاغنى دېڭىزغا تاشلىۋەتكۈدەك كۈچ ھاسىل قىلالايسەن! — دەپتۇ.

ئەيساغا قول قويغانلار بارغانچە كۆپىيىپ بارغاچقا، ئەيساغا ئەمەلدارلار ۋە ھاپىزلار باشلىغىنىڭ ئۆچلۈكى كېلىپتۇ. ئۇلار ئامال قىلىپ ئەيسانى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپتۇ. شۇ چاغدا، ئەيسانىڭ 12 مۇخلىسى ئىچىدىكى يۇدا ئىسىملىكى ھاپىزلار باشلىغىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— مەن ئەيسانى تۇتۇپ بەرسەم قانچە پۇل بېرىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. ھاپىزلار باشلىغى شۇ زامان ئۇنىڭغا 30 تەڭگە بېرىپتۇ.

شۇ كۈنى كەچتە، ئەيسا 12 مۇخلىسى بىلەن تاماقتا بىرگە بولۇپتۇ.

— بىرسى ماڭا ساتقىنلىق قىلدى! — دەپتۇ ئەيسا. مۇخلىسلار ھەيدۇقۇپ قېلىپتۇ. يۈرىكى پوك - پوك يۇدا:

— سىز مېنى دەۋاتامسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— راست دەيسەن! — دەپتۇ ئەيسا. يۇدا بېشىنى سېلىپ، لام - جىم دېيەلمەپتۇ.

ئەتىسى ئەيسا 12 مۇخلىسى بىلەن تالاغا چىقىپ ھاپىزلار باشلىغى بىلەن ئەمەلدار باشلاپ كەلگەن، كالتەك ۋە قىلىچ ئالغان نۇرغۇن چوماقچىلارغا ئۇچراپتۇ. يۇدا ھاپىزلار باشلىغىغا ئىشارەت قىلىپ، ئەيسادىن ھال سورىغان بولۇپ ئۇنى قۇچاقلىۋېلىپ سۆيۈپتۇ. شۇ ئەسنادا چوماقچىلار ئېتىلىپ بېرىپ، ئەيسانى تۇتۇۋېلىپتۇ. بىر مۇخلىس قىلىچىنى قىنىدىن چىقىرىپ قارشىلىق قىلىپ، بىر قىلىچ ئۇرۇپ چوماقچىنىڭ بىر قۇلىغىنى چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. ئەيسا ئالدىراپ تېنەپ:

— قىلىچ ئوينىماڭلار! ئومۇمەن قىلىچ ئوينىتقانلار، كەلگۈ-

يۇقىرى بوران چىقىپ دولقۇن كوتىرىلىپتۇ، دېڭىز سۈيى كېمە سىزىقىغا ئۆرلۈپتۇ. كېمە چوكۇپ كېتەي دەپ قېلىپتۇ، قورقۇپ كەتكەن مۇخلىسلىرىنىڭ يۈرىكى چىقىپ كېتەي دەپ قېلىپتۇ. ئەيسا ئۇلارغا "قورقماڭلار!" دەپ تەسەللى بېرىپتۇ ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ بوران ـ چاپقۇننى راسا كېلىشتۈرۈپ تىللىغان ئىكەن، دېڭىز سۈيى دەرھال پەسكايىغا چۈشۈپتۇ.

بىر كۈنى ئەيسانىڭ كەينىدە يۈرگەن نەچچە 1000 ئادەم ئاچ قېلىپتۇ. ئەيسا بىر نەچچە ناننى ئېلىپ، ئۇشتۇپ بىرنى ئىككى پارچە قىلىپتۇ. ئەيسا توختىماي ئۇشتۇۋېرىپتۇ ـ دە، كىشىلەرگە بولۇپ بېرىپتۇ، نەتىجىدە نەچچە 1000 ئادەم تويۇپتۇ، ئېشىپ قالغان نان ئۇۋاقلىرى نەچچە سېۋەتكە لىق توشۇپتۇ.

كېيىن، ئەيسا 12 مۇخلىسىنى باشلاپ ئېرۇسالىمغا قايتىپ كېلىپ، ئەمچىلىك قىلىپتۇ. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، مەيلى قانداق كېسەل بولسۇن، ئەيسا سىلاپ قويسىلا سەللىمازا ساقىيىپ كەتكەنمىش. ئەيسا گاچىلارنىمۇ تىللىق قىلغانمىش. ئەيسا يەنە كىشىلەرگە دىندىن ۋەز ئېيتىپتۇ، تۈرلۈك ئۇخشىتىش ئارقىلىق كىشىلەرنى ياخشى ئىش قىلىشقا ئۈندەپ:

— ئاچكۆزلۈك قىلماڭلار! بايلار ئۆلگەندىن كېيىن جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرمىكى تۆگىنىڭ يىڭنە تۆشۈكىدىن ئۆتمىكىدىنمۇ تەس! — دەپتۇ.

ئەيسا دىن تارقاتقاندا، ھەممىشە كىشىلەرنى خۇداغا ئىشىنىشكە دەۋەت قىلىپتۇ. بىر كۈنى، ئەيسا بىر تۈپ ئەنجۈر دەرىخىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ "سەن بۈگۈندىن كېيىن ھەڭگىز مېۋە بەرمە!" دەپتىكەن، ھېلىقى ئەنجۈر دەرىخى شۇ زامان قۇرۇپ كېتىپتۇ. كىشىلەر بۇنى كۆرۈپ ئەجەپلىنىپتۇ. ئەيسا ۋەز ئېيتىپ:

ان. خىرىستىيان دىنىدا تەشۋىق قىلىنغان قائىدىلەردە، دەرۋەقە،
كوپچىلىكنى باشقىلارغا ياردەم بېرىشكە، يامان ئىش قىلماسلىققا



مىلادى 4 - ئەسىردىكى خىرىستىيان چېركاۋى

دەۋەت قىلىنغان تەرەپ بولسىمۇ، لېكىن رەزىللىككە قارشى كۈ-
رەش قىلىشقا قارشى تۇرۇلغان، ھەتتا دۈشمەنلەرنى قوغداش
تەشەببۇس قىلىنغان، بۇ، ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ كۈرەش ئىرا-
دىسىنى بىخوتلاشتۇرىدىغان مەنىۋى ئەپيۇندۇر. رىم ئىمپېرىيە-
سى دەسلەپتە خىرىستىيان دىنىنى چەكلىگەن. مىلادى 4 - ئە-
سىردە، رىم ھۆكۈمرانلىرى ئىچكى - تاشقى قىيىنچىلىققا بوغۇ-
لۇپ، خىرىستىيان دىنىنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى
سېزىپ، خىرىستىيان دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلىگەن.
شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، خىرىستىيان دىنى پۈتۈن دۇنياغا تارالغان.
ئەيسا گەرچە رىۋايەتتىكى شەخس بولسىمۇ، لېكىن،
رىۋايەتتىكى ئەيسانىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئومۇمىيۈزلۈك يىلنامە-
نىڭ بەلگىسى قىلىنغان. بۇ ھازىر دۇنيا ئەللىرىدە ئېقتۋاتقان
مىلادى يىلنامىسىنى ھىساپلاش ئۇسۇلىدۇر.

سىدە چوقۇم قىلىچ ئاستىدا ئۆلىدۇ! — دەپ توساپتۇ. بۇ مۇخ-
لىس نائىلاج قىلىچىنى قىنىغا سېلىپتۇ. ئەيسانى ئاخىر تۇتۇپ
كېتىپتۇ.

ئەيسا تۇتۇلغاندىن كېيىن ئازاپلىنىپتۇ ۋە ھاقارەتلىنىپتۇ.
ئاخىردا، رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشلۇق باش ۋالىسى
تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپتۇ. ئەيسا بىر كىرىستىكە
مىخلاپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىللە 2 قاراقچىمۇ مىخلاپ
ئۆلتۈرۈلۈپتۇ.

3 كۈندىن كېيىن ئەيسا تىرىلىپتۇ. كىشىلەر كېلىپ ئۇنىڭ-
غا تاۋاپ قىلىپتۇ. ئەيسا كىشىلەرگە:

— سىلەر مېنىڭ دىگىنىم بويىچە ئىش قىلىدىغان بول-
ساڭلار، مەن مەڭگۈگە سىلەر بىلەن بىرگە بولىمەن! — دەپتۇ.
رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئەيسانىڭ تىرىلگەن كۈنى ئەتىيازلىق
كۈن تەڭ تۇرغان، ئاي تولغاندىن كېيىنكى بىرىنچى يەكشەنبە
كۈنى ئىكەن. بۇ كۈن ھازىر خىرىستىيان دىنىدىكىلەرنىڭ "پاس-
خا بايرىمى"، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەيسانىڭ تۇغۇلغان كۈنى(12 -
ئاينىڭ 25 - كۈنى) "روژدېستىۋو بايرىمى" قىلىپ
بېكىتىلگەن.

«يېڭى تەۋرات» ئەيسانىڭ رىۋايەتلىرى خاتىرىلەنگەن
كىتاپ. خىرىستىيان دىنىنىڭ «تەۋرات» دىگىنى ئەسلىدە يەھۇدى
دىنىدىكىلەر تۈزۈپ چىققان «كونا تەۋرات» بىلەن كېيىنكى
چاغلاردا ئەيساغا ئېتىقات قىلغۇچىلار تۈزۈپ چىققان
«يېڭى تەۋرات» نىڭ بىرىكمىسى "خىرىستوس" (مە-
سىھ) "قۇتقۇزغۇچى ئىگەم" دىگەن سوز بولۇپ، رىۋا-
يەتتىكى ئەيسا خۇدا تەرىپىدىن جانلىقلارنى قۇتقۇزۇش
ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەچكە، كىشىلەر ئۇنى ئەيسا مەسىھ دەپ ئاتە-

6 - ئەسىردە بىنا قىلىنغان پومپېي دىگەن بۇ قەدىمقى شەھەر ۋەيران بولۇپتۇ......

ئارىدىن 1000 نەچچە يۈز يىل ئۆتۈپ كېتىدۇ، پومپېي شەھىرى كىشىلەرنىڭ ئەسلىرىدىن چىقىپ كېتىدۇ. تارىخ تەتقىق قىلغۇچى ئالىملار رىمنىڭ قەدىمقى كىتاپلىرىنى ئوقۇغاندا پومپېي دىگەن شەھەرنىڭ بولغانلىقىنى بىلىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ زادى قەيەردە ئىكەنلىگى بىر سىر بولۇپ كەلگەن ئىدى.

18 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئىتالىيىلىك دېخانلار ۋېزۇۋىي يانار تېغىنىڭ غەربى - جەنۇبىغا 8 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا ئۆستەڭ چېپىۋېتىپ، قەدىمقى رىمنىڭ بەزى پۇللىرىنى، شۇنىڭدەك سىلىقلانغان مەرمەر تاش پارچىلىرىنى كولاپ تېپىۋالغان. 1748 - يىلى، كىشىلەر يەنە شۇ ئەتراپتىن "پومپېي دىگەن خەت ئويۇلغان بىر پارچە تاش تېپىۋالغان. بۇ شەھەر ئەسلىدە مۇشۇ جايدا ئىكەن! قەدىمقى شەھەر پومپېينىڭ سىرى ئاخىر يېشىلگەن.

1860 - يىلدىن باشلاپ، كىشىلەر پومپېي شەھىرىنى پىلانلىق قېزىش ئىشىنى باشلىۋەتكەن. 200 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە قەرەلسىز قېزىش ئارقىسىدا، رىمنىڭ يەر ئاستىدا مىڭ يىللاپ كۆمۈلۈپ ياتقان قەدىمقى شەھەرنىڭ كۆپ قىسمى تېپىلغان. هازىر، كىشىلەر، ئۆز زامانىسىدىكى كىشىلەر پومپېي شەھىرىگە كىرىپ - چىققانىغا ئوخشاش، كەڭ، تەكشى يوللاردا سەيلە قىلىپ، بۇ قەدىمقى شەھەرنىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىدىغان بولغان.

پومپېي شەھىرىنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن بىر كۋادىرات كىلومېتىر بولۇپ، تۆت ئەتراپى تاش سېپىل بىلەن ئورالغان، 7 شەھەر دەرۋازىسى بار. شەھەر ئىچىدە ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا كەتكەن تۆپ - تۈز 4 چوڭ كوچا بولۇپ، پۈتۈن شەھەر # هەرىپى

# قەدىمقى شەھەر پومپېينىڭ سىرى

بۇنىڭدىن 1900 يىل ئىلگىرى، رىمنىڭ شەرقىي جەنۇبى تەرىپىدە پومپېي دېگەن قەدىمقى شەھەر بولغان. بۇ شەھەرنىڭ غەربىي تەرىپى سۇيى كۆپ - كۆك بولغان ناپلېس بوغىزىغا، شىمالىي تەرىپى قىيالىرى پەلەككە ياندىشىدىغان ۋېزۇۋىي يانار تېغىغا تۇتاشقان بولۇپ، ئۇ يەردە 20 نەچچە مىڭ ئادەم ياشىغان.

مىلادى 79 - يىل 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، پومپېي شەھىرىگە ۋەيران قىلغۇچ خاراكتېرىدىكى ئاپەت كېلىپتۇ. شۇ كۈنى چۈشتە، سائەت بىردىن ئۆتكەندە، شەھەرگە ئالاھەزەل 10 كىلومېتىر كېلىدىغان ۋېزۇۋىي يانار تېغى تۇيۇقسىز پارتلاپتۇ. قويۇق تۈتۈن ۋە سانسىز ئوت ئۇچقۇنلىرى تاغ چوققىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ، قاتتىق پارتلاش ئاۋازى ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ. شۇ ھامان يەر جاھاننى قاراڭغۇلۇق بېسىپ، يەر - جاھان تىترەپ، جىم ناپلېس بوغىزىدىمۇ قاتتىق دولقۇنلار كۆتۈرۈلۈپتۇ. ھېلىقى ئوت ئۇچقۇنلىرى بولۇپ پەلەككە كۆتۈرۈلگەن ماگما يەرگە تاش بولۇپ چۈشۈپتۇ. كۆپلىگەن تاش ۋە ۋولقان ئۇچقۇندىلىرى يانار تاغ ئەتراپىدىكى يەرلەرنى پۈتۈنلەي كۆمۈپ تاشلاپتۇ. ئارقىدىنلا قاتتىق يامغۇر يېغىپ، كەلكۈن كېلىپتۇ. كەلكۈن سانسىزلىغان تاش ۋە ۋولقان ئۇچقۇندىلىرىنى ئېقىتىپ كېلىپ، غايەت زور لاي دولقۇنى ھاسىل قىلىپ، تاغدىن شىددەت بىلەن ئېقىپ چۈشۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ مىلادىدىن ئىلگىرى

مەيدانىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپى سودا سارايلىرى ئىكەن. قىزىلمىلاردىن قارىغاندا، ئۇز زامانىسىدا بۇ يەردىكى قاتار-قاتار سودا دۇكانلىرىدا تاۋارلار تولۇپ كەتكەن بولۇپ، تىجارەت ئىشلىرى بەك تەرەققى قىلغان ئىكەن. قېزىش ۋاقتىدا، بىر مېۋە-چىۋە دۇكىنىنىڭ مال جازىلىرىدا ئۈزۈك، كاشتان، ئەنجۈر، ياڭاق، ئۈزۈم قاتارلىق مېۋە - چىۋىلەر لىق ئىكەنلىكى بايقالغان، بۇ نەرسىلەر 1000 نەچچە يۈز يىلدىن ئىلگىرىكى نەرسىلەر بولسىمۇ، لېكىن شەكلىدىن يەنىلا پەرق ئەتكىلى بولىغان. بىر دورا دۇكىنىنىڭ پوكىيىدىن بىر قۇتا كومۇلاچ دورا تېپىلغان بولۇپ، ئۇ ئۇۋۇلۇپ ئۇن بولۇپ كەتكەن، دورا يېنىدا بىر ئىنچىكە دورا قەغىزى بولغان. ناھايىتى روشەنكى، دورىگەر دورىنى كومۇلاچ قىلىۋاتقاندا تۇيۇقسىز ئاپەت كېلىپ قېلىپ يەغىشتۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن. ئۇ زامانلاردا دۇكانلار ھەم سودا دۇكىنى، ھەم ھۈنەر دۇكىنى بولغان. بىر بولكا دۇكىنىنىڭ دوخوپكىسىدىن پىشقان بىر بولكا تېپىلغان، بۇ بولكا ئەسلى شەكلىنى ساقلاپ قالغان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۈستىگە بېسىلغان بولكا سودىگىرىنىڭ ئىسمىمۇ شۇ پېتى ئېنىق تۇرغان.

پومپېي شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۇرجىكىدە ئىككى كاتتا جامائەت بىناسى — ماھارەت كۆرسىتىش مەيدانى بىلەن تىياتىرخانا بار. ماھارەت كۆرسىتىش مەيدانى پومپېي شەھىرى كومۇلۇپ كېتىشتىن 9 يىل بۇرۇن سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئالاھەزەل 20 مىڭ ئادەم (پۈتۈن شەھەر ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك) سىغىدىكەن.

پومپېي شەھىرىدە نۇرغۇن بايلارنىڭ تۇرار جايلىرى بار. بۇ ئىمارەتلەرنىڭ دەرۋازىلىرىغا، كوپىنچە، چوڭ مەرمەر تاش

شەكلىدە كورۈندۇ. شەھەر 9 رايونغا ئايرىلغان، ھەر بىر رايوننىڭ كىچىك كوچىلىرى بار. چوڭ كوچىغا 10 مېتىر كەڭلىكتىكى شىبەن تاش ياتقۇزۇلغان، ئىككى ياقىسى ئادەم ماڭىدىغان يول ئىكەن، كىچىك كوچىلارغا شېغىل تاش ياتقۇزۇلغان. ھەر بىر توت كوچا ئېغىزىدا كولچەك بار. كولچەكلەرنىڭ ھەممىسى تاشتىن ياسالغان بولۇپ، ئۈستىگە چىرايلىق ھەيكەللەر ئورنىتىلغان، كولچەكتە سۈپ - سۈزۈك بۇلاق سۈيى بار، بۇ بۇلاق سۈيىنىڭ كەلتۈرۈلۈشى ئوكايغا توختىمىغان. بۇلاق سۈيى تۈز يەرگە تۇرغۇزۇلغان جازا ئۈستىگە نو ئورنىتىپ، شەھەر سىرتىدىكى بىر تاغدىن شەھەر ئىچىدىكى ئىگىز جايغا سېلىنغان سۇ مۇنارىغا كەلتۈرۈلگەن، ئاندىن كېيىن بۇ سۇ ھەرقايسى جامائەت كولچەكلىرىگە ۋە بايلارنىڭ ھويلىلىرىدىكى فونتان كولچەكلىرىگە ئېقىپ چۈشكەن.

شەھەردىكى ئەڭ كاتتا ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسى شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى، توت چاسا مەيداننىڭ ئەتراپىغا توپلانغان. بۇ جاي پومپېينىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە دىنىي مەركىزى ئىكەن.

مەيداننىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىگە پومپېي شەھىرىنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى جايلاشقان بولۇپ، ھوقۇقدارلار شۇ يەردە ئىشلىگەن ۋە مەسلىھەت ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ يەنە بىر تەرىپى سوت مەھكىمىسى ئىكەن. بۇ ئىككى قەۋەتلىك چاسا بىنا بولۇپ، سودىگەرلەرمۇ شۇ يەردە سودا توختاملىرىنى تۈزىدىكەن. شۇ جايدا ئىشلەنگەن ئۈزۈم ھارىقى، تىسۋىت ۋە ئەينەك بۇيۇملىرى، شۇنىڭدەك شەرقنىڭ خۇشپۇراق ماتېرىياللىرى، مەرۋايىتلىرى، جۇڭگو يىپەك - تاۋارلىرى، ئافرىقا پىل چىشلىرى ئۈستىدە مۇشۇ جايدا سودا توختىمى بولىدىكەن.

بېسىۋالغانلىقىنى، بىر مۇنچە ئادەمنىڭ تاغ تۈۋىدە توشۇك ئېچىۋاتقانلىقىنى، يەنە بىر توپ ئادەمنىڭ زەنجىرلەنگەن كىلادىيا- تور قۇللار ئىكەنلىكى ئايان بولغان ......

قەدىمقى پومپېي شەھىرىنىڭ سىرىنىڭ يېشىلىشى كىشىلەرنى مىلادىدىن ئىلگىرى 1 - ئەسىردىكى رىم ئىمپېرىيىسى شەھەر- لىرىنىڭ ھەقىقى ئەھۋالىنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

تۈۋرۈك تۇرغۇزۇلغان ۋە ياسداق دەرۋازا ئۆيلىرى ياسالغان. كارىدۇر ۋە ھويلىلارنىڭ ھەممىلا يېرىگە خۇدا ۋە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ھەيكەللىرى تۇرغۇزۇلغان. ساراي، تاماقخانا ۋە ياتاقخانىلار كەڭ، يورۇق، ھەشەمەتلىك بولۇپ، تۆت تەرى-پى كۆمۈش ۋە مىستىن نەپىس قىلىپ ياسالغان قىممەتلىك بۇيۇملار بىلەن زىننەتلەنگەن. تاملارغا رەسىملەر چۈشۈرۈلگەن، پولغا چىرايلىق قوندۇرما رەسىملەر چۈشۈرۈلگەن. بىر باينىڭ ئۆيىدىن بىر قوندۇرما رەسىم (ماكېدونىيە پادىشاسى ئالېكساندىرنىڭ پېرسىيىلىك دارىئۇس III بىلەن جەڭ قىلغان خەرىتىسى) تېپىلغان. بۇنىڭدا مىلادىدىن ئىلگىرى 333 - يىلىدىكى ئىسوس جېڭىنىڭ بىر كۆرۈنۈشى جانلىق سۈرەتلەنگەن. بۇ رەسىمنىڭ كەڭلىكى 6.5 مېتىر، ئېگىزلىكى 3.8 مېتىر بولۇپ، بىر مىليون 500 مىڭ ساپال ۋە مەرمەردىن قوندۇرۇپ ياسالغان.

پومپېي شەھىرىنى قېزىش ۋاقتىدا، پاجىە ۋە ئازاپ ئۇقۇبەت چېكىۋاتقان كىشىلەرنىڭ نۇرغۇن گەج ھەيكەللىرى تېپىلغان. يانار تاغ پارتىلىغان چاغدا، شەھەر ئىچىدە ئىككى مىڭ ئادەمنىڭ تۇرار جايىدا ئۆزىنى دالدىغا ئالغۇدەك ئورۇن بولمىغاچقا، ئۇلار دەرھال ئۆلمىگەن، بىراق چاڭ - توزاڭ قام-ۋالغاچقا قېچىپ چىقىپ كېتەلمىگەن. ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئادەم جەسىدى چىرىپ تۈگىگەن، ۋۇلقان چاڭ-توزاڭلىرى بولسا ئادەم تېنى شەكلىدە قېلىپ بولۇپ قالغان. ئارخېئولوگلار گەجنى بۇ قېلىپلارغا قۇيغاندىن كېيىن ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ھەر خىل قىياپەتلىرى ئايان بولغان: نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قولى بىلەن يۈزىنى يېپىۋالغانلىقى، بىر ئانىنىڭ يىغلاۋاتقان بالىسىنى باغرىغا چىڭ

ئىككى كۆزى بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ كېسەلى ساقىيارمۇ؟ — سورىغان بىر لەشكەر بېشى بوش ئاۋاز بىلەن پادىشا مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى دىوكلېتىئانۇستىن.

— ھەم، سەن مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ باشلىقىدىن سوراپ باق، بۇ سوئالغا شۇلار جاۋاپ بېرەلىشى مۇمكىن! — دېگەن دىوكلېتىئانۇس غەزەپ بىلەن.

كەچتە، رىم قوشۇنلىرى نىكوۋمېدىيە شەھىرىگە يېتىپ كېلىدۇ. مۇشۇ يەرگە كەلگەندىلا، ئاندىن لەشكەرلەر جىرغىدىن چىققان سېسىق ھىدنىڭ سەۋەبىنى بىلگەن: ئەسلىدە، ئۇلارنىڭ باش پادىشاسى ئالىلقاچان قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، جىرغىدىكىسى ئۇنىڭ جەسىدى ئىكەن!

— پادىشانى كىم ئۆلتۈردى؟ قاتىلنى تېپىش كېرەك! — غەزەپلەنگەن لەشكەرلەر كەينى-كەينىدىن يىغىلىش قىلىپ، قاتىلنى تېپىپ قاتتىق جازالاشنى تەلەپ قىلغان.

مۇھاپىزەتلەر قوشۇنىنىڭ باشلىقى ئاپېل بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ كېلىپ، لەشكەرلەرگە قاتتىق كايىپ ۋاقىرىغان:

— سەنلەر ئىسيان كۆتەرمەكچىمۇ؟ پادىشا ئۆلسە، يەنە بىرىنى سايلىۋالساقلا بولىدىغۇ، سىلەر نىمە داۋراڭ سالىسىلەر؟ چېدىرغا قايتىڭلار! كىمكى توپلىشىپ جېدەل چىقىرىدىكەن، شۇ جايدىلا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ!

لەشكەرلەر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپلا جىم بولۇشقان. شۇ ئەسنادا بىرسىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ئاڭلانغان:

— ئاپېل، ھېچ ئىش بولمىغاندەك سوزلەۋاتىسەنغۇ! مېنىڭچە ئۆلتۈرۈشكە تېگىشلىكى جېدەل چىقارغان لەشكەرلەر ئەمەس، بەلكى سەن! ئىككى پادىشا قانداق ئۆلدى؟ ئېيتقىنا!

ئاپېل كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، سوزلەۋاتقان كىشى پادىشا

# پادىشالىق تۈزۈمىنىڭ بەرپا قىلىنىشى

كىچىك ئاسىيانىڭ شىمالىي رايونىدىكى بىر كەڭ يولدا رىمنىڭ ناھايىتى زور بىر قوشۇنى ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۇلار پىرسىيىلىكلەردىن نۇرغۇنلىغان بايلىق ۋە باشقا نەرسىلەرنى بۇلاپ كەلگەن ئىدى. لېكىن ئەجەپلىنەرلىكى شۇكى، قوشۇنغا باشلامچى بولغان پادىشا ئىتالىيىگە قايتىش سەپىرىدە تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ياش ئوغلى پادىشالىققا ۋارىسلىق قىلىپ بىرئاي ئۆتمەيلا ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغاچقا، ئۇنى جىرغىغا سېلىپ ۋەتەنگە ئېلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

— چاققان! چاققان بولۇڭلار! — دەپتۇ ئات مىنگەن مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇننىڭ باشلىقى ئاپىل ئېتىنى يورغىلىتىپ جىرغا ئەتراپىدا ئايلىنىپ، ئۇ جىرغا ئۈستىدىكى يوتقاننى گايىدا ئاستا ئېچىپ، ئۇنىڭدىن ۋاقىراپ قويىدىكەن:

— تېز يۈرۈڭلار، بولمىسا پادىشايىمىزنى قۇتۇلدۇرالماي قالىمىز!

ئاپىل يوتقاننى ئاچقاندا، جىرغا كوتەرگەن لەشكەرلەرنىڭ بۇرنىغا بىرخىل سېسىق ھىد ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. كەچ كوز پەسلى بولسىمۇ بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى يەنىلا ناھايىتى ئىللىق ئىكەن. بولۇپمۇ چۈشتىن كېيىن ئاپتاپتا جىرغىدىن چىقىۋاتقان سېسىق ھىد بارغانسېرى كىشىلەرنىڭ بۇرنىنى ئېچىشتۇرغان. نۇرغۇن لەشكەر بېشى، لەشكەرلەر بۇنىڭدىن گۇمانلانغان.

— پادىشايىمىز ھېچنەرسە يېمىگىلى ۋە ئىچمىگىلى

ئوردا مۇراسىملىرىنى يولغا قويغان. ئۇ كىشىلەرنى قوبۇل قىلغان ھاكى ئوردا مۇراسىملىرىغا قاتناشقانىدا، ئالتۇن يىپ بىلەن تىكىلگەن ئىپەك كىيىم كىيگەن، مەرۋايىت قوندۇرۇلغان ياغلىق ئارتقان، ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىر تالاي مۇلازىملار، مۇھاپىزەتچىلەر، نوۋەتچى ئەمەلدارلار ۋە ھەر دەرىجىلىك ئوردا ئەمەلدارلىرى بولغان. ئۇنىڭ بىلەن كورۇشۇشكە رۇخسەت قىلىنغان ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭغا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ سالام بەرگەن. دىوكلىتىانۇس ئەۋلىيا دەپ ئاتىلىپ، ئۇنىڭ پادىشالىق ھاكىمىيىتى زور دەرىجىدە مۇستەھكەملەنگەن. ئۇ ئۆز ھوقۇقىنى ئاللا ئاتا قىلغان، ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ، پۇقرالارنى قىرىش - چېپىش ھوقۇقۇم بار دەپ ئاتىغان. پادىشا دىگەن نام يەنىلا ساقلىنىپ قالغان، لېكىن دولەت باشلىغى دىگەن نام رەسمىي يوسۇندا "پادىشا" دەپ ئوزگەرتىلگەن. بۇنداق پادىشالىق تۈزۈم ئىچكى جەھەتتە خەلقنى باستۇرۇش ۋە سىرتقى جەھەتتە تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كەلگەن. شۇڭا ئاقسوڭەكلەر چوڭ يەر ئىگىلىرى ۋە ھەربى بيۇروكىرات ئاقسوڭەكلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ھەمدە كېيىنكى چاغلاردىكى رىم ئىمپېرىيىسى ۋارىسلىق قىلغان بىرخىل ھوكۇمرانلىق شەكلى بولۇپ قالغان.

مەمۇرى ئولكىلەرنىڭ بولۇنۇپ چىقىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش، پادىشالىق تۈزۈمى ھوكۇمرانلىغىنى مۇستەھكەملەش ئۇچۇن دىوكلىتىانۇس ئولكىلەرنىڭ دائىرىسىنى تارايتىپ، ئىمپېرىيىنى يۇزنەچچە ئولكىگە ئايرىپ، 10 دىن 12 گىچە بولغان ئولكىنى بىر مەمۇرى رايون قىلىپ بىرلەشتۇرگەن. لەشكەرلەر سانىنى 600 مىڭغىچە يەتكۇزگەن. قوشۇن چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى ۋە ئىچكى ھەركەتچان قىسىم قىلىپ ئايرىلىپ، ھەم سىرتتىن

مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىدىنىڭ باشلىقى دىئوكلېتىيانۇس ئىكەن،
ئۇ مېيىقىدا كۈلۈپ:
— ھوي، ئازات قۇلنىڭ كۈچۈكى، ئاغزىڭنى يىغىپ
گەپ قىل! — دېگەن.
— سەن، — دېگەن دىئوكلېتىيانۇس قاتتىق ھۆكۈرەپ، —
ئادەم سىياقىغا كىرگەن ھايۋان بىر ئاي ئىچىدە 2 پادىشا-
نى ئۆلتۈردۈڭ ......
دىئوكلېتىيانۇسنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا ئاپېر قىلىچىنى قىنى-
دىن چىقىرىپ دىئوكلېتىيانۇسقا تىقىدۇ. دىئوكلېتىيانۇس كىچىكىدىن
تارتىپلا لەشكەر بولۇپ، قىلىچۋازلىق ھۈنىرىنى پۇختا ئۆگەن-
گەچكە ناھايىتى تېزلا ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ-دە، شۇ زامان
قىلىچىنى چاققان قىنىدىن چىقىرىپ، ئاپېرغا سىلىپ، ئۇنى شۇ-
يەردىلا ئۆلتۈرىدۇ. دىئوكلېتىيانۇسنىڭ بۇ قىلىقى لەشكەرلەرنىڭ
ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرغان. شۇنداق قىلىپ، ئۇ
رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ پادىشاسى قىلىپ تىكلەنگەن.
دىئوكلېتىيانۇس پادىشا بولغاندىن كېيىن، رىمغا قايتمىغان،
بەلكى ئۆزىنى پادىشا دەپ جاكالىغان جاينى — نىكومېدىيە
شەھىرىنى پايتەخت قىلىپ بېكىتكەن. چۈنكى بۇ جايدىكى خەلق
نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان مۇستەبىت پادىشالىق تۈزۈمىنىڭ
ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ كەلگەن ئىكەن، ئۇمۇ ئاشۇنداق بىر
تۈزۈمدىكى دۆلەت قۇرۇشنى ئويلاپ كەلگەن ئىكەن. شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ جاينىڭ جۇغراپىيە شارائىتى پۈتۈن رىم
ئىمپېرىيىسىنى تىزگىنلەشكە ئەپلىك بولۇپ، ئىقتىسات، مەدە-
نىيەتمۇ ئىتالىيە زېمىنىدىكىگە قارىغاندا تەرەققىي تاپقان ئىكەن.
دىئوكلېتىيانۇس نىكومېدىيىدە، ھە دەپ قۇرۇلۇش قىلىپ،
كاتتا، ھەشەمەتلىك خان سارايلىرى ياساتقان ھەمدە كاتتا

تارىخنا، بۇ تۈزۈم "ا پادىشا ئورتاق ئىدارە قىلىش تۈزۈمى" دەپ ئاتالغان. بۇ تۈزۈم ئىمپېرىيىنىڭ بىر يېرىم ئەسىرگە يېقىن ئۆزگەرمەي، ئىمپېرىيىنىڭ زېمىنىنى كېڭەيتكەن. لېكىن يېقىن ئەتراپتىكى ئىمپېرىيىنىڭ پارچىلىنىشىنى ساقلاپ، ئىمپېرىيىنىڭ زىمىنىنى كېڭەيتكەن.

دىئوكلېتيانۇس ئىقتىسادىي جەھەتتە يېڭى ئىسلاھاتنى ئېلىپ بارغان، لېكىن كۈرسى چۈشكەن ئەتكەس پۇلنى يوق قىلالمىغان، ئولچەمگە توشقان تىللا مۇئامىلىگە كىرمىگەن، شۇنىڭ بىلەن مال باھاسى يەنىلا ئۆرلەپ، ئىجتىمائىي ئىگىلىك قالايمىقانلىشىپ كەتكەن. ئۇ يەنە نەق نەرسە تۆلىنىدىغان باج ۋە مەجبۇرىي ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويغان، ھەر ساھە، ھەر كەسىپ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قالغان، قاچقانلار قاتتىق جازالانغان. دىئوكلېتيانۇسنىڭ چېكىدىن ئاشقان مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا خەلقتە ھوقۇق بولمىغان، خەلق پۈتۈنلەي قۇل بولۇش ئورنىدا تۇرغان.

مىلادىيە 305 - يىلى بىركۈنى دىئوكلېتيانۇس بىلەن ماكسىمىئانۇس تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرى ئۇزۇنغا بارمايلا پادىشالىق ئورنى ئۈچۈن جاكالىغان. كونستانتىنۇس تەڭلا پادىشالىق ئورنىدىن چېكىنگەنلىكىنى جاكالىغان. دىئوكلېتيانۇس، ئەمدى ئىمپېرىيە ئەمىن ئۆتىدۇ، تالاش - تارتىش بولمايدۇ، دەپ ھېسابلىغان. بىراق، ئۇ پادىشالىق ئورنىدىن چېكىنگەندىن كېيىن، ئىمپېرىيىدە تۈگىمەس جەڭگى - جېدەللەر يەنە باشلانغان.

مۇداپىئەلەنگەن، ھەم ئىچكى مۇداپىئە ئىشلىرىغا سېلىنغان. ھەربى ھوقۇق ۋە خەلق ئىشلىرى ھوقۇقى ئايرىلغان، باش ۋالى ھەربى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالمىغان. شۇنىڭ بىلەن كاتتا بيۇروكراتلار ئاپاراتى ۋۇجۇتقا كەلگەن.

دىئوكلېتىانۇس ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي، قۇللار قوزغىلىڭى ۋە يات مىللەتلەرنىڭ ئىمپېرىيە چېگرىسىغا قىلىۋاتقان ھۇجۇمىغا ئۆزى يالغۇز تاقابىل تۇرالمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆزىنىڭ ياخشى دوستى ماكسىمىئۇسقا ئىمپېرىيەنىڭ غەربىي قىسمىنى ئىدارە قىلىشنى ھاۋالە قىلغان، ماكسىمىئۇس ئىتالىيەنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى مىلاننى پايتەخت قىلىپ تاللىغان. ئىككىنچى يىلى، دىئوكلېتىانۇس ماكسىمىئۇسنى مۇقەددەس دۆلەت باشلىقى — "ئاۋگۇستۇس" قىلىپ بەلگىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن رىم ئىمپېرىيەسىدە ئىككى ئالىي ھۆكۈمران بولۇپ، بارلىق بۇيرۇق بۇ ئىككى ئادەمنىڭ نامى بىلەن چىقىرىلغان.

مىلادى 293 - يىلىغا كەلگەندە، بۇ ئىككى ئالىي ھۆكۈمران ئۆزلىرىگە بىردىن كايزا① تەيىنلىۋالغان. خان جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بۇ ئىككى ياردەمچى كايزا باشقا ئىككى ھۆكۈمرانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن ھەمدە ئۇ ئايرىم - ئايرىم تۈردە بۇ ئىككى ھۆكۈمرانغا كۈيئوغۇل بولغان. شۇنداق قىلىپ مۇقىم پادىشالىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى كاپالەتلەندۈرۈلگەن. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، بۇ تۆتەيلەن ئايرىم - ئايرىم تۈردە ئىمپېرىيەنىڭ بىر قىسمىنى ئىدارە قىلغان.

① كايزا قەدىمقى رىم جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى مەشھۇر لەشكەر بېشى ۋە سىياسىيچى بولۇپ، كېيىنكى چاغلاردا غەرپ خان - پادىشالىرى بۇ ئىسىمنى ئۆزلىرىگە ئۇنۋان قىلىۋالغان — ت.

زەربىسى ئارقىسىدا ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بېشى قېتىپ قالغان.
مىلادى 401 - يىل 11 - ئايدا، ئىمپېرىيە يېڭى كىرى-
زىسكە دۇچكەلگەن: شەرقتىكى گېرمانلار ئىچىدىكى گوتلارنىڭ
قوشۇنى تۇيۇقسىزلا ئىتالىيىگە بېسىپ كىرگەن. رىم ئىمپېر-
يىسى بۇ چاغدا زاۋالغا يۈزلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن
ئىلگىرى ئۆز زېمىنى ئىزچىل تېچ بولۇپ كەلگەن ئىدى، شۇڭا
يات مىللەتنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكىنى ئاڭلاپلا، ھەممە
يەرنى ۋەھىمە بېسىپ، بايلار كەينى - كەينىدىن قېچىپ ئىتا-
لىيىدىن چىقىپ كەتكەن. ئۇزاق قالماي گوتلار پادىشا خونو-
ردۇسنى ئىتالىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كىچىك بىر شەھەرگە
قورشىۋالغان.

بۇ قوشۇنغا باشچىلىق قىلغۇچى گوتلار ئىچىدىكى ئەڭ
مەشھۇر ئەزىمەت ئالارىك ئىكەن. ئۇ ئۆز خوتۇنىغا، رىمنى
قولغا چۈشۈرسەم، شەھەردىكى ئىسىلزادە خېنىملارنى ساڭا دى-
دەك قىلىپ بېرىمەن، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى ساڭا سوغا
قىلىپ بېرىمەن، دەپ ۋەدە بەرگەن. بىراق، رىم ئىمپېرىيىسى-
نىڭ قوماندانى ستىلىكا نۇرغۇن قوشۇن توپلاپ، ئالارىكنى
يەڭگەن.

شۇ زامان رىمدا كەيپىيات جانلىنىپ كەتكەن. ئىقتىدار-
سىز پادىشا خونورىئۇس كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزۈپ، بۇ غەلىبىنى
تەنتەنە قىلىشقا بۇيرۇق بەرگەن. ئەسىرگە چۈشكەن گوتلار
كوچىلاردا يالاپ يۈرۈپ سازايى قىلىنغان، يۇمۇلاق ماھارەت كور-
سىتىش مەيدانىدا گلادىئاتورلار ماھارەت كورسەتكەن، دىمەك
بۇ رىم تارىخىدا ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق غەلىبە تەنتەنىسى،
شۇنداقلا گلادىئاتورلارنىڭمۇ ئاخىرقى قېتىملىق ماھارەت كورسە-
تىشى ئىدى.

# رىمنىڭ قولدىن كېتىشى

دىئوكلېتىئانۇس پادىشالىق ئورنىدىن چېكىنىپ، بىر مەھەللىك يېغىلىقتىن كېيىن، "4 پادىشا ھاكىمىيەت ئىجرا قىلىش تۈزۈمى" ئاخىر بىكار قىلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ئەسىر ئىچىدە، ئىچكى جەمئىيەتتىكى قۇللار، قول دېھقانلار، نامراتلار قوزغىلاڭلىرى بىلەن ئۈزلۈكسىز تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن يات مىللەتلەر قوشۇلۇپ، چىرىك قۇللۇق تۈزۈمىدىكى ئىمپېرىيىگە زەربە بەرگەن. مىلادى 5 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ تارىخى ئۆزىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا قەدەم قويغان. بۇ چاغدا، ئىمپېرىيە شەرقىي قىسىم ۋە غەربىي قىسىم دەپ ئىككى قىسىمغا (قارا دېڭىز بويىدىكى كونستانتىنوپولنى پايتەخت قىلغان شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى ۋە ئىتالىيە زېمىنى راۋېننانى پايتەخت قىلغان غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى) دەپ ئىككىگە ئايرىلغان. شەرق ۋە غەرپ قىسمىغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىككى پادىشا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. بۇلار ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن بولۇپ، تەختكە چىققاندا بىرسى 18 ياش، بىرسى ئەمدىلا 11 ياش ئىكەن.

غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان پادىشا خونورىئۇس چۈشكۈن، ئىقتىدارسىز ئادەم ئىكەن. بەختكە يارىشا ستىلىكا ئىسىملىك بىر قوماندان بولۇپ، ئۇنىڭ ئارقىدا تۇرۇپ ھاكىمىيەت باشقۇرۇپ بېرىشى ئارقىسىدىلا پادىشا ھاكىمىيەتنى ئاران داۋاملاشتۇرالىغان. جايلاردىكى قوزغىلاڭلارنىڭ

دىشا قىلماتچى بولۇۋاتىدۇ، دەپ پىتنە - پاسات تارقاتقان.
نادان خونورىيس پىتنە - پاسات گەپكە چۆمپۈتۈپ، بۇيرۇق بې-
رىپ ستىلىكنى ئۆلتۈرگۈزگەن ھەمدە ستىلىكنىڭ ئەل - ئاغىنى-
لىرىنى ۋە ھىمايىچىلىرىنىمۇ بوش قويمىغان. دەھشەتلىك
باستۇرۇش ستىلىكنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئىسى-
يانىنى قاتتىق غەزىۋىنى قوزغىغان، نەتىجىدە 30 مىڭ ئادەم
بىراقلا ئالادىكقا قوشۇلۇپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئالادىك
ھونلار بىلەن بىرلىشىپ، رىم ئىمپىرىيىسىگە يېڭىۋاشتىن ھۇجۇم
قوزغىغان.

مىلادى 410 - يىلى ئالادىكنىڭ قوشۇنلىرى رىم شەھى-
رىنىڭ يېنىغا كەلگەن.

رىم بۇ چاغدا ئىمپىرىيىنىڭ پايتەختى بولمىسىمۇ، لېكىن
ئۇ يەنىلا شۇ چاغدا دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل شەھەرلەردىن بىرى
ئىدى. شەھەردە 45 مىڭدىن ئارتۇق تۇرار جاي ۋە 1800
خان سارىيى بار ئىدى، رىم شەھىرىدىكى كاتتا، ھەشەمەتلىك
بىنالار، رەڭگا - رەڭ تاشتىن ياسالغان قەدىمىي ئىبادەتخانا،
چوڭ تىياتىرخانا، سىمىركخانا ۋە خىرىستىيان چېركاۋلىرى قا-
تارلىق كاتتا قۇرۇلۇشلار گوتلار بىلەن ھونلارنىڭ كوزىگە غۇۋا
كورۇنگەن.

گوتلار يەنە رىمغا 20 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان دې-
ڭىز بوغىزى ئۈستىنى بېسىۋېلىپ، ئافرىقىدىن رىمغا توشۇلۇ-
ۋاتقان ھەممە ئاشلىقنى قولغا چۈشۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن ئاھا-
لىسى كوپ بولغان رىمدا دەرھال قورقۇنچلۇق ئاچارچىلىق باش-
لانغان. ھەر كۈنى ھەر بىر ئادەمگە بېرىلىدىغان يېرىم قاداق
ئاشلىق توتتە بىر قاداققا چۈشۈرۈلگەن، ئاخىر بېرىپ ئاشلىق
تەمىناتى پۈتۈنلەي توختىتىۋېتىلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ۋابا پەيدا

زىرەك ھەم ھەربى تالانتى بولغان ستىلىكا گوتلارنى مەغلۇپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىمپېرىيىنىڭ جۇلۇنىنى چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ ۋولگا دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى ھونلارنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئالادىك بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش قارارىغا كەلگەن. ئۇنىڭ چىڭ تۇرۇشى ئارقىسىدا ئىتتىپاق تۈزۈلگەن، نەتىجىدە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان گوتلار 4000 قاداق ئالتۇن ۋە رىمنىڭ غەربىدىكى بىر ئۆلكىگە ئىگە بولغان.

بىراق، بەختكە قارشى ستىلىكىنىڭ تاكتىكىسى رىم ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان. ئۇلار، ستىلىكا گوتلاردىن پايدىلىنىپ خونورىيۇسنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ئۆز ئوغلىنى پا-



رىم ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى سۇ باشلاش قۇرۇلمىسى

ئالادىكنىڭ قېشىغا بارىدۇ؛ ئالادىك رىمغا قاراتقان مۇھاسىرە-نى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ ھەمدە رىملىقلارنىڭ ئۈستىيە پورتىغا بېرىپ ئاشلىق سېتىۋېلىشىغا يول قويىدۇ دېگەنىدىن ئىبارەت بولغان.

خونورىۋس ئىقتىدارسىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھاسىل قىلىنغان كېلىشىمگە تەن بەرمىگەن. ئۇزاق ئۆتمەي، ئاكىسى كونستانتىنپولدىن ياردەمگە ئەۋەتكەن 4000 لەشكەر ۋە ئاف-رىقىدىن توشۇلغان ئاشلىق يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلى چىڭىپ قالغان. ئۇ ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىشقا كىرىشكەن ھەمدە ئالادىك-نى تىللاشقا راۋېننا كوچىلىرى ۋە مەيدانلىرىغا ئادەم ئەۋەت-كەن. شۇنىڭ بىلەن ئالادىكنىڭ قاتتىق غەزىۋى كېلىپ، رىمنى ئېلىشقا بەل باغلىغان ھەمدە شەھەرگە ھۇجۇم قىلغۇچى لەشكەر-لەرگە: شەھەرنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، خالىغانچە بۇلاپ – تالاشقا يول قويۇلىدۇ، دەپ ۋەدە بەرگەن.

مىلادى 410 – يىلى 8 – ئاينىڭ 24 – كۈنى كېچى-دە گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، چاقماقلار چېقىلىپ، قاتتىق يامغۇر يېغىپتۇ. ئېگىز بويلۇق، قاۋۇل كەلگەن، تېرە كىيىم كىيگەن گوت لەشكەرلىرى چۇقان كۆتۈرۈپ رىم شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ-تۇ، بۇلار بىلەن بىللە شەھەرگە ھۇجۇم قىلغۇچىلار ئىچىدە پاكار، چىداملىق ئۇرۇش ئاتلىرى مىنگەن، ئوق – يا ئاسقان، قا-ۋۇل ھون ئاتلىق لەشكەرلىرى بار ئىكەن. ئازاتلىققا تەشنا بو-لۇپ تۇرغان رىم قۇللىرى قاراڭغۇ كېچىدە رىمنىڭ شەھەر دەر-ۋازىلىرىنى ئېچىۋېتىپتۇ. سىگنال ساداسى ۋە ھەرخىل قورال – ياراقنىڭ جاراڭ – جۇرۇڭ ساداسى ئىچىدە يات مىللەت قوشۇن-لىرى رىم شەھىرىگە باستۇرۇپ كىرىپتۇ.

مىلادىيىدىن ئىلگىرى 390 – يىلى گائۇللار بىر مەھەل

بولۇپ، مىگىلىغان، ئون مىڭلىغان ئادەم ئۇنۇپ كېتىپ، رىمنىڭ كوچىلىرى ۋە مەيدانلىرى جەسەت بىلەن تولغان. شەھەر ئەترا- پىنى يات مىللەتلەر بۇلاپ قۇرۇقداپ قويغان، لېكىن پادىشا خونو- رىۇس ئەۋەتىشكە ۋەدە بەرگەن لەشكەرلەر يېتىپ كېلەلمىگەن. پۈتۈن شەھەرنى ئۈمىتسىزلىك ۋە ۋەھىمە قاپلىغان. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ھەر قايسى جايلاردىكى قۇللار، قۇل دېخانلار ۋە ھۇنەرۋەن - كاسىپلار ئارقا - ئارقىدىن ئالارىك تەرەپكە ئۆ- تۈپ كەتكەن، رىم خەۋپ ئاستىدا قالغان.

مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئاقساقاللار مەھكىمىسى يارى- شىشنى تەلەپ قىلىپ ئالارىكنىڭ قېشىغا ھەربى ئەلچى ئەۋە- تىشنى قارار قىلغان.

— ئۇرۇش توختاتماقچىمۇ؟ ياخشى گەپ. شەرتىمىز پۈتۈن شەھەردىكى ئالتۇن - كۈمۈش، بايلىقنى تاپشۇرساڭلار بولدى.

— ئۇنداقتا، يولباشچى، — دەپتۇ ئاۋايلاپ ھەربى ئەل- چى، — ئۆزلىرى رىم ئاھالىسىگە نىمە قالدۇرماقچى؟

— ھاياتلىق! — دەپتۇ ئالارىك گىدىيىپ.

— بىراق...... شەھەردە يەنە نۇرغۇن ئادەم بار، لەشكەرلەر ھەركۈنى مەشق قىلىۋاتىدۇ، ئۇلار ئۆلىگىچە قارشى- لىق كۆرسىتىدۇ.

— ناھايىتى ياخشى گەپ، بولىدۇ، — دەپتۇ ئالارىك قاقاقلاپ كۈلۈپ، — ئوت - چۆپ قويۇق ئۆسسە، ئورساق ئوڭاي!

ئاخىر، قانداق بولمىسۇن كېلىشىم ھاسىل قىلىنىپتۇ، ئۇنىڭ مەزمۇنى رىملىقلار 5000 قاداق ئالتۇن، 3000 قاداق كۈمۈش، 4000 توپ يىپەك تاۋار، 3000 قاداق قارامۇچ تاپشۇرىدۇ؛ بۇنىڭدىن باشقا بىرقانچە ئاقسۆڭەك رەنە ئۈچۈن

نىدە، ئىتالىيىدە، شەكىلدە، يەنىلا پادىشا ھۆكۈمرانلىقى ساقلانغان، ئىراق ئاتالمىش غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ پادىشاسى يات مىللەت ھەربىي باشلىقلىرىنىڭ قولىدىكى خالىغانچە ئەخمەق قىلىشقا بولىدىغان قورچاق بولۇپ قالغان.

مىلادىيە 476 - يىلى، رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ گېرمانلاردىن ياللانغان قوشۇنلىرىنىڭ بىر يولباشچىسى رىمنىڭ ئاخىرقى پادىشاسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ھالاكەتكە يۈز تۇتقان بىر ھاكىمىيەتنىڭ ئاياقلاشقانلىقىنى جاكالىغان. تارىختا، بۇ يىل، غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ مۇنقەرز بولغان ۋاقتى، شۇنداقلا ياۋروپانىڭ يىراق قەدىمقى زامان تارىخىنىڭ ئاخىرلاشقان ۋاقتى دەپ تونۇلۇپ كەلمەكتە. شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى، كونستانتىنپول ھاكىمىيىتى گەرچە غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن بىر ۋاقىتتا ھالاك بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارمۇ بارا - بارا فېئوداللىق تۈزۈمدىكى ئىمپېرىيىگە ئۆتكەن.

12 ئەسىر داۋام قىلغان، ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدا دەۋر سۈرگەن رىم ئىمپېرىيىسى قۇللار، قول دېخانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ زەربىسى ۋە يات مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇزى ئاستىدا، ئاخىر ھالاك بولغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ياۋروپا تارىخى فېئوداللىق تۈزۈمدىكى ئوتتۇرا قەدىمقى زامان دەۋرىگە قەدەم قويغان.

بۇ شەھەرگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن بۇيانقى 800 يىل
ئىچىدە ھېچقانداق يات مىللەت رىمغا باستۇرۇپ كىرەلمىگەن
ئىكەن. شۇ ئەسنادا شەھەرنى قالايمىقانچىلىق بىر ئېلىپتۇ. لەش-
كەرلەر خان سارايلىرىغا، ئىبادەتخانىلارغا ۋە تۇرار جايلارغا
بېسىپ كىرىپ، تاملاردىكى قىممەتلىك زىننەت بۇيۇملىرىنى
ئېلىپتۇ، قىممەتلىك كىيىملىك رەختلەر، ئالتۇن - كۈمۈشتىن يا-
سالغان قاچا - قۇچىلارنى ئۆز ھارۋىلىرىغا بېسىپتۇ. ئالتۇن تا-
پىمىز دەپ ئىلاھى ھەيكەللەرنىڭ ھەممىسىنى چېقىۋېتىپتۇ. خى-
رىستىيان چېركاۋلىرى پاك - پاكىز قۇرۇقلاپ قويۇلۇپتۇ. خان
ئوردىسىغا ئوت قويۇۋېتىپتۇ. كوچىلار ۋە مەيدانلار جەسەت
بىلەن تولۇپتۇ. تېخىمۇ كوپ رىملىقلار تۇتقۇن قىلىنىپ قۇل
قىلىپ سېتىلىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالادىك قوشۇنىغا قوشۇلغان
رىم قۇللىرى ۋە قۇل دېخانلىرى ئوزلىرىنىڭ ياۋۇز خوجايىنلىرى-
نىڭ تازا ئەدىۋىنى بېرىپتۇ.

3 كېچە - كۈندۈز بۇلاش - تالاش ئارقىسىدا، رىم
قۇرۇقلىنىپ قېلىپتۇ. شەھەرنى ئېلىپ 6 - كۈنى، ئالادىك
قوشۇنلىرىنى باشلاپ رىمدىن چىقىپ، ئىتالىيىنىڭ جەنۇبىي تەرى-
پىگە قاراپ يول ئېلىپتۇ، لېكىن ئۇزاق ئوتمەي، ئۇ تويۇقسىز
ئولۇپ كېتىپتۇ. تارقالغان گەپلەرگە قارىغاندا، گوتلار رىم ئە-
سىرلىرىنى زورلاپ بىر دەريانىڭ سۈيىنى قۇرۇقلىتىپ، دەريا-
غا ئالادىكنىڭ جەسىدىنى ۋە سانسىزلىغان قىممەتلىك نەرسى-
لەرنى كومدۇرۇپ، ئاندىن دەرياغا سۇ باشلىۋېتىكەنمىش. بۇ ئىش-
لار تۈگىگەندىن كېيىن ھەممە ئەسىرنى قىرىۋەتكەنمىش. شۇڭا
بۇ يولباشچىنىڭ قەبرىسى ۋە بىرگە دەپنە قىلىنغان نەرسىلەر
زادىلا تېپىلمىغان.

رىم قولدىن كەتكەندىن كېيىنكى 60 نەچچە يىل مابەي-

بۇ كىتاپ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1981 - يىل 4 - ئايدا نەشر قىلىنغان 1 - نەشرى، 1 - باسمىسىدا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据少年儿童出版社一九八一年四月第一版第一次印刷本翻译出版。

**世 界 五 千 年**

（维吾尔文）

编著：陈 必 祥

翻译：乌斯曼木拉克

责任编辑：尼 沙 汗

责任校对：伊布拉音

新疆青年出版社出版

新疆新华书店发行

新疆新华印刷二厂印刷

787×1092毫米 1/32开本 印张11.625

1983年5月第1版 1983年5月第1次印刷

印数：1—10.300

统一书号：MR11124·1 定价：0.47元